ئابدۇرېشت ھاجى كېرىمى

# قاراجۇلدىكى جەڭ



خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزى

ئابدۇرېشت ھاجى كېرىمى
قاراجۇلدىكى جەڭ
خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزى




www.uyghurpen.org

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئابدۇرېشت هاجى كېرىمى

# قاراجۇلدىكى جەڭ

## مۇستەقىللىق يولىدا كۈرەش

خەلقئارا قەلەمكەشلىرى ئۇيغۇر مەركىزى

شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى، قەشقەر بىيۇروسىنىڭ باش سېكرېتارى مەرھۇم قوماندان ئاخۇنوپ ۋە شېھىت بولغان ۋە رىيازەت چەككەن بارلىق سەپداشلىرىمنىڭ ئەزىز خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن.

«ۋەتىنىم مېنى سۆيمىسە، مەن ۋەتىنىمنى سۆيىمەن، خەلقىم مېنى تونۇمىسا، مەن خەلقىمنى تونۇيمەن.»

ـ ئاپتوردىن

www.uyghurkitap.com



ئاپتور: ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى

2013-يىل 20- ئاپرېل

شۋېتسىيە - ستوكھولم

قارا جۇلدىكى جەڭ

مۇستەقىللىق يولىدا كۈرەش

ئاپتورى: ئابدۇرېشىت هاجى كېرىمى

مەسئۇل مۇھەررىرى: كۈرەش ئاتاخان

ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى مەركىزى نەشر قىلدى

2012 ـ 12ـ ئاي

شىۋېتسىيە

www.uyghurkitap.com


ئۇبۇلقاسىم ھاشىت


مەمەت رەيىم گودىزا


ئاخۇنوف ئەمەت


خەيرۇللا نىزامىدىن


مىجىت ساقى


ئوسمانجان


مۇھەممەت ئېلى تۆرەخان


ئابدۇرەھىم ئايۇپ


نىزامىدىن ئابابەكرى



ئابدۇرېھىم ئىمىنوۋ ئائىلە خاتىرىسى. 1965-يىلى 9-ئاينىڭ 15-كۈنى / قەشقەر



مەرھۇم تۇردى ئېلىنىڭ ئائىلىسى بىلەن چۈشكەن سۈرىتى



سىدىق ھاجى كىران قەشقەر شەھىرى خام بازىرىدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھاجى ئابدۇرىشت كېرىمى 1975 - يىل



يار مۇھەممەد ئاكا 10 بالىسى بىلەن بىرلىكتە




مىجىت ھاجى



ئابدۇرېھىم ئەمەت




قۇربان بەگ



مەمەت كىرەم



مەمەتئېلى كۆڭزى



دوختۇر ئەھمەتجان ئىسلام



ئابلىمىت ئوسمان



مۇللاخۇن قۇربان



پالتا مەمتىمىن



ياسىن قارىھاجى



مەمتىلى ھاجى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# مۇندەرىجە

مۇھەررىردىن ............ 15
كىتابنىڭ قايتا نەشرىگە كىرىش سۆز ............ 19
بىرىنچى باب: شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان ............ 29
ئىككىنچى باب: ئاتالمىش مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستاندا ............ 67
1- كىتاب كۆيدۈرۈش ............ 70
2- مەسچىت چېقىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش ............ 70
3- بۇلاڭ - تالاڭ ............ 72
4- ماۋنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ............ 74
5- ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشى ............ 76
6-يىگىرمەبەشىنچى يانۋار ھوقۇق تارتىۋېلىش ھەرىكىتى ............ 79
ئۈچىنچى باب: قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئەلەم بىلەن قوغدىنىش ............ 83
1-ئونتۆتىنچى ئاۋغۇست ۋەقەسى ............ 83
2- قورال بۇلاش ۋەقەسى ............ 86
3- ياخشى پۇرسەت ............ 88
4-چوڭ بىرلىشىش ............ 91
5-ئونبەشىنچى ئۆكتەبىر كېلىشىمى ............ 95
6-ئاتالمىش تۆت چوڭ كۆز قاراش، سەككىز چوڭ تەشكىلات ............ 96
7-مىجەت سىلىڭنىڭ باش كۆتۈرۈشى ............ 98
8-قەشقەردىكى ئۇرۇشلار ............ 100
تۆتىنچى باب: قورallıق قوزغىلاڭغا ھازىرلىق ............ 105

1- ئىچكى تاشقى ۋەزىيەت ..... 105
2- ئالاقە ئورنىتىش ..... 107
3- قوزغىلاڭ ھارپىسىدىكى تۇتقۇن ..... 109
4- زەرەپشان پولكىنىڭ قورۇلۇش ھارپىسى ..... 112
5- پوسكام كۆۋرۈك ۋەقەسى ..... 120
بەشىنچى باب: قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ باشلىنىشى ..... 124
1- ئونسەككىزىنچى ئاۋغۇست تۇتقۇنى ..... 124
2- سۇغۇندا ئۇچرىشىش ..... 128
3- زەرەپشان پولكى ..... 132
4- قاراجۇلدىكى جەڭ ..... 137
ئالتىنچى باب: خىتاي زىندانلىرىدا ..... 147
1- مەن ئەڭ ئاخىرىدا ئەسىرگە چۈشكەن ئىدىم ..... 147
2- ئاتالمىش ئۆگىنىش كۇرسى ..... 156
3- ئونسەككىزىنچى ئىيۇل مۇسىبەت كۈنى ..... 164
4- يەكەن پەيلو مەيداندا ..... 179
يەتتىنچى باب: سەپداشلىرىمنى ھەسرەت بىلەن ئەسلەيمەن ..... 194
1- مەشھۇر قوماندان ئاخۇنوپنى ئەسلەيمەن ..... 194
2- مىللىي قەھرىمان مىجىت سىلىڭنى ئەسلەيمەن ..... 200
3- مىللىي قەھرىمان ئوسمانجان توختى ۋە خەيرۇللا نىزامىدىننى ئەسلەيمەن ..... 210
4- مىللىي قەھرىمان مەريەمنى ئەسلەيمەن ..... 220
5- مەرھۇم نىزامىدىننى ئەسلەيمەن ..... 223
6- مىللىي قەھرىمان مۇھەممەد ئىمىن قادىرنى ئەسلەيمەن ..... 224
7- مەرھۇم يۈسۈپ قادىر داۋۇتنى ئەسلەيمەن ..... 228
8- مەرھۇم ئابدۇكېرىم ساۋۇتنى ئەسلەيمەن ..... 229
9- مەرھۇم سىدىق توختىنى ئەسلەيمەن ..... 231
10- مەرھۇم ئەخمەتجان مۇنىرنى ئەسلەيمەن ..... 232
11- مەرھۇم جېلىل قارىمنى ئەسلەيمەن ..... 235

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

12 - مەرھۇم ھاۋۇت پاۋاننى ئەسلەيمەن........................................236
شەرقىي تۈركىستاندا 06 - يىللاردىكى قورالىق قوزغىلاڭنىڭ تەشكىللىنىشى
ۋە مەغلۇپ بولۇشى........................................239
مەشھۇر قوماندان ئاخۇنوپ ئەمەت........................................241
بىر ئايالنىڭ ئاخۇنوپقا بولغان ساداقىتى........................................243
تۇردى ئىلى ھەققىدە........................................244
يۇسۇپ سەھىدى ھەققىدە........................................245
سىدىق شىرىپ ئاكا ھەققىدە........................................245
خەيرۇللا نىزامىدىن ھەققىدە........................................246
ئابدۇرېھىم ئەييۇب ھەققىدە........................................247
ئوسمانجان توختى ھەققىدە........................................248
ئابدۇكېرىم ھامۇت ھەققىدە........................................249
مىللىي قەھرىمان مىجىت سىلىك ھەققىدە........................................249
ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى ھەققىدە........................................250
يار مۇھەممەد ئاكا ھەققىدە........................................251
قورالىق قوزغىلاڭنىڭ ئۇيۇشتۇرغۇچىلىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان........................................252
روزى ھېكىم ھەققىدە........................................252
مىجىت ھاجى ھەققىدە........................................253
قوماندان مۇھەممەد ئىمىن قادىر ھەققىدە........................................254
ئابدۇرېھىم ئەمەت ھەققىدە........................................254
داڭلىق ئالىم ئەھمەت زىيائى ھەققىدە ئەسلىمىلەر........................................255
مىللىي ئىنقىلابچى مامۇت كەنجى ھەققىدە ئەسلىمىلەر........................................257
قۇربان بەگ ھەققىدە........................................259
روزى ھېكىم ھەققىدە تەتۈر بايان........................................260
ئەمدى قورالىق قوزغىلاڭغا ئائىت ئىشلار ھەققى توختىلىپ ئۆتىمىز........................................268
مەمەت كىرىم ھەققىدە........................................277
مەمتېلىخان ئاكا ھەققىدە........................................278

ئابلىمىت ئوسمان ھەققىدە ..... 279
مەمتىمىن قاراقاش (مەمتىمىن تۇرسۇن) ھەققىدە ..... 280
تۇردى ناسىر سادىق ئوغلى ھەققىدە ..... 281
موللاخۇنكام قۇربان ھەققىدە ..... 285
ياقۇپ ئەيسا ھەققىدە ..... 286
دوختۇر ئەخمەتجان ئىسلام ھەققىدە ..... 286
پالتا مەمتىمىن ھەققىدە ..... 287
ياسىن قارىھاجى ھەققىدە ..... 287
مەمتېلى ھاجى ھەققىدە ..... 287
سىدىق ھاجى كىران ھەققىدە ..... 288
پاتىمە مەتنىياز ھەققىدە ..... 288
رابىيە مۇھەممەت ھەققىدە ..... 288
ھامۇت ھاجىم ھەققىدە ..... 289
ئابدۇكېرىم ئوسمان ھەققىدە ..... 289
ئەخمەتجان خۇدابەردى ھەققىدە ..... 289
توختى ياقۇپ ھەققىدە ..... 290
ئەمەت يۇسۇپ ھەققىدە ..... 290
مەمەت زۇنۇن ھاجىم ھەققىدە ..... 290
ھەسەن توختى ھەققىدە ..... 291
ئىمىر ھاجىم يۇسۇپ ھەققىدە ..... 291
تۇرسۇن ئەبەي ھەققىدە ..... 291
ھاشىم قۇش ۋە ئىمىن قۇش ئاكا- ئۇكا قۇشلار ھەققىدە ..... 292
ئابدۇغېنى ئابدۇللا ھەققىدە ..... 292
ئابدۇكېرىم ئاخۇن ھەققىدە ..... 292
ئابدۇۋاھىت ھەققىدە ..... 293
ئابدۇرېھىم سالى ھەققىدە ..... 293
ئابلىمىت ھاجىم قادىر (ئابلىمىت ئەينەك) ھەققىدە ..... 294

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىرى ئادرېسى

ئابدۇراخمان بۇلاق ھەققىدە ............ 295
قۇربانوپ قۇربان ھەققىدە ............ 295
ناسىر سەمەت ھەققىدە ............ 296
مەمەت ھاۋۇت ھەققىدە ............ 296
ياسىن بارات ھەققىدە ............ 297
تۇردى ئىلى، ئابدۇرېھىم ئەييۇپ، ئابدۇرېھىم ئىمىنوپلارنىڭ قورساق سوقۇشى ...... 297
قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ قۇربان بولغان ئىنقىلابچىلىرىمىز ئۇچۇن ئەرز شىكايەت بار ............ 299

قوشۇمچە ماتېرىياللار: ............ 303

شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرەش تارىخى ............ 303
(1) «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» نىڭ قەپەستىن چىقىشى ... 303
(2) «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» نىڭ پروگراممىسى ۋە ئۇنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ............ 305
(3) «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» نىڭ يوقىتىلىشى ............ 307

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# مۇھەررىردىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر، 40-يىللاردىكى مىللىي ئىنقىلابنىڭ داۋامى سۈپىتىدە تىللاردا داستان بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان ئاق تېررورلۇقى سەۋەبىدىن ھازىرغىچە تارىخچىلىرىمىز تەرىپىدىن تولۇق خاتىرىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي كەلگەن50-، ۋە 60-يىللاردىكى مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىمىز ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «قاراجۇلدىكى جەڭ» دېگەن كىتابنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق نەشرى سىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

بۇ كىتاب شۇ يىللاردىكى مىللىي ئىنقىلابنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى، 10 يىللاپ خىتاي زىندانلىرىدا ئىزتىراپ چەككەن مىللىي ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ بىرى، پېشقەدەم ئۇستازىمىز ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى ئەپەندى تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان بولۇپ، 2006-يىلى نويابىردا تۈركىيەدىكى تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىنىپ، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا خەلقىمىزنىڭ قىزغىنلىق بىلەن ئوقۇشىغا سازاۋەر بولغانىدى.

كىتاب تۈركىيە-ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنىپ كىتابنىڭ مەزكۇر يېڭى نۇسخىسى نەشرگە ھازىرلانغىچە بولغان ئارىلىقتا، كىتابنى نەشر قىلغان ئورۇن ۋە كىتابنىڭ مۇئەللىپى كەڭ ئوقۇرمەنلەردىن بىر تەرەپتىن كىتاب ھەققىدە نۇرغۇن ئىجابىي ئىنكاسلارنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولسا يەنە بىر تەرەپتىن كىتابنى تولۇقلاپ يېزىش ۋە ئايرىم تۈزىتىشلەر ئېلىپ بېرىش ھەققىدە ئاز بولمىغان پىكىر-تەلەپلەرنى تاپشۇرۇۋالدى.

كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى ئەپەندى ئوتتۇرىغا چۈشكەن ھەر تۈرلۈك پىكىر-تەكلىپلەرنى نەزەردە تۇرۇپ، ئۇشبۇ كىتابنى تولۇقلاپ يېزىپ چىقتى ۋە ئىككىنچى قېتىم نەشرگە ھازىرلىدى.

بۇ كىتاب شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان؛ ئاتالمىش مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى شەرقىي تۈركىستاندا؛ قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئەلەم بىلەن قوغدىنىش؛ شەرقىي تۈركىستاندا ئومۇمىي يۈزلۈك قوراللىق قوزغىلاڭغا ھازىرلىنىش؛ شەرقىي تۈركىستاندا قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ باشلىنىشى؛ تاجاۋۇزچى خىتاي



زىندانلىرىدا؛ سەپداشلىرىمنى ھەسرەت بىلەن ئەسلەيمەن قاتارلىق يەتتە بابتىن باشقا، ئاپتور ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى ئەپەندىنىڭ ئۇزاق يىللىق ئىنقىلاب جەريانىدىكى جان-جىگەر سەپدىشى، دوستى يۇنۇس ھاجىم قەشقىرىنىڭ شۇ يىللاردىكى ئىنقىلاب ھەققىدە يازغان شەرقىي تۈركىستاندا 60-يىللاردىكى قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە مەغلۇپ بولۇشى ھەققىدىكى تارىخىي ئەسلىمىسى؛ داڭلىق يازغۇچى ئۇمىد يىلتىزىنىڭ كىتابنىڭ قايتا نەشرىگە يازغان كىرىش سۆزى، قاتارلىقلار،

ئۇنىڭدىن باشقا تاجاۋۇزچى خىتاي مەنبەلىرىدىكى شۇ قېتىمقى ئىنقىلاب ھەققىدىكى مۇھىم ھۆججەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدىغان«شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرەش تارىخى» دېگەن ماقالە قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپتى.

بۇ كىتابنى ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز دەۋرىدە مىللەتپەرۋەر ۋە ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابچىلار تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ، ۋەتەنىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان، مىللىي مۇناپىقلارنىڭ ساتقۇنلۇقى، خەلقئارا جاھانگىر كۈچلەرنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ زىيانكەشلىك قىلىشى نەتىجىسىدە ۋەتەن مۇنقەرز قىلىنغاندىن كېيىن يەر ئاستى پائالىيەت قىلىشقا مەجبۇرلانغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلى، مىللىي قەھرىمان مەمتىمىن ئىمىنوف لىبدىرلىكىدە ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا تىللاردا داستان بولىدىغان تارىخ سەھىپىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» نىڭ تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى مەركەز قىلىپ ئېلىپ بارغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇنتۇلۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى قاتار پائالىيەتلىرى خېلى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

«قاراجۇلدىكى جەڭ» ناملىق بۇ كىتاب 50- ۋە 60- يىللاردا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا يۈز بەرگەن بۈيۈك ئىنقىلاب ھەققىدە ۋەتەن سىرتىدا يېزىلغان تۇنجى ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنتۇلۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن شۇ يىللاردىكى ۋەقەلەرنى قايتىدىن جانلاندۇرۇپ، بىر پۈتۈن تارىخىمىزنى يورۇتۇپ بېرىشتە تارىخچىلار ئۈچۈن بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ قالدى.

«قاراجۇلدىكى جەڭ» ناملىق بۇ كىتاب مەشھۇر قوماندان ئاخۇنوپ، مىللىي قەھرىمان مىجىت ساقى، ئارسلان يۈرەك مۇھەممەد ئىمىن قادىر قاتارلىق مىللىي ئىنقىلابچىلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ سەپداشلىرى بېسىپ ئۆتكەن شانلىق كەچۈرمىش ۋە شۇ دەۋردىكى ئاجايىپ ۋەقەلەر ئارقىلىق، خەلقىمىزنىڭ بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى كۈچلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ۋە جاسارەت بىلەن مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق

www.uyghurkitap.com

بولغان مۇھىم ئوقۇشلۇقلارنىڭ بىرى بولالايدۇ.

«قاراجۇلدىكى جەڭ» ناملىق بۇ كىتاب ئارقىلىق شۇنى كۆرەلەيمىزكى، ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن 60 يىل ئىلگىرى مۇنقەرز قىلىنغان بولسىمۇ، مىللىتىمىزنىڭ ھۆر ياشاش ئىرادىسىنى سۇندۇرالمىدى.30-، 40-، 50- ۋە 60- يىللاردىكى ئىنقىلاب مەشئىلىنى كۆتۈرگەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئىز باسارلىرى خىتايلارغا تەسلىم بولمىغانلىقىنى، تەسلىم بولمايدىغانلىقىنى دۇنياغا جاكارلاۋاتىدۇ. بۇ كىتاب كۈندىن- كۈنگە كۈچىيىپ بېرىۋاتقان مىللىي ھەرىكىتىمىزنى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا قانداق قىلىپ قانات يايدۇرۇش، قانداق شەكىلدە تەشكىلاتلىنىش، تەشكىلاتلارنى قانداق قىلىپ بىر ئىزدا توختاپ قالمايدىغان سەۋىيىگە كۆتۈرۈش، كىملەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، كىملەرگە قارشى كۈرەش قىلىش ۋە ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ئىنقىلاب مەشئىلىنى كېلەچەك ئەۋلادلارغا قانداق يەتكۈزۈش قاتارلىق جەھەتلەردە داۋا قوشىنىمىزدىكىلەرگە ئەجايىپ دەرسلىك بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

(ك. ئاتاخان)

2012 - يىل 12 - نويابىر گېرمانىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# كىتابنىڭ قايتا نەشرىگە كىرىش سۆز

ئۈمىد يىلتىز

ۋەتەن ھالىڭنى ياد ئەتسەم، كۆيەر دىل دەردۇ-ئارماندىن،
شىكايەت ئەيلىبان ئۆتتۈڭ، بۇچەرخى كاج دەۋراندىن.
سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن كەچتى ئوغۇل- قىزلار ئەزىز جاندىن.
سۇغۇرۇلدى قارا تۇپراق، تۆكۈلگەن لالىرەڭ قاندىن،
خازان بولدى يېشىل گۈلباغ، بىۋاخ يەتكەن زىمىستاندىن.

- غېرىبى - «ۋەتەن»

«قارا جۇلدىكى جەڭ» ناملىق كىتابنىڭ تولۇقلانغان نۇسخىسى خەلقىمىز بىلەن تەكرار يۈز كۆرۈشۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. مەن بۇ ئەسەرنى يەنە بىر قېتىم زور قىزىقىش ۋە ھاياجان ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم.

مەن، ئۇ مەزگىللەردە يۈزبەرگەن ۋەقەلەرنىڭ بىۋاستە، ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرىدىن بولمىسامۇ، گۇۋاھچىسى بولغۇنۇم، ئەسەردە ئىسمى زىكىر قىلىنغان كىشىلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۇزاقتىن، يېقىندىن تونۇغانلىقىم، بەزىلىرى بىلەن دوست، ھەمسۆھبەتتە بولغانلىقىم، ئىش ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئالاقە مۇناسىۋەتلەردە ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە ئالاقىدار ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەھۋالىنىڭ بىر قىسمىدىن خەۋەردار بىر كىشى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئەسەرنى ئوقۇۋېتىپ يەنە خاتىرىلەر قاينىمىغا چۆكۈپ كەتتىم.....

ئۇ ۋەقە - ھادىسىلەر، ئادەملەر ... ئۇلارنىڭ ھەرىكەت پائالىيىتى، گەپ- سۆزلىرى، تەققى تۇرقى، تەقدىرى - ئاقىۋىتى، ھەممە، ھەممىسى خۇددى كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىمدىن بىر- بىرلەپ ئۆتتى. مانا ھەش- پەش دېگۈچە قىرىق نەچچە يىل بوپتۇ. ئەمما، ئادەمگە تۇنۇگۈندەكلا تۇيۇلىدۇ. ئۇلارنى ئۇنۇتقىلى بولامدۇ؟

ۋەتىنىم شەرقىي تۈركىستان، جۇملىدىن قەشقەر رايونىدىكى ئاتالمىش «پرولېتارىيات



مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» (ئەمەلىيەتتە ۋە خەلق ئاغزىدىكى تەبىر بويىچە ئېيتقاندا «بەتنىيەت ئىنقىلابى») جەريانى، ئارقىسىدىن ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت بىلەن تاماملانغان، ئەمما، خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلماس مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ، قىسقىچە قانلىق تارىخىنى بايان قىلغان بۇ ئەسەرنىڭ، ئۆز تۇپرىقىمىزدا ئەمەس، ۋەتەندىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر ئۇزاقتىكى شىۋېتسىيە نىڭ ستوكھولم شەھىرىدە قەلەمگە ئېلىنىپ نەشر قىلىنىشى، تەسەۋۋۇرىمىزغا سىغماس ئىدى. بۇ ھەقتە بەلكى ۋەتەندە يېزىلغان ئەسەرلەر، خاتىرىلەر، ھۆججەتلەر ھۆكۈمەت ئارخىپلىرىدا بۆلۈشى مۇمكىن. مۇنداق بىر رېئال ھەقىقەتنى ھازىرقى شارائىتتا ئۇلارنىڭ نەشر قىلىشى، خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئەسەرنى پەقەت ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى يېزىپ بىزلەرگە تەقدىم ئېتتۋاتىدۇ.

بۇ تارىخى ۋەقەلەرنىڭ ئىشتىراكچىلىرى، ھەقىقىي شاھىتلىرى ئالەمدىن ئۆتكەندە ئەۋلادلىرىمىزغا، ئۇندىن - بۇندىن ئاڭلىغان يېرىم - ياتا ھېكايىلەر، رىۋايەت بولۇپ ئېغىز دىن - ئېغىزغا، قۇلاقتىن - قۇلاققا ئاڭلىنىپ تارىخى مىراس شەكلىدە، ئەسلى ئۆزگەرگەن ھالدا ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى يازغان بۇ ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشى، يۇقىرىقى ئېھتىمالغا، قىسمەن بولسىمۇ خاتىمە بېرىدۇ، دېگەن ئۈمىدتىمەن.

چۈنكى، بۇ كىتابنىڭ ھەرخىل يول ۋە ۋاستىلار بىلەن ۋەتەنداشلىرىمىزغا ئۇلۇشۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ خەۋەردار بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل!

«كۆز يېشى بىلەن نەملەنگەن زېمىن»، «تىنچىماس ئۇيغۇر دىيارى» ۋە باشقا سۇپەتلەر بىلەن تەرىپلەنگەن ئانا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان ئىسمىنىڭ ئالدىغا «ھەق - ھوقۇق دەپسەندە قىلىنىۋاتقان يېگانە ماكان»، «قان سىڭگەن تۇپراقلار»، «ئالتۇن تاۋاقلىق دىۋانە يۇرت»، «ئۇستى ئوچۇق تۈرما»... دېگەندەك بىر مۇنچە ئىبارىلەرنى ئىلاۋە قىلساق ھېچ مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز.

ئەجەبا، بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەر بىرىنى تارىخى، بۈگۈنى، ئىجتىمائىي، قانۇنى، سىياسىي، ئىقتىسادى ھوقۇق، مەدەنىيەت جەھەتلەردىن ئايرىم- ئايرىم ئىزاھلىساق قانچە توم كىتاب بولار؟ شۇنداقلا ئۇنىڭ رېئال ئۆتمۈشى، كۈنىمىزدىكى جەريانى، سەۋەب ئامىللىرىنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلغان تەقدىردە، ئىنسانىنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرىدىغان پۇشايمانلىقلار، ئاھ - ۋاھلار، ئىستىلەر، ئەپسۇسلار ۋە كاشكى ... لارنى قوشۇمچە قىلسىڭىزچۇ؟

«ھۇببۇل ۋەتەنى مىنەل ئىمان» (ۋەتەن سۆيۈش ئىمان جۈملىسىدىندۇر.) ۋە «تۇغقان

www.uyghurkitap.com

ئىلىڭ ئامان بولسا، رەڭگى روياۋڭ سامان بولماس» دېگەن ئۇيغۇر خەلق ماقالىلىرىنىڭ مەنىۋى ئەھمىيىتىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ، شۇنداقلا بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇدىيىتىدە نەقەدەر ھاياتى كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تارىخ ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ!

ۋەتەن ۋە مىللەتنى سۆيمەك ئەھلى ئىسلام شانىدۇر،
بۇ ھەقىقەت، بۇ ئادالەت، تەڭرىنىڭ پەرمانىدۇر.

(ئابدۇل ئەزىز مەخسۇم شېئىرلىرىدىن)

ۋەتەن - ئىنسانلار ياشىغان، ياشاۋاتقان، ئۇزاق تارىخى ئۆتمۈشى، كېلەچەك ئۈمىدلىرى، ئارزۇ - ئارمانلىرى، خۇشاللىق، قايغۇ - ھەسرەتلىرى، مېھنىتى - تۆھپىسى، ئەجدادلىرىنىڭ تارىخى مەدەنىي - مىراسلىرى، ئەقىل- تەپەككۇر خەزىنىسىنى باغرىدا ساقلىغان، بېيىتقان، ئاسرىغان ۋە ئۆزىدىن كېيىنكى نەسىللەرگە ئامانەت قىلغان ئەۋلادلارنىڭ ماكانىدۇر.

بۇ ماكان - بۇ زېمىن پارچىسىنىڭ بىر مىللەتنىڭ ئەبەدىي ۋەتىنى بولۇپ مەۋجۇت ۋە مەزمۇت تۇرۇشى - ئۇنىڭ ئۈچۈن جانلىرىنى پىدا قىلغان قەھرىمان ئوغلانلىرىنىڭ ھىممەت، جاسارىتى، تۆكۈلگەن قانلىرىنىڭ بەدىلىگە باغلىقتۇر.

قەلبىدە ۋەتەن، مىللەت سۆيگۈسى بولغان ھەربىر ئىنسان بۇنى ھېچبىر زامان ئۇنتۇماسلىقى لازىم.

چۈنكى، ۋەتەن - جان ھەم قاندۇر، روھتۇر. مىللەتنىڭ ئەبەدىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ- كاپالىتى، مىللەتنىڭ غەمگۇزار - ئانىسىدۇر.

بۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ 1933- يىلى قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەت زامانىدا نەشر قىلىنغان«ئىستىقلال» گېزىتىگە بېسىلغان مىر سالىھ مەخدۇمنىڭ «ۋەتەن سۆيگۈسى» قەسىدىسىدىن بىر كۇپلېت قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم:

ۋەتەن جەننەت، ۋەتەن راھەت، ۋەتەن ئەيشۇ ۋەتەن ئىشرەت،
ۋەتەن باغۇ، ۋەتەن گۈلشەن، ۋەتەن غەيرەت ۋەتەن دۆلەت.
ۋەتەن شانۇ - شەرەپ ئىنسان ئۈچۈن ئۇ كەلتۈرەر ئىززەت.
ۋەتەنسىز قايسى مىللەتتە تېپىلغاي قېنى باق قىممەت.
جانىمىز تەندىلا بولسا، ۋەتەن دىلدىن ئورۇن ئالغان،
ۋەتەن سۆيمەك بولۇر دىندىن كى، بىزدە بار ئىشەنچ ئىمان.

ئاھ، ۋەتەن! سەندىن ئايرىلىپ، دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىگە تارقالغان باغرى قان پەرزەنتلىرىڭنىڭ پەقەت سېنىڭ ھەسرىتىڭ بىلەن كۆيۈپ يانغان يۈرەكلىرىدە، پەقەت ساپ ئا تەئەللۇق مۇھەببەت، سۆيگۈسى باردۇر. بۇ مۇھەببەت ۋە سۆيگۈ - ئۇلارنىڭ سېغىنىش ھېسسىي بىلەن تولغان قەلبىنى ئىسسىتىپ كەلمەكتە. بۇ بىزنىڭ غۇرۇرىمىز ۋە شۇرىمىزدۇر.

ۋەتىنىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا نەزەر سالساق، بوران - چاپقۇنلۇق، قانلىق كۈرەشلەر، ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى، يوق قىلىنىشى ۋە پەردە ئارقىسىدا چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئويۇنلىرى قارا كۆلەڭگىلەر، ساتقۇنلىقلار، خائىنلىقلار، ھىيلە - مىكىرلەر... بىر تەرەپتە ئەجدىھا، بىر تەرەپتە سېرىق يولۋاس، بوز ئېيىق، ئوتتۇرىدا چارىسىز تەمتىرەپ ئاخىرى يەم قىلىنغان بەختسىز ئۇيغۇرلار... بۇنى ئۇنتۇتقىلى بولارمۇ؟!

تۆكۈلگەن قانلار، ھاياتىنىڭ باھارىدا شېھىت بولغان نەۋقىران ياشلار، خىتاينىڭ ئۆلۈم قۇسقان تۈرمىلىرىدە قىيىن قىستاق، تاياق - توقماق، ئېلېكترلىك شوك، ئىنسانىنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان قىيناق ئىسكەنجىلەر بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن گۆدەك ياشتىكى باللار، قىزلار، قېرىلار... بۇنى ئۇنتۇتقىلى بولارمۇ؟!

بىر شائىرنىڭ تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت شېئىرى، يۇقىرىقى تارىخى رېئاللىقنى ئىخچام، ئەمما قىسمەن ئەكس ئەتتۈرگەن.

قان تۆكۈپ قىلدۇق جىھاد، بەردۇق شېھىت جەڭلەر ئارا،
ئاھ، نادامەت! «ۋا دەرىخا! ئوقنى تەگكۈزدۇق چالا».
«سودىگەر» لەر ئارىسدا مىسلى مالدەك سېتىلىپ،
ھالىمىز بۇ «ھەممىدىن يامان ئىكەن سۈلھى – سالا».

(مەمتېلى زۇنۇن شېئىرلىرىدىن)

«قاراجۇلدىكى جەڭ» نى ئوقۇۋاتىمەن. كۆزۈمنى يۇمدۇم، خىيالىمدا ھەممە خاتىرىلەر جانلاندى: ئەنە، ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىرگەن، ۋەھشىي دۈشمەننىڭ ئوقىدا شېھىت بولغان بالا - نىزامىدىننىڭ ئوچۇق كۆزلىرى.

يارىسىدىن بۇلدۇقلاپ ئاققان قىزىل قان، ئەنە يۇلغۇنلۇق تۈپراقتا ئۈزالغان مەريەمنىڭ جانسىز بەدىنى، ئەنە قوماندان ئاخۇنوپ، ئوسمانجان، خەيرۇللانىڭ بىر - بىرىگە گۆرە سالغان ھالدا ئۆزلىرىگە قورال تەڭلەپ يېقىنلىشىۋاتقان خىتاي ئەسكەرلىرىگە نەپرەت،

ئۆچمەنلىك، قىساس ئوتلىرى يانغان كۆزلىرى بىلەن بېقىشلىرى ۋە ئارقىدىن ئوسمانجاننىڭ قولىدىكى بومبىنىڭ پارتلىغان ئاۋازى... بۇ ئاۋاز قۇلاقلىرىمدا يەنە بىر قېتىم گۈمبۈرلىدى....

ئەنە «ئەييا!» دەپ يەر چىشلىگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى ۋە غولى ھەرىلەنگەن مەزمۇت قارىغايدەك يىقىلغان ئۈچ ئەزىمەت گەۋدە....

ئەنە مۇھىم ئىشلاردا جەسۇر ۋە كەسكىن قارار ئالالايدىغان، گەپتىن كۆپرەك ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن خەلقنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان مىجەز سىلىڭ، شىددەتلىك جەڭلەردە باتۇرلۇقنى نامايان قىلغان، ئۆلۈم ئالدىدا كۆكرىكىنى كېرىپ، بېشىنى ئەگمىگەن، ھاياتىنىڭ باھارىدا (تېخى 24 ياشقا توشمىغان ئىدى) ئۆزىنىڭ ۋەتەن ئازادلىقىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىسى ئۈچۈن شېھىت بولغان مۇھەممەد ئىمىن قادىر، قىيىن قىستاق، تۈرمە ئازابىنى كۆپ چەككەن ۋە ئاخىرى زالىم خىتايلار تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان روزى ھېكىم...

ئەنە، ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان جەسۇر جەڭچى، ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەن يۇسۇپ قادىر داۋۇتنىڭ جانسىز گەۋدىسى، شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن«ۋاي ئاكام» دەپ ئۆزىنى جەسەتنىڭ ئۈستىگە ئاتقان 16 ياشلىق سىڭلىسى بىلەن يانمۇ - يان دەپنە قىلىنغان چاغدىكى ئاتا - ئانا، ئۇرۇغتۇغقانلارنىڭ يۈرىكىنى ئەزگەن يىغا زارى...

ئەنە، تۈرمىلەرنىڭ ئىدارىسىنى قولغا ئالغان بىگۇناھلارنىڭ ۋەھشىي قاتىل خىتايلىرىنىڭ قولىدا «ئاۋازىڭنى چىقىرىپ گەپ قىلدىڭ»، دېگەن باھانە بىلەن ھەمباشقا مەھبۇسلارنىڭكۆزىنى قورقۇتۇش ئۈچۈن توكلۇق رېزىنكە كالتەك، مىلتىقنىڭ پاينىكى، كەمەر، مۇش - پەشۋا بىلەن تۈرمە كارىدورىدا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن يىگىرمە بەش ياشلىق ۋاسكېتبولچى، قەددى قامىتى كېلىشكەن يىگىت ئىمىن توختىنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى، (ھوشسىز ھالدا كامېرغا تاشلاپ قويۇپ، كېچىچە جان ئۈزۈپ كەتكەن ۋە ئارسلانخان مازارلىقىغا جەسىتىنى كۆمۈۋەتكەن )، ئۇنىڭ ئىز دېرىكىنى ئىلىش ئۈچۈن مەكتىتىن كېلىپ، يوللاردا سەرسان بولۇپ، قەشقەردە ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ يىغا - زارى بىلەن بىھوش قايتقان مەرھۇمنىڭ ۋەدىلەشكەن قىزى ھۆرىگۈلنىڭ يامغۇردەك كۆز ياشلىرى... ئەخمەتجان مۇنىر، سىدىق توختى، ھاۋۇت پاۋان، يەنە قانچە - قانچىلىرى، بۇ ۋەتەن، بۇ تۇپراقلار ئۈچۈن، ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان ئەزىز مىللىتى ئۈچۈن، پەقەت ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ئۈچۈن جانلىرىنى پىدا قىلدى...

بۇلارنى ئۇنتۇپ كېتىش مۇمكىنمۇ؟

ئۇلارنىڭمۇ ئائىلىسى بار ئىدى. ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، ئاغرىپ قالسا ئۇخلىماي بېشىدا تۈنىگەن شەپقەتلىك پىداكار ئانىلىرى، مېھرىبان ئاتىلىرى، شېكەر تىللىق ئوماق

باللىرى، ۋاپادار ئايالىرى،«سەن ئۈچۈن جېنىمىز پىدا» دەيدىغان قېرىنداشلىرى، تۇغقانلىرى، دوستلىرى، ئەھلى - مەھەللىسى بار ئىدى. يەيدىغان ئېشى، خەجلەيدىغان پۇلى، قىلىدىغان ئىش - ھەرىكەتلىرى بارئىدى. ئەقلى - ھوشى جايىدا ئىدى. ئۇلار ئۈچۈن مۇھىم بولغىنى ئۆزىنىڭ كىچىك ئائىلىسى ئەمەس، شۇ ئائىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېخىمۇ چوڭ بىر ئائىلىنىڭ بارلىقىنى بىلىش ۋە بۇ ئائىلىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز زىممىسىدە ھېس قىلىش،«ۋەتەن» دەپ ئاتالغان بۇ چوڭ ئائىلىنى قوغداش، قۇتقۇزۇش، ئۇنى ئۆزىدىن كېيىنكى ئەۋلادلارغا مۇستەقىل، باي، ئاۋات، ياشىيالىغۇدەك شەرت - شارائىتى بىلەن ئامانەت قىلىش، گېزى كەلسە بۇيولدا ھاياتىنى قۇربان قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەنگەن، شۇ دەۋرىنىڭ ئوت يۈرەك ياشلىرى، جەسۇر ئىنسانلىرى ئىدى.

ئەرك ئۈچۈن ئۆلگەن شېھىتنىڭ قېنى يەردە قالمىغاي،
نامى تارىخ بەتلىرىگە يېزىلىپ ئۇنتۇلمىغاي.
«يەتمىگەي جانانغا جاندىن كەچمىسەڭ» ھىممەت بىلەن،
قىلمىساڭ جۈرئەت ئۆزۈڭ، ھېچكىم كېلىپ قۇتقازمىغاي.

(«مەرسىيەدىن پارچە»)

دىن، ۋەتەن، مىللەت، نومۇس ئۈچۈن جانلىرىنى پىدا قىلغان شېھىتلارنىڭ جايى جەننەت ئىكەنلىكى، جەننەتتە ئۇلارنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن رىزىقلاندۇرۇلىدىغانلىقى، ئۆلۈمسىزلىكى قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن سابىتتۇر. پانى دۇنيادا بىز ئۈچۈن شېھىتلار جان بەرگەندە ئەمەس، ئۇنتۇلغاندا ئۆلىدۇ. ئۇلارنى ھېچبىر زاماندا ئۇنتۇماسلىق، ھەر دائىم ئەسلەش، ئەۋلادلارغا ھەم ئۇنۇتتۇرماسلىق، ئۇلار ھاياتىنى بېغىشلىغان ئۇلۇغۋار غايىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ئىرادىسى ئېتىقادىدىن ئۆرنەك ئېلىشىمىز، ئۇلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلىشىمىز ھەممىمىزنىڭ ۋىجدانى بۇرچىمىزدۇر.

ئىنسان، ئۆزىگە، ئۆزى مەنسۇپ بولغان مىللەتكە ۋە بۇ مىللەت ياشاۋاتقان ۋەتىنىگە پايدىلىق، مەنپەئەتلىك بولغان ھەرقانداق بىر شەيئى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى، مۇجادىلە قىلىشى لازىم. ئەكسىچە بولغاندا ئۆمۈر بويى پۇشايماندا قالىدۇ. بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىم نەرسە ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىدۇر. بۇ كۈرەشتە خۇددى دانىشمەنلەر ئېيتقاندەك «ئون نەرسە لازىم، بىرى ئەسكەر، قالغان توققۇزى مىللەتسۆيەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىكتۇر».

شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتەن سۆيگۈسى ھەققىدە كۆپرەك توختالدىم. شېھىتلىرىمىز شۇ ۋەتەن

www.uyghurkitap.com

يولىدا مىللەت ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى بېغىشلىمىدىمۇ!؟

تۈركىيەدە دۆلەت ئەركانلىرى ۋە خەلق ئارىسىدا پات- پات تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئانا سۆزى ئورنىدا قوللىنىدىغان بىر جۈملە سۆز بار:

«گەپنىڭ ماۋزۇسى ۋەتەن ئىكەن، قالغىنى قۇرۇق لاپتۇر».

شۇنداق بىر كىچىك ھېكايە ئوقۇغان ئىدىم. 19- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يۈزبەرگەن سېۋاستىپول ئۇرۇشىدا (رۇسلاربىلەن ئوسمانلى ئارمىيىسى) تۈرك ئەسكەرلىرىدىن خېلىل چاۋۇش ئون بېشى ئېغىر ياريدار بولىدۇ، دوختۇر ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆكرىكىدىن بىر تال ئوقنى چىقىرىدۇ. خېلىل چاۋۇش ھوشىغا كېلىپلا كارىۋىتىنىڭ بېشىدا كۆز يېشى قىلىپ يىغلاۋاتقان بىر يۇرتلۇقى ئىبراھىم چاۋۇشقا كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىنى شەرەت قىلىدۇ، ئۇ،يانچۇقىدىن لاتىغا ئورالغان بىر تال ئوق چىقىدۇ، خېلىل چاۋۇش ئۇنى ئۆزىنىڭ كۆكسىدىن چىقىرىلغان قان يۇقى ئوق بىلەن بىللە قوشۇپ ئىبراھىم چاۋۇشقا بېرىپ «بۇ بىرتال ئوق بىلەن دادام شېھىت بولغان ئىكەن بۇنى دادام ماڭا ساقلاش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىكەن، مانا ئەمدى بۇ ئوق ئىككى تال بولدى، سەن بۇنى مېنىڭ ئوغلۇمغا بەر، بۇ ئىككى تال ئوق ئۈچ تال بولسۇنكى دۈشمەن بىزنىڭ جەننەت ماكان ۋەتىنىمىزگە ئاياغ باسقۇچى بولمىسۇن!»- دەپ جان ئۈزگەن ئىكەن.

بۇ بىر ناخشا تېكىستى بولۇپ ھازىرغىچە ئاناتولىيىنىڭ «زەيبەك ھاۋاسى» دا ئوقۇلۇپ كەلمەكتە. مانا بۇ ۋەتەن سۆيگۈسى! مانا بۇ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت.......

بىزنىڭ تۇغۇلغان ۋەتىنىمىز زالىم خىتاينىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا مەھكۇم، ۋەتەندىن ئۇزاق دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىگە تارقىلىپ مۇساپىرچىلىق، دۆلەتسىزلىكنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان يۈزمىڭلارچە ۋەتەن ئەۋلادى، ھېچبىر زامان ۋەتىنىنى ئۇنتۇپ قالمىدى ۋە ئۇنتۇپ قالمايدۇ. چۈنكى، بىز ئۇنداق مىللەتلەردىن ئەمەسمىز! كۆزىمىز، قۇلىقىمىز ۋەتەندە، ئۇ يەردە بولۇپ ئۆتكەن كىچىككىنە ئىشمۇ بىزنىڭ نەزەر دائىرىمىزدە تەسىر كۈچىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاھا گۈزەل يار ئويىنغان قەشقەر، كۇچار، يەكەن، خوتەن،
نىمىلەر بولدىكىن، ئىپلاس ئاياقتا پاك ۋەتەن...

(نىمشېھىت شېئىرلىرىدىن)

خەلقىمىز ئۆز ۋەتىنىدە ۋەتەنسىز، ئەسىر مۇئامىلىسىگە ئۇچرىماقتا. خىتايلار خەلقىمىزنى

دىن ۋە تىل ئەنئەنىسىدىن، مىللىي كىملىكىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ، شان - شەرەپلىك تارىخى بار بىر مىللەتنى دۇنيا سەھنىسىدىن سۈپۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇنماقتا. ئەمما، بۇ ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس. دۇنيا ئۇنتۇماسلىقى كېرەككى، «تۈلكىنىڭ سورىقىغا، خورازنىڭ جاۋابى بار»، «ھەممىشە ئۈمىد بىلەن ياشاش، ھېچقاچان چۈشكۈنلۈككە بېرىلمەسلىك، ھەقىقىي مەرد ئادەمنىڭ پەزىلىتىدۇر»-، دەيدۇ لۇتس پىلۇر.

ئەي دىلىم قايغۇرمىغىن كۆپ، كەلگۈسىڭ پارلاق بولۇر،
نىسپىي ئاي قاراڭغۇ بولسا، نىسپىي روشەن ئاق بولۇر.

(نىمشېھىت شېئىرلىرىدىن)

بىز ئەنە شۇ ئۈمىدۋار، مەرد ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادىمىز. گەرچە بۈگۈنىمىز ئەپسۇس ھەسرەت بىلەن ئۆتىسىمۇ، ئەتىمىز ئۈچۈن، ئۈمىد ئارزۇلارغا تولغان ساپ سەمىمىي قەلبىمىز بار!

ۋەتەن ئوتى چوغ ئىكەن ئۆچمەيدىغان،
يىلتىزى بەكمۇ چوڭقۇر كۆچمەيدىغان.
ۋەتەن تۇپرىقى ئالتۇن، بېغى بوستان،
ياتلار چەيلەپ يۈرسىمۇ ئۆڭمەيدىغان.

(ئىسمەت نۇردىنوۋ شېئىرلىرىدىن)

تارىخ - پەقەت ئۆتمۈشنى ئەسلەش ئەمەس، بەلكى كېلەچەك ئىستىقبالىنىڭ ھۇلىنى ھازىرلاشنىڭ دەستۇرىدۇر. ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆز تارىخىدىن ئۇزاقلاشسا، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي تارىخى بىلەن يۈزلەشمىسە، ئۆز تارىخىنى ئۆز قەلىمى بىلەن يازمىسا، ئۇنۇتسا، باشقىلارنىڭ ئويىدۇرما ۋە بۇرمىلانغان ھالدا يېزىپ بەرگەن تارىخى بىلەن قانائەت قىلسا، دۇنيادا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ساقلاپ قىلىشى ۋە قەد كۆتۈرۈشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

مەشھۇر ئەرەب تارىخچىسى ئىبنى خالدۇن تارىخ ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ: «تارىخ - كۆپ كىشىلەرنى ئۆتكەن ۋەقەلەردىن ۋاقىپ قىلىدۇ، ئايرىم كىشىلەرنى يوشۇرۇن سىرلاردىن خەۋەردار قىلىدۇ، تارىخ ماۋزۇسىدا ئالدىنىپ قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك ».

ھەقىقەتەن تارىخ - ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرغان مىراسى، تۆھپىسى، ئىبرەت ئەينىكى، يول خەرىتىسى، تەجرىبە ساۋاق قامۇسىدۇر.

www.uyghurkitap.com

مەھكۇمىيەتكە بويۇن ئەگكەن، زۇلۇمغا، ھەقسىزلىق، ھوقۇقسىزلىققا سۈكۈت قىلىپ رازى بولغان، مىللىي كىملىكىنى يوقاتقان، مەنىۋىيىتى خاراب، نادان مىللەتنىڭ-دۇنيا تارىخ سەھنىسىدىن يوقىلىشى مۇقەررەردۇر!

گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ شوپىنخائۇئېر «غالىبلار تارىخنى، مەغلۇپلارنىڭ دۇمبىسىگە يازىدۇ»- دېگەن ئىكەن.

بىزنىڭ ياش ئەدىبلىرىمىزدىن بىرى «دۇمبىسىنى تۇتۇپ بەرمىگەنلەر مەغلۇپ سانالمايدۇ» - دەپ يازغان ئىدى.

ھەقىقەتەن خىتايلار بىزنىڭ تارىخىمىزنى «ئەزەلدىن» دەپ باشلىغان مۇقەددىمىدىن «ئازادلىق تىن كېيىن ...» دەيدىغان خاتىمىسىگە قەدەر ئۇيدۇرما، ساختا پاكىتلار بىلەن تولدۇرۇپ دۇمبىمىزگە ئەمەس، بەلكى پېشانىمىزگە ئۆچمەس قارا سىياھ بىلەن يېزىشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە.

ئەمما، ئۇيغۇر خەلقى تارىخىدىن بۇيان خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قەلىمىگە نە دۇمبىسىنى، نە پېشانىسىنى تۇتۇپ بەرگەن ئەمەس. بېشىغا نېمە پالاكەت كەلسە كەلسۇن، ئەجدادلىرىنىڭ قىزىل قانلىرى سىڭگەن، ئاتائاق سۆڭەكلىرى كۆمۈلگەن بۇ تۇپراقلاردا ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ، تىرىشىپ- تىرمىشىپ، تىرەجەپ يىقىلماي تىك تۇرۇپ كەلمەكتە!

دېمەك، تارىخنى ئۇنىڭ ھەقىقىي قەھرىمانلىرى بولغان خەلق ئۆزى يازغاندىلا ئۆزىنى ئەجدادلىرىنى نېمە ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغانلىقىنى، غايىسىنى، سەۋەب نەتىجىلىرىنى دۇنياغا تونۇتۇش بىلەنلا قالماي ھۆرلۈك - ئەركىنلىك ئۈچۈن جان پىدا قىلغان ئەزىمەتلىرىنى، غازى، شېھىتلىرىنى ئۆلارنىڭ مۇبارەك نام - شەرىپلىرىنى ھۆرمەت ئېھتىرام بىلەن ياد ئېتىپ ئۇلارنىڭ ئۇنتۇلماسلىقى، ئۇنتتۇرۇلماسلىقى ئۈچۈن خەلق قەلبىدە گۈزەل ۋە يىقىلماس بىر ئابىدە تىكلەيدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي مىللىي تارىخنىڭ رولى.

«قاراجۇلدىكى جەڭ» - يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا يۈزبەرگەن بىر قېتىملىق قورالىق كۈرەشنىڭ رايون خاراكتېرلىك بىر تراگېدىك كارتىنىسى بولۇپ، شۇ مەزگىلدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ جەريانى، ئاقىۋىتى، ئەسلى ماھىيىتى ھەققىدە كېلەچەك ئەۋلادلارغا مۇھىم بىر تارىخ دەرسى بېرىدۇ.

شۇنداقلا يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا مۇھىم سىياسىي رول ئوينىغان«شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» نىڭ قىسمەن پائالىيەتلىرى تار دائىرىدە تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بۇ ھەقتە خەلقىمىزنىڭ ئەسلى چۈشەنچىسىگە يېڭى چۈشەنچىلەر قاتىدۇ.

بۇ كىتاب، چوڭقۇر، ئەتراپلىق تەتقىقات، ئىنچىكە مۇلاھىزىلەر بىلەن يېزىلغان تارىخى ئەسەر ياكى تارىخى رومان ئەمەس ياكى بەدىئىي ئۇسلۇب بىلەن قۇراشتۇرۇلۇپ، ئوبرازلاشتۇرۇلغان قەھرىمانلار ھېكايىسىمۇ ئەمەس. ئاپتورنىڭ ئېيتقىنىدەك، پەقەت يېقىن ئۆتمۈشتىكى ئۆزى شەخسەن قاتناشقان ياكى شاھىت بولغان ياكى ۋەقە ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن بىۋاستە ئاڭلىغان تارىخى ۋەقەنىڭ سەرگۈزەشتى ۋە بۇ ۋەقەلەردە رول ئوينىغان شەخسلەرنىڭ پائالىيەت جەريانىنى رېئال ئەكس ئەتتۈرگەن بىئوگرافىك شەجەرە خاراكتېرلىك تارىخى ئەسلىمىدۇر.

شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇر تارىخ ھەققىدە ئىزدىنىپ، ساناقسىز «نېمىشقا؟»، «نېمە ئۈچۈن؟» لەرگە جاۋاب تېپىشقا قىزىققان تارىخ ھەۋەسكار ياشلىرىمىزغا 60- ۋە 70- يىللاردىكى ھادىسىلەر ھەققىدە بىرىنچى قول يازما ماتېرىيال سۈپىتىدە سۇنۇلغان بۇ ئەسەرنى پۈتۈن ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تولۇق ئوقۇپ چىقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بىر كىتاب يېزىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇش، ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى قازىنىش، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە قايىللىق ھېسسىنى ئويغىتىش، تەپەككۇرىنى ئېچىپ ئاڭ تۈيغۇلىرىغا خىتاب قىلىش ئوڭاي ئىش ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن «بىر كىتابنى قانچە كۈندە ئوقۇپ بولۇشنى ئەمەس، قانچە يىلدا يېزىلغانلىقىنى چۈشىنىشىمىز لازىم»- دېگەن پىكىر ھەقىقەتەن توغرا.

يېشىنىڭ چوڭىيىپ قېلىشىغا قارىماي، تىرىشىپ، غەيرەت قىلىپ، مۇھاجىرەت ئالىمىدە بۇ كىتابنى يېزىپ مىللەت ھۇزۇرىغا سۇنغانلىقى ئۈچۈن ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمگە ئالاھىدە تەشەككۈر ئېيتىمەن. ئاللاھ ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتاقىلسۇن، ئامىن!

ئاخىرىدا دېمەكچى بولغانلىرىمنى «ۋەتەن» ناملىق مۇخەممەسنىڭ ئاخىرقى كۇپلېتى بىلەن ئاياغلاشتۇراي.

پاراغەت ئەتمەسمۇ بۇ مىللەت، زۇلۇم پەريادى كۆز ياشتىن،
«نى باشلار كەتتى سەۋدادىن، بۇ سەۋدا كەتمىدى باشتىن»
ئۈمىد ئۇزمە كېلەچەكتىن، لەپىلدەر كۆكتە كۆك بايراق
«جاپانى كىم تولا چەكسە، گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن».
شېھىتلار روھى شادلانغاي، ئۇكۇنكى توي، زەپەر - شاندىن،

(خەلق ناخشىلىرىدىن)

2011- يىلى. تۈركىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكتى ئادرىسى

## بىرىنچى باب

## شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلەيكۇم:

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ئەزىز قېرىنداشلىرىم!

سىز ئوقۇۋاتقان «قارا جۇلدىكى جەڭ» ناملىق بۇ كىتاب، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى، قەشقەر بىيۇروسىنىڭ باش سېكرېتارى ئاخۇنوپ ۋە سەپداشلىرىمنىڭ خىتاي تاجاۋۇزچى گۇرۇھىغا قارشى مىللەتنىڭ ئازادلىقى، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان قوراللىق قوزغىلىڭنىڭ جەريانى ۋە ئالدى - كەينىدىكى ھادىسىلەر ھەققىدىكى ئەسلىمە بولۇپ، ۋەقەنىڭ نېگىزى 1969 - يىلى 8- ئاينىڭ 23- كۈنى، ھازىرقى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ قاراجۇل يېزىسىدا يۈز بەرگەن.

مەن شۇ ۋەقەنىڭ ھاياتتا قالغان بىۋاستە ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى ۋە شاھىتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئەينى زاماندا كەڭ جامائەتچىلىككە مەلۇم بولغان ۋە خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن دېلولاشتۇرۇلغان بۇ ۋەقەلىكنى بىرىنچى قول ھۆججەتلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا رەتلەپ كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقىپ 2005-يىلى تۈركىيە ئىستانبۇلدىكى «تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى» دا نەشر قىلدۇرۇپ ئېلان قىلغانىدىم.

كىتاب نەشردىن چىققاندىن كېيىن ۋەتەن ئىچىدىكى ئاز بولمىغان سەپداشلىرىم ئىچىدە مۇنازىرە غۇلغۇلا پەيدا بولۇپ كىتابتا ۋەقەنىڭ ئەسلى ئاكتىيورلىرىدىن بەزى شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرى، پائالىيەتلىرى، قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنىڭ تىلغا ئېلىنمىغانلىقىنى، بەزى ھادىسىلەر ھەققىدە قانائەتلىنەرلىك ئىسپات - دەلىللەرنىڭ يېتەرسىزلىكى، ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىلمىگەنلىكى شۇنىڭ ئۈچۈن كىتابنىڭ قايتا تولۇقلاپ نەشر قىلىنىشىنىڭ لازىملىقى ھەققىدە بەزى تەۋسىيىلەر، پىكىرلەر كەلدى. شۇنداقلا بىر قىسىم ئەسلىمە خاراكتېرلىك



يازما ماتېرىياللارنى ۋە بىر قانچە پارچە رەسىم - فوتوگرافلارنى تاپشۇرۇپ ئالدىم.

بۇ قېتىم ئاشۇ ماتېرىيال ۋە رەسىملەرنى كىتابقا كىرگۈزۈپ قايتا تولۇقلاپ چىقىپ كىتابنىڭ تولۇقلانغان ئىككىنچى نەشرىنى ھوزۇرۇڭىزلارغا سۇندۇم.

مەن ۋەتەندە شۇ قېتىم بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى، يۈز بەرگەن تارىخى ۋەقەلىكلەرنى، مىللىي قەھرىمانلىرىمىزنىڭ باتۇرلۇق ئىش - ئىزلىرىنى، ۋەتەن سۆيەر ئەزىمەتلىرىمىزنى، چېلەكتىن ئالغان بىر تامچە سۇ سۈپىتىدە ئەسلەپ ئۆتتۈم.

مەن بۇ ئىشلارنىڭ بىردىنبىر شاھىتى ئىدىم. كۆپ ئىشلارغا مەن ئۆزۈم قاتناشقان ۋە بىلگەن ياكى مېنىڭ ھايات قالغان سەپداشلىرىمدىن ئاڭلىغان ئىشلار ئىدى. مەن تارىخى چىنلىققا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان مىللىي مەخپىيەتلىكىمىزنى قوغداش يۈزىسىدىن شىر يۈرەك ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ تىللاردا داستان بولغان تالاي ئىش-ئىزلىرىدىن پەقەت خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن پاش بولۇپ دېلو قىلىنىپ تۇرغۇزۇلغان قىسمىنىلا خەلقىمگە تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە بۇ كىتابنى يېزىپ قالدۇردۇم. خۇددى بىر كىتابىدا يېزىلغاندەك:

«ئىنساننىڭ يازغىنى غەلەتسىز بولماس،
تەقدىرگە يازمىشتىن غەلەت تېپىلماس».

سەۋىيەم تۆۋەن، قەلەم قۇۋۋىتىم ئاجىز، يېشىم چوڭىيىپ، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىم كۈندىن - كۈنگە زەئىپلىشىۋاتقان بىر ھالدا قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە غەيرەت قىلىپ بىۋاستە باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشت ۋە ئۆزۈمگە مەلۇملۇق ۋەقە - ھادىسىلەرنى بايان قىلىشقا تىرىشتىم.

ۋەقەلەرنىڭ بىۋاستە ئىشتىراكچىلىرى، شاھىتلىرىدىن ھايات ياشاۋاتقانلار يازغانلىرىمنىڭ كامكوسا ۋە مۇۋاپىق بولمىغان تەرەپلىرى بولسا قوشۇمچە قىلىپ تولۇقلىسا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

مېنىڭ يازغانلىرىم بىر دەۋردە يۈزبەرگەن تارىخى ھادىسىلەرنىڭ پەقەت بىر پارچىسى خالاس. ئەسلىدە ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيە، يېزىلىرىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان بۇنىڭدىنمۇ قالتىس ۋەقەلەرنىڭ بولۇپ ئۆتكىنى شۈبھىسىز.

باشقىلارنىڭمۇ قىممەتلىك پىكىرلىرى، خاتىرىلىرى، تەۋسىيە- تەكلىپلىرى سايىسىدا تېخىمۇ مۇكەممەل تارىخى ئەسەرلەر مەيدانغا چىقسا ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ۋاقىپلىنىش،

www.uyghurkitap.com

دەرس ئېلىشى، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، توغرا يول يېڭى ئۇپۇقلارنىڭ ئېچىلىشىغا تۈرتكە بولسا، ئەينى زاماندىكى تارىخى ۋەقەلەرنىڭ ۋاستىلىك، بىۋاستە قاتناشقۇچىلىرى، شاھىتلىرى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى، جەريان ۋە يەكۈننى ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىپ قالدۇرسا، يازالمايدىغانلار ئۆزى ئىشەنگەن قەلەم قابىلىيىتى بار، زېھنى ئۆتكۈر ياشلارغا يازدۇرسا، ياكى ئۆز ئەۋلادلىرىغا سۆزلەپ بەرسە، ئۇلار قەلەم تەۋرىتىپ يېزىپ چىقسا، ھازىر ئىمكان بولمىسا (ئېلان قىلالمىسا) مۇۋاپىق شەرت - شارائىت ھازىرلانغاندا كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرسە نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى، دەپمۇ ئويلايمەن.

شۇئاندا مەرھۇم شائىر ۋە يازغۇچى ئابدۇللا تالىپنىڭ بىر كۇپلېت رۇبائىيسى ئېسىمگە كېلىپ قالدى.

چىنلىقتا كۆزيۇمۇپ كۆزۈم بار دېمە،
ھەق سۆزنى قىلالماي، سۆزۈم بار دېمە.
ئەلگە بىر ياخشىلىق قىلالماي ياشاپ،
تارىخنىڭ ئالدىدا يۈزۈم بار دېمە.

مەن ۋەتىنىم، خەلقىم ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم. ئەپسۇسكى ئۇلۇغۋار غايە، كۆڭۈل ئارزۇلىرىم ئەمەلگە ئاشمىدى. مانا يېشىم 70 دىن ئاشتى. چاچ ساقاللىرىم ئاقىرىپ، قېرىلىقىم ۋايىغا يەتتى. پۇت قوللىرىمدا مادار قالمىدى. ھەممىدىن يامىنى تۇغۇلغان ۋەتەندىن ئۇزاق، يات دۆلەتتىكى مۇساپىرچىلىق، يالغۇزلۇق، تولىمۇ ئېغىر تۇيۇلماقتا.

مەن بۇ ئەسلىمىنى يېزىۋاتقىنىمدا قەلىمىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان دەردلىك ئاھلىرىم، قەلىمىمدىن يېزىق بولۇپ تۆكۈلۈپ، ئاق قەغەز بېتىگە سۆز - جۈملە شەكلىدە نەقىش بولۇپ ئويۇلماقتا. بۇلاق سۈيىدەك بۇلدۇقلاپ تۆكۈلگەن ھەسرەتلىك كۆز يېشىم، قەلىمىم سىياسىيغا قوشۇلۇپ باشقا بىر تەبىئىي رەڭ ھاسىل قىلماقتا ئىدى...

ئۇ قانلىق جەڭدە شېھىت بولغان سەپداشلىرىمنىڭ جان ئۈزۈش ۋاقتىدىكى ھالىتى كۆزئالدىمغا كېلىۋېلىپ، مېنى ھۆركۈرتۈپ يىغلاتماقتا. يۈرىكىم ئېزىلمەكتە ئىدى. ئۇلار شېھىت بولدى، مەن ھايات قالدىم. بۇنى ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە باغلىماستىن باشقا يەنە نېمە چارە ئىمكان بولسۇن؟

كىم بىلىدۇ؟ بەلكى، ئۇ ھادىسىلەرنى كېلەچەك نەسىللەرنى خەۋەردار قىلىش، ھەقىقەتنى بىلدۈرۈش، يالغان - ياۋىداق ئەپسانىلەر، بۇرمىلاشلار، قەستەن ئويدۇرمىلار،

ھاقارەت، پىتنە - ئىغۋالارغا رەددىيە بېرىش، ئىشىنىڭ ئەسلىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، قاراڭغۇ، جاپالىق تۇرما، قىيىن- قىستاق،«ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش»، دەپ ئاتالغان جازا لاگېرىدىكى ئېغىر ئەمگەك، ئاچلىق ئازابى، روھى بىسىملاردا ئۆلمەي ھايات قالغانلىقىم بىر تەقدىرى - ئىلاھى قىسمەتتۇر.

تارىخى تەجرىبىلەردىن خۇلاسە چىقارغىنىمىزدا، ئېيتقان غايە، ھۆرلۈككە ئىنتىلىش ۋە مىللىي شوئار، بىر مىللەتنىڭ قېنىدا مەۋجۇت ئىكەن، ئۇنىڭغا قارشى چىققان، ئۇنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنغان ھەرقانداق بۈيۈك كۈچمۇ ئامالسىز قالىدۇ ۋە ئاخىرى مەغلۇپ بولىدۇ.

«قاراجۇلدىكى جەڭ» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋاقتى كەلگەندە دۈشمەنگە قارشى، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان روھى ۋە جاسارەت بىلەن شىردەك ئىلىشالايدىغان مىللەت ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

مۇشۇ دەۋرگە قەدەر خەلقىمىزنىڭ مۇستەملىكچى خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆرۈشى، ھەجىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىدىن قەتئىي نەزەر ھېچ توختاپ قالمىدى ۋە توختىمايدۇ.

ئاتاتۈرك مۇستاپا كامالنىڭ «تۈرك بالىسى، ئەجدادىنى تونۇغاندا، تېخىمۇ بۈيۈك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ئۆزىدە قۇۋۋەت تاپالايدۇ»، دېگەن مەشھۇر سۆزى بار.

ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستان ھازىر خىتاينىڭ مۇستەملىكە ئاسارىتى ئاستىدا ئىڭرىماقتا. مىللىتىمىز - دۇنيا تارىخىنىڭ قەھرىمانلىق، مەدەنىيەت سەھىپىلىرىگە ئۆچمەس تامغا ئۇرغان بولسىمۇ، تەقدىرنىڭ قارا بورانلىرى ئىچىدە يوقىلىش گىردابىغا ئىتتىرىلمەكتە.

ئەھۋالىمىز تولىمۇ خەتەرلىك باسقۇچقا كېلىپ قالدى. بۇ ئەھۋالدا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ئۇيغۇرلار ۋە باشقا قېرىنداشلار بىر دىل، بىر نىيەتتە ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەتەن، مىللەتنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قولىمىزدىن كەلگۈچە غەيرەت قىلىپ كۈچ چىقىرىپ «بۇ سەپتە مەنمۇ بار» دېيەلىشىمىز لازىمكى، دۈشمەنگە، دۈشمەن غالچىلىرى، خائىن جاسۇسلىرىنىڭ ئارىنى بۇزۇش، قۇتراتقۇلۇق قىلىش، بۆلگۈنچىلىك سېلىش ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي يول قويماسلىقىمىز، ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ھەرزامان سەزگۈر، ئېھتىياتچان، ئەمما، جۈرئەتلىك، مۇشكۈل ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەندە تەدبىرلىك، روھلۇق بۆلىشىمىز لازىم.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ چۈشەنچىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش مەلۇماتىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى»

نىڭ قۇرۇلۇشى، پائالىيىتى، شۇ چاغدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەت ھەققىدە ئىسقىچە شەخسىي مۇلاھىزەمنى بايان قىلماقچىمەن:

30-ۋە 40- يىللار، شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا بوران چاپقۇنلۇق، ئۆزگىرىشچان، شىددەتلىك ئىنقىلاب ۋە ئىختىلاپ دەۋرى بولدى.

33-يىلى قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» رۇسلار ۋە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تىل بىرىكتۈرۈشى بىلەن يوقىتىلدى. سابىت داموللام قولغا ئېلىنىدى. خوجا نىياز ھاجىم تۈرمىدە - ئۆلتۈرۈلدى. گېنېرال مەخمۇت مۇھىدى چەتئەلگە چىقىپ كەتتى. مىللىي قوشۇن تارقىتىۋېتىلدى. يۈزمىڭلارچە شېھىت قانلىرى بىلەن بارلىققا كەلگەن مىللىي ھاكىمىيەت قولدىن كەتتى. ۋەتەن مىقياسىدا دەھشەتلىك قەتلىئام يۈرگۈزۈلدى. ئادەملەر كېچە - كۈندۈز دەككە -دۈككىدە، خاتىرجەم ئىش - ھەرىكەت قىلالماي، كېچىلىرى ئارامىدا ئۇخلىيالمايدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

جۇڭگودا ياپونغا قارشى ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتقان بولسا، گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ پولشاغا يۈرۈش قىلىشى بىلەن 2-دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى.

1942- يىلى 6- ئايدا گېرمانىيە ئارمىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەربىي يۈرۈش قىلغان جىددىي شارائىتتا، ئومۇمىي ئىچكى تاشقى ۋەزىيەتنى توغرا تەھلىل قىلىپ، تارىخى رېئاللىقنى كۆزدە تۇتۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن چىقىش يولى ئىزدىگەن بىر قىسىم ئاڭلىق، مىللەتنىڭ ئابرۇيلۇق زىيالىيلىرى، مۆتىۋەرلىرى، بۇ جاپالىق يولدا مىللەتنى يېتەكلىيەلەيدىغان بىر سىياسىي پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. شۇ ۋەجىدىن «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» قۇرۇلغانىدى.

ئابلىكىم باقى ئىلتەبىرنىڭ «شېھىتلار شەجەرىسى» ناملىق ئەسىرىدە كۆرسىتىلىشىچە،

«... 1942-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇرۇمچى شەھىرىدە توختى قۇربان، كەنجى قاسىم زۇليار، ئەزىز قاسىم، زۇلال، مامۇتوپ قۇربان، ئىمىنجان، ئابدۇرېھىم ئۆمەر قاتارلىقلار «خەلق ئازادلىق تەشكىلاتى» نى قۇردى. 1945-يىلى 12- ئاينىڭ 7- كۈنى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى غۇلجا شەھىرىدە شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ شۆبىسى رەسمىي ۋە مەخپىي قۇرۇلدى...»، دەپ يازىدۇ.

تۈركىيەدىكى پروفېسسور سۇلتان مەخمۇت قەشقىرىنىڭ «20- ئەسىردە خىتاي سىياسىي پارتىيىلىرى ۋە ھاكىمىيەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قاراتقان سىياستى ۋە ئۇنىڭ ئېغىر ئاقىۋەتلىرى» ناملىق ماقالىسىدە:



- «1946-يىلى 5 -ئاينىڭ 5 -كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى غۇلجا شەھرىدە ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ يېتەكچىلىكىدە ياشلاردىن تەشكىل تاپقان 15 كىشى تەرىپىدىن مەخپىي ھالدا «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» (قىسقارتىلغان ئىسمى «خىپ») قۇرۇلدى، مەركىزى كومىتېت ئەزالىرى يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپتى. ئابدۇكېرىم، ئاباسوۋ (خىپ سېكرېتارى)، سەيدۇللا سەيپۇللايوف (مۇئاۋىن سېكرېتارى)، سەيپىدىن ئەزىزى، ئەسئەت ئىسھاقوۋ، مەمتىمىن ئىمىنوف، ئەنۋەرخان بابا، ئابدۇللا زاكىروۋدىن ئىبارەت ئىدى»، دەيدۇ.

پروفېسسور سۇلتان مەخمۇت قەشقىرى يەنە شۇ ماقالىسىدە، سىياسىيون ۋە يازغۇچى قەھرىمان غوجەمبەردىنىڭ «ئۇيغۇرلار» (قەدىمكى زاماندىن ھازىرغا قەدەر بولغان سىياسىي تارىخ) كىتابىدىن تۆۋەندىكى نەقىلنى كەلتۈرگەن:

- ...«1962-يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا ئۈرۈمچىدە قاتتىق مەخپىيەتلىك ئىچىدە ئېچىلغان قۇرۇلتايىدا، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ لېدىرلىقىغا، 1944-يىلى قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن ئىمىنوف سايلاندى. مەركىزىي كومىتېت 25 كىشىدىن تەركىب تاپتى، بۇلاردىن بىزگە ئىسمى مەلۇم بولغانلاردىن ئەسئەت ئىسھاقوۋ (تاتار)، پاتخان سۇغۇربايېۋ (قازاق)، ئەنۋەر جاكۇلىن (قازاق)، ئابدۇللا زاكىروۋ، توختى قۇربان (شىنجاڭ گېزىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، ئىبراھىم تۇردى، نىياز ئۆمەر، ئەخمەتجان ئاخۇنوپ (مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىدىن 1950 -يىلى مىللىي ئارمىيىنىڭ قەشقەرگە يەرلەشتۈرۈلگەن 13-دىۋىزىيىسىنىڭ شتاب باشلىقى بولغان)، ئابدۇرېھىم باقى، ئىمىن ئەيسا، ئابابەكرى ناسىر، ئىمىنجان ئىكرام (ئۆزبېك) قاتارلىقلار بولۇپ،«خىپ» نىڭ ئاساسىي مەقسىتى، شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي زۇلۇمى ئىستىبلاسىدىن قۇتۇلدۇرۇش، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.«خىپ» نىڭ شۆبە تەشكىلاتلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆپ جايلاردىكى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدە مەخپىي قۇرۇلۇپ پائالىيەتلىرىنى داۋام قىلدۇرۇشقا باشلىدى...»

(يۇقىرىقى كىتاب 786-791- بەتلەر، قازاقىستان، ئالمۇتا، 2009-يىل نەشرى)

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن» مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسىنىڭ قەپەستىن چىقىشى ۋە يوقىتىلىشى» ناملىق ماتېرىيالىدا تۆۋەندىكى مەلۇماتلارنى ئۇچرىتىمىز:





«شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» 1967-يىل 4-ئاينىڭ 10-كۈنى ئۈرۈمچى، قەشقەردە قايتىدىن مەخپىي تەرتىپكە سېلىندى. دەسلەپتە ئۇنىڭ نامى «ئۇيغۇرىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» بولۇپ ئاتالدى. كېيىن يېڭىدىن تەرتىپكە سېلىنغان ۋاقتىنى 1960-يىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى، دەپ ئۆزگەرتتى.(شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغان كۈنگە توغرىلىدى ـ ئاپتوردىن) شۇنىڭ بىلەن بىللە پارتىيە نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى»، دەپ ئاتالدى...«1968-يىلى 2-ئايدا پارتىيە مەركىزى كومىتېتى تەشكىللەندى»،«...1969-يىلى 1-ئايدىن 4-ئايغىچە، ئۈرۈمچى شۆبىسى، ئالتاي شۆبە بىيۇروسى، ئىلى كومىتېتى، بۆرتالا شۆبە بىيۇروسى، قەشقەرنى مەركەز قىلىپ جەنۇبىي تەڭرىتاغ بىيۇروسى قاتارلىق تارماق ئاپپاراتلارنى قۇردى. 78 ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنى قۇرۇپ 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە ۋە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى 22 رايون دەرىجىلىك ئورۇنلارغىچە كېڭەيدى...»

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى، قايسى تارىختا، كىملەر تەرىپىدىن قايسى ئىسىم بىلەن، قايسى ئۇسۇلدا قۇرۇلغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، ۋەتەنىنىڭ نامى، پروگراممىسى، نىزامنامىسى، ئاخىرقى مەقسىتى يەنى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت غايىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىدى.

ئوخشاشمىغان ئىسىم، ئوخشىمىغان تارىخ، ئوخشىمىغان شەرت شارائىتتا بۇرۇنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، تەشكىلى قۇرۇلۇشنى يېڭىلاپ ئەينى مۇددىئا، ئەينى مەقسەت، ئەينى نىشان غايە ئۈچۈن، خېيىم - خەتەردىن، جاپا-مۇشەققەت، قىيىن- قىستاقتىن، ئۆلۈمدىن قورقماي كۈرەش مەيدانىغا ئېتىلغان، جېنىنى پىدا قىلغان ئۇ ئەزىمەتلەرنى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ھېچبىر زامان ئۇنتۇمايدۇ!

ئەمدى، شەرقىي تۈركىستان تارىخىغا ئىسمى ئالتۇن ھەرپ بىلەن يېزىلغان بۇ شەرەپلىك پارتىيە ھەققىدە «شېھىتلار شەجەرىسى» دە بېرىلگەن قىسقىچە مەلۇماتنى ئەينەن ھوزۇرۇڭىزلارغا سۇنىمەن:

«بۇ پارتىيىنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت رەھبەرلىرى، ھەربىي قوماندانلار، زىيالىيلار، جەڭچى - ئوفىتسېرلار، كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەر، شەھەر ئاھالىلىرى، دېھقان - چارۋىچىلاردىن تەركىب تاپقان پارتىيە قوشۇنى، تېزلىكتە كېڭىيىپ،

ھاكىمىيەتنىڭ سىياسەت بەلگىلەش ۋە ئىستراتېگىيىلىك پىلان تۈزۈش ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسەتكۈدەك يوشۇرۇن كۈچگە ئىگە بولدى.

خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ ئالدىدا، ئىستراتېگىيە جەھەتتە رۇس ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئامبۇردەك قورشاۋىدا قالغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەقىقىي مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ توغرا سىياسىي پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىشتەك نازۇك ۋە مۇرەككەپ ۋەزىپە تۇراتتى. تاكتىكا جەھەتتە ئۇزاق مۇددەتلىك ياكى ھەل قىلغۇچ قوراللىق ئۇرۇشنىڭ تەشكىلى، ماددىي ۋە مەنىۋى ھازىرلىقىنى قىلىشتەك شەرەپلىك ۋە ئۇزۇل - كېسىل ئازادلىق نىشانى تۇراتتى. يەنە كېلىپ ئەمدىلا دۇنياغا كەلگەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقى ھەر زامان رۇس ۋە خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ كونترول تەھدىتى ئاستىدا تۇراتتى. بولۇپمۇ خىتاي گومىنداڭى بىلەن ئاشكارا شەرتنامە تۈزۈپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنى يوشۇرۇن قوللاۋاتقان ستالىن رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ «يالتا شەرتنامىسى» داۋامىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ جانجان مەنپەئىتىنى ئاشكارا سېتىۋەتكەنلىكىدەك ھەقىقەت ئالدىدا، قىل ئۈستىدە تۇرغان خەلق، مىللەت، ۋەتەن تەقدىرىنى قانداق قىلىپ خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قىلىشتەك باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن ئىدى.

2- دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسى - «يالتا شەرتنامىسى» شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ پائالىيىتىنى تېخىمۇ قىيىن ھالغا قىستاپ قويىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن 1946-يىلى 1- ئايدا موسكۋا-ستالىن، 11- ئايدا يەنئەن – ماۋ زېدۇڭ، دۇڭ بىۋۇلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ھاكىمىيەت ۋە ھەربىي قاتلامنىڭ ئىچىدە ئورۇن ئالغان بۇ يوشۇرۇن پارتىيىدىن خەۋەردار قىلىندى. بۇ چاغدا پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى 4 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىچىدە ئاشكارا پائالىيەت قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان ياشلار تەشكىلاتى ئۇنىڭ ئاساسىي تايانچ قوشۇنى ئىدى. پارتىيىنىڭ تەشكىلى ئىنتىزامى ناھايىتى چىڭ بولۇپ، رۇسپەرەس ياكى خىتايپەرەس دەپ تونۇلغانلارغا قارىتا قەتئىي مەخپىيەتلىك ساقلانغان ئىدى.

11 بىتىمدىن كېيىن، بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدە ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەلگەن پارتىيە يېتەكچىلىرى ۋە ئەزالىرى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان زېمىنلىرىدا پارتىيە تەشكىلى خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ئەزالىرى 40 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. بۇ دەۋردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سولغا مايىل بولغان، كوممۇنىستىك پىكىرلەر ئارىلاشقان خاتا يۆنىلىش بەلگىلىگەن بولسىمۇ(تاكتىكا بۆلىشى مۇمكىن )، ئەمما، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى

مۇستەقىل قىلىش نىشانى ئېنىق بەلگىلەنگەن ئىدى. ئەينە چاغدا، شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى مۇستەملىكە قىلىپ تۇرغان ۋە شەرقىي تۈركىستاندا بىر نەچچە يۈزمىڭ زامانىۋى ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى ۋە قوراللىرى بىلەن قوراللانغان ئەسكىرى بولغان گومىنداڭ تاجاۋۇزچىلىرىنى يوقىتىش ھەمدە رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىدىن ئاجىز بولغان خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن ۋاقىتلىق ئىتتىپاقلىشىش ئەڭ مۇۋاپىق يول دەپ تاللانغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

1950 - يىلدىن ئېتىبارەن، خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان رۇس كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق كۆرۈشىنىڭ غەلىبىسىنى تارتىۋالدى ۋە شەرقىي تۈركىستاننى «يالتا شەرتنامىسى» دىكى ۋەدىسىگە بىنائەن خىتاي گومىنداڭغا ئەمەس، ھاكىمىيەتنى ئىلىۋالغان كوممۇنىستلارنىڭ ئاسارىتىگە تۇتۇپ بەردى. مۇستەقىل جۇمھۇرىيىتىمىز يوق قىلىنغان بولسىمۇ، خىتاي كوممۇنىست قوشۇنلىرى بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ ھەيۋىسى، خەلقىمىزنىڭ بىسىمي ئارقىسىدا شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى بىلەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتناشتى. ستالىن بولسا ئاللىبۇرۇنلا شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ 132 نەپەر غوللۇق ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ماۋزېدوڭغا يوللىغان ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى ئەسلىدىكى زور ۋە كونا ئىككى دۈشمىنىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، قىلچە ئىككىلەنمەي، يېڭى دۈشمىنى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇش، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئالدىنقىلارنىڭ يولىنى كېيىنكىلىرى بېسىپ، 60 نەچچە يىلدىن بىرى 200 قېتىمدىن ئارتۇق قوراللىق، قورالسىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن كۈرەش قىلىپ كەلدى. خەلقنى تەشكىللەپ كۆپ قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى. شۇنداق قىلىپ بۈگۈنكى كۈندە، خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى پروگراممىسى ئەڭ ئېنىق بولغان، تەشكىللىك، ئىنتىزامچان ۋە سىستېمىلىق كۈرەش ئېلىپ بارالايدىغان، ئىستىراگىيىلىك پىلانلىرى مۇكەممەل بولغان، ئەزالىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغىچە تەكشى تارقالغان، مەخپىيەتلىك پرىنسىپى ئىنتايىن چىڭ بولغان ئىككى مىليونغا يېقىن خەلقنى تەشكىللەپ، 78 ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىدا ئاتمىش مىڭدىن ئارتۇق پېشقەدەم، ئىسسىق سوغۇقنى بېشىدىن كۆچۈرگەن ۋە ئېغىر سىناقلاردىن ئۆتكەن ئەزاسى بولغان، ئاممىۋى ئاساسىي كۈچلۈك، يېتەكچىلىك رولى چوڭ، جەڭگىۋار سىياسىي ۋە تارىخى پارتىيىگە ئايلاندى. بىر قاتار قوراللىق ئۇرۇشلار، سىياسىي كۈرەشلەر ۋە مەدەنىيەت

تاللاشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئۆزىنىڭ كېسىل ئازادلىقىنى نىشان قىلىپ، خەلقنىڭ ئۈمىد مەشئىلىگە، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ كۆزىگە قادالغان خەنجەرگە ئايلاندى.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق كوممۇنىست ئىستېلاچىلارغا قارشى كۈرەش تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، خىتاي زالىملىرى خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئالداپ ۋە تەقىب قىلىپ باستۇردى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىنكار قىلىپ ئۆنتۈلدۈرۈشقا ئۇرۇندى. ئەڭ ئاخىرىدا ئاشكارا ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ قانلىق باستۇرۇشقا كىرىشتى. ئەمما، خەلقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغان بۇ تەشكىلات بارغانسېرى كېڭىيىپ، كۈچىيىپ ۋە ساغلاملىشىپ ئىلگىرىلىدى».

ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر:» شېھىتلار شەجەرىسى «1-6- بەت، (شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمئىيىتى نەشرىياتى) ئىستانبۇل.

شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى، داۋاملىق ئىز بېسىپ ئىلگىرىلەش پرىنسىپى بويىچە تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، كەلگۈسى ئۈچۈن ئۇل ھازىرلاش، ئاخىرقى غايە بولغان مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا، خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتنى كۈزۈتۈپ مۇۋاپىق شەرت - شارائىت يېتىلگەندە ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن مەخپىي ھازىرلىقلارنى ھېچ توختاتمىدى.

60- يىللارنىڭ باشلىرىدا «خىپ» نىڭ ھاياتىنا قالغان بىر قىسىم يېتەكچىلىرى، مىللىي ئازادلىق كۈرەشنى قوزغاش، ھەرىكەتكە ئۆتۈش ھەققىدە پىكىردە بىرلىككە كەلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ سېكرېتارى سېرگېيېۋچ خروشوۋ باشچىلىقىدا ئېچىلغان س س س ر 20- قۇرۇلتىيىنىڭ قارارلىرى- خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسى ۋە خىتاي دۆلىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، دىپلوماتىك، ئىقتىسادىي، ھەربىي ساھەلەردىكى ئۆز - ئارا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يامانلىششىغا يۈزلىنىشىنىڭ باشلانغۇچ نۇقتىسى بولدى.

1962-يىلى ئىلى- چۆچەك ۋەقەسى (29-ماي غۇلجا ۋەقەسى) يۈز بەردى. شۇنداقلا، كۈندىن كۈنگە يامانلاشقان ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى ۋەزىيەتتە داۋالغۇشۇش پەيدا قىلىشى، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ ھەرىكەت باشلىشىغا تۈرتكە بولدى.

رەھبەرلىك يادروسى - «خىتاي بىلەن سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ، بۇ تەرىقىدە

داۋام قىلسا، چوقۇم قورallىق توقۇنۇشقا ئايلىنىدۇ ۋە بۇ پۇرسەت بىزنىڭ چوڭ بىر قىسىملىق ئازادلىق جېڭىگە ئاتلىنىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىزگە ياردەم بېرىدۇ»- دەپ تەخمىن قىلدى.

تارىخنىڭ بەزەن تەكرارلىنىشىدەك ئىلمىي ھەقىقەتنىڭ ماھىيىتىنى ۋاقتىدا چۈشىنىپ يېتەلمەسلىك، تارىختىكى ئاغمىچىلىق، مەنپەئەت ئۈچۈن ساتقۇنلۇق، يېرىم يولدا قوشۇلغان ھەمراھلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى ۋە خىيانىتى تەكرار - تەكرار ئۇنتۇلۇپ كېتىش، تەجرىبە - ساۋاقلاردىن دەرس ئالماسلىق بىزنى تارىختا قانداق ئېغىر، قانلىق بەدەل ئۆتەتكەن بولسا بۇ قېتىممۇ شۇنداق بەدەل ئۆتەيدىغانلىقىمىزنى پەرەز قىلالمىدۇق.

ئەمما، ئاقىۋىتىنى بىلسەكمۇ بىلىپ تۇرۇپ بۇ يولغا تەۋەككۈل قىلىپ كۆردۇق. مەجبۇر ئىدۇقكى، چۈنكى پىچاق سۆڭەككە يەتكەن ئىدى. مەجبۇر ئىدۇق چۈنكى بىزنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىۋى، ستېراگېيىلىك ئورنىمىز، شەرت - شارائىتىمىز شۇنداق ئىدى...

«ئېتىمنى بەختىيار قويىدى، خۇدا بەرمەسمۇ بەختىمنى، خۇدا بەرگەندە بەختىمنى، ئالۇرمەن تاجۇ تەختىمنى»، دېگەندەك بىر تەرەپتىن ئۈمىدۋار بولساق، بىر تەرەپتىن «يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال» روھى بىلەن بۇ جەڭگە ئاتلاندۇق. قول قوشتۇرۇپ، نالە قىلىپ، بىتەلەيلىكتىن قاقشاپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش - مىللىتىمىزنىڭ شان - شەرىپىگە داغ چۈشۈرەتتى...

مانا شۇ روھ ۋە ئىشەنچ بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى، ۋەتەنىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يەر ئاستى پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇردى. ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، پارتىيىنىڭ قايتا يېڭىدىن تەشكىللىنىشى، پارتىيىنىڭ يېڭى پروگراممىسى، ھەرىكەت پىلان لايىھىسى، مەشھۇر قوماندان ۋەتەنىنىڭ قەھرىمان ئەۋلادى مەمتىمىن ئىمىنوپنىڭ باشچىلىقىدا، توختى قۇربان، نىياز ئۆمەر، قاسىم پەرسا، ئىسمائىل ئىبراھىم قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلارنىڭ بىرلىكتە باش قاتۇرۇپ پىلانلىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، پارتىيىنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى ئورگانلىرى رەتكە سېلىنىپ قايتا تەشكىللەندى.

1964-يىلى مەركىزى بېيۇرو قەشقەرگە يۆتكەلدى. قەشقەر رايونى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ زىچ ئولتۇراقلاشقان، چەتئەللەر بىلەن چېگرىلىنىش يېقىن، ستېراگېيىلىك ئورنى مۇھىم جاي بولۇپ، ئوڭۇشلۇق ۋە ئوڭۇشسىز ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا بىر چىقىش يولى تېپىش مۇمكىنچىلىكى بار، دەپ ھېسابلاندى. (ختاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قارىشىچە «ئوت مەركىزى» قەشقەر ئىدى ).

شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ھاكىمىيەت سىستېمىسىدىكى يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان بىر قاتار قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ دەرھال مەخپىي ھالدا تەشۋىق - تەرغىبات، ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. بۇ ئىنتايىن ئاقلانە بىر قارار ئىدى.«ئىستىپاق» ژۇرنىلى،«ئىستىقلال» گېزىتى قاتارلىق شىپگراپ بىلەن بېسىلىپ، كۆپەيتىلىپ يوشۇرۇن تارقىتىلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە دەسلەپكى قەدەمدە 10 مىڭ كىشىلىك نامايىش ئۇيۇشتۇرۇش، يۈزنەچچە ئورۇندىكى بېنزىن ئىسكىلاتلىرىغا ئوت قويۇۋېتىپ، پەيلومەيدانىدىكى مەھبۇسلارنى قۇتقۇزۇپ قوراللاندۇرۇشۇش ئومۇمىي قوزغىلاڭغا تەييارلىق ئىشلىرى باشلاندى ۋە بۇ ئىشلارغا قەشقەرنى مەركەز قىلغان جەنۇبىي تەڭرىتاغ بىيۇروسىنىڭ باشلىقى قادىر ساۋۇت مەسئۇل قىلىندى.

1965 -يىلى 8-ئايدا قادىر ساۋۇتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىلەن پالتا مەمتىمىننىڭ پەيلو مەيداندىكى مەسئۇل خىزمىتىدىن پايدىلىنىپ يوشۇرۇن يۆتكەپ كېلىنگەن قوراللار «بوران پارتىيىسى» (ئەسلى خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئېھتىياجىدىن ۋاقىتلىق بۇ ئىسىم قوللىنىلغان) ئەزالىرىغا تارقىتىلدى ۋە قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە مەيدان (ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى) خىتاي ئەسكەرلىرىدىن تازىلاندى.

ئەمما، سىرتتىن كېلىدىغان ياردەم ۋە قوراللار يېتىپ كېلەلمىدى. ئۇ ئارىلىقتا يۈزلەرچە ماشىنا بىلەن قەشقەر تەرەپتىن كەلگەن خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قاتمۇ قات قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغان مۇجاھىدلار تۆت سائەتكىچە زەمبىرەك تانكىلارغا قارشى بەرداشلىق بەردى. 37 مۇجاھىد شېھىت بولدى. (ياتقان جايلىرى جەننەتتىن بولسۇن. ئامىن!) يۈزلەرچە خىتاي ئەسكىرى يەر چىشلىدى ۋە يارىدار بولدى.

تەشكىلاتچىلاردىن قادىر ساۋۇت تۈرمىدە قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى. قالغان مۇجاھىد پارتىيە ئەزالىرى جازا تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇلۇپ ئۆلۈم جازاسىغا، مۇددەتلىك ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە بىر قانچە ئايغىچە ھۆكۈم سۈرگەن دۆلەت تېررورى، تۇتقۇن قىلىشلار ھەممە كىشىنى جېنىدىن جاق تويغۇزۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن«خپ» نىڭ خىزمىتى تېخىمۇ مەخپىي ھالەتكە كۆچتى.

1966 -يىلى 5- ئايدا ماۋزېدۇڭنىڭ بىۋاستە قول تىقىشى بىلەن ئاتالمىش «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلاندى.

«بۇرژۇئا ئىلىم نوپۇزلۇقلىرىنى پىپەن قىلىش» دىن باشلاپ «تۆت كونىنى

يوقىتىش»،«كاپىتالىزم يولىغا قاراپ ماڭغان ھوقۇقدارلارنى پىپەن قىلىش»، تارتىپ چىقىرىشقىچە بولغان مەزگىلدە جاللات ۋاڭ ئىنماۋ شەرقىي تۈركىستاندا، بۇ ھەرىكەتنىڭ تىغ ئۇچىنى مىللىي كادىرلارغا، بىلىملىك زىيالىيلارغا، دىنىي ئۆلىمالارغا قاراتتى.

«ئوڭچى»، «يەرلىك مىللەتچى»، «پانتۈركىست»، «پان ئىسلامىست»، «ئەكسىلئىنقىلابچى»،«بۇزۇق ئۇنسۇر»، «كونىلىق تەرەپدارلىرى ئۇنسۇر»،«قاراڭغۇ بازارچى» ۋەھاكازا دېگەن قالپاقلارنى كىيدۈرۈپ، قاتتىق قوللۇقلۇق بىلەن جازالىدى. كېيىن ۋاڭ ئىنماۋنىڭ ئۆزىمۇ «كاپىتالىزم يولىغا قاراپ ماڭغان ھوقۇقدار» دەپ ئاتىلىپ يوقىتىش ئوبيېكتىۋغا ئايلاندۇرۇلدى...

شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدە مىڭلارچە ئاممىۋى تەشكىلاتلار قۇرۇلدى، ھەرخىل دەبدەبىلىك، مەنالىق ئىسىملار بىلەن ئاتالغان بۇ تەشكىلاتلار ۋاڭ ئىنماۋنى قوغدىغۇچىلار(بۇلارنىڭ شوئارى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ۋۇگۇاڭ، لۈي جەنرېن، جاڭ جۇڭخەن، بۇرھان شەھىدى ۋە ئىمىنوپلارنى يوقىتايلى، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى) بۇ تەرەپتىكىلەر ۋاڭ ئىنماۋ ياخشى يولداش! دەپ جارسالاتتى.

يەنە بىر تەرەپ بولسا ۋاڭ ئىنماۋنى يوقىتايلى! دەپ ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى.

يەنە بىر گۇرۇھ بولۇپ بۇلار ھەرئىككىلى كۆز قاراشقا قارشى تۇرۇپ بى تەرەپ ھالدا تۇرۇشاتتى. شەرقىي تۈركىستاندا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە 3 چوڭ خىتاي تەشكىلاتى بارئىدى. خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى ئەزالىرى بۇ ئۈچ خىتاي تەشكىلاتىغا تەكشى تارقالغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىسى ئۈچۈن مەخپىي ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. كۆرۈنۈشتە ئۇلار بىر بىرى بىلەن رەقىبلەردىن ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىشى نەتىجىسىدە ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خىتاينىڭ دۆلەت ئاپپاراتى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ، ھۆكۈمەتسىزلىك ئانارخىزم تازا ئەۋج ئالغانىدى.

بولۇپمۇ 1967-يىلىنىڭ بېشىدا ماۋنىڭ ئايالى جاڭ چىڭنىڭ - «قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئەلەم بىلەن قوغدىنىڭلار»، - دېگەن چاقىرىقى چىقىشى بىلەن، پۈتۈن ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئۆز ئالدىغا قوراللىنىپ بىر - بىرى بىلەن رەسمىي قوراللىق ئىلىشىشقا باشلىدى.

شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھەرقايسى تەشكىلاتتىكى ئەزالىرىغا قوشۇننى تېزلىكتە كېڭەيتىش، قورال- ياراق، ئوق - دورا توپلاشقا سەپەرۋەر قىلدى. رەھبەرلەر ئازادلىق كۈرەشكە پۇختا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن تەشكىلى

قۇرۇلۇشنى رەتكە سېلىپ ھەرخىل پىلان- لايىھەلەرنى تۈزۈپ چىقىشتى...

شەھەر ئاھالىسى، مەكتەپلەردىكى زىيالىي ئوقۇتقۇچى، كادىرلار، ئىشچىلار، يېزىلاردىكى دېھقانلارنى قوزغاپ تەشكىلاتنى كېڭەيتىش، كەڭ كۆلەمدە ئەزا قوبۇل قىلىش، قورال توپلاشقا جىددىي تۇتۇش قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلىشقا تەييار بولۇپ تۇرۇش توغرىسىدا جىددىي خىزمەتلەر ئىشلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە ۋە ئالتۇن تامغىسى، بايرىقى، ھۆكۈمەت تەرەپتىن مۇسادىرە قىلىنغان، ئەزالىرى ھەرخىل جازا ئۇسۇللىرى بىلەن باستۇرۇۋېتىلگەن«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» ئۆزىنىڭ تەشكىلى ئاپپاراتىنى قايتىدىن تەشكىللىدى.

دىنىي زاتلار تېزلىكتە ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى، يۇرتىنى قۇتۇلدۇرۇش، خەلقنى قوغداش ئۈچۈن غازات قىلالايدىغان، شېھىتلىكنى غايە بىلىدىغان، دىنىي ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدا تەربىيىلەش ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىشقا باشلىدى. تەشۋىقات - تەرغىبات ئىشلىرىنى كەڭ كۆلەمدە راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن زېمىن ھازىرلىدى. ھەرقايسى جايلاردا قوراللىق جەڭگىۋار گۇرۇپپىلار قۇرۇلدى.

شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدە ئاممىۋى ئاساسىي، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولغان بۇ پارتىيىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى مەركىزىي كومىتېتى، شۆبە بيۇروسى بىرلىكتە «شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرى»، «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسى»،«شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى» قاتارلىق ھاياتى كۈچكە ئىگە ئەھمىيەتلىك ھۆججەتلەرنى تەييارلاپ ھەرقايسى جايلارغا تارقاتتى شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت گېربى، دۆلەت بايرىقى نۇسخىلىرىنى ھازىرلىدى.

1968 - يىلى 2- ئايدا شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ مەركىزى ھەيئەت رىياستى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەرتەرەپكە ئادەم يوللاپ، ئالاقە باغلاشقا، تەشكىلاتنى كېڭەيتىپ كۈچەيتىشكە كىرىشتى.

بۇ ئارىدا شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قالايمىقانچىلىقى ھۆكۈم سۈرگەن شۇ كۈنلەردە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» نى مەركەز قىلغان «قىزىل 3- ليەن قوماندانلىق شتابى» قۇرۇلدى.

خىتايچە «خوڭ سان ليەن» دەپ ئاتالغان بۇ تەشكىلات ئالىي مەكتەپ ستۇدېنتلىرىدىن



تەركىب تاپقان بولۇپ،«پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا قاراپ ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش» نى مەقسەت قىلغان بولۇپ،. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر كادىرلارنىڭ چوڭ- كىچىك ھەممىسى بىردەك تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش - پىپەنگە تارتىلغان ئىدى.

«ئاپتونوم رايون» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، سابىق مىللىي ئارمىيىنىڭ قوماندانلىرىدىن بولغان گېنېرال مەمتىمىن ئىمىنوپ «مەسىلە تاپشۇرۇش»، «كۆرەش قىلىش» باھانىسى بىلەن ئۈنىۋېرسىتېتتا ساقلىنىپ قالغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ زات، قىزىل 3- لىيەن تەشكىلاتى تەرىپىدىن قوغداپ قېلىنغان ئىدى.

قىزىل 3- لىيەن - ئاساسەن ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر سىياسىي تەشكىلات بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك يادروسى-ئابىت، ئايتان، ئالىم غازى قاتارلىق ياشلاردىن تەركىب تاپقان ئىدى.

بۇ ھەرىكەت «ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئىشخانىسى، مۇناسىۋەتلىك ئىدارىلەرنىڭ ئارخىپلىرىدىن قولغا چۈشكەن مۇھىم ماتېرىياللار ئاساسىدا، خىتاي ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنىڭ ئالدى كەينىدىكى ۋەقەلەردىكى ئارقا پىلانلىرى، «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش»، «ئۇچكە قارشى كۆرەش».«بەشكە قارشى كۆرەش» ھەرىكىتى، «ئوڭچى يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرۈشى» ۋە ئۇنىڭ سەھنە ئارقىسى، 60- يىللاردىكى ئاچارچىلىق، باي ناھىيىسىدىكى ئاچارچىلىقتىن ئۆلگەن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى»، تىزما ماقالىلەر بولۇپ يېزىلىپ ۋەتەننىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە تارقىتىلدى. شىپگراپتا بېسىلىپ كۆپەيتىلىپ تارقىتىلغان بۇ ماتېرىياللار ئىچىدە:«ۋاڭ ئىنماۋنىڭ مىللىي سىياسەتتىكى تۆتەك پەردىسىنى يىرتىپ تاشلايلى!»، دېگەن ماقالىلەر توپلىمى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر ئىگە بولغان ئىدى.

بۇ مەخپىيەتلىكنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا مەرھۇم ئىمىنوپنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولغانىدى.

1968- يىلى 3- مارتتا، خىتاينىڭ شەرقىي شىمالى رايونىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرا سىزىقى بولغان ئامۇر دەرياسىنىڭ توۋەن ئېقىمىدىكى جىنباۋداۋ (رۇسلارنىڭ دامانسكى ئارىلى) دا چېگرا توقۇنۇشى يۈز بەردى.. ئۇزاق ئۆتمەي تارباغاتاينىڭ تېرەكتى رايونىدا يەنە بىر قېتىملىق قوراللىق توقۇنۇش بولدى.

بۇ ھادىسىلەر ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ نەقەدەر يامانلاشقانلىقىنىڭ بىر ئىشارىتى ئىدى.



شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، چوڭ قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، شۇ مەزگىلدە، «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى ئىلى شۆبىسى، ئۈرۈمچى شۆبىسى، ئالتاي شۆبە بىيۇروسى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 12 قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن موڭغۇلىيەگە ئادەم ئەۋەتىپ قورال - ياراق، تېلگراپ ئاپپاراتى ھەمدە ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاسۇسلۇق ئاخبارات ئورگىنى ئۇيغۇرىستانغا 9 تۈركۈمدە خۇپىيانە ھالدا 14 ئادەم قېتىم تېلېگراف ئاپپاراتى، قورال - ياراق ۋە ھەرىكەت خىراجىتى كىرگۈزۈپ، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى بىلەن ئالاقىلەشتى»،

«بۆرتالا شۆبىسى چېگرا مۇداپىئە گازارمىسى ئاتلىق ئەسكەرلەر تارماق ئەترىتى ۋە ساقچىخانىنىڭ قورال - ياراقلىرىنى بۇلىغاندىن كېيىن قارا تولۇق تېغىنىڭ ئېغىزىدا قورال - ياراق بازىسى قۇرۇپ، پارتىزانلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش قەستىدە بولدى،» دەپ يازىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى بۆرتالا شۆبىسى ھەققىدە سۆز ئېچىلغانىكەن، بۇ ھەقتە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتسەك ئارتۇقچە بولماس.

بىيۇرونىڭ رەھبىرى، سابىق مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىدىن بىرى، مىللەتسۆيەر، ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمان شەيخھاجى ئىيسا بولۇپ، 1962 - يىلىدىن كېيىن خىتاي سوۋېت مۇناسىۋەتلىرى يېرىكلەشكەن ۋە بۇ سەۋەبتىن شەرقىي تۈركىستاندا شەكىللەنگەن يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا خەلق ئىنقىلابى رەھبەرلىرىدىن بىرى، مەشھۇر مىللىي قەھرىمانىمىز نىياز ئۆمەر تەرىپىدىن تەشكىلاتقا قوبۇل قىلىنغان.

ئۇندىن باشقا بۆرتالادىكى ۋەتەنپەرۋەر، ئابرۇيلۇق كىشىلەردىن مەمەت ئىمىن ئىيسا بايېۋ، مۇھەممەد ھاجىيېۋ (مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىدىن)، غاپپار ھەسەن، ئىسمائىل پالۋان قاتارلىق كىشىلەرمۇ تەشكىلاتقا قوبۇل قىلىنغان.

1968 - يىلى يازدا، شۆبە مەركىزى كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن پائالىيىتىنى كۈچەيتىپ تەشكىلاتنى كېڭەيتىشكە كىرىشتى. يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش، كەڭ - كۆلەمدە تەشۋىقات، تەرغىبات ئېلىپ بېرىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۈرۈمچىدىكى ستۇدېنتلار ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىلىرى (قىزىل 3 - روتا) ئەسلى بۆرتالالىق ئابىت ياقۇپ، ئايتان يۈسۈپخانلار بۆرتالاغا كېلىپ، شەيخھاجى بىلەن كۆرۈشۈپ ئالاقىلەشكەنىدى.

1969 - يىلى 7 - فېۋرال كۈنى ئېچىلغان مەخپىي يىغىندا، شۆبە بىيۇرونىڭ ئەزالىرى

www.uyghurkitap.com

رەسمىي بېكىتىلىپ، شەيخھاجى رەھبەر بولۇپ سايلاندى. ۋەزىپىلەر تەقسىم قىلىندى. پروگراممىلار قارارلاشتۇرۇلدى. ئۇرۇمچىدىكى مەركىزى كومىتېت پېرىزىدىيۇمى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئىسمائىل ئىبراھىم، ئابىت ياقۇپ، ئايتان يۇسۇپخان قاتارلىق بەش كىشىنىڭ 1969- يىلى 21- فېۋرال 5 ئات ۋە يان قوراللار بىلەن جابدۇنۇپ شىمالدىكى بوردا تاغ يولى ئارقىلىق خىتايلار «ئۇچار قاناتمۇ ئۆتەلمەيدىغان پولات قورغان»دەپ داۋراڭ سالغان چېگراسىدىن ئامان ئېسەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە ئۆتۈپ كېتىشكە شەرت ھازىرلاپ بەرگەنىدى.

خىتاي ساقچى دائىرىلىرى، جاسۇسلۇق ئورگانلىرى ئىتتەك بۇراپ، تىمىسقىلاپ بۇ تەشكىلاتنىڭ پېيىگە چۈشتى.

شەيخھاجى باشچىلىقىدىكى تەشكىلات ئەزالىرى تەشۋىق ۋاراقلىرى تارقىتىش، خەلقنى قوزغاش، لازىملىق قورال- ياراق توپلاش، پەيتى كەلسە مىللىي ئىنقىلابنى بۆرتالادىن باشلاشقا جىددىي تۇتۇش قىلماقتا ئىدى.

1969- يىلى 3- ئاينىڭ 3- كۈنى يۈزبەرگەن جىنباۋداۋ ۋەقەسىدىن كېيىن پۈتۈن دىققەت ئېتىبارىنى چېگرا رايونلارغا قاراتقان خىتاي دائىرىلىرى، بەزى خائىن، تۇراقسىز ئىنسانلارنىڭ پاش قىلىشى بىلەن تەشكىلاتنىڭ بىر قىسىم غوللۇق ئەزالىرى تۇتقۇن قىلىندى.

4-ئاينىڭ 18- كۈنى تەشكىلات رەھبەرلىرىدىن شەيخھاجى، ئابلىكىم خۇدابەردىلەر قولغا ئېلىندى.

ئەينى زاماندا بەزىلەرنىڭ چەتئەلگە چىقىپ كېتىش تەكلىپىنى رەت قىلغان شەيخھاجى تۈرمىدە، ئىقرار قىلدۇرۇش، باشقىلارنى پاش قىلىش ئۈچۈن قوللانغان ئېغىر ئازاب، قىيىن قىستاقلارغا باتۇرانە بەرداشلىق بەردى. سەپداشلىرىنى ساتمىدى. ھەر كۈنى ۋەھشىيانە تاياق، قىيىن - قىستاق ئازابلار ئۇنى باش ئەگدۈرەلمىدى. ھەتتا، كامېرغا ئۆز ئادەملىرىنى كىرگۈزۈپ ئۇردۇردى، خورلىدى. ھېچ نەرسىنى ئىقرار قىلمىدى، ھەقىقىي قەھرىمانلىقنىڭ بۈيۈك ئۈلگىسىنى ياراتتى.

1970- يىلى 21- مارت، خىتايلارمەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرىنى جازالاش مەقسىتى بىلەن ئاتالمىش «ھۆكۈم ئېلان قىلىش چوڭ يىغىنى» ئۇيۇشتۇرۇلدى. كوچا-كوچىلاردا تانكا، برونېۋىك، زەمبىرەكلەرنى توختىتىپ ھازىرلا ئۇرۇش بولىدىغاندەكدەك سۈرلۈك بىر ھالەت شەكىللەندۈرگەنىدى.

بۇنىڭدىن بىر ئاي بۇرۇنلا، پۈتۈن ئىدارە - جەمئىيەت، يېزا - قىشلاقلاردا خەلقنى،

سوتلىنىۋاتقان 20 نەپەر ئىنقىلابچىنىڭ ئۆلۈم بىلەن جازالاندۇرۇلۇشى ئۈچۈن جامائەت پىكرى توپلاش ۋە بۇ ئارقىلىق «ئۆلتۈرمىسە خەلقنىڭ غەزىپى بېسىلمايدۇ...،» دېگەن گەپنى ھۆكۈمنامىگە كىرگۈزۈش ۋە بۇنىڭ «ئاممىنىڭ رايى» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مەجلىس ئۈستىگە مەجلىس، يىغىن ئۈستىگە يىغىن ئېچىپ ئادەم توپلاپ، قامالغانلارنى ئەيىبلەش، ھاقارەت قىلىشقا مەجبۇرلىغان ۋە «ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن» دېگۈزگەنىدى.

21- مارت كۈنى پۈتۈن بۆرتالا ئاھالىسىنى توپلاپ سوغۇق يەردە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى. ئورنىدىن تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنمىدى. ئاتالمىش «جىنايەتچىلەر» مەيدانغا ئېلىپ كېلىنگەندە بىر قانچە چوڭ ماشىنىدا چىش- تىرنىقىغىچە قوراللانغان ئەسكەرلەر بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇرۇش ھازىرلىقىدا تەق تۇردى.

ئاتالمىش «جىنايەتچىلەر» قوللىرى باغلانغان، پۇتىغا كىشەن سېلىنغان، تىللىرى ئىنچىكە سىم بىلەن باغلانغان، مەيدىسىگە

«ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن تاختا ئېسىلغان ئىدى.

يېرىم سائەت ئىچىدىلا ھۆكۈم ئېلان قىلىنىپ، بۆرتالانىڭ جەنۇبىدىكى دەريا بويىدا، شەيخھاجى ئىيسا، ئابلىكىم خۇدابەردى، مەمتىمىن ئىيسابايېۋلەر ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. قالغانلارغا 20 يىلدىن 5 يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىلدى.(قىيىن - قىستاق، ئازاب- ئوقۇبەت، تاياق - توقماق، ئاچلىق - ئۇسسۇزلۇق ئازابىدىن مەرھۇم شەيخھاجى ئوروغلاپ كىچىككىنە بالىغا ئوخشاپ قالغانىدى.)

ھۆكۈم بۆرتالا شۆبە ھەربىي رايون ھەربىي سوت تەرىپىدىن چىقىرىلغان بولۇپ، شۆبە ھەربىي رايوننىڭ قوماندانى دۇڭ شاڭ سىڭ شۇنداقلا ئۇرۇمچىدىن مەخسۇس تەكلىپ بىلەن چاقىرىلغان جاللات گېنېراللار قاتارىدا مىللىي مۇناپىق، خىتاي ئارمىيىسىنىڭ گېنېرال مايورى زاھىر ساۋدانوپمۇ يىغىن مۇنبىرىدە ئولتۇرغانىدى.

نۇرغۇن كىشىلەر چاندۇرماي كۆزياشلىرىنى تۆكۈپ، ئۈنسىز ئاھ ئۇردى، «شېھىتلار قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات!»، دېيىشكەنىدى.

(قىرغىستان «ئىتتىپاق «گېزىتى، «تارىخىمىزدىكى يارقىن سىمالار» دىن ئېلىندى.)

شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى بۆرتالا شۆبىسىنىڭ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىشى، ئەزالىرى ۋە رەھبىرى خادىملىرىنىڭ قۇربان بۆلىشى، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن زور بىر يوقىتىش بولدى.

www.uyghurkitap.com

خىتاي مۇستەملىكىچى زالىملىرى «بۆلگۈنچىلىك، ۋە بۆلگۈنچىلەر ئۈستىدىن قازىنىلغان بۈيۈك غەلىبە» دەپ ھۆركىرىدى. خىتاينىڭ ئىچكى ماتېرىياللىرىدا «... شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى بۆلگۈنچىلىك گۇرۇھى 1970 - يىلى 3 - ئايدا تارمار قىلىندى...» دەپ جار سالدى. بۆرتالا شۆبىسىنىڭ يوقالغانلىقىنى «پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلق پارتىيىسىنىڭ يوقىتىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ» دەپ ۋەتەن ئىچىدىكى بىر قىسىم ئاممىنى ۋاقىتلىق ئالدىدى.

ئەمما، بۇ پارتىيە يوقىتىلمىغان ئىدى، ھېلىمۇ مەۋجۇت ئىدى، ئۇنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى!

خىتاي كوممۇنىست دائىرىلىرى بۇ پارتىيىنىڭ تامامەن يوقىتىلغانلىقىنى خەلق ئاممىسىغا تەكرار ئېيتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ تەشۋىقات ۋاراقچىلىرى،«مەشئەل» گېزىتى. «ئىستىقلال» گېزىتى قاتارلىق گېزىتلىرى ھەر كۈنى دېگۈدەك كوچا- كوچىلاردا مەخپىي ھالدا كەڭرى تارقىتىلماقتا ئىدى.

ئۇندىن باشقا يەنە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالمۇتا، تاشكەنتتىن بېرىلىدىغان ئۇيغۇرچە رادىئو دولقۇن خەۋەرلىرى شۇنداقلا «ۋەتەننى قۇتقۇزۇش» رادىئوسىنىڭ خەۋەرلىرىمۇ شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى ھەركۈنى دېگۈدەك ئاڭلىتىلىپ تۇراتتى.

1969 - يىلى، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى «شىمالدىن شەپە بېرىپ، جەنۇبنى تىزگىنلەش» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش قارارىغا كەلدى. 6- ئاينىڭ 28- كۈنى قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ كۆتۈرۈلۈش كۈنى قىلىپ بېكىتىلدى.

سانجى، قاراماي، شىخەنزە، غۇلجا بۆرتالا، چۆچەك- تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئالتاي قاتارلىق شىمالدىكى شەھەرلەردە بىرلا ۋاقىتتا پارتلىتىش ۋەقەسى پەيدا قىلىش بىلەن بىرلىكتە تەشۋىقات ۋاراقچىلىرىنى كۆپلەپ تارقىتىپ، دۈشمەننىڭ دىققىتىنى شىمالغا بۇراپ، جەنۇبى تەرەپتىكى قوزغىلاڭچىلار قەشقەر ئەتراپىدىكى ناھىيىلەردە قوراللىق قىسىملارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ ئاتۇش تەرەپكە يۈزلىنىپ، ئۇلۇغچاتقا ھۇجۇم قىلىپ، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ، چېگرىنى ئېچىۋېتىش، ئەسكىرى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش، پۈتۈن ناھىيە، يېزىلار تەڭلا قوزغىلىپ قەشقەرنى ئىگىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قايتىدىن قۇرۇلغانلىقىنى پۈتۈن

دۇنياغا ئاڭلاتقاندىن كېيىن ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان ئارقىلىق چەتئەللەر بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى باغلاپ جىددىي ۋە تېز سۈرئەتتە قورال - ياراق سېتىۋېلىپ ئۈرۈمچىگە قاراپ ھۇجۇم باشلاش، ئاخىرىدا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدىن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئازاد- ھۆر، مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىش مەقسىتىگە ئېرىشىش پىلانلانغان ئىدى.

يېپىشىڭ ئەرك ئۈچۈن سىزمۇ قورالغا،
قىساستىن قىسسەلەر قالسۇن زامانغا.
شېھىتلار قىنىدا نەملەنگەن تۇپراق،
ئۇ سېنىڭ ۋەتىنىڭ تارىخىڭغا باق..

* * * * * * * * *

بۇ ھەرىكەت پىلانلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىدە ئەڭ زور ئۈمىد «چەتئەلنىڭ» ياردىمى ئىدى. ۋەدىلەر، كېلىشىملەر ھەتتا قەسەملەرگە كۆرە ئاخىرغىچە بىر سەپتە كۈرەش قىلىش، ھايات - ماماتتا بىرگە بولۇش، غەلىبىدە - مەغلۇبىيەتتە ئورتاق بولۇش پرىنسىپى ئاساسىدا چېگرا بويلىرىدا تايانچى ھەربىي بازا قۇرۇش، ئەسكىرى ئىشلاردا بىر تۇتاش پىلانلاپ بىر مەركەزدىن قوماندانلىق قىلىش، ئارقا سەپ تەمىنات (قورال - ياراق، ئوق- دورا، يېمەك - ئىچمەك، كۆچ تولۇقلاش...) خىزمەتلىرىنى تولۇق ۋە يېتەرلىك دەرىجىدە كاپالەتكە ئىگە قىلىش، تەشۋىقات - تەرغىبات ئىشلىرىنى كۈچەيتىپ، خەلقئارادا جامائەت پىكرى توپلاش، ھوقۇقى داۋادا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزىنى - ئۆزى ئىدارە قىلىش، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىنىڭ تەبىئىي ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى دۇنياغا ئاڭلىتىش باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەت ۋەزىپىسى ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ يولدا قانچىلىك ئېغىر بولسىمۇ  بەدەل تۆلەشكە رازى ئىدى. پەقەت بىرلا مەقسەت- خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ۋەتەن تۇپرىقىدىن تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقىرىش، مۇستەقىل ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولغان بىر شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش ئىدى.

ئىشلار كۈتكەندەك ئۆز يولىدا بولمىدى. پىلانلار ئاستىن - ئۈستۈن بولدى. ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن قورققان ۋە ئالاقزادە بولغان خىتاي ساقچى ئىدارىلىرى بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ جاسۇسلۇق ئورگانلىرى ئارقىلىق بۇ مەخپىي تەشكىلاتنىڭ پېيىغا چۈشتى...!



www.uyghurkitap.com

ختاي دائىرىلىرىنىڭ ئىچكى مەخپىي ھۆججەتلىرىنىڭ قەيت قىلىنىشىچە:

- «...1969 -يىلى 1- ئايدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك قوغداش بۆلۈملىرى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن مەخسۇس دېلو تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى ئاساسى جەھەتتىن ئىگىلەپ ھەمدە تولۇق، ئىشەنچلىك پاكىتلارنى قولغا چۈشۈرۈپ بۇنىڭ ئازادلىقتىن بۇيان شىنجاڭدا يۈزبەرگەن ئەڭ چوڭ تەشكىلات، ئىكەنلىكى، بىر يۈرۈش مۇكەممەل پروگراممىسى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھەرىكەت پىلانى بولغان ئەكسىلئىنقىلابىي بۆلگۈنچىلىك گورۇھى دېلوسى ئىكەنلىكىنى بايقىدى..» دېيىلگەن...

بۇ تەشكىلاتنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ مۇددىئاسى تولۇق ئىگەللەنگەندىن كېيىن ئۆز - ئۆزىگە ئىشەنمەي قالغان ختاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ھودۇقۇپ كېتىپ ئەھۋالنى، ختاي دۆلەت باش مىنىستىرى جۇئېنلەيگە مەلۇم قىلىدۇ. ختاي دۆلەت ئىشلار كابىنېتى بۇ ئىشنى جۇڭگونىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلار قاتارىدا قارار ماقۇللاپ شەرقىي تۈركىستان زېمىنىغا ختاينىڭ ئىچكى ئۆلكىرىلىرىدىن ئەسكىرى كۈچ يۆتكەپ كېلىشكە باشلايدۇ.

ختاي ئىچكى ئىشلار كابىنېتىنىڭ قارارىدىن ۋاقىپ تاپقان شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ مەسئۇللىرى، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ھەرقايسى تەشكىلات پارتىيە ياچېيكىلىرى، ھەر قايسى رايونلاردىكى يەر ئاستى تەشكىلات باشلىقلىرىغا «مەخپىيەتلىكنى جانتىكىپ قوغداش، ئوڭۇشسىزلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش، ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ۋاقتىنچە توختىتىش، مەلۇم مەزگىل سۇغا چۆكۈۋېلىش»،

«ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋېلىش» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ پائالىيەتلەرنى ۋاقتىنچە توختىتىشقا، ئەھۋالنى كۆزىتىش» ھەققىدە يوليورۇق بېرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سالاھىيىتى ئاشكارىلىنىپ قالغان بىر تۈركۈم كىشىلەر، ھەرخىل يوللار بىلەن چەتكە چىقىرىۋېتىلدى.

مەركىزى كومىتېتىنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرى بىخەتەر جايلارغا يۆتكىلىپ مۇداپىئەلەندى. پېشقەدەم جۇمھۇرىيەت جەڭچىلىرى ۋە ئاساسى رەھبىرى كۈچلەر ئاستا - ئاستا جەنۇبقا يۆتكەلدى...

ھەر دەۋردە بولغاندەك، بۇ قېتىممۇ ئەڭ مۇھىم باسقۇچ، ھالقىلىق پەيتتە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھاياتى، جانىجان مەنپەئىتىنى تارىختىن بىرى ختايغا سېتىپ ئادەتلەنگەن

«چەتئەل» يەنە ۋەدىسىگە، قەسىمىگە خىلاپلىق قىلىپ خائىن يۈزىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسەتتى.

قوزغىلاڭغا ئۈچ كۈن قالغاندا، پۈتۈن پىلان ئاشكارىلىنىپ قالدى...!

1969 -يىلى 6- ئاينىڭ 25- كۈنى، خىتاي دۆلەت باش مىنىستىرى جۇئېنلەينىڭ بىۋاستە قول سېلىشى، بۇيرۇقى بىلەن خىتاي دۆلەت ئىچىدىكى ھەرقايسى ھەربىي رايونلارغا قاراشلىق ھەربىي قىسىملىرىدىن چاقماق تېزلىكىدە يۆتكەلگەن ھەربىيلەرنى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنى ۋەتىنىمىز مىقياسىغا يۆتكەپ ئەكېلىپ، يەرلىك بىڭتۇەن قىسىملىرىنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى ماسلىشىشى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا شىمالدىكى 15 شەھەردە قانلىق باستۇرۇش، تۇتقۇن قىلىش تېررورلۇق ھەرىكىتىنى باشلىدى...

پۈتۈن قاتناش يوللىرى قامال قىلىندى، ناھىيە يېزىلار قورشاۋغا ئېلىندى، ئالدىن قولغا چۈشۈرگەن«قارا تىزىملىك» بويىچە يول ئېغىزلىرىدا، ئۆي- ئۆيلەردە، مەھەللە - مەھەللىلەردە، مەكتەپلەردە، زاۋۇت- كان كارخانىلاردا، ئىدارە جەمئىيەتلەردە، نوپۇس تەكشۈرۈش باھانىسى بىلەن ئونمىڭلارچە شەرقىي تۈركىستان ئوغۇل - قىز پەرزەنتلىرى بىگۇناھ قارىقويۇق تۇتقۇن قىلىندى. تۈرمىلەر توشۇپ كېتىپ سولايدىغانغا بوش يەر تاپالماي، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سىنىپلىرى، ئالىي، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرامەكتەپ شۇنداقلا تېخنىكوملارنىڭ سىنىپ، ياتاق بىنالىرى، كىنوخانا، تىياتىرخانىلار ھەممىسى دېگۈدەك تۈرمىغا ئايلاندۇرۇلدى.

شۇ قېتىمقى تۇتقۇندا، دەسلەپكى مەلۇماتلاردىن ئىگەللىشىمىزچە شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىدىن 32 مىڭ ئادەم تۇتقۇن قىلىنغاندىن باشقا يەنە 30 مىڭچە بىگۇناھ خەلقمۇ تۇتقۇن قىلىنىپ ئوخشىمىغان دەرىجىدە جازاغا تارتىلغان.

بۇ تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ ئارىسىدا ئىز-دېرەكسىز غايىب بولغانلارنىڭ سانى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس ئىدى...

گەرچە ئەھۋال شۇ دەرىجىدە ئېغىر بولغان بولسىمۇ، قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى بىر قەدەر ياخشى ئىدى. شىمالدىن جەنۇبقا مەخپىي كەلگەن پارتىيىنىڭ مەسئۇل خادىملىرى، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى قەشقەر بيۇروسىنىڭ باش سېكرېتارى ئاخۇنوپنىڭ قوماندانلىقىدا يېڭى پىلانلارنى تۈزمەكتە ئىدى.

ئاخۇنوپنىڭ قولىدا زەرەپشان مۇستەقىل پولكىدىن باشقا يەنە ھەرقايسى ناھىيە- يېزىلىرىدا مۇستەھكەم تايانچ پونكىتلىرى، خوتەن، قاراقاش، قاغىلىق، ئاقسۇ، ئاتۇش،

www.uyghurkitap.com

ئاقتۇ، تاشقورغان، توققۇزاق، تاشمىلىق، بۇلاقسۇ، ئويتاغ، مۇجى قاتارلىق جايلاردا قوراللىق قىسىملىرى ۋە پارتىزانلىق ئەترەتلىرى بار ئىدى.

بۇ قوشۇنلار كۆرۈنۈشتە «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نامىدىكى ۋاڭ ئىنماۋنى يوقىتىدىغان ئاممىۋى تەشكىلاتلار بولۇپ

«قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئەلەم بىلەن قوغدىنىش» نامى بىلەن قوراللانغان تەشكىلاتلار ئىدى.

(بۇ ھەقتە كېيىنكى بابتا تەپسىلىي توختىلىمىز)

«پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان بۇ ئاتالمىش ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىنقىلابتا، پۈتۈن خىتاي مىقياسىدا زور قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. خۇسۇسەن، ماۋزېدۇڭنىڭ ئايالى جاڭ چىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇدىرلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ ئارقىدىنلا «قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئەلەم بىلەن قوغدىنىشلار» دېگەن چاقىرىقنى چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئاما تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇپ ئۆزىنى قوغداش مەقسىتى بىلەن قوراللىنىشقا باشلىدى. ئارمىيە ۋە قوراللىق قىسىملىرى كۆرۈنۈشتە «بى تەرەپ» بولۇۋالغان بىلەن «سولچىلارنى قوللايمىز» دېگەن باھانە بىلەن ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا ئاستىرتىن سۈكۈت بەرگەنىدى. ھەر قايسى ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئۆزىنى قوغداش شوئارى بىلەن كەلگەن يەردە قورال بۇلاشقا كىرىشتى. ھەتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋېتنامغا توشۇپ كېتىۋاتقان بىر پويىز قوراللىرىنىمۇ ئاممىۋى تەشكىلاتلار ھەش - پەش دېگۈچە بۇلاپ كەتكەن ئىدى...

خىتاينىڭ ئىچكى ئەھۋالى يامانلاشقاندىن كېيىن ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشقا كۆزى يەتمىگەن خىتاي مەركىزى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ قولىدىكى قوراللارنى دەرھال يىغىۋېلىش ئۈچۈن جىددىي يىغىن چاقىرىپ، ماۋزېدۇڭنىڭ ئالىي يولىيورۇقى، كومپارتىيە سىياسىي بىيۇرونىڭ قارارى، دەپ «1969- يىلى 23- ئىيۇل بۇيرۇقى» نى چىقاردى. بۇيرۇقتا:

- «ھەرقايسى ئاممىۋى تەشكىلاتلار قوراللارنى تاپشۇرۇپ، چوڭ بىرلىششىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم، تەشكىلات ئىچىدىكى بۇزۇق كاتتىۋاشلارنى ئاما ئۆزلىرى ھەرىكەتكە كېلىپ تۇتۇپ جامائەت خەۋىپسىزلىك ئورگانلىرىغا تاپشۇرۇشى شەرت»، دەپ كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ باردى. بۇنى كىشىلەر «23- ئىيۇل بۇيرۇقى» دەپ ئاتىدى.

گەرچە، بۇ بۇيرۇق مەركەزنىڭ ماۋزېدۇڭنىڭ بۇيرۇقى دەپ جاكارلانغان بولسىمۇ، ئاممۋى تەشكىلاتلار بۇ بۇيرۇققا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىدى. چۈنكى، تەشكىلاتلار ئالدى بىلەن ئۆزىگە قارشى بولغان تەشكىلاتلارنىڭ ئالدىن قورال تاپشۇرۇشى لازىملىقىنى، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭمۇ قورال تاپشۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بىر - بىرىگە خىرىس قىلىپ، بەس سېلىشىپ قورال تاپشۇرۇشنى قەستەن رەت قىلىشىۋاتاتتى.

خىتاي مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ خىلدىكى بۇيرۇقى تازا ئۈنۈم بەرمىگەندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى «قوْم ئارىلاشتۇرۇش» سىياستىنى قوللىنىشقا باشلىدى.

يۈزمىڭلىغان خىتاي ئارمىيە ئەسكەرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ئۇلارنى يەرلىك ئاممۋى تەشكىلاتلار، ئىدارە -جەمئىيەتلەرگە، كان - كارخانىلارغا ئەۋەتىپ مەركەزنىڭ قورال تاپشۇرۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇردى، بۇ ئەسكەرلەر ھەربىي فورمىدىكى كىيىملەرنى كىيگەن بولۇپ، قوللىرىدا ماۋزېدۇڭنىڭ ئەسەرلىرى، خىتاي مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ «يولىيورۇقى» نى كۆتۈرۈۋېلىپ ئەتىدىن كەچكىچە قورال تاپشۇرۇش، چوڭ بىرلىششنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەققىدە تەشۋىقات ۋە مەجبۇرلاش سىياستىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى.

شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدە، مىللىيلار كۆپ جايلاشقان رايونلاردا خىتاي ئارمىيسى ئىچىدىكى مىللىي ئەسكەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، يەرلىك ئۇيغۇر خەلق ئارىسىغا سىڭدۇرۇپ كىرگۈزۈپ خىتاينىڭ «قورال تاپشۇرۇش ۋە چوڭ بىرلىشش» نى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ باردى.

شۇ چاغدىكى بۇ ئىشلارغا بىۋاستە قول تىقىپ ئىشلىگەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىدىن «شىنجاڭ ھەربىي رايونى» نىڭ مۇئاۋىن قوماندانى گېنېرال مايور زاھىر ساۋدانوپ، «جەنۇبى شىنجاڭ ھەربىي رايونى» سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئولاتايوپ (قەشقەر خەلقى لاتايوپ-دەيدىغان).«جەنۇبى شىنجاڭ ھەربىي رايونى» نىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى تۇراق ئىسمائىللار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قاتار سىياسىي يېتەكچى ئىدىيىلىرىنى خەلققە تېڭىپ قورال تاپشۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتاتتى.

خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ بۇ خىل سىياستى كېيىنكى كۈنلەردە «ھۆكۈمەتنى ھەربىي ئىدارە قىلىش» دەپ ئاشكارا جاكارلاندى.

ھەممە يەر «ھەربىي ئىدارە قىلىش» ئورگىنىغا ئۆتۈپ، مەكتەپلەردىن تارتىپ ئىدارە –جەمئىيەت، زاۋۇت، كان- كارخانىلار، قاتناش ترانسپورت، يەسلى، كوچا باشقارمىلىرى

مەھەللىلەرگىچە ھەربىي ۋەكىللەر كىرىپ ئورۇنلاشتى.

ھەتتا، پارتىيە -ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىمۇ«ھەربىي ئىدارە قىلىش» تۈزۈمىگە بويسۇنۇپ ھۆكۈمەتسىزلىكتىن ئىبارەت ۋەزىيەت خىتاي كوممۇنىست دائىرىلىرىنىڭ تىزگىنىگە چۈشۈشكە باشلىدى...

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىكى زور كۈچنى تەشكىل قىلغان ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئامالسىزلىقتىن بارا- بارا قورال تاپشۇرۇشقا باشلىدى.

تەشكىلاتلارنىڭ قورال تاپشۇرۇشى ناھايىتى ئاستا ۋە قىسمەن قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىمۇ سادىر بولۇپ تۇردى. تاپشۇرغان قوراللىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ياسالغان كونا ئوۋ مىلتىقى، ئۆزلىرى ياسىۋالغان يەرلىك ئۇسۇلدىكى مىلتىق – ئۇندىن باشقا ۋاقتى ئۆتكەن ئاپتوماتلار، زەمبىرەك- توپلار... قاتارلىق قوراللارنى تاپشۇردى.

بۇنداق بىر جىددىي شارائىتتا شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى قورallıق قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلىش ھەرىكىتىنى يەنىمۇ جىددىي، مەخپىي، تېخىمۇ يوشۇرۇن، ئېھتىياتچان ھالەتتە ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇرلاندى.

«ھەربىي ئىدارە قىلىش» ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن تۇراق ئىسمائىل قەشقەر شەھرىگە قاراشلىق 36 ئاھالە كومىتېتقا چۈشۈپ يېقىنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كوچىمۇ- كوچا، مەھەللىمۇ- مەھەللە چېپىپ يۈرۈپ قورال تاپشۇرۇش، قارىمۇ - قارشى تەشكىلاتلار چوڭ بىرلىششنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەھەتتە خەلقنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

ساۋدانوپ بولسا، مەكىت ناھىيىسىگە بېرىپ مەكىتتىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ قوراللىرىنى يىغىۋېلىش، تەرەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئىشىغا مەسئۇل بولغان ئىدى.

مەكىت ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىدە ئالاھىدە بىر ناھىيە بولۇپ، مەكىتنىڭ بارلىق ھوقۇقى ئاساسى جەھەتتىن ئىسيانچىلارنىڭ قولىدا ئىدى. خىتاي ئاققۇنلىرىغا پۇت تىرەپ تۇرالىغۇدەك جاي تېپىلمايتتى.

ناھايىتى ئاز ساندىكى خىتاي ئەمەلدارلىرىدىن باشقا خىتاي ئاققۇنلىرى ناھىيىنى تاشلاپ باشقا يۇرتقا قېچىپ كەتكەنىدى.

مەكىتنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى روزى ھېكىم، مۇھەممەد ئىمىن قادىر باشلىق ئىسيانچىلارنىڭ قولىدا ئىدى. ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىنى تايانچ پونكىت قىلىپ قوراللىق ساقلاۋاتقان بۇ تەشكىلات، ئاللىبۇرۇن شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە

بويسۇنۇپ جەڭگىۋار ۋەزىپە ئۆتەش ھەربىي ھالىتىدە ئىدى.

روزى ھېكىم، مۇھەممەد ئىمىن قادىرلارنىڭ كۆشەندىسى بولغان مەكتىتىكى بىر قىسىم جاھىل خىتاي ئاققۇنلىرى، ھۆكۈمەتنىڭ ۋە بىڭتۈەننىڭ ئاستىرتىن ياردىمى بىلەن پاختا زاۋۇتىنى قورغان قىلىپ، تراكتور پونكىتى ئىسيانچىلىرىغا ھەركۈنى دېگۈدەك ۋەھىمە قىلىپ ئوق چىقىرىپ پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتاتتى. بىگۇناھ دېھقان ئاھالىسىنى تۇتۇپ قىيناپ ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى كوچىلارغا تاشلاپ قورقۇنچلۇق ۋەزىيەت يارىتىشقا تىركىشىۋاتاتتى.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئىسيانچىلار چوڭ ئىشقا تەسىر يېتىپ قالمىسۇن ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويۇنچە قوراللىق قوزغىلاڭغا جىددىي تۇتۇش قىلىۋاتاتتى.

ساۋدانوپ ھەركۈنى دېگۈدەك تراكتور پونكىتىغا كېلىپ ۋەز - نەسىھەت قىلىپ قورال تاپشۇرۇپ، خىتايلار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

دەسلەپكى قەدەمدە مۇھەممەد ئىمىن قادىر ساۋدانوپنىڭ يۈزىگە كېلەلمەي،«نېمىلا بولمىسۇن بىر ئۇيغۇر ھەربىي ئەمەلدار ئىكەن ھەم ياشتا چوڭ ئىكەن بۇنىڭغا قاتتىق يېرىك گەپ قىلماي، ھە ـ دەپلا ئۆتكۈزۈۋېتەي» دەپ ئويلايدۇ.

ساۋدانوپ بولسا مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ ھۆرمەت تۇيغۇسىنى خاتا چۈشىنىپ«نېمىلا بولسۇن بۇلارنى ئەيۋەشكە كەلتۈردۈم، قورال تاپشۇرىدۇ، ۋاقتىنى سەل ئالدىغىراق سۈرۈپ قورال تاپشۇرۇش مۇددىتىنى ئىلگىرى سۈرەي» دەپ خاتا چوت سوقۇپ كېيىنكى قېتىم كەلگەندە دەرھال قورال تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلايدۇ.

دەل شۇكۈنى پاختا زاۋۇتىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر دېھقاننىڭ ئايالى بىلەن بالىسى خىتايلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ بىھۇدە ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا ئېغىر مۇسىبەتتە تۇرغان مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ يېنىغا ساۋدانوپ يەنە كېلىپ قوپاللىق بىلەن قورال تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلايدۇ.

ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان مۇھەممەد ئىمىن قادىر دەرغەزەپكە كېلىپ، يېنىدىن تاپانچىسىنى قېپىدىن چىقىرىپ، ساۋدانوپنىڭ چېكىسىگە تەڭلەپ «سەن مۇناپىق نېمانداق ھەددىڭدىن ئاشىسەن! خىتايلار قورال تاپشۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن ھەركۈنى بىزگە پاراكەندىچىلىك سېلىپ، ئوق چىقىرىپ ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، سەن ئەبلەخنىڭ يەل بېرىشى بىلەن بۇ خىتايلىرىڭنىڭ خورىكى ئۆسۈپ كەتتى. سېنى جەھەننەمگە ئۇزىتىپ ئاندىن خىتايلارنىڭ جاجىسىنى بېرىمەن...» دەپ، ئوق چىقىرىشقا ئىنتىلىدۇ. ۋەزىيەتنىڭ يامانلاشقىنىنى بايقىغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

روزى ھېكىم دەرھال مۇھەممەد ئىمىن قادىرنى قۇچاقلىۋېلىپ:

- ھاي ئۇكام، ئاچچىقىڭغا ھاي بەر، ئۇنداق قىلما، مېنىڭ يۈز خاتىرەمنى قىل - دەپ ساۋدانوپنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالدۇ.

شۇ كۈندىكى ساۋدانوپنىڭ رەڭگى روھى قورقۇش ھالىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن دوستلىرىمىنىڭ دەپ بېرىشىچە» ھەربىي قوماندانلارنىڭ جېنى باشقىلارغا قارىغاندا بەكرەك تاتلىق ئىكەن، مۇھەممەد ئىمىن قادىر تاپانچىسىنى قېپىدىن چىقىرىپ ساۋدانوپنىڭ چېكىسىدە شۇنداق تەڭلىۋىدى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ لاغىلداپ تىترەپ، پۇت قولىدا جان قالمىدى، خۇددى قىش پەسلى سۇغا چۈشۈپ مۇزلاپ ئۆلەر ھالغا كەلگەن مۈشۈكتەك سىلكىنىپ تىترەپ جاقىلداپ كەتتى، روزى ھېكىم تۇتۇۋالمىغان بولسا مۇھەممەد ئىمىن قادىر ئۇ ئەبلەخنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان بولاتتى»، دېگەنىدى.

* * * * * * * * *

ۋەتەننىڭ ۋەزىيىتى يامانلىششقا باشلىدى. خىتاينىڭ جاسۇسلىرى ھەر تەرەپتىن قاتىرىغىنى تۇردى، خىتاي ئەسكەر ساقچىلارنىڭ جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشى، ھەر تەرەپكە پىتنەتەك تارالغان جاسۇس، پايلاقچىلارنىڭ پائالىيەتلىرى سەۋەبىدىن بەزى بىر مەخپىي ئىشلارنىڭ ئاشكارىلىنىپ قىلىنىشى بىلەن ۋەزىيەتنىڭ بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ يامان تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى، سەزگەن شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ سالمىقى، ئوڭۇشلۇق تەبىئىي يەر شارائىتى، چەتئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت باغلاش ئىمكانىيىتىنىڭ قۇلايلىقلىقى قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ، قەشقەردە قوراللىق قوزغىلاڭنى باشلاش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

قەشقەر بيۇروسىنىڭ باش سېكرېتارى ئاخۇنوپ يەنىلا قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى.

ئەمما، ئىشلار پىلانلانغاندەك مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. خائىن، جاسۇس سېتىلمىلارنىڭ تەقىبىدىن قۇتۇلۇش تولىمۇ قىيىنغا توختىدى. قوزغىلاڭ ھەرقايسى جايلاردا بىرلا ۋاقىتتا ئەمەللەشمىدى. ۋە بۇ سەۋەبلىك قوزغىلاڭ ئومۇمىي خەلق ئىنقىلابىغا ئايلىنالمىدى.

ئەپسۇسكى، بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئامىللار ھەققىدە ھازىرچە تولۇق بىر نېمە دېيەلمەيمىز!

* * * * * * * * *

شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا ئېلىپ بارغان بىر قانچە قېتىملىق قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرىنى، خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان شۇ تارىخى ۋەقەلەردىن قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتمەكچىمەن:

1969 - يىلى 8 -ئاينىڭ 16 -كۈنى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدىكى ئەزىز ئوسمان باشچىلىقىدا قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى. ئاقتۇ ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمگە ھۇجۇم قىلىپ ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمنىڭ قوراللىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، بارىننى بازا قىلىپ يەرلىشىپ قوشۇننى ئۈزلۈكسىز چوڭايتىشقا باشلىدى.

1969 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كېچىدە قەشقەردە چوڭ تۇتقۇن بولدى. قەشقەر بىيۇرونىڭ قوراللىق قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان تايانچى كۈچلەردىن 18 ئادەم تۇتقۇن قىلىندى، باش قوماندان ئاخۇنوپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چېقىپ دۈشمەن قولىدىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلدى.

1969 -يىلى 8- ئاينىڭ 20- كۈنى ئاختۇناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارى مەمەت ئىيسا مىڭلىغان قوراللىق كۈچلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ ئەزىز ئوسمانىنى قوللاپ تەكرار ئاقتۇ ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمگە ھۇجۇم قىلىپ، ئاقتۇ ناھىيىسىنى تەلتۆكۈس ئازاد قىلىپ، ناھىيىنى بازا قىلىپ باشقا ناھىيىلەرگە يۈرۈش قىلدى.

1969 -يىلى 8- ئاينىڭ 7- كۈنىدىن 20- كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا، مەكىت زەرەپشان پولكىنىڭ جەڭچىلىرى پولكوۋنىك مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ يېتەكچىلىكىدە غەلىبىسىرى ئۈرۈش قىلىپ يەكەندىن پوسكامغا بارىدىغان پوسكام كۆۋرۈكىنى ساقلاۋاتقان 100 دىن ئارتۇق خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللارنى بۇلاپ ئۇلارنى ئەسىرگە ئېلىپ مەكىت ناھىيىسىگە ئامان ئېسەن يېتىپ باردى.

مەكىت ناھىيىسىنىڭ«چاسا بۇدۇي» دەپ ئاتالغان خىتاي ئارمىيىسىنىڭ 7994- قىسىم ھەربىي بازىسىغا، زەرەپشان پولك جەڭچىلىرى ھۇجۇم قوزغاپ، خىتاي ئارمىيىسىنىڭ باشلىقلىرىنى باغلاپ قۇمغا كۆمۈپ، جىگدە شېخىغا ئېسىپ، نەچچە مىڭ دانە يەڭگىل تىپتىكى قوراللارنى ئولجا ئېلىپ زەپەر قۇچۇپ مەكىت ناھىيىسىگە كېلىپ قوشۇن زورايتقان ئىدى.

مەكىتتە قەشقەر بىيۇروغا بىۋاستە قارايدىغان «زەرەپشان مۇستەقىل پولكى» قۇرۇلغانىدى. مايور مۇھەممەد ئىمىن قادىر بۇ پولكىنىڭ پولكوۋنىكى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

مەكتەپتىن قەشقەرگە قاراپ چېكىنىۋاتقان خىتاي ئارمىيىسىنىڭ 30 دىن ئارتۇق ماشىنىدىكى تولۇق قوراللانغان ئەسكەرلىرى مەكتەپ بازىرىغا كەلگەندە زەرەپشان پولك جەڭچىلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قورال ياراقلىرىدىن ئايرىلىپ قۇرۇق قول قەشقەرگە كەتكەنىدى.

پۈتۈن مەكتەپ ناھىيىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئازادلىققا ئېرىشىپ، خىتاي ئەمەلدارلىرىدىن بىرىمۇ قالمىغان ئىدى. تىرىك قولغا چۈشكەن خىتاي ئەمەلدارلىرىدىن بىرنەچچىسى زەرەپشان پولكى تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ دارغا ئېسىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى.

كىشىلەر قوشاق قېتىپ ناخشا توۋلاپ دولاندا دۆلەت قۇرۇلدى، دېيىشكەن ئىدى.

مەكتەپتە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر، زەرەپشان پولكى ۋە ئۇنىڭ قوماندانى مۇھەممەد ئىمىن قادىر ھەققىدە بىر قانچە كىتاب يېزىلىسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. مەن پەقەت ناھايىتى ئاز بىر قىسىم ۋەقەلىكلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قىلىۋاتىمەن.

مۇھەممەد ئىمىن قادىر دەسلەپكى قەدەمدە ئەسكەرلىككە ئادەم ئېلىش ئۇقتۇرۇشى چىقىرىپ تىزىملىتىشنى باشلىغاندا كۆتۈلمىگەن يەردىن بىر تۈركۈم قىزلارمۇ ئىختىيارى ھالدا كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرغان ئىدى. بەزىلەر ئۇ قىزلارنىڭ ئەسكەر بولۇپ زەرەپشان پولكىنىڭ جەڭچىسى بولۇشىنى ياقتۇرمىغانىدى.

لېكىن، قىزلارنىڭ جىددىي تەلىپى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان كەسكىن ئارزۇ- ئىرادىسىنى پەرەز قىلغان زەرەپشان پولك مەسئۇللىرى بىر تۈركۈم خوتۇن - قىزلارنى تىزىمغا ئېلىشقا ماقۇل بولدى.

بۇ قىزلار جەڭدە ئۇرۇش قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي بەلكى دوختۇرلۇق، ھەمشىرە، نورمال كۈنلەردە جەڭچىلەرگە ئاش- تاماق ئېتىپ بېرىش، كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرىش، يارىدارلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ۋەزىپىسىنى بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇنلىغان مېھرىبان ئانا، كۆيۈمچان بىر سىڭىلغا ئايلانغانىدى.

ھەتتا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى زەرەپشان ئاتلىق قوشۇنىغىمۇ قېتىلىپ، ئات ئۈستىدە قىلىچۋازلىق قىلىش، مىلتىق، ئاپتومات قاتارلىق قوراللارنى ئېتىش، قارىغا ئېتىش مەشىقلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەنىدى.

خىتاينىڭ بىگۇناھ دەپ ئاتالغان قوراللىق قىسىملىرى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە جەينىكى ئۈزۈلۈپ كەتكەن، ئۈزۈلگەن جەينىكىنى بەلۋېغىغا قىستۇرۇۋېلىپ، يەنە

بىر ساق قولى بىلەن يېنىك پىلىموتتىن يۇزلەرچە ختاي دۈشمىنىگە ئوق ئۈزۈپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ساق-سالامەت بازىغا قايتىپ كەلگەن بەختىياردەك قەھرىمانلار، ئاتقان ئوقى زايە بولمايدىغان ھاۋۇت پاۋاندەك ئوت يۈرەك ئەزىمەتلەر، دىكتار پىلىموتتىن ئۈزۈپ-ئۈزۈپ يەككە ئوق چىقىرىپ ھەر بىر پاي ئوقنى دەل جايىغا تەگكۈزۈپ مەرگەنلىكتە داڭقى چىققان ئوبۇل تېرىم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى قورقماس شىركەبى باتۇر، دەپ نام قازانغان ئابدۇسەمەت ئوبۇل، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جەسۇر جەڭچى ئىككى قولىدا ئىككى تاپانچىنى تۇتۇپ دۈشمەننى بىر - بىرلەپ يەر چىشلەتكەن يۈسۈپ قادىر داۋۇتقا ئوخشاش باتۇر ئەزىمەتلەرنى يېتىشتۈرگەن ئەزىز ۋەتىنىمىزدە يەنە مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان باتۇر ئەزىمەتلىرىمىز تاكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆز باتۇرلۇقىنى نامايەندە قىلماقتا!

1969 - يىلى23- ئاۋغۇست قارا جۇلدە جەڭ بولدى.......

1969-يىلى 8- ئاينىڭ 23- كۈنى ئاخۇنوپ باشچىلىقىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئەتىگەن سائەت بەشلەردە ئاتۇشنىڭ قاراجۇل دېگەن يېزىسىدىكى كەڭرال دەپ ئاتالغان يۇلغۇنزارلىققا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، سىرتتىن كېلىۋاتقان قوراللىق قوشۇننى كۈتسە يەنە بىرتەرەپتىن قاراجۇلنى ھەربىي بازا قىلىپ، چەتئەل قوشۇنلىرىنىڭ كېلىشىگە چېگرادىن ئېچىق ئېچىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 2:00 لەر ئۆپچۆرىسىدە دۈشمەننىڭ تولۇق قوراللانغان بىر توپ ئەسكەرلىرى ئىز قوغلاپ بىز بار يەرگە يېتىپ كەلگەنىدى. قاراۋۇللۇقتا تۇرۇۋاتقان ياش جەڭچىمىز مەريەم دۈشمەننىڭ كەلگەنلىكىنى سېزىپ دەرھال تاپانچىسىدىن ئوق چىقىرىپ، دۈشمەننىڭ ئىككى ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ يەنە بىر ياڭ فامىلىلىك باشلىقنى ياردار قىلىپ كەينىدىن كەلگەن دۈشمەن ئوقىدا شېھىت بولغانىدى.

دۈشمەن بىلەن شۇ كۈندىكى جەڭ 6 سائەتتەك داۋام قىلىپ، دۈشمەننىڭ 3 قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ قوماندان ئاخۇنوپنىڭ شېھىت بۆلىشى ۋە ئوسمانجان، خەيرۇللا، نىزامىدىن قاتارلىق 5 نەپەر سەپدىشىمىزنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىشى، قورال -ياراقلىرىمىزنىڭ تۈگەپ كېتىشى بىلەن بۇ ئۇرۇش ئاخىرلاشقانىدى.

ئوسمانجان بىلەن خەيرۇللا ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ دۈشمەن تازىلاش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، دۈشمەنگە يالغاندىن تەسلىم بولغاندەك قىلىپ، يوشۇرۇپ قويغان ئەڭ ئاخىرقى بىر تال گىراناتنى مەخپىي تۇتۇپ، بىر بىرلەپ دۈشمەن ئالدىغا كېلىپ گىراناتنىڭ يىپىنى تارتىپ

www.uyghurkitap.com

دۈشمەن ئالدىغا تاشلاپ، دۈشمەننىڭ 6 ئەسكىرى بىلەن ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىپ قەھرىمانلىق تارىخىغا يېڭى سەھىپە ئاچقان ئىدى.

كۆپ قىسىم ئەزىمەتلىرىمىز ئوق دورىلارنىڭ تۈگىشى بىلەن ئوخشىمىغان دەرىجىدە يارىدارلىنىپ يېرىم ئۆلۈك ھالەتتە ئەسىرگە چۈشكەن ئىدۇق.(تەپسىلاتىنى قاراجۇلدىكى جەڭ دېگەن بابتىن كۆرۈڭ).

قەشقەر ھۆكۈمەت ئۇچۇر تورىبېتىنىڭ «قەشقەر تارىخىدىكى مۇھىم چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» سەھىپىسىدە ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى تەتقىقاتى ئىشخانىسى» نىڭ ئەينى يىللىرى يېزىپ قالدۇرغان ھەق-ناھەق ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن ئاتالمىش ئىچكى مەخپىي ھۆججىتىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى، كىتابنىڭ بۇ قېتىمقى نەشرىگە قوشۇپ كىرگۈزدۇم.

قەشقەر ھۆكۈمەت ئۇچۇر تورىدا مۇنداق يېزىلغان: (تور بېتى خىتايچە بولۇپ، ئۇيغۇرچىسى يوق)

تەرجىمىسى:

«1969 - يىل 8- ئاينىڭ 20- كۈنى «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» نىڭ قەشقەر شۆبىسى ئاتالمىش مەركىزى بيۇروسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئۇزۇن مۇددەت ئىنچىكە پىلانلاش ئارقىلىق ئاخۇنوپىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شۇ كېچىسى بىر تۈركۈم ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئاممىنى ئەتراپىغا توپلاپ، زور مىقداردىكى قورال - ياراق، ئوق - دورىلارنى ئېلىپ، ئىككى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەكىت ۋە قەشقەردىن يولغا چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسىغا يېقىنلىشىپ، سوۋېتلار ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي تايانچى پونكىت قۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلماقچى بولغان. 2- كۈنى ئاتۇشنىڭ سۇغۇنچازا دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلگەندە ئارمىيىمىز خەۋەر تېپىپ، قورallıق قورشاپ يوقىتىش جېڭىنى ئېلىپ بېرىپ، كۆپ بەدەل تۆلەپ، ئۇلارنىڭ ئۇزۇندىن بېرى سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن پۇختا پىلانلىغان ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلىڭىنى تارمار قىلىپ جاھاننى تىنچلاندۇرىۋالغان ئىدى».

ئەسلىسى:

8月20日"东突厥斯坦人民革命党"(简称"东突党")南疆分局接受 "东突党"所谓"中央 "的指示，经过精心策划，在阿洪诺

夫的带领下，当天晚上，裹胁了一部分不明真相的众，携带大批武器、弹药乘两辆汽车，分别从喀什市和麦盖提县城出发，企图向苏联靠近，求得 苏联支持，建立反革命根据地，宣布独立。第二天行至阿图什苏洪卡附近，被我闻讯赶来的人民武装围歼平息，付出了代价，粉碎了这起预谋已久、精心策划的反革命武装暴乱。

ئەمما، بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابى ھەرىكەت توختاپ قالمىدى. ھەرقايسى رايونلاردىكى تەشكىلات ئەزالىرى ئاۋۋالقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، ختاي تاجاۋۇزچىلار گۇرۇھىغا قارشى كۆرەشنى داۋاملاشتۇردى.

1969-يىلى 9-ئاينىڭ 2-كۈنى يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭچىلىرىمىزدىن مەخمۇت قۇربان باشچىلىقىدىكى قوشۇن يوپۇرغا ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، ناھىيىنى ئىشغال قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تېرىم يېزىسى، ئاقچى يېزىسى، ئەشمە يېزىسى قاتارلىق رايونلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قوزغاپ ئارقا - ئارقىدىن غەلىبىگە ئېرىشىپ يوپۇرغا ناھىيىسىدە بىر مەزگىل مۇستەقىللىق كەيپىيات بەرپا قىلىنغانىدى.

شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەر گېزىتىدە مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

«1969-يىلى 9-ئاينىڭ 2-كۈنى يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى مەخمۇت قۇربان باشچىلىقىدىكى بىر توپ بۇزغۇنچىلار، 500 دىن ئارتۇق ئادەمنى قۇترىتىپ، ئات ھارۋىلارغا ئولتۇرۇپ، يوپۇرغا ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ناھىيىمىزنىڭ تېرىم يېزىسى، ئاقچى يېزىسى، ئەشمە يېزىسى قاتارلىق جايلارغا غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ئۇرۇش-چېقىش، بۇلاش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ ئىش ئىككى ئايدىن ئۇزاق داۋاملىشىپ 76 ئادەم ئۇرۇپ يارىدار قىلىندى ۋە 5 ئادەم ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي ۋەتەن پارچىلاش جىنايى ئىشلىرىغا دەرھال زەربە بېرىش ئېھتىياجى تۈپەيلى، مەركىزى پارتىيە ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىپ، تولۇق قوراللانغان مۇنتىزىم ئارمىيە يۆتكەپ كېلىپ، 9-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 18-كۈنىگىچە جىددىي تۇتۇش قىلىپ قوراللىق قوزغىلاڭ بېسىقتۇرۇلدى.»

1970-يىلىغا كەلگەندە «بىرگە زەربە، ئۈچگە قارشى» تۇرۇش نىقابى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىنى تۇتۇش، تۈرمىلەرگە تاشلاشتىن ئىبارەت

www.uyghurkitap.com

باستۇرۇش باشلاندى.

1970 - يىلدىن باشلاپ «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» شوئارى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىغا «مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇر»، «ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر»، «شىۋجىيىچجۇيىچى ئۇنسۇر»، «پانتۈركىست»... دېگەندەك قالپاقلارنى كىيدۈرۈپ كوللېكتىپ تۇتۇپ، تۈركۈملەپ جازالاشقا باشلىدى.

ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيانە قىيىن - قىستاق بىلەن سوراق قىلىپ، مەجبۇرى ئىقرار قىلدۇرۇپ، مەخپىي سوتلاپ، ئاشكارا ھۆكۈم چىقىرىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ھەيۋە كۆرسىتىپ قورقۇتۇش، شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇش مەقسىتىدە، قولغا ئېلىنغان ئەركىنلىك جەڭچىلىرىگە تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئۆلۈم جازاسى بەردى، ئاز بولمىغان ئەزىمەتلىرىمىزگە مۇددەتلىك ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بەردى.

ۋەتەن ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىدى. ھەممە يەردە تۇت - تۇت، ۋەھىمە، سۈرلۈك بىر ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

خىتاي ھاكىمىيىتى بۇ قېتىمقى باستۇرۇشتا يەرلىك ھەربىي رايونلىرىغا ئىشەنمىدىمۇ قانداق، ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىكى لەنجۇ، سىچۈەن ھەربىي رايونلىرىدىن ئۇنمىڭلاپ ئەسكىرى كۆچنى يۆتكەپ كېلىپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى رەھىمسىزلەرچە باستۇردى.

ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھوقۇقى ئەزەلدىن «ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى» تەرىپىدىن بېرىلىپ ئىجرا قىلىناتتى. نېمە ئۈچۈندۇر بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە يەرلىك سوت مەھكىمىلىرى ئۆز ئالدىغا سوت ئېچىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغان ۋە دەرھال ئىجرا قىلىدىغان ئالاھىدە ھوقۇققا ئېرىشكەن ئىدى.

مانا مۇشۇنداق قارا زۇلمەتلىك كۈنلەردە ھەركۈنى دېگۈدەك ئۆلۈم جازالىرى بېرىلىپ ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنلىرىنى ئېچىپ خەلقنى مەجبۇرى يىغىنغا قاتناشتۇرۇپ قىرغىنچىلىقنى باشلىدى.

1970 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدە ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ مىجىت سىلىك(مىجىت ساقى)، روزى ھېكىم، مۇھەممەد ئىمىن قادىر، يۈسۈپ قادىر داۋۇت قاتارلىق نامى تىللاردا داستان بولغان ئىنقىلاب يېتەكچىلىرىگە ئاشكارا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، قەشقەر، مەكىت ناھىيىلىرىدە ئىجرا قىلدى.

1970- يىلى 3- ئاينىڭ 21- كۈنى بۆرتالادا شەيخھاجى، ئابدۇكېرىم خۇدابەردى، مەمەت ئىمىن ئىيسابايوپلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ نەق مەيداندا ئىجرا قىلدى.

1970- يىلى 5- ئاينىڭ 29- كۈنى شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ چۆچەك - تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى يېتەكچىلىرىدىن توختى قۇربان، نىياز ئۆمەر، ئابدۇرېھىم باقى، ئەمەت ئاخۇن، ئىمىنجان ئىكرام، ھوشۇر قارى، ئىمىن ئىيسا، مەمتىمىن باي، دولقۇن ئىبراھىم قاتارلىق خەلق قەھرىمانلىرىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ شېھىت قىلىندى. مەرھۇملارنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن. ئامىن!

ئىنقىلابى رەھبىرىمىز، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىرىدىن بولغان، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن ئىمىنوپ، دوختۇرخانىدا سۈيىقەست بىلەن زەھەرلىك ئوكۇل بېرىپ ئۆلتۈرۈلدى.

1970- يىلى 7- ئاينىڭ 18- كۈنى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ پۈتۈن ۋىلايەت، شەھەرلىرىدە بىرلا ۋاقىتتا ھۆكۈم ئېلان قىلىش چوڭ يىغىنى ئېچىپ، 78 نەپەر ئىنسانغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، نەق مەيداندا خەلقى ئالەم ئالدىدا ئىجرا قىلدى. پەقەت ئالتاي ۋىلايىتىدىلا 23 كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بەرگەندى.

غۇلجىدا - شۇ كۈنى، ئابابەكرى زاھىر، مۆمىن قارى، ئابدۇجاپپار، سابىر، ئىسمائىل ئابدۇغېنى، خوجا ئەخمەت، دوغمەت قادىر، ئاسلخان، مۇقان، ھەنىپە، يۈسۈپ مۇسا قاتارلىق ئىنقىلابچىلىرىمىزنى سوت قىلمايلا ئوچۇق ئاشكارا ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنىغا سۆرەپ ئاچىقىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىپ قەتلە قىلدى.

توققۇز تارادا رەجەپ، ئابدۇكېرىم، نىلقادا ئەخمەتجان، موڭغۇلكۈرەدە قايدار، تېكەستە ھاكى مەمەت قاتارلىقلار شۇ كۈنى خىتاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىپ قەتلە قىلىندى.

مەرھۇملارنىڭ ياتقان جايلىرى جەننەتتە بولسۇن. ئامىن!

ئۆلۈم جازاسى بېرىشتىن باشقا مىليونلىغان كىشى خىتاي تېررورىست ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن«ئۆگىنىش كۇرس» لىرىغا سولاپ مەسىلە تاپشۇرۇش، باشقىلارنى پاش قىلىش، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش، مەجبۇرى ئىقرار قىلدۇرۇشتەك قەبىھ ۋاستىلەرنى

قوللىنىپ، نەچچە ئونمىڭلىغان بىگۇناھ كىشلەر تۈرمىلەرگە تاشلانغانىدى، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تۈرما ئازابىدا ئۆلدى ۋە بىر قىسمى تۈرمىلەرگە تاشلىنىپ جىسمانىي

جازاغا مۇپتىلا بولدى.

بۇ ئىنسانلار مەيلى «ئۆگىنىش كۇرسى» دا بولسۇن، ياكى «ئىجرائىيە كۇرسى» دا بولسۇن ھەممىسى دېگۈدەك تىرىك تۇرغۇزۇلۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلەر بولۇپ بۇيەرگە كىرگەنلەرنىڭ ھېچقانداق چىقىش يولى بولمىغانتى، ئۇلارنى ئائىلىسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈش، كېسەل بولۇپ قالسا دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىپ داۋالىتىش ئىشلىرى بولمايتتى. ئېغىر ئەمگەك ۋە ئۇرۇشقا مۇداپىئە كۆرىدىغان «يەرئاستى يوللىرى» نى قېزىشتىن ئىبارەت جاپالىق ئىشلارغا سالاتتى.

1970 - يىلدىكى قانلىق باستۇرۇش، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قەلبىدە ساقايماس يارا قالدۇردى. دەھشەتلىك زۇلۇم، قىيىن - قىستاق، دوزاختىن بەتتەر تۈرمە ھاياتى، ئۆلۈم جازالىرى باغرى قان ئانىلارنىڭ، كۆزى ياش تۇل خوتۇنلارنىڭ، يېتىم - يېسىر نارەسىدە بالىلارنىڭ ئاھۇ- زارى، چارىسىزلىقتىن ھايات يولىنى تاپالمايۋاتقان مىڭلارچە مەھسۇمەنىڭ ئىگراشلىرى، غەم - تەشۋىشلىرى، ئۈمىدسىز كېچىلەر، ئەنسىزلىكلەر... ئۇ قارا كۈنلەرنىڭ رېئال كارتىنىسىدى.

تاجاۋۇزچى تەبىئەتلىك، زورلۇق- زومبۇلۇق، زۇلۇم ستەملەر، ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان، ئىنقىلاب، غالىبىيەت - مەغلۇبىيەت، ئاسارەت...

قىسقىسى، تارىخنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى بىزگە شۇنى كۆرسەتتىكى: تەشكىلسىزلىك، ئاڭسىزلىق، نادانلىق، ئىتتىپاقسىزلىق، چۇۋالچاقلىق ھۆكۈم سۈرگەن شارائىتتا كۈرەش قىلىپ غەلىبىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس!

غەلىبىنىڭ كاپالىتى ـ ئاڭلىق ھالدا ئويۇشقان، ئورتاق غايە ئۈچۈن ئىرادە باغلىغان ۋە بۇ يولدا بارلىقنى پىدا قىلغان ئىنسانلارنىڭ تەشكىللىنىشى، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى توغرا ئانالىز قىلىپ توغرا يولغا يېتەكلىيەلەيدىغان قابىلىيەتلىك، يېتىشكەن بىر رەھبەر، ئىقتىدارلىق ياردەمچى، ئىز باسارلار قوشۇنى، ئىچكى - تاشقى شارائىتنىڭ ياراتقان پۇرسەت ئىمكانىدۇر.

غەلىبىنىڭ كاپالىتى ـ مىللىي ئاڭ سەۋىيىنى ئۆستۈرۈش، مىللىي ئىرادە تىكلەش ئەڭ مۇھىم ئامىل، مىللىتى، ئەجدادى، تارىخى بىلەن ئىپتىخارلىنىدىغان نەسىللەرگە ئېھتىياجىمىز بار. مىللەت، ۋەتەننى سۆيۈشنىڭ ئەمەلىيىتى- ئوقۇش، بىلىم ئىگىلەش، ۋەتەن ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئۇنىڭ سۆيگۈسىنى قەلبىدە ياشىتىش ھەتتا، ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشتۇر.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تىلىمىزنى، دىنىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى يوق قىلىش، ئېرىتىش، ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇرلارنى تارىخ ۋە دۇنيا سەھنىسىدىن تامامەن

سوپۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان پۈتۈن جىنايى شۇملۇق ۋاستىلەرنى قوللانماقتا.

«پىلانلىق تۇغۇت»، «قوش تىللىق مائارىپ»، دېگەنلەر بۇنىڭ بىر قىسمى..

گارسىيا ماركوز، نوبېل مۇكاپاتىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش مۇراسىمىدىكى نۇتقىدا شۇنداق دېگەنىدى:

«ھەرخىل بېسىم، ئېزىلىش، تالان- تاراج ۋە كەمستىشلەرگە دۇچ كەلگەندە، بىزنىڭ بېرىدىغان جاۋابىمىز، داۋاملىق ياشاش! ھەرقانداق قىيىنچىلىق، يىرتقۇچ ھايۋان، ۋابا، قەھەتچىلىك ھەتتا، نەچچە يىلغا سوزۇلغان ئۇرۇشمۇ ھاياتلىقنىڭ، ماماتلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىدەك قۇدرىتىنى ئاجىزلىتالمايدۇ...»

بىز بۇ ھايات ماماتلىق كۈرەشتە ھەرقانچە قىرغىنچىلىققا ئۇچرىساقمۇ، زۇلۇم كۆرسەكمۇ، تىركىشىپ تاقابىل تۇرۇپ، مەۋجۇدىيىتىمىزنى ساقلاپ، بۇ مۇجادىلىنى تاكى غەلىبە قازانغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك!

تارىخ ئىسپاتلىدىكى: ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن مىللىي مۇستەقىللىقىدىن ۋاز كەچكەن مىللەت ئەمەس. بىرى شېھىت بولسا بىر نەچچىسى ئۇنىڭ ئىزىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى، ئۆلۈمدىن قورقمىدى، ئىرادىسى زور بولدى. مىللىي مۇستەقىللىقنى پەقەت بەدەل تۆلىگەندىلا قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ تۇرغۇزدى.

شۇ سەۋەبتىن يېقىنقى 62 يىلدىن بېرى ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئۇزۇلدۇرمەي پىداكارلىقلارنى كۆرسەتتى.

گەرچە، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى تەشكىللىگەن شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا بۈگۈن 43 يىل بولغان بولسىمۇ سەپداشلىرىمنىڭ سىماسى ھېلىھەم كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمەيدۇ. ئۇلارنى ھەر بىر ئويلىغىنىمدا ئۇلارنىڭ قىلغان باتۇرلۇق ئىش ئىزلىرى كىنو لېنتىسىدەك ئايان بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار قورال تۇتالايتتى! ئۇيغۇرلار قورال تۇتالىغان ئىدى! ئۇيغۇرلار قورالنى ئىشلىتەلەيتتى! ئۇيغۇرلار قورالنى نەدىن ئېلىشنى بىلەتتى! ئۇيغۇرلار - ئۇيغۇردەك ياشاشنى بىلەتتى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەپسۇس!

بىز ئاخۇنوپتەك بىر قوماندانىنىڭ يەنە بىر قېتىم دۇنياغا كېلىشىنى بىر جانابىي ئاللاھدىن ھەر زامان تىلەيمىز!

ئىھا ئاللاھ، بىزگە ئۆز پاناھىڭدىن بىر مەدەتكار ئەۋەتكىن!

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قېرىنداشلىرىم!

كىتابدا بايان قىلىنغان ۋەقەلىكنىڭ سادىر بولغىنىغا مانا ھەش - پەش دېگۈچە 43 يىل بولۇپتۇ.

مەن بۇ كىتابىمدا، شۇ چاغدىكى ۋەقەلىكنى ئىمكان قەدەر ئوچۇق يورۇتۇپ بېرىشكە ۋەقەلىكنى كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە ئەينەن ئەكىس قىلىشقا، ۋەتەنداشلىرىمنىڭ ئوڭاي چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن ئاممىباب سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەشكە تىرىشتىم. بەلكىم ئۇنداق ياكى مۇنداق خاتالىقلاردىن ساقلىنالمىغانلىقىم تەبىئىي.

ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ تەنقىدى پىكىرلىرىنى بەرسە، رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

شۇنىمۇ ئېيتماي تۇرالمايمەنكى: بۇ كىتابنىڭ نەشىردىن چىقىشىغا ماڭا باشتىن ئاياغ ئىجابىي پىكىر، ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن ھەسسە قوشقان ۋە تولۇقلىما ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن سەپداشلىرىم، دوستلىرىم، ئىخلاسمەن قېرىنداشلىرىمغا چەكسىز مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن!

دېمەكچى بولغانلىرىمنى شائىر ئۈمىد يىلتىزىنىڭ «ئەرزىھال» ناملىق شېئىرىنىڭ ئاخىرقى ئىككى كۇپلېتى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن.

بۇ ئەمەس تەقدىرىمىز، بولغاي نىجاتلىق بىر كۈنى،
ئۈزمىسەك پارلاق كېلەچەكتىن ئۈمىدنى ھەر كۈنى.
بىزگىمۇ يار بولغۇسى نۇسرەت، سائادەت، شان-زەپەر،
يورۇغاي كۆرەش بىلەن بۇ قاپقارا زۇلمەت تۈنى.

شائىرىم، بەلكى كۆرەلمەسسەن ئۇ تاڭنى تەلمۈرۈپ،
ئەمما، كەلگەي ئۇ گۈزەل كۈن، گۈل-چېچەككە پۈركۈنۈپ.



تاپقۇسى روھۇم تەسەللى «ئىنتىزارلىق پۈتتى» دەپ،
شادلىنار ئەھلى شېھىت جەننەتتە ئۇ كۈن سۆيۈنۈپ.

2012 - يىل ئاۋغۇست.
ستوكھولم – شۋېتسىيە

www.uyghurkitap.com



# ئىككىنچى باب

## ئاتالمىش مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستاندا

1965 - يىلى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى باشلانغان، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئاتالمىش «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋەتىنىمىز خەلقىگە تۈگىمەس بالايىئاپەت ۋە ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان زور زىيانلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. خەلق تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئەمەس، بەتنىيەت زور ئىنقىلابى ئىكەنلىكى ئەمەلىي ھەرىكەتلەردە ئىسپاتلاندى.

1965 - يىلى بەزى گېزىت ژۇرناللاردا، ئەدەبىيات، سەنئەت، پەلسەپە، تارىخ ساھەلەر بويىچە ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەر ۋە بۇ ھەقتىكى بەزى بەس مۇنازىرىلەر ئارقىلىق ماۋزېدۇڭنىڭ مۇستەبىت، يېگانە دىكتاتورلىق قارا نىيىتى ۋە رەزىل ئەپتى بەشىرىسى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابتىن كېيىنكى ئۆتكۈنچى دەۋردىكى ئۆتكۈزگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى خاتالىقلىرى، ئىمتىيازلىرى، دارىتمىلاش، كىنايە - مەسخىرە، يۇمۇرلار شەكلىدە تەنقىد قىلىنىشقا، پاش قىلىنىشقا مەلۇم جامائەت پىكرى توپلىنىشقا باشلانغان ئىدى. يەنى گوڭچەنداڭنىڭ ۋەزىپىسى تۈگىدى. ئۇلار سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلالمايدۇ، ماۋزېدۇڭنىڭ ئوبرازىغا قارىتا«قۇياشنىڭمۇ يۈزىدە داغ بار»، دېگەندەك مەنالەردىكى ئەسەرلەر كۆپلەپ يېزىلىشقا باشلانغانىدى.

دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسىي ھوقۇق - دېموكراتىيە، ئىسلاھات، تەرەققىيات تەرەپدارى بولغان لىيۇشاۋچى، دېڭشاۋپىڭ، تاۋجۇلارنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن ئىدى. بۇنىڭدىن قاتتىق چۈچۈگەن ماۋزېدۇڭ قولىدىن كېتىش ئېھتىمالى بولغان دۆلەت ھوقۇقىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن، يۇقىرىقىدەك ئىلمىي مۇنازىرە تۈسىنى ئالغان ماقالىلەرنى سىياسىي مەيدانغا ئايلاندۇرۇپ، قانداقتۇر بۇ ئاتالمىش مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى رەسمىي باشلىۋەتتى.

بېيجىڭدا باشلانغان بۇ بالايىئاپەت ئىنقىلاب، دىڭتو، ۋۇخەن، لياۋمۇشا دېگەنلەرنى پىپەن قىلىشتىن باشلانغان بولۇپ، ئۇلار ماۋزېدۇڭ مۇستەبىت زوراۋانلىق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، قەلەم بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ماۋزېدۇڭنىڭ رەزىل ئەپت-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىيالىغان ئىدى. گېزىت، ژۇرناللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەدەبىي تىل بىلەن ھەدەپ ماۋزېدۇڭنى مەسخىرە قىلىپ ماقالىلەر ئېلان قىلىشقا باشلىغان ئىدى.

دىڭتو - خىتاينىڭ شۇ ۋاقىتتىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت نەشر ئەپكارى بولغان «خەلق گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرى ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ھەددىدىن ئاشقان بېسىم، خورلاشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆزىنى-ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغانىدى.

ۋۇخەن - پروفېسسور، تارىخ پەنلەر ئالىمىدى.

لياۋمۇشا - خىتايدىكى ساناقلىق ئىلىم - پەن خادىملىرىدىن بىرى ئىدى، ئۇ خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى.

ليۇ شاۋچى، دىڭ شياۋ پىڭ، تاۋجۇلار بولسا، ھاكىمىيەتنى ئىچكى جەھەتتە ئاساسى جەھەتتىن قولغا كىرگۈزۈپ بولغان ئىدى، لىڭشىپ قالغان ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنغان ماۋزېدۇڭ، دىڭ تو، ۋۇخەن، لياۋمۇشالارنى پىپەن قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىنى تازىلاش نامى بىلەن، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى باشلاپ، ليۇ شاۋچى، دىڭ شاۋپىڭ، تاۋجۇلارنى يوقىتىشنى ئاساسى مەقسەت قىلغان ئىدى.

بېيجىڭدا ئەۋج ئالغان بۇ «ئۈچ قارا يىپ» نى ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىنى تازىلاش شامىلى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەندىن كېيىن، ئاتاقلىق يازغۇچى، شائىر، ئەدىبلەر، دراما تورگلەر، كومپوزىتور، سازەندىلەر ھەمدە شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسىدە ئىشلىگەن پېشقەدەم ئۇستاز ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلىرىمىز ھەدەپ بىر - بىرلەپ تارتىپ چىقىرىلىپ، ئالدى - كەينىگە تۆھمەت قىلىنغان قانداقتۇر، بۇزۇق ئۇنسۇر، يەرلىك مىللەتچى، گومىنداڭنىڭ ئەشەددىي ئۆزگەرمەس قالدۇقى، پومېشچىك ئۇنسۇر، چەت ـ ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر، سىنىپى يات ئۇنسۇر، سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچى ئۇنسۇر... دېگەندەك بەتناملار يېزىلغان شالدۇرۇقنى كىيدۈرۈپ، كوچا ئايلاندۇرۇپ، ھەر دوقمۇشتا سۆرەپ سازايى قىلىنىپ پىپەن قىلىنىشقا باشلانغان ئىدى....... بۇ ھەرىكەتلەرنى ئەقلى ھوشى جايىدا بولمىغان، ھەر قايسى ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ «قىزىل قوغدىغۇچى» دەپ ئاتالغان بىر توپ شۇمتەكلىرى باشلامچى بولۇپ ئېلىپ باراتتى.

www.uyghurkitap.com

ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى يەنىلا ماۋزېدۇڭ ئۆزى باشلاپ بەرگەن ئىدى. دەسلەپكى قەدەمدە 1966 - يىلى ماۋزېدۇڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن نىيۈيەنزى باشلىق يەتتە ئوقۇغۇچىنى «قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ ۋەكىلى» قىلىپ قوبۇل قىلىپ ئۇلارنى پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا قاراپ ماڭغان ھوقۇقدارلارغا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىشقا كۈشكۈرتتى. ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە جەمئىيەتنىڭ قوللىشىغا تازا ئېرىشەلمىگىنىنى سەزگەن قاقۋاش ماۋزېدۇڭ «ئەزرائىللارنى يوقىتىپ شاھ كىچىكلەرنى قۇتقۇزايلى» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئارقىدىن ئۇلاپلا ئۆز قولى بىلەن 1966 - يىلى 5 - ئاينىڭ 19 – كۈنى«سىلىڭبۇنى توپقا تۇتايلى» دېگەن چوڭ خەتلىك گېزىتنى كوچىلارغا چاپلاپ مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى ئوقۇغۇچىلاردىن باشلىۋەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەس ھوشنى بىلمىگەن بۇ نادان ئوقۇغۇچىلار ئارقا - ئارقىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ ئالەمنى مالەم قىلىشقا باشلىدى ھەمدە ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشى ئاپئاشكارا لىيۇ شاۋچى، دىڭ شياۋپىڭ ۋە تاۋجۇلارغا قاراتتى.

## 1- كىتاب كۆيدۈرۈش

مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ھەرىكەت مىزانى بولغان«16 ماددا» ماۋزېدۇڭ تەرىپىدىن، 1966 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ھەرىكەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: «پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش، تۆت كونىنى بۇزۇپ، تۆت يېڭىنى تىكلەش....» دەپ بېكىتىلگەن ئىدى. ماۋزېدۇڭ ئېلان قىلغان 16 ماددىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش مەقسىتىدە، بۇ شۇمتەكلەر يەنىلا ئەسەبىيلىك بىلەن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۆيمۇ- ئۆي، مەھەللىمۇ- مەھەللە، يېزىمۇ- يېزا چېپىپ يۈرۈپ، قۇرئان كەرىم، ھەدىس كىتابلار، كونا قول يازمىلار، ئاسارە ـ ئەتىقە تۇسىنى ئالغان قىممەت باھالىق مىراس كىتابلارنى قارا-قويۇق يىغىپ كۆيدۈرۈشكە باشلىدى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ مەھەللە - مەھەللە، كوچىمۇ كوچا، ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدىكى ۋە كېلىش - بېرىش قىلىدىغان تونۇشلىرىنىڭ ئۆيىدىكى كىتابلارنى قويماي يىغىپ كۆيدۈرۈشكە باشلىدى، ئۆزلىرىنىڭ ماۋزېدوڭغا ۋە مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا بولغان «ساداقەتمەنلىكى» نى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، يىراق يېزىلاردىن ئېلىپ كەلگەن كىتابلارنى قەشقەر ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ خەلقى- ئالەم ئالدىدا ئاشكارا كۆيدۈرۈشكەنىدى. كۆيۈۋاتقان كىتابلارنىڭ ئوت يالقۇنى ئاسمان پەلەك كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ئىستا!!! ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئان

كىرىم، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىس كىتابلىرى!!! نى ـ نى ئېسىل كىتابلار، قول يازمىلار ئوت ـ يالقۇنى ئىچىدە كۇلگە ئايلىنىپ سورۇلماقتا ئىدى.....

بىزنىڭ شۇ زامانلاردا بىلىشىمىزچە، دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك بولغان تەقۋادار مۇسۇلمانلار بىلەن يىراقنى كۆرەلەيدىغان سەزگۈر بىلىم ئىگىلىرىدىن باشقا كىشىلەر بۇ ھەرىكەتكە قاتنىشىپ، ئۆز ئۆيىدىكى كىتابلارنى قورقۇپ تاپشۇرۇشقان ئىكەن، ھەتتا بەزى ئائىلىلەردە، ئېرى خوتۇنىغا، خوتۇنى ئېرىغا، بالىلىرى ئاتا ـ ئانىسىغا بىلدۈرمەي كىتابلىرىنى تاپشۇرۇشقان ئىكەن. بولۇپمۇ مەكتەپلەردە بۇ ئىش ناھايىتى ئېغىر ئەۋج ئالغان ئىدى...

كېيىنكى ۋاقىتلاردا، قەشقەردىكى داڭدار كىتابپۇرۇش، دوستۇم ئەسقەرجاننىڭ دادىسى مەرھۇم ئەمەتخان ئاكىمىزنىڭ دېيىشىچە، ئۇ كىشى ئۆز ئۆيىدىكى كىتابلارنىڭ يوقىلىشىدىن قورقۇپ يېزىدىكى بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە بىر قانچە كىتابنى يوشۇرۇپ ساقلىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. يەنە شۇنداق كىشىلەردىن بىر قانچىسى بىلەن كېيىن ھەمسۆھبەتتە بولغان ئىدىم.

## 2ـ مەسچىت چېقىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش

«تۆت كونىنى بۇزۇش» نىقابى بىلەن، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى شەھەر ۋە ناھىيىلىرىدىكى مەسچىتلەر قارا ـ قويۇق ئۇرۇپ چېقىلىشقا باشلانغان ئىدى، مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە، 1966 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قەشقەرسەفەر مەكتىپىنىڭ ھەسەن ئەمەت باشچىلىقىدىكى بىر توپ قىزىل قوغدىغۇچىلىرى بىلەن يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، گۈمبەزنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى قۇببىنى ئاي يۇلتۇزىنى قوشۇپ ئۇرۇپ چېقىپ چۈشۈرۈۋەتتى، (ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچرىغان ھەسەن ئەمەت بىر قانچە كۈندىن كېيىن قىزىل كۆۋرۈكنى ساقلاۋاتقاندا نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى،) ئۇنىڭدىن كېيىن مەسچىتنىڭ سول تەرىپىدىكى مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئارغامچا بىلەن سالغا قىلىپ، قۇببىنى تارتىپ چاقماقچى بولدى، بىر بۆلىكى مەسچىتنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى مۇنارغا سالغا تاشلاپ تارتىپ يىقىتىپ چاقماقچى بولدى، ھېيتگاھ مەيدانىدا قاراپ تۇرغان مىڭلارچە كۆز، قىيا ـ چىيا بىلەن يىغلاپ، كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپ، ئاللاھقا نالە قىلىپ، دۇرۇت ئوقۇپ..... تەۋبە قىلىپ بۇ نېمە ئىش! دەپ ھەيرانلىق ئىلكىدە، ئۇ شۇمتەكلەرگە نەپرەت كۆزى بىلەن قاراشماقتا ئىدى، ئەپسۇس ھېچكىم بۇ ئىشقا بىر نېمە دېيەلمەيتتى.

ھەقسىزلىقلار ئۇچۇن كىم بىر نېمە دېسە، ماۋ ۋە مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا قارشى چىققانلار قاتارىدا ئېغىر جازالىناتتى. ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە قارشى تۇرغۇچى دەپ باستۇرۇلاتتى.

چۈنكى «قىزىل قوغدىغۇچى» ئوقۇغۇچىلار، ماۋزېدۇڭ ھاكىمىيىتىنى ساقلاۋاتقان بىرىنچى كۈچ ئىدى. ماۋزېدۇڭ ئۇلارنى تىيەنئەنمىن مەيدانىدا قوبۇل قىلىپ ئۇلارنىڭ نوخلىسىنى بەكمۇ ئۆستۈرۈۋەتكەن ئىدى، شۇ ۋەجدىن ھېچ كىم ئوقۇغۇچىلارغا ئاسانلىقچە بىر نىمە دېيەلمەيتتى.

بىردەمدىن كېيىن مەلۇم ئەقىللىق، سىياسەت بىلىدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن، قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ 2 - شۆجىسى بەييۈەنشىڭ، بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقى جاڭبۇجاڭنى باشلاپ كەلدى. جاڭبۇجاڭ ئىشىنىڭ خىتاي ئۈچۈن يامان ئاقىۋەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى سىزىپ: «ھېيتگاھ مەسچىتى ئاپتونوم رايون بويىچە نوختىلىق قوغدىلىدىغان مەسچىت، ئۇنى چېقىشقا بولمايدۇ، بۇ ھەقتە جوۋئېنلەينىڭ ھۆججىتى بار...» دېگەندەك پەتىۋانى چىقىرىپ مەسچىتنىڭ بۇزۇلۇشىنى ساقلاپ قالغان ئىدى.

نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يىغا زارىغا، دىنىي دۇئا تەلەپلىرى ۋە توسۇشىغا پىسەنت قىلمىغان بۇ شۇمتەكلەر، ئىككى خىتاي باشلىقىنىڭ چىقارغان يولىيورۇقىغا دەرھال كۆنۈپ، ئەزىزانە قەشقەردىكى ئىسلام دۇنياسىغا داڭقى بار مەشھۇر ھېيتگاھ جامەسى چېقىلىشتىن دەرھال توختىتىلغان ئىدى.

ئەمما، مەسچىتنىڭ ئالدى ۋە كەينى ئىشىكگە پېچەت سېلىپ، كىرىپ - چىقىش چەكلەنگەنىدى. شۇمتەكلەرنىڭ سالغان پېچىتى تاكى 1968 - يىلى قۇربان ھېيتتا ھەيت نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن ئېچىلغانغا قەدەر پېچەت ھالىتىدە تاقاقلىق تۇرغان ئىدى، ئەمما، شۇنداق بولسىمۇ يان ئىشىكلىرىدىن جامائەت ئوغرىلىقچە كىرىپ - چىقىپ ناماز ئوقۇپ تۇراتتى.

يالغۇز ھېيتگاھ مەسچىتىلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ قالماستىن، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى شەھەر، ناھىيىلەردىكى مەسچىتلەرمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىدى، يېزىلاردىكى مەسچىتلەر، مال قوتانلىرىغا، ھەتتا توڭگۇز باقىدىغان قوتانلارغا، بەزىلىرى ئامبارغا، بەزىلىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەرگە ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. قەشقەر شەھىرىدىكى داڭدار دۆڭمەسچىتمۇ گىلەمچىلىك كارخانىسىغا ئايلاندۇرۇلغان ئىدى.

ئاتىزىم تەربىيىسى كەڭ ئېلىپ بېرىلىپ، ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن ئىدى. خىتاينىڭ بېسىمى بىلەن دىنىي ئەقىدە، دىيانەت ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان ئىدى. ھەتتا بىرەر كىشى ئۆلۈپ كەتسە، نامىزى چۈشۈرۈلمەستىن، ماۋزېدۇڭ ئۈزۈندىسى ئوقۇلۇپ، ئۇ كىشىنىڭ ماۋزېدوڭغا قانچىلىك سادىقلىقى بىلەن باھا بېرىپ ئاندىن دەپنە قىلىناتتى...

## 3- بۇلاڭ ـ تالاڭ

«تۆت كونىنى بۇزۇش» نىقابى بىلەن، ئۆي - ئۆينى ئاختۇرۇش باشلانغان ئىدى، سەل گۇمانلىق ئائىلە بولسىلا ئۇنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، قولىغا نېمە چىقسا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلاتتى، بۇلانغان نەرسىلەرنى كوچىلاردا سۆرەپ يۈرۈپ، كاپىتالىزم بىلەن شۇغۇللانغان، كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرمەكچى بولغان، زاماننى ئۆزگەرتىشى خىيالىدا بولغان، پالانچىنىڭ ئۆيىدىن ئىككى قاپ شېكەر چىقتى، پالانچىنىڭ ئۆيىدىن بەش كىلو ناۋات چىقتى، پۈستانچىنىڭ ئۆيىدىن ئىككى توپ گەزمال چىقتى، پوكۇنچىنىڭ ئۆيىدىن بەش سەر ئالتۇن چىقتى دەپ، مال ئىگىلىرىنى بىر توپ «ئىنقىلابچىلار» ئالدىغا سېلىپ سازايى قىلىپ، ماللىرىنى كۆرگەزمە قىلىشاتتى. ئۇ مەھەللىدىن توپلىنىپ بۇ مەھەللىدىن، بەس - بەس بىلەن ماۋزېدوڭغا «سادىقلىقىنى» بىلدۈرۈۋاتقان بۇ «ئىنقىلابچىلار» كۆرەڭلەپ، كەلگۈسىدە مەدەنىيەت ئىنقىلابى تاماملانغاندا چوڭ ئىشلارنى قىلىش تەمەسىدە ئىدى.

مېنىڭ بىلىشىمچە، شۇ كۈنلەردە قاراڭغۇ بازارچى دەپ، ئەيىبلىنىپ قولغا ئېلىنغان، ئىيسا تاشمەت ۋە تۇرسۇن قورچاق بىلەن كېيىنكى ۋاقىتتا پەيلو مەيدانىدا، بىر تۈرمىدە بىللە بولغان ئىدىم. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن ئىككى قاپ شېكەر بىلەن، 150 دانە قوغۇن ـ تاۋۇز چىققانلىقى ئۈچۈن قاراڭغۇ بازارچى ـ، دەپ 5 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەنىدى.

ئىيسا تاشمەت دېگەن كىشى مۇددىتى توشۇپمۇ قويۇپ بېرىلمەي، ئاخىرى پەيلو مەيدان 2 - دادۈينىڭ يېڭى هايات كىچىك ئەترىتىدە خىتايلار تەرىپىدىن ناھەق ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇندىن باشقا يەنە، ئاقسۇنىڭ ئۇچتۇرپان ناهىيىسىدىن تۇرسۇن ئىسىملىك بىر كىشى قاراڭغۇ بازارچى دېگەن قالپاق بىلەن 8 يىللىق كېسىلگەنىدى. كېيىن ئۇمۇ پەيلو مەيدانىدا«جىنايىتىنى تونۇمىدى، ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇردى» دەپ قارىلىنىپ ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىندى. پەيلو مەيدانىدىكى مەھبۇسلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك قاراڭغۇ بازارچى قالپىقى بىلەن جازالانغانلار ئىدى.

قەشقەرلىك كونا تېۋىپ ھەپىزخان مەخسۇم دېگەن كىشىمۇ، قاراڭغۇ بازارچى، ئۆيىدە مەخپىي داۋالاش ئېلىپ بارغان، دەپ مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، تۈرمىگە تاشلانغان ئىدى. كېيىن مەن ئۇ كىشى بىلەن بىر تۈرمىدە تۈرمىداش بولۇپ ياتقان ئىدىم، ئۇ كىشىنىمۇ ھەرخىل قالپاق كىيدۈرۈپ، تۈرمىدە بىھۇدە قىيناپ خىتايلار ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئادەمنى دەسلەپكى كۈنلەردە كوچىلاردا سازايى قىلىپ كۈرەش ـ پىپەن قىلغان ئىكەن. بوينىغا ئېسىلغان قارا تاختايغا قانداقتۇر بىر نېمىلەرنى يېزىپ«سوۋېتلار ئىتتىپاقىغا قاچماقچى





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولغان» بۇ بويىندىكى ئېسىلغان خەرىتە سوۋېتقا قېچىشنىڭ يول خەرىتىسى، دەپ بىلجىرلىغان ئىكەن، يولدىن ئۆتكەن بىر ئادەم ھەيزخان مەخسۇمنىڭ بويىندىكى خەرىتىگە قاراپ:

ۋاي، بۇ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ چېرتيوجى ئىكەنغۇ! قانداقمۇ يول خەرىتىسى بولسۇن، دېگەندە، قىزىل قوغدىغۇچى شۇمتەكلەر: ئۇ ئادەمنىمۇ بىللە قوشۇپ كۈرەشكە تارتقان.

مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، «كاپىتالىزم بىلەن شۇغۇللاندى» دەپ، كىشلەرنىڭ ئۆزى تېرىپ ئۆستۈرگەن كۆكتات، مېۋە - چېۋە، زىرائەتلىرىنىڭمۇ بازاردا سېتىلىشى چەكلەنگەن ئىدى، پۈتۈن ئىلىم - سېتىم، ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلەنگەن ماگىزىنلىرىدا سېتىلىشى كېرەك ئىدى، شەخسى ئىلىم ـ بېرىم، كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرگەنلىك قاتارىدا جازالىناتتى. ھەتتا ئىشسىز قىزلار، ئۆيلىرىدە دوپپا تىكىپ ئۆز ئىختىيارىچە بازاردا ساتسا، بازار باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن تارتىپ ئېلىنىپ، ئۇستىلەپ ئىشتىراپ قويۇلاتتى. تىكىلگەن دوپپىسى چوقۇم قول سانائىتىنىڭ سېتىۋېلىش پونكىتىغا ئەرزان باھادا سېتىپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق شۇ زاماندىكى زوراۋانلارغا قارشى مۇنداق قوشاق توقۇشقان ئىدى.

قېچىڭلار خالايىقلار بىر ماشىنا مۇش كەلدى،
قولىدا قىزىل بەلگە بىزگە سالغان قۇش كەلدى.

بۇ قۇشلار شۇ زاماندىكى بازار باشقۇرۇش خادىملىرى بىلەن، يېڭىگە قىزىل بەلگە تاقىۋالغان«قىزىل قوغدىغۇچىلار» ئىدى.

ھۈنەرۋەن، كاسىپلار، ياغاچچى، موزدۇز، تامچى قاتارلىق كىشىلەر چوقۇم كوچا باشقارمىسى، ئاھالە كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كوللېكتىپ كارخانىدا ئىشلەپ، تاپقان پۇلىنىڭ 35% نى ئايلىق ئىش ھەققى قىلىپ ئالاتتى. شەخسى ئىش قىلىپ، ئۆز ئالدىغا كىرىم قىلغانلار كاپىتالىزم بىلەن شۇغۇللانغانلار قاتارىدا جازالىناتتى.

خەلقنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتى، ھەر خىل كىيىم ـ كېچەك كىيىشىمۇ، «تۆت كونىلىق» دەپ قارىلىپ چەكلەنگەن ئىدى. يول - يولدا پايلاپ تۇرغان «قىزىل قوغدىغۇچى شۇمتەكلەر»، قانداقتۇر ئۇزۇن چاپان كىيگەن كىشىنى كۆرسە، كونىلىقنى تەرغىب قىلدىڭ، يېڭىلىقنى تىكلىمىدىڭ، دەپ چاپىنىنىڭ پېشىنى كېسىپ قىسقارتىۋېتەتتى، ئۇزۇن چاچ قويغان قىزلارنى كۆرسە، كونىلىقنى تەرغىب قىلدىڭ، دەپ چېچىنى مەجبۇرى كېسىۋېتەتتى، ياش يىگىتلەر، كەپكە شەپكە، گەلەيى شىم، پالشوپكا، ياكى ياۋروپا پاسونىدىكى بىرەر كىيىم كىيىپ، كوچىغا

چىققان بولسا، چەتئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر، بۇرژۇئا مەدەنىيىتىنى تەرغىب قىلدىڭ دەپ، سازايى قىلىناتتى، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىناتتى، نەگە بارسىڭىز، قىيا - چىيا، نالە - پەريادنىڭ دەستىدىن ئادەم چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان، ھەتتا قىرى، ياشانغان بوۋاي - مومايلارمۇ بۇ بەتقىلىقلىقنىڭ سىرتىدا قالمىغان ئىدى.

بىر قىرى مومايىنىڭ چىچى شۇمتەكلەر تەرىپىدىن كېسىۋېتىلگەن ئىكەن، كېسىلگەن چاچنى كۆتۈرۈپ، ۋاي جان، دەپ كۆز يېشى قىلىپ، مەن نېمە دەپ ئۆيگە، كېلىن، نەۋرە - چەۋرىلىرىمنىڭ ئالدىغا بارىمەن، ماڭا نى نومۇس! نى ئۆلۈم! دەپ يىغلاپ ئىسەدېگەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم. مۇنداق ئىشلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇراتتى.

ساقىلى چۈشۈرۈۋېتىلگەن بىر بوۋاي: «مەن ماركس، ئېنگلىس، لېنىن، ستالىنلارنىڭمۇ ساقال بۇرۇتىنىڭ بارلىقىنى رەسىمدىن كۆرگەن ئىدىم، مېنىڭ ساقىلىم قانداق قىلىپ سىلەرنىڭ سىياستىڭلارغا پۇتلاشتى!» دېيىشى بىلەن بىر توپ شۇمتەكلەر كېلىپ «سەن ئۇلۇغ ئۇستازلىرىمىزغا تىل تەگكۈزدۈڭ، نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» دەپ تۇرمىگە قامىغان.

كلاسسىك ناخشا، كوچا ناخشىلىرى، مەشرەپ، دولان سەنەملىرى، مۇھەببەت تۈسىنى ئالغان ناخشىلارنى ئېيتىشمۇ «تۆت كونىلىق، سېرىق ناخشا» ئىدى، ھەممىسى چەكلەنگەن ئىدى. پەقەت ماۋزېدۇڭنى كۈيلەيدىغان، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى تەشۋىق قىلىدىغان، كومپارتىيىنى كۆككە كۆتۈرىدىغان، كونا 8 - ئارمىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ئىدى. ئەگەر بىرەرى، «كونا» ناخشىنى، خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتقان بولسا، كونىلىقنى تەرغىب قىلغانلار قاتارىدا جازالىناتتى.

بىز شۇ كۈنلەردە بىر نەچچە دوستلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، دۇتار بىلەن ئولتۇرۇش قىلغان ئىدۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھازىر بېيجىڭدىكى «شەرق قىزاردى ناخشا ئۇسسۇل ئۆمىكى» دىكى ئوبۇلقاسىم قادىر، «شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى» دىكى تۇرسۇنجان زۇنۇن قاتارلىق مەكتەپداشلىرىمىز بىلەن بىللە مىللىي ناخشا مۇزىكا سورۇنى تۈزەپ ئولتۇرۇش قىلغان ئىدۇق، قانداقتۇر بىرى چېقىپ قويغان ئىكەن، خېلى خاپىلىق تارتقان ئىدۇق. ھەتتا ئېتىز ئېرىققا بارسىڭىزمۇ دېھقانلارنىڭ، يەنە شۇ «ئىنقىلابىي ناخشا» ئېيتقانلىقىنى كۆرەتتىڭىز. قىسقىسى خەلق جېنىدىن جاق تويغان ئىدى. كىشىلەردە ھېچقانداق ئەركىنلىك - ئازادلىك يوق ئىدى...

## 4- ماۋنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش

ماۋنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بىر مەجبۇرى قىسمى بولۇپ،

«تۆت كونىنى بۇزۇش، تۆت يېڭىنى تىكلەش» نىڭ تەركىبىي قىسمى ئىدى. ھەممە ئۆيدە، ھەر بىر كىشىدە ماۋنىڭ تۆت ئەسىرى بولۇشى شەرت ئىدى. ماۋ ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدىكى «لاۋسەن پىيەن» نى ھەممە ئادەم مەجبۇرى يادا بىلىشى كېرەك ئىدى. لاۋسەن پىيەن دېگىنى — خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى، يۈگۈڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى، بېيتيۇننى خاتىرىلەيمىز. - دېگەن ئەسەرلىرى بولۇپ، ئىنسانلارنى كوممۇنىستىك پارتىيىگە ھەقسىز ئىشلەشكە، لېيفىڭدەك جاپاغا چىداپ، غەيرەت بىلەن ئىشلەشكە، يۈگۈڭدەك قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئىتىنى ئايىماي باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەشكە، بېيتيۇننى ئۈلگە قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە سادىق قىلىشقا ئۈندەيتتى.

بۇ ئۈچ ئەسەرنى يادا بىلمىگەن كىشى كادىر ياكى ئىشچى بولۇش سالاھىيىتىدىن مەھرۇم بولاتتى.

يول - يولدا، كوچىنىڭ دوقمۇشلىرىدا، ئادەم كۆپ ئۆتىدىغان يول ئېغىزلىرىدا، قىزىل قوغدىغۇچى شۇمتەكلەر، يولۇچىلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ،«ئۈچ ئەسەرنى يادلاپ بەر، بولمىسا سېنى ماڭدۇرمايمىز» دەپ، توسۇۋالاتتى. ھېچ بولمىغاندا ماۋجۇشى ئۈزۈندىلىرىدىن بەشنى ياكى ئۈچنى يادلاپ بەر دەيتتى. ئۇنى ئازدەپ، ئادەملەر بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلەيكۇم، ۋە ئەلەيكۇم سالامنىڭ ئورنىغا«ماۋجۇشى ۋەنسۈي!» دېسە، ئىككىنچى ئادەم جاۋابەن «ماۋجۇشى ۋەن، ۋەنسۈي!» دەپ شوئار توۋلىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر ئۇنداق سالام بىلەن بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشمىسە، باشقىلار بىلگەن ھامان، ماۋجۇشىغا سادىق بولمىغان كىشى ھېسابلىنىپ، تېگىشلىك جايغا مەلۇم قىلىناتتى. ھەر ئادەم ئەتىگىنى سەھەر تۇرۇپ، ئۆيىدىكى ماۋنىڭ رەسىمىگە قاراپ كۈندىلىك قىلىدىغان ئىشىدىن رۇخسەت سورىشى، يوليورۇق سورىشى كېرەك ئىدى، ئاخشىمى ئۆيگە كىرىپلا، يەنە ماۋنىڭ رەسىمىگە قاراپ، قىلغان ئىشىدىن دوكلات قىلاتتى.

ئۇ قىلغان دوكلاتى ناھايىتى تەپسىلىي بولىشى كېرەك ئىدى. گەرچە ئۇ كىشىنىڭ يېنىدا بىرەرى بولمىسىمۇ باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىپ، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا چېقىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئىدارە - جەمئىيەتتىكىلەر، مەكتەپلەردە ھەر دەم ئىلىش تەنەپپۇس ۋاقتىدا، گىمناستىكىنىڭ ئورنىغا، «قەدىردان ماۋجۇشى سىز بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى قىزىل قۇياش» دېگەن ناخشىنى خىتايچە ئوقۇپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. ئۇ ئۇسسۇل شۇنداق سەت قىلىقسىز ئىكەنكى، ئادەمنىڭ قۇسقۇسى كېلەتتى. ئەگەر بەزىلەر راۋۇرۇس ھەرىكىتى بىلەن ياخشى ئوينىمىسا، ماۋجۇشىغا بولغان ساداقەتمەنلىكى ناچار، ئىدىيىسىدە مەسىلە بار دەپ، سۈرۈشتە قىلىناتتى ۋە كۈرەش - پىپەنگە سېلىناتتى. ئادەملەر قورقۇپ بولسىمۇ ئۇ كېلەڭسىز، بەتقىلىق

ۇسسۋلنى مەجبۇرى ۇيناشقا زورلىناتتى.

مەن پەيلو مەيدانىدىكى ۋاقتىمدا، يەكەن ناھيىسىدىن بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ۇچراپ كەلگەن بىر كىشى بىلەن مۇڭدىشىپ قالغان ئىدىم، ۇنى تونۇيدىغانلار، ۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنى ئاتىماي «بەش تۇپ دەرەخ» دەپ ئاتايتتى. مەن ۇنىڭدىن بۇنىڭ مەنىسىنى سورىسام: «مەن بەكلا كەمبەغەل ئىدىم، شۇ يىلى قىشتا ۇيدە قالايدىغان ۇتۇنۇم قالمىدى، ئەترەتتىن ياردەم سورىسام، ياردەم بەرمىدى، ھەممە ئادەم ماۋجۇشىدىن يوليورۇق سوراپ ئىش قىلاتتى، مەنمۇ ماۋجۇشىنىڭ ۇيۇمدىكى ۇرە تۇرۇپ، قولىنى كۇتۇرۇپ تۇرغان سۇرىتىگە قاراپ، جانابىي ماۋجۇشى! قىشتا ۇيدە قالايدىغان ۇتۇنۇم يوق، بالىلىرىم سوغۇقتىن ۇلەر ھالغا يەتتى، رەھىم قىلىسىلا دېسەم كۇزۇمگە ماۋجۇشىنىڭ بەش بارماق قولى كۇرۇندى! شۇنىڭ بىلەن ماۋجۇشى دەرەختىن بەش تۇپ كەس! دېدى، دەپ چۇشىنىپ، دەرھال ۇينىڭ كەينىدىكى ئەترەتنىڭ دەرىخىدىن بەش تۇپ كەستىم، بىر ۋاقىتتا ئەترەت كادىرلىرى كېلىپ، بۇ سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ دېدى! مەن دېدىم، جانابىي ماۋجۇشىدىن يوليورۇق سورىسام، بەش بارمىقىنى چىقىرىپ، بەش تۇپ دەرەخ كەس دېدى، بولغان ئىش شۇ، دېدىم. ۇلار مېنى يېزىلىق ھۇكۇمەتكە مەلۇم قىلىپ، ئاندىن ناھيىگە، ئاندىن ساقچىغا ئاپاردى. بەش تۇپ دەرەخ كەسكەنلىكىم ۇچۇن بەش يىللىق كېسىلدىم. بۇ لار شۇنىڭ ۇچۇن مېنى بەش تۇپ دەرەخ دېيىشىدۇ» دېگەن ئىدى. ۇنداق ئىشلار ۋەتىنىمىزدە كۇپ ۇچرايتتى. مەرھۇم دوستۇم، سەپدىشىم، مەمتېلى تۇرەخاننىڭ دادىسىدىن: لىن بياۋنىڭ سۇرىتىنى كۇرستىپ، بۇ كىم! دەپ سورىسا، ساۋاتسىز، ۇقۇمىغان ئادەم بىلمەسلىكتىن، بۇ لىيۇ شاۋچى دەپ تاشلىغانىغا، قاماق جازاسى بەرگەندەك بىر ئىش.

ۇندىن باشقا يەنە قەشقەر شەھەرلىك ساقچىنىڭ كادىرى مۇھەممەد رەھىم دېگەن ئادەم بىر كۇنى ماۋنىڭ رەسىمىنى رەسىم جازىسىغا ئىلىش ۇچۇن بىر كىشىدىن بىر دانە رام ئېلىپ كەپتۇ، رەسىم چوڭ كېلىپ قېلىپ پاتماپتۇ، مۇھەممەد رەھىم چاقچاق ئارىلاش: «ماۋۇ گۇينىڭ بېشى نېمانداق چوڭ، سەل كىچىكرەك بولغان بولسا دەل كېلەتتىكەن» دېگەن ئىكەن، بۇ سۇزنى ئاڭلىغان ئەتراپىدىكى ساقچىلار دەرھال خىتاي باشلىقىقا دەپ، قانۇنى جەھەتتىن قولغا ئالدۇرۇپ  بىر ئېغىز گېپى ۇچۇن تۇرمىگە قامىتىپ خىزمىتىدىن قالدۇرۇلغان.

## 5- ھوقۇق تارتىۋېلىش كۇرىشى

ماۋزېدوڭ ۇزىنىڭ ئىناۋىتىنى«تۇت كونىنى بۇزۇش، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ۇگىنىش»

www.uyghurkitap.com

ھەرىكىتى ئارقىلىق تىكلىگەندىن كېيىن، خەلق ئىچىدىكى «شەخسكە خۇراپىيلارچە ئىشىنىش» ئىدىيىسى راسا ئەۋج ئالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشىنى باشلىۋەتكەن ئىدى، خىتاي ئىلى مىقياسىدا يۇقىرى ـ تۆۋەن ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشى باشلانغانىدى. بېيجىڭدا لىيۇشاۋچى، دىڭ شياۋپىڭ، تاۋجۇلار تارتىپ چىقىرىلىپ، كۈرەش ـ پىپەن قىلىنىپ، تۈرمىلەرگە، جازا لاگېرلىرىغا يوللانغان ئىدى. بۇ شامال شەرقىي تۈركىستانغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن چۇۋۇلۇپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋنى يوقىتىمىز ـ دەپ ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئىدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ بېشى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» ئوقۇغۇچىلىرىنى گەۋدە قىلغان، ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. ئۇلار تەشكىللىنىپ «شىنجاڭ قىزىل قوغدىغۇچىلار ئىسيان كۆتۈرۈش 2 – سىلىڭبۇسى» نى قۇرغان ئىدى. ئۇلارنىڭ مەقستى ۋاڭ ئېنماۋنى يوقىتىش ئىدى.

مەن بۇ ئەسلىمەمدە، شۇ زاماندا يۈز بەرگەن ۋەقەلىكنى، نام ـئاتالغۇلارنى شۇ پېتى ئەينەن يېزىشقا تېرىشىش ئۈچۈن بەزى ئاتالغۇلارنى خىتايچە يېزىشقا مەجبۇر بوپقالدىم. مەسىلەن، سىلىڭبۇ (قوماندانلىق شتاب)، ئەمما، شۇ شارائىتتا ھەممە ئادەم سىلىڭبۇ، ئۇنىڭ باشلىقلىرىنى يەنى قوماندانلىرىنى «سىلىڭ» دەپ ئاتىشىدىغان بولغاچقا مەنمۇ شۇ پېتى يېزىشقا مەجبۇر بوپقالدىم.

1ـ سىلىڭبۇنىڭ ئادەملىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملار، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولۇپ كىرگەن ئىدى. ھەتتا ۋەتىنىمىزنىڭ باشقا ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلىرىدىمۇ، 2 ـ سىلىڭبۇنىڭ شۆبىلىرى بار ئىدى. 1966ـ يىلىدىكى 3 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى، 2 ـ سىلىڭبۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەبچى بولغان ئىدى. 3 ـ سېنتەبىر كۈنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىناسىنىڭ ئالدىغا توپلىشىپ كۆلىمى كەڭ بولغان ئىسيان كۆتۈرۈش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغان ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلىپى ئورۇندالمىغاندىن كېيىن ئۇلار دەسلەپتە جىم ئولتۇرۇش كۆرىشى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭغىمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن، ئاچلىق ئېلان قىلىش كۆرىشى ئېلىپ بارغان ئىدى، ئاچلىق ئېلان قىلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى داۋاملىق كۆپىيىپ پۈتۈن شىمال ۋە جەنۇبقا قاتتىق تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى، خىتايلار ئۇلارنىڭ روھىنى مەركەزدىن قوللاپ، «ئىنقىلابىي ھەرىكەت» دەپ يەكۈن چىقارغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن 2 ـ سىلىڭبۇنىڭ تەسىرى، تەڭرىتاغنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىغىچە كېڭەيگەن ئىدى. ئۇلار چوڭ خەتلىك گېزىت (دازىباۋ)



چاپلاپ، داقا دۇمباقلار چېلىپ، ھەممە يەردە ۋاڭ ئېنماۋغا قارشى شوئارلار توۋلىشاتتى. يول بويىدىكى تاملار، رىشاتكىلار، كىنو - تىياتىر خانىلارنىڭ دوسكىلىرى، كېلىپ - كېتىۋاتقان ماشىنىلار، ئادەم ئۆتۈشىدىغان سېمونت يوللارغىچە شوئارلار چاپلانغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسى شوئارى- پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغاقاراپ ماڭغان 1 - نومۇرلۇق ھوقۇقدار ۋاڭ ئېنماۋنى يوقىتايلى! ئەدىپىنى بېرەيلى! دېگەن مەزمۇندىن ئىبارەت ئىدى.

1966- يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە قەشقەردىكى ئالىي مەكتەپتىن تارتىپ ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان ئوقۇغۇچىلاردىن مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەشكىللىنىپ، قەشقەر يەرلىك پارتكومىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا جىم ئولتۇرۇش كۈرىشى ئېلان قىلىپ، قەشقەرنىڭ ۋالىيسى نەنچىمىنىنىڭ ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلاش ھەققىدە يەتتە ماددىلىق باياناتى ئېلان قىلدى. جىم ئولتۇرۇش كۆرۈشى ئۈنۈم بەرمىگەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار ئاچلىق ئېلان قىلىشقا باشلىدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى قوللىغان قەشقەردىكى نەچچە مىڭلىغان خەلق كوچىلارغا چىقىپ ئوقۇغۇچىلارغا ماسلىشىپ ھەرىكەتنى ئۇلغايتىۋەتتى. قەشقەردىكى بولۇۋاتقان ھەرىكەتنىڭ تەسىرى باشقا ناھىيىلەرگىمۇ يېتىپ تۇتاشتى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەرگە ئۆزلۈكىدىن ئېقىپ كېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئېشىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن پارتىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئارقا - ئارقىدىن مەركەزگە ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتكە دوكلات يېزىپ، ئەڭ ئاخىرى نەنچىمىنىنىڭ پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ھوقۇقى ئېلىپ تاشلانغانلىق قارارنامىسىنى ئېلان قىلدى.

ئۇنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەممە ناھىيە - بازارلىرىغىچە تارقىتىپ، كوچىلارغا چاپلىغاندىن كېيىن ئاچلىق ئېلان قىلغان ئوقۇغۇچىلار تارقىلىپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەردىمۇ ئىسيانچىلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان كۆز قاراشلىرىدا ئوخشىماسلىقلار شەكىللىنىپ بىر نەچچە تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى. بۇ ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىۋاتقانلار يەنىلا ۋاڭ ئېنماۋنى يوقىتىشنى نىشان قىلغان 2 - سىلىڭبۇنىڭ ئادەملىرى ئىدى.

ئۇلارغا قارشى يەنە بىر سىلىڭبۇ قۇرۇلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى، ۋاڭ ئېنماۋنى قوغداش ئىدى.

بۇ تەشكىلاتىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى 2 - سىلىڭبۇنىڭ كۆز قارىشىغا تامامەن ئوخشىمايتتى.«ۋاڭ ئېنماۋ كاپىتالىزم يولىغا قاراپ ماڭغان ھوقۇقدار ئەمەس، ۋاڭ ئېنماۋ ياخشى يولداش!» دەيتتى ھەممىدە ئاشكارا تۇردە، ۋاڭ ئېنماۋنى قوغدايمىز! دەپ شوئار چاپلايتتى

www.uyghurkitap.com



ۋە تووۋلايتتى. خەلق ئارىسىدا بۇ 2 چوڭ تەشكىلاتنى، ئىسيانچىلار بىلەن قوغدىغۇچىلار دەپ پەرقلەندۈرەتتى. ئادەملەر بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، ۋاڭ ئېنىماۋنى يوقىتايلى! دېسە، ئوخشاش كۆزقاراشتا بولغان بولسا دەرھال يوقىتايلى دەيتتى. ئەگەر ئوخشاش كۆزقاراشتا بولمىسا ۋاڭ ئېنىماۋ ياخشى يولداش! دەپ ئۆزلىرىنىڭ كۆزقاراش مەيدانىنى شەرھىيلەيتتى. شوپۇر ئۇستىلار ماشىنىسىنىڭ سىگنالىنى باسقاندا، ئۆزىنىڭ قايسى كۆزقاراشتا ئىكەنلىكىنى شەرھىلەش ئۈچۈن، 2 - سىلىڭبۇنىڭ ئادىمى بولسا، ۋاڭ ئېنىماۋنى يوقىتايلى! دەپ سىگنال بېرەتتى. ۋاڭ ئېنىماۋنى قوغدايدىغان شوپۇر بولغان بولسا، ۋۇگاڭنى يوقىتايلى! دەپ سىگنال بېرەتتى. ھەتتا شوپۇرلارمۇ بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ ماشىنىسىنى ھەيدەيتتى. بۇ ئىككى خىل كۆز قاراش تۈپەيلى، ھەتتا ئاتا بىلەن بالا، ئەر بىلەن خوتۇن، ئاكا بىلەن ئۇكا، ئاچا بىلەن سىڭىل ۋە بىر مەھەللىدىكى كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن كەلدى - باردى قىلمايدىغان، ئايرىلىپ كېتىدىغان، بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ قورال - ياراق ئىشلىتىپ ئېتىشىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بەرگەن ئىدى.

شۇ مەزگىلدە، قانخور جاللات ماۋزېدۇڭ ئوچۇق ئاشكارا ھۆججەت تارقىتىپ كۆرەڭلەپ، قانداقتۇر - «ۋەزىيەت چوڭ ياخشى، دادا بىلەن بالا، ئەر بىلەن خوتۇن، ئاكا بىلەن ئۇكا، ئاچا بىلەن سىڭىل ۋە بىر مەھەللىدىكى كىشىلەر، ئىدارە ئورگانىدىكى ئىشچى خىزمەتچىلەر بىر يەرگە كەلسە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەسىلىسى ھەققىدە مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى» - دېگەن ئىدى.

مەن بۇ ئەسلىمەمدە، پەقەت قەشقەردە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىلا ئەسلەپ ئۆتمەكچىمەن.

## 6 - يىگىرمەبەشىنچى ياڭۋار ھوقۇق تارتىۋېلىش ھەرىكىتى

ماۋنىڭ: «سىلىڭبۇنى تۈشمۇ - تۈشتىن تويقا تۇتۇڭلار! ھوقۇق تارتىۋېلىڭلار!» دېگەن يولىيورۇقى 25 - ياڭۋار كۈنى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ خەۋەر ئەزىزانە قەشقەرگىمۇ يېتىپ كەلگەنىدى. شۇ كۈنى كەچ سائەت نۆلدە، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئىسيانچىلار بىرلىشىپ، تەشكىللىنىپ، پىلانلىق ھالدا، ئارقىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ھوقۇق تارتىۋېلىش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتكەنىدى. قەشقەر يەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى مۇڭ شۈلىن، باي يۈەنشىڭ، قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى ياقۇپ ھاجىم قاتارلىقلار تارتىپ چىقىرىلىپ ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاندى، قەشقەر شەھەرلىك پارتكومىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. بارلىق ھوقۇق 2 - سىلىڭبۇنىڭ قولىغا ئۆتكەن ئىدى، ھەر قايسى ئىدارە جەمئىيەتلەرنىڭ ھوقۇقى، شۇ ئىدارىدىكى ئىسيانچىلار

تەرىپىدىن تارتىپ ئېلىنىپ، پۈتۈن قەشقەرنىڭ ھوقۇقى ئىسيانچىلار قولىغا ئۆتكەن ئىدى. شۇندىن باشلاپ قەشقەردە ھۆكۈمەتسىزلىك باشلانغان ئىدى.

ھوقۇق تارتىۋالىدىغانلار ھەممە يەرگە كەڭ تارقالغان ئىدى. شەھەرنىڭ ئىچى پاتپاراق بولۇپ، ئادەم- ئادەمنى تونۇمايتتى، ھەممە ئالدىراش ئىدى. بۇ ئىش دەل 1967 - يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كېچە يۈزبەرگەن ئىدى.

قارشى تەرەپتىكى ۋاڭ ئېنماۋنى قوغدايدىغان تەرەپتىكىلەرمۇ ھوقۇق تارتىۋېلىش مەقستىدە ئۆزلىرى خالىغان يەردىكى ھۆكۈمەت، ياكى پارتىيە، ياكى مۇھىم ئورۇنلارنىڭ ھوقۇقنى تارتىۋېلىپ ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئويلايتتى.

27- كۈنى مەن شۇ كۈنلەردە قەشقەر شەھەر خەلق باغچىسىدىكى «قەشقەر قىزىل بۈركۈت ئىسيان كۆتۈرۈش سىلىگىبۇسى» دا ئىشلەۋاتاتتىم. بىر توپ ئالىمانلار كېلىپ، تۇيۇقسىزلا مېنى تۇتۇپ كەتتى. ئۇلار بىلەن ئۇيان تارتىپ، بۇيان تارتىپ بىر مەھەل ئۇرۇش قىلدىم. ئۇلارنىڭ ئادىمى جىق ھەم كېچىسى بولغانلىقتىن، بىزنىڭ سىلىگىبۇنىڭ ئادەملىرى ئاساسى جەھەتتىن ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەنىدى. كۈچەمىز ئاجىز كېلىپ قېلىپ، ئۇلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ كەتتىم. مېنى سۆرىگەن پېتى قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا تېلېگراف ئىدارىسىگە ئېلىپ باردى. ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن يولنى كېسىپ ئۆتكىلى بولمايتتى، قانداقتۇر پوچتىخانا ئىچىدىن، بىردىن - بىردىن مەن تونۇيدىغان كىشىلەرنى ئۇرۇپ، باغلاپ ماشىنىغا باسقىلى تۇردى، تۇتۇلغانلارنىڭ سانى ئاز ئەمەس ئىدى، ھەربىيلەرمۇ كەينى - كەينىدىن كېلىشكە تۇردى. ئىسيانچىلار بىلەن قوغدىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئېغىر جېدەل بولۇشقا باشلىدى، ئۇر كالتەك سۇر كالتەك بولۇپ، قالايمىقان تونۇپ تونۇماي ئادەم ئۇرۇش قىزىپ كەتكەن ئىدى.

تۇتۇلغانلارنى ماشىنىغا بېسىپ نەلەرگىدۇر ئېلىپ كېتىشتى. مېنى قاتمۇ قات مۇھاسىرە چەمبىرىكىگە ئېلىپ، بېشىمغا تاغار كىيدۈرۈپ ماشىنىغا بېسىپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار مېنى قەشقەر شەھەرلىك تۈرمىگە ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى. بىر قانچە ئادەم كېلىپ مېنى سوراق قىلغىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن مېنى تۇتقانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇلار مېنى ھوقۇق تارتىۋېلىشقا كۈشكۈرتكەن، ئالدىن پىلانلىغۇچى دەپ، ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت بىلەن قارىلاپ مېنى ۋە مېنىڭ تەشكىلاتىمنى قارىلىماقچى ئىدى. بۇ پەقەت ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ ئۆچ ئېلىش كۆرۈشىلا ئىدى. چۈنكى گوڭشېئەنجۇمۇ ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. ئەسلى ئىش مۇنداق بولغان ئىدى:

www.uyghurkitap.com

بىزنىڭ تەشكىلاتىمىزنىڭ تولۇق ئىسمى«قەشقەر قىزىل بۆركۆت ئىسيان كۆتۈرۈش سىلىگبۇسى» بولۇپ، مەن شۇ تەشكىلاتنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى ئىدىم. بىزنىڭ سىلىگبۇ قەشقەر شەھەر خەلق باغچىسىدىكى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشقان ئىدى. بىزنىڭ تەشكىلاتىمىزغا قارايدىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇيغۇرلار ئىدى. بىزگە تەۋە يارۋاغ كوچا باشقارمىسىدىكى ئىسيانچىلار، ئابدۇرېھىم ھەسەننىڭ باشلامچىلىقىدا، پوچتىخانىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، پوچتىخانا ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئالدىغا كەلگەننى ئۇرۇپ، قارشىلىق قىلغاننى باغلاپ، چاقىدىغاننى چېقىپ، ئېغىر ئىقتىسادى زىيان كەلتۈرگەن ئىكەن. بولۇپمۇ زەيبۇشى (يۈكلىمە دولقۇن چاستوتا ئىشخانىسى) گە كىرىپ، پۈتۈن تېلېفون يوللىرىنى ئىشلىمەس ھالەتكە كەلتۈرگەن ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن مېنى شۇ ھەرىكەتنىڭ ئالدىن پىلانلىغۇچىسى، پەردە ئارقىسىدىكى قوماندانى، دەپ قولغا ئالغىنى ئىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا مۇنداق زىيانكەشلىكلەر، ئوخشىمىغان كۆزقاراشتىكىلەر ئىچىدە پات - پات بولۇپ تۇراتتى. مېنى سوراق قىلماي، تۈرمىگە سولاپ قويىدى، قارشى تەرەپ سىلىگبۇسىدىكىلەرنىڭ ئادەملىرى كېلىپ سوراق قىلىشتىن ئەيمىنىپ، گوڭئەنجۈنىڭ كونا كادىرلىرىدىن مۇسا روزى دېگەن ئادەم مېنى سوراق قىلغىلى تۇردى.

ئۇنىڭ سورىقىدا پوچتىخانا ۋەقەسىنى قاچان؟ قەيەردە؟ كىملەر بىلەن پىلانلىغان؟ سەن نېمە يوليورۇق بەردىڭ؟ دېگەندەك تۈكى يوق سوراقلار ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا باشتىن ئاياغ بىلمەيمەن، دەپ جاۋاب بەردىم. ھەر كۈنى سورايدۇ. مەندىن جاۋاب ئالالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ 20 كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار مېنى قويۇپ بەرمىدى، سىرت بىلەن ئالاقە قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىدى، بىر كۈنى سىرتتىن ئوخشاش كۆز قاراشتىكى دوستىمىزنىڭ ياردىمى بىلەن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم. خەتتە: ئىچكى تاشقى ماسلىشىپ، بىردەك ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش پىلانى تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن.

مەن ئەتىسىدىن باشلاپ يەتتە ماددىلىق بايانات تەييارلاپئاچلىق ئېلان قىلدىم، ئۇلار ھەر كۈنى تۈرمىنىڭ سىرتىدا نامايىش ئېلىپ باردى، نامايىش ھەر كۈنى بولدى، نامايىشچىلارنىڭ سانى كۈندىن كۈنگە ئاشقىلى تۇردى، ۋەزىيەت ئۇلار ئۈچۈن يامانلاشتى، ئەگەر يەنە ئۇلار مېنى قويۇپ بەرمىسە تۈرمىدىكى باشقا جىنايەتچىلەرگىمۇ تەسىرى بولۇش ئىمكانىيىتى ھېس قىلىندى، شۇنداق مۇرەككەپ ئەھۋال ئاستىدا، ئاچلىق ئېلان قىلىشنىڭ 5 - كۈنى مېنى مەجبۇرى تاماق يېيىشكە دەۋەت قىلىپ، يازما بايانات يازا ئۇلار نامايىشنى توختاتسۇن، دەپ يالۋۇرغىلى تۇردى، مەن تېخىمۇ چىڭىدىم. چوڭراق ئىشنىڭ چىقىشىنى كۈتتۇم، 6 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ سەنمۇجاڭى تۇراق ئىسمائىل

تۈرمىگە كىرىپ، مېنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىمنى ئېلان قىلىپ تۈرمىدىن ئېلىپ چىقىپ دوستلىرىمغا تاپشۇردى، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن مېنىڭ تۈرمىدىن چىقىشىمغا سەۋەب بولغان ئىشلارنى سۈرۈشتۈرسەم، سەمەت دۇگايلى يۇقىرىقىدەك پىلاننى تۈزۈپ، نامايىشنى ئۇيۇشتۇرغان ئىكەن، مەن سەمەت دۇگايلىنى بۇرۇن ئانچە تونۇمايتتىم، پەقەت ئۇنىڭ قەشقەر شەھەرلىك ئۆي - تۇرالغۇ جاي شىركىتىدە تەرجىمانلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. مەن تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن، رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەرتىپكە سالغاندا ئۇ، سىلىڭبۇنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى بولۇپ سايلانغان ئىكەن. ھازىر ئۇ ئاتاقلىق يازغۇچى بولۇپ كەتتى.

گەرچە مەن تۈرمىدىن چىققان بولساممۇ، ئەمما، ئابدۇرېھىم ھەسەن يەنىلا تۈرمىدە يېتىۋاتاتتى. ئۇنى ۋىلايەتلىك تۈرمىگە قامىغان ئىدى، مەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شۆبە ھەربىي رايونلارغا يول مېڭىپ، بولمىغىنىغا نامايىش ئۇيۇشتۇرۇپ، تەشۋىق ۋارىقى تارقىتىپ، ئابدۇرېھىم ھەسەننى ئاقلاپ جامائەت پىكرى ھازىرلاپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىكى ئەگرى توقايلىق» دەپ خۇلاسىلەپ، تۈرمىدىن بوشاتتۇق. ئابدۇرېھىم ھەسەن ئۈچ ئايدەك تۈرمىدە ياتقان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب

## قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئەلەم بىلەن قوغدىنىش

### 1-ئونتۆتىنچى ئاۋغۇست ۋەقەسى

1967- يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىناسى كۆيدۈرۈلگەن كۈن بولۇپ، بۇ- قەشقەر تارىخىدا «14 - ئاۋغۇست ۋەقەسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

قەشقەردىكى ئاتالمىش مەدەنىيەت زورئىنقىلابى راسا پەللىگە چىققاندا، ھەر قايسى تەشكىلاتلار ئۆز ئالدىغا بازا ئىگىلەپ، تايانچى پونكىتلارنى قۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشتىكىلەرنى بۇلاپ - تالاپ، سىلىڭبۇلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، قولىغا چىققاننى ئېلىپ، ئۆز-ئارا ئۇستۇنلۇكنى تالىشاتتى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى كومىتېتى» دېگەن ئورگان مەركەزدە قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ باشلىقى ماۋنىڭ خوتۇنى جاڭچىڭ بولغان ئىدى. ئۇ: «قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئەلەم بىلەن قوغدىنىڭلار!»، دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ھەممە يەردە ئىسيانچىلار بىر-بىرى بىلەن ھۇجۇم ۋە مۇداپىئەگە ئۆتكەن ئىدى. قەشقەر شەھەرلىك پارتكومنىڭ بىناسىغا ۋاڭ ئېنماۋنى قوغدايدىغان تەشكىلاتلار بىرلىشىپ سىلىڭبۇ قىلىپ ئىشلىتىپ، ئەلەم بىلەن قوغدىنىمىز دەپ، ئۆگزىسىگە تاش توپلاپ، نەيزە، قىلىچ، كالتەكلەر بىلەن مەخسۇس ساقلايدىغان ئادەملەرنى بەلگىلەپ كېچە - كۈندۈز ھەربىي ھالەتتە تۇرۇپ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلاتتى.

ۋاڭ ئېنماۋنى يوقىتىدىغان ئىسيانچىلار تەشكىلاتىنىڭ ئادەملىرى، ئەتىگەندە ھۇجۇم قىلىپ، بىنانى قورشاشقا باشلىدى. تەرەپ - تەرەپتىن توپلانغان ئىسيانچىلار ھەدىسە-ھۇدەپ، بىناغا قارىتىپ تاش ئاتتى، كەينىدىن ئۆزلىرى ياسىغان سالغا بىلەن بىنانىڭ ئۇستىدىكى ئادەملەرگە قارىتىپ تاش ئاتتى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇمنى تەشكىللىگۈچى، بىناغا ئوت يېقىپ بىنانى كۆيدۈرۈشكە قاتناشقان كىشىلەر يەنىلا قەشقەر شەھىرىدىكى ئىسيانچىلار تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى مىجىت سېلىك ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى بىر توپ ياشلار ئىدى.

بىنانىڭ ئىچىدىكى ۋاڭ ئىنماۋنى قوغدايدىغان «باۋخۇاڭ پەيلەر» (ۋاڭئىنماۋنى قوغدايدىغانلار) مۇ بوش كەلمەي ھەممە چارىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، قارشىلىق كۆرسەتكىلى تۇردى. ئۇ ۋاقىتتىكى ئۇرۇش پەقەت كونا ئۇسۇلدىكى تاش - توقماق ئۇرۇشى ئىدى. ئۇرۇش راسا قىزىدى، شەھەرنىڭ سىرتىدا بولسا دېھقانلار سىلىڭبۇسىدىكىلەر، شەھەرلىك پارتكومىنىڭ بىناسىدىكىلەر بىلەن ئوخشاش كۆز قاراشتا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن شەھەرنىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىدىن كىرىشكە باشلىغان ئىدى، شامالباغ تەرەپتىن كەلگەن دېھقانلار سىلىڭبۇسىدىكىلەر نەيزە-پىچاق، پالتا - كەكە، ئورغاق، ئۆزى ياسىغان ئىپتىدائىي قوراللار بىلەن قوراللىنىپ شەھەرگە كىرىشكە تەمشەلگەن ئىدى.

ئۇلار شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئىسيانچىلار بىلەن قوراللىق ئىلىشىپ، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەي، بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئۆلۈش ھېسابىغا ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. دۆلەتباغ تەرەپتىن كەلگەن دېھقانلار سىلىڭبۇسىنىڭ ئادەملىرىمۇ ئۆزى ياسىغان ئاددىي قوراللار بىلەن، تۆشۈك دەرۋازا تەرەپتىن شەھەرگە كىرمەكچى بولغان ئىدى، ئۇلارمۇ ئىسيانچىلارنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشى بىلەن ئىلگىرىلىيەلمەي نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۆلۈشى بەدىلىگە كەينىگە چېكىنگەنىدى. شەھەر يەنىلا ئىسيانچىلارنىڭ قولىدا ئىدى. پەقەت شەھەرلىك پارتكوم بىناسىدىكىلەرلا ئۆزىنى قوغداش جېڭى قىلىۋاتاتتى. ئىسيانچىلار بىنادىكەلەرگە يېقىنلىشالمىغاندىن كېيىن، دەرھال بېنزىن قاچىلانغان ماشىنىنى ئېلىپ كېلىپ بىنانىڭ ئىشىكىگە قارىتىپ، بېنزىن پۈركۈپ، ئارقىسىدىن ئوت يېقىشقا باشلىدى. ئوت بىنانىڭ ئىشىكىگە بارا - بارا، ئۇياق - بۇياققا تارالغىلى تۇردى، بېنزىن ماشىنىسى تېخىمۇ يېقىنلاپ، دېرىزە - كىشەكلەرگىچە بېنزىن پۈركۈپ ئوتنى ئۇلغايتقىلى تۇردى. ئوت ئاسمان پەلەك كۆتۈرۈلدى. بىنانىڭ ئىچىدىكىلەر ئوتنىڭ ئازابىغا چىدىماي، بىنانىڭ قەۋەت - قەۋەتلىرىدىن يەرگە قاراپ ئۆزىنى تاشلىغىلى تۇردى. بەزىلىرى تېخىمۇ ھودۇقۇپ 3 - قەۋەتكە، ھەتتا ئۆگزىگىچە چىقىپ بولالمىغاندا ئۆگزىدىن يەرگە قاراپ سەكرىگىلى تۇردى. نەچچە ئادەمنىڭ پۇت - قوللىرى سۇنۇپ مېيىپ بولغانلىقىنى، نەچچىسىنىڭ شۇ مەيداندا ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مەن تونۇيدىغان، بەزىلىرى مەن بىلەن بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىغان ئادەملەر ئىدى. بىز خەق ئاجايىپ خەخلەر، ئادەم ئۆلۈۋاتسا تاماشا كۆرىمىز دەپ نۇرغۇن ئادەم ئۇيەرگە توپلاشقان ئىدى. بەزىلىرى ئولجا ئالىمىز دەپ، بىنانىڭ ئىچىدىكى گىلەم، شىرە، ئورۇندۇق، ئۆي سايمانلىرىنى ئېلىپ ئۆيىگە توشۇپ، كېيىنكى ۋاقىتتا بىر نەچچە يىللىق كېسىلىپ كەتكەنلىرىمۇ بولغان ئىدى. بىنا ئوت

www.uyghurkitap.com

يالقۇندا كۆيۈپ ئاسماننى قارا تۈتەك قاپلاپ كەتكەن ئىدى.

بىنانىڭ ئىچىدىن ساق چىققانلارنىڭ ھەممىسى ئىسيانچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، باغلىنىپ، نەلەرگىدۇر ئېلىپ كېتىلگەن ئىدى، ئىش ئۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى، شۇ كۈندىن باشلاپ كۆرگەنلا يەردە، ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشتىكىلەرنى تۇتۇپ، ئۇرۇپ سوقۇپ جاجىسىنى بەردى. بەزىلىرى تاياق توقماقتىن قورقۇپ، بايانات يېزىپ، مەن بۈگۈندىن باشلاپ 2- سىلىڭبۇغا ئەزا بولۇپ كىردىم، كۆز قارىشىمنى ئۆزگەرتتىم، دەپ ئىپادە بېرەتتى. ئىسيانچىلار ئەتىسىدىن باشلاپ، پۈتۈن شەھەر بويىچە تۈت - تۈتنى باشلىۋەتتى، ئۇنىڭغا چىدىمىغان ۋاڭنى قوغدايدىغان تەشكىلاتتىكىلەر شەھەرنى تاشلاپ يېڭىشەھەرگە قاراپ قاچقىلى تۇردى، كېچە- كېچىلەپ، ئۆي- ئۆيدىن تۇتۇش بولغانلىقى ئۈچۈن، شەھەردە ئادەم ئاز قالغان ئىدى.

8- ئاينىڭ 17 - كۈنى قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قىزىلنىڭ كۆۋرۈكى، شەرقىي تۆشۈك دەرۋازىنىڭ كۆۋرۈكى، شىمالى يارۋاغ كۆۋرۈكى، غەربىي توڭلىتىش ئىسكىلاتىنىڭ ئالدى تەرىپى بولۇپ، شەھەرگە كىرىش ئېغىزلىرى تامامەن قامال قىلىنغان ئىدى. پاختا تايلىرى ۋە باشقا ئوق ئۆتمەيدىغان قاتتىق نەرسىلەر بىلەن پوتەيلەر ياسالغان ئىدى.

قىزىلنىڭ كۆۋرۈكى ئىسيانچىلار تەرىپىدىن «قىزىل 1- رايون»، يارۋاغ كۆۋرۈكى «قىزىل 2 – رايون» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىپ، قاتتىق مۇداپىئە قىلىنغان ئىدى. شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسى تاقاقلىق ئىدى، كىرىش ـ چىقىش يوق ئىدى، ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ماشىنىلارمۇ شەھەرگە كىرەلمەيتتى. ناھىيىلەردىن كەلگەن ماشىنىلارمۇ شەھەرگە كىرەلمەيتتى. شەھەرگە قاراشلىق يېقىن يېزىدىكى دېھقانلارمۇ ئۆزىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ ساتالماي، شەھەر سىرتىدىكى خالىي رايوندا ساتاتتى.

قەشقەر شەھىرىگە كىرىدىغان يارۋاغ كۆۋرۈكىدە ئىسيانچىلار قورالىلىق تۇراتتى، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش ئۈچۈن قاتتىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈش كېرەك ئىدى، ئىسيانچىلاردىن باشقا ھەرقانداق كىشى كۆۋرۈككە يېقىن يولۇقالمايتتى. قەشقەر شەھىرى مۇھاسىرىگە چۈشكەنلىكتىن، ئاقسۇ بىلەن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ بېرىش ـ كېلىش ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ئىدى. قەشقەر شەھىرىنىڭ ھوقۇقى گەرچە ئىسيانچىلارنىڭ قولىدا بولغان بولسىمۇ، شەھەر سىرتىدىكى ناھىيىلەرنىڭ ھوقۇقى يەنىلا ۋاڭ ئېنىماۋنى قوغدايدىغانلارنىڭ قولىدا ئىدى. سان جەھەتتىن ۋاڭ ئېنىماۋنى قوغدايدىغانلارنىڭ سانى ۋە ئەمەلىي كۈچى جىق ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ماھىيەتتە ۋاڭ ئېنىماۋنى قوغدايدىغان تەشكىلاتنى ياقلايتتى.

## 2ـ قورال بۇلاش ۋەقەسى

قەشقەر شەھىرى 2 - سىلىڭبۇنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ۋاڭ ئېنماۋنى قوغدايدىغان تەرەپتىكىلەر قەشقەر شەھىرىدە تۇرالماي، يوشۇرۇن يوللار بىلەن يېڭىشەھەرگە ئاقماقتا ئىدى. يېڭىشەھەرگە كەلگەن ئادەملەر ھەر قايسىسى ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئىدارە ـ ئورگانلارغا بېرىپ پاناھلىنىشقا باشلىغان ئىدى. مەسىلەن: پارتىيە ھۆكۈمەت ئورنىدىكىلەر پارتكوم ھۆكۈمەت ئورگىنىغا، سودا ئىدارىسىدىكىلەر سودا ئورۇنلىرىغا، قاتناش ـ ترانسپورت ئورۇنلىرى قاتناش ئەترەتلىرىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان ئىدى. شەھەر ئاھالىلىرى ھەربىي رايوننىڭ 1 - ئاۋغۇست مەكتىپىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان ئىدى. قەشقەر توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىمۇ، 1 - ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتىپىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان ئىدى.

ئادەم ئەڭ كۆپ ئورۇنلاشقان جاي ھەربىي رايون تەركىبىدىكى يەرلەر بىلەن مەكتەپلەر ئىدى. يېمەك - ئىچمەكنى ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى ئوخشاش كۆز قاراشتىكى تەشكىلاتلار پىداكارلىق بىلەن ھەقسىز ئېلىپ كېلەتتى. كىچىككىنە يېڭى شەھەر ناھىيىسى ئادەم دېڭىزىغا تولغان ئىدى. مەن دەسلەپتە ئاخۇنوپىنىڭ يېنىدا يېڭى شەھەر ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىدا تۇرغان ئىدىم. چۈنكى ئاخۇنوپ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز قارمىقىدىكى يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشقان ئىدى. مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى، كېيىن ئۇيەردىن يۆتكىلىپ 1 - ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتىپىگە بېرىۋالغان ئىدىم.

8-ئاينىڭ 27 - كۈنى قەشقەردىكى ئەڭ ئاخىرقى قالدۇق قوشۇن، ئىسيانچىلار بىلەن دۆڭباغ ئائىلىلەر قورۇسىدا ئېتىشىپ، رەسمىي قورال - ياراق ئىشلەتكەنلىكى، ئۇ ئۇرۇشتا 24 ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكى، 47 ئادەمنىڭ ئېغىر ياردار بولغانلىقى، 173 ئادەمنىڭ ئۇلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ كېتىلىپ، 8 ئادەمنىڭ مېيىپ بولغانلىق خەۋىرى بىزگە يېتىپ كەلگەن ئىدى. 9 - ئاينىڭ 2 - ۋە 3 - كۈنلىرى دۆڭباغ ئۇرۇشىدا ئۆلگەن كىشلەرنىڭ جەستى ئەتىسى ماشىنىغا بېسىلىپ كۆرگەزمە قىلىندى.

ھاۋانىڭ ئىسسىقىدا سېسىپ كەتكەن بۇ جەسەتلەر ئاخىرى كۆمۈۋېتىلدى. ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان ئەڭ ئاخىرقى قىسىم يېڭىشەھەرگە كېلىشى بىلەن، قەشقەر شەھىرىدىكى ئۇرۇشتا ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان ۋاڭ ئېنماۋنى قوغدايدىغان قوشۇنلار بىرلىشىپ، قورال بۇلاشقا كىرىشمەكچى بولدى. ئەتىسى، يەنى 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قوراللىق قىسمىنىڭ قوراللىرى بۇلىنىشقا باشلىدى، بۇ تەرتىپسىز قورال بۇلاشتا، ھەركىم قولىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەلگەننى ئىلىشقا باشلىغان ئىدى، ناھىيىلىك قورالىق قىسىم بازارنىڭ ئىچىدە بولغاچقا يولدىن ئۆتكەن ئادەمنىڭ ھەممىسى بىردىن، ئىككىدىن قورالنى ئېلىپ كېتىشكىلى تۇردى. ھەتتا شەھەرگە سەي - كۆكتات ساتقىلى كىرگەن، قوغۇن، تاۋۇز ساتقىلى كىرگەن دېھقانمۇ بىردىن قورالنى ئېلىپ سۇكۇنگە بېسىپ كەتكىلى تۇرغان ئىدى، مەن ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى كۆرسەم ھەممىسىنىڭ زاتورى يوق قوراللار ئىكەن. قاقۋاش خىتايلار قورالنىڭ زاتورىنى باشقا يەردە، قورالنىڭ گەۋدىسىنى باشقا يەردە ساقلىغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ قوراللارنىڭ بىر تالمۇ ئوقى يوق ئىدى. مەن ھە ھۇ بىلەن قورال ئىلىۋاتقانلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىردەم قاراپ تۇردۇم. ئىككى ئەسكەر قانداقتۇر ماۋ زىدوڭ ئۇزۇندىلىرىنى ئوقۇپ ئۇلارنى «قورال بۇلاش جىنايەت» دەپ تەنبىھ بېرىۋاتاتتى، خەخنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، گېپىگە پىسەنت قىلماي داۋاملىق قورالنىڭ ياخشىسىنى ئىزدەپ ئىلىشقا تىرىشاتتى. چېقىلغان ساندۇق، يەشكىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن يەرگە دەسسەشمۇ خەتەرلىك ئىدى. ئۇ تۆگمەس قورال، بىر كېچە - كۈندۈز توشۇسىمۇ تۈگىمىدى، ياكى ئادەمنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. مەن تاماق يەپ خېلى كەچ قايتا كەلسەممۇ ئادەملەر قورال ئىلىشىۋاتقان ئىكەن.

ئەتىسى ئاخۇنوپ مەندىن بولغان ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سورىدى. كۆرگەنلىرىمنى بىر - بىرلەپ ھېكايە قىلىپ بەردىم. ئەسكەرلەر قوراللىق توستىمۇ؟ دەپ سورىدى، مەن ئەسكەرلەر نەسىھەت قىلدى - يۇ، ئەمما قورال كۈچى ئىشلەتمىدى، دېدىم.

ئېسىمدە قېلىشىچە 30 - ئاۋغۇست ئىدى. پۈتۈن يېڭىشەھەردىكى قاچاقلار بىرلىشىپ، قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىش جېڭىگە ئاتلىنىپ يولغا چىققان ئىدى، بۇ ئادەملەرنىڭ ئالدى قىزىلنىڭ كۆۋرۈكىگە، كەينى تېخى شەھەردىن چىقىپ بولالمىغان ئىدى، ئۆزىنى ئىسيانچىلاردىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن، سۆگەتنىڭ چىۋىقىدىن سەللە توقۇپ بېشىغا كىيىشۋالغان ئىدى. يېڭىشەھەر بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىسىدا سۆگەتلىك بار ئىدى، ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن سۆگەتنىڭ گوستىڭىمۇ يېتىشمىگەن ئىدى. كۆپ ئادەمنىڭ قولىدا مەخپىي قورال بار ئىدى. بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ قولىدا يەنىلا نەيزە بىلەن ئۇزۇن ياغاچقا تېڭىلغان ئورغاقتەك قوراللار بار ئىدى. ئۆزلىرى ياسىۋالغان پارتلاتقۇچ بومبىلارمۇ بار ئىدى.

بىز قىزىل كۆۋرۈكىگە يېقىنلىشىپ كەلدۇق. كۆۋرۈكنى ناھايىتى مۇستەھكەم ساقلاۋاتقان ئىكەن. يېقىنلىشىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ قوراللىرىمۇ كۈچلۈك ئىدى. دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى بىلەن بۇسۇپ ئۆتۈشكە بىر قىسىم پىيادىلەر ماڭدى، توساتتىن ئۇلارنىڭ ئۆلگەنلىكى بايقالدى، ئۇلار دەرياغا كىرىشى بىلەن يۇقىرى بېسىملىق توكنى سۇغا قويۇۋەتكەن ئىكەن. دەريانىڭ باش ئېقىمىغىمۇ توك ئۇلانغانلىقى مەلۇم بولدى، شۇ ئەسنادا يىراقتىن بىر



- بىرىمىز بىلەن كۆرە - كۆرمەي ئۇق چىقىرىشقا باشلىدۇق، ئۇق ئاۋازى جاھاننى بىر ئالغان ئىدى، ئۇلارنىڭ ئاتقان ئوقىدىن ئۇلارنىڭ قوراللىرىنىڭ سەر خىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدۇق.

بىر مەزگىل ئىنتىشۋازلىق بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇش توختىتىش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن باشلىقلار كېلىپ نەسىھەت بىلەن توسقىلى تۇردى، بىز جاھىللىق قىلىپ قايتمىدۇق، ھەربىيلەر يالۋۇرغىلى تۇردى. ئاخشىمى كەچ بولۇپ كەتتى، ئۇرۇش توختىمىدى، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ناھايىتى كۆپ ئىدى، ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىر مەسىلە ئىدى. ئامالسىزلىقتىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇق.

شۇ كۈنلەردە قەشقەر شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردىمۇ كالتە جەڭلەر ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇرغان ئىدى. قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق شامالباغ يېزىسىدىكى ئابلا ئاۋۇت باشچىلىقىدىكى دېھقانلار سىلىگىبۇسى، 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۆزىگە قوشنا بولغان قەشقەر ۋىلايەتلىك يىپەك زاۋۇتىغا ھۇجۇم قىلغان ئىكەن، دېھقانلار يىپەك زاۋۇتىنى ھەش - پەش دېگۈچە ئىشغال قىلىپ، ئۇلارنىڭ قورال - ياراقلىرىنى تارتىپ ئالغان ئىكەن. تۇرسۇن ئىسىملىك بىرى قورال تاپشۇرۇشقا قارشىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى دېھقانلار ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان ئىكەن. بۇ خەۋەر بىزگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۆڭلىمىز ناھايىتى ئۇزۇلدى، دەرھال ئالاقە ئەۋەتىپ مۇندىن كېيىن ئۇنداق ئىشلارنىڭ تەكرار يۈز بەرمەسلىكى ھەققىدە نەسىھەت قىلدۇق، كېيىن ئاردىن بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن تۇرسۇننىڭ ئۆلۈم بەدىلىگە ئابلا ئاۋۇت 20 يىل قاماق جازاسىغا مەھكۇم قىلىنغان ئىدى.

## 3- ياخشى پۇرسەت

ئۇرۇشلار ھەر كۈنى دېگۈدەك بولۇپ تۇراتتى. يوللار تاقاقلىق، كىرىپ - چىقىش يوق، قەشقەر شەھىرى قاتمۇ قات مۇھاسىرە ئىچىدە تۇراتتى. بىز قەشقەر شەھىرىدىن چىققانلار، شەھەرگە كىرەلمىگەن بىلەن، ۋىلايەتنىڭ باشقا ناھىيىلىرىگە بىمالال بېرىپ كېلەلەيتتۇق، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تەشۋىقات ئۆمىكى تەشكىللەپ، ناھىيە - ناھىيىلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ كۈچ تەشكىللەپ، قوشۇن زورايتىش خىزمىتىگە ئادەم ئەۋەتىدىغان بولدى. مەن بىر ئۆمەكنىڭ تەركىبىدە، بىر قىسىم ئادەملەرنى ئېلىپ پەيزىۋات، مارالبېشى، يوپۇرغا ناھىيىسىگە بارىدىغان بولدۇم.

بىز بىلەن بىللە بىر توپ كېسەل، ئۇرۇشتا جاراھەتلەنگەن كىشلەرمۇ بار ئىدى، بۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۆپ قىسمى شەھەرلىك پارتكوم بىناسىدا ئوت يالقۇنىدا جاراھەتلەنگەن مەجرۇھلار ئىدى، بىز ئۇلارنى دەسمى قىلىپ، بارغانلا يەردە خەلقنى قوراللىق كۈرەشكە ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلاتتۇق. ماڭا سۆزلەش نۆۋىتى كەلگەندە، نۇقتىلىق ھالدا، يېڭىشەھەردە يۈز بەرگەن قورال بۇلاشتىكى ئىشلارنى تەسىرلىك قىلىپ، كۆرگەنلىرىمنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتىم. مارالبېشى ناھىيىسىگە بارغاندا بىز ناھىيىلىك مېھمانخانىغا چۈشكەن ئىدۇق، ئانچە چوڭ بولمىغان بۇ مېھمانخانا، بىز بىلەنلا توشۇپ كەتكەن ئىدى، كۈندۈزى تەكلىپ قىلغان يەرگە بېرىپ، قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى، مۇندىن كېيىنكى كۈرەش، نېمىلەرنى قىلىشنىڭ كېرەكلىكى ھەققىدە سۆزلەيتتۇق، ئاڭلىغۇچىلار كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، خىتايلارغا ئايرىم، ئۇيغۇرلارغا ئايرىم تەشۋىقات ئېلىپ بارىدىغان بولدۇق.

مارالبېشىغا بارغان 2 - ئاخشىمى مەن بىر توپ ئادەملەرگە قەشقەرنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە مۇندىن كېيىنكى كۈرەش ستراگىيىمىز دېگەن تېمىدا سۆز قىلدىم، سۆز ئارىلىقىدا: «ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى تەلىم بېرىپ، مىلتىقتىن ھاكىمىيەت چىقىدۇ دېگەن، بىزدە قورال بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ۋەتىنىمىزنى تارتتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ۋەتىنىگە ئىگە بولالماي مۇشۇ كۈنگە قالدۇق» دېسەم، ئالدىمدا يېقىن ئولتۇرغان بىرى مېنىڭ گېپىمنىڭ مەنىسىگە چۈشەندى بولغاي، روھى ھالىتىدە ھەم جىددىيلىك ھەم تەمترەشلىكتەك بىر ئالامەتنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىۋالدىم، دەرھال گەپنى ئەگىتىپ، بىز ۋەتىنىمىز يەنى يۇرتىمىز قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يېتەرلىك قورالغا ئىگە بولۇشىمىز لازىم.... دەپ ئۆتۈپ كەتتىم، قالغانلىرى مېنىڭ گېپىمنى چۈشەنمىگەن ئىدى.

يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن، ھېلىقى مېنىڭ گېپىمنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشەنگەن ئاداش، مەن بۈگۈن سىلىنى ئۆيۈمگە چاقىرىپ بىر ئولتۇرۇش قىلىپ بېرەي، بىزنىڭ يۇرتتا نى - نى ناخشىچى، دۇتارچى پەيزى بار ئادەملەر بار، مۇمكىن بولسا بىزنىڭكىگە مەرھەمەت دەپ تۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ مېنى نېمە ئۈچۈن ئۆيىگە چاقىرىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلغان ئىدىم.

مەن يالغاندىن باھانە كۆرسىتىپ، بۈگۈن ئاخشام بىزدىن ھال سورىغىلى ھاۋا ئارمىيە بازىسىدىكىلەر كەلمەكچى ئىدى، ئاللىبۇرۇن دېيىشىپ قويغان، شۇ يەرگە بارمىسام بولمايدۇ، تېخى نى - نى ياخشى كۈنلەر ئالدىمىزدا كېلىۋاتىدۇ، پۇرسەت چىقىپ قالسا كۆرۈۋشەرمىز، بىز يېڭىشەھەردە تۇرىمىز، ۋاقتىڭىز يەتسە يوقلاپ بېرىڭ، كېيىنى شۇ يەردە تولۇقلىۋالارمىز... دەپ تەكەللۇپ قىلىپ ئۇنىمىغانىدىم، ئەسلىدە ھاۋا ئارمىيىسىدىكىلەر بىزنى يوقلاپ كەلمەيتتى، ئۇنداق پائالىيەتمۇ يوق ئىدى، مەن ئۇنىڭغا مەقسەتلىك ھالدا، ناھىيىگە يېقىن شامال



دېگەن جايدا ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ بازىسى بار، ئۇلاردا قورال بار! دېگەن پاسىنى بەرمەكچى ئىدىم.

مارالبېشىدا ئۈچ كۈندەك تۇرۇپ يۇرۇپ كەتتۇق، ئۇلار بىزنى ئۇزىتىش ئۈچۈن ماشىنا - ماشىنىغا قوي، كالا، ئۇن - گۈرۈچ، ئوتياش، سەۋزە، چامغۇر، ھەتتا بىر ماشىنا يۇلغۇننىڭ كۆتىكى قاتارلىق سوۋغات ھازىرلاپ يولغا سالدى. بىز ئۇلارنىڭ ماشىنىسى بىلەن ئاتۇشنىڭ قىزىل بايراق، دېگەن يېرىگىچە بېرىپ، پەيزىۋاتقا يۇرۇپ كەتتۇق. ماشىنىدىكى يۈكلەر بىزنىڭ كۆرسەتمىمىز بويىچە تاغباغرى بويلاپ يېڭىشەھەرگە بىزنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىمىزغا كەتتى.

ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتۈپ، پەيلو مەيدانىدىكى ۋاقتىمدا، بىزنىڭ ئەترەتكە مارالبېشىدىن بىر تۈركۈم سىياسىي تۇتقۇنلارنى ئېلىپ كەلدى، بارا - بارا ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق ھەم چىقىشىپ قالدۇق، ئۇلارنىڭ ئالدى 20 يىل، ئەڭ ئاخىرى سەككىز يىل كېسىلىپ كەلگەن ئەزىمەتلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئەبەي قارى دېگىنى مېنى تونۇۋاپتۇ، بىر كۈنى شۇ ۋاقىتتا مارالبېشىدا قىلغان سۆزۈمنى ئەسلەپ،«بىزمۇ يوقىلاڭ بىر ئىشلارنى قىلىپ، يەنە سىلە بار يەرگە كەلدۇق، شۇ چاغدا راست گەپنى قىلغان بولسىلىرى، سىلە بىلەن بىزمۇ چوڭ جەڭدە بىللە بولمامتۇق، بىز مەكتىتىكىلەردەك گال ئەمەستۇق، ھايت دېگۈچە سىلە بۇيرۇغان يەرگە ئۇنەتتۇق»..... دەپ قىزىپ كەتكەن ئىدى، مەن ئۇلار بىلەن بىر قانچە يىل بىللە بولغان ئىدىم. ئۇلار ھەقىقەتەن ئەزىمەتلەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى خۇدا بۇيرۇسا بىر يازسام دەيمەن.

بىز قايسى ناھىيىگە بارساق، بىزنىڭ تەشۋىقاتىمىز تۈگە - تۈگىمەستىن، خەلق قوزغىلىپ، كوچىلارغا چىقىپ قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ، ئۈچرىغان ھەربىينىڭ، زاۋۇتلاردىكى ساقچىلارنىڭ قوراللىرى بۇلىنىشقا باشلىناتتى. كوچىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بىر قانچە ھەربىي رايوننىڭ پاترونلىرىنىڭ قوراللىرى، خەلق تەرىپىدىن تارتىپ ئېلىنغاندىن كېيىن، پاترونلار كېيىنكى ۋاقىتتا قورال ئاسماي، پاترون بەلگىسىنى تاقاپ كوچىغا چىقىدىغان بولغان، بۇ ۋەقە مارالبېشىدا ناھايىتى تېز ئەۋج ئالغان ئىدى. بىزنىڭ تەشۋىقاتىمىز نىڭ ئايىغى تېخى ئۈزۈلمەي تۇرۇپ مارالبېشى ناھىيىسىدە بىر كېچىدىلا غايەت چوڭ ئۆزگىرىش بولغان ئىدى. خەلق بۇلايدىغاننى بۇلاپ، (قورال بۇلاش، باشقا نەرسىلەرگە چىقىلمايتتى) ناھىيە بازىرىدا چوڭ ئىنقىلاب باشلىنىپ كەتكەن ئىدى. كۆزگە كۆرۈنگەن قوراللارنىڭ ھەممىسى خەلق قولىغا ئۆتۈپ بولغان ئىدى، بۇ ھەرىكەت بارا - بار كېڭىيىپ، ئاقساقارال، سېرىق بويا، چوڭقۇرچاق، يېڭى ئۆستەڭ، ئاۋات قاتارلىق يېزىلارغىمۇ تارالغان ئىدى.

www.uyghurkitap.com

پەيزىۋات، يوپۇرغا ناھىيىلىرىدىمۇ دېھقانلار ھەرىكەتكە كېلىپ، قوراللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ«قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئەلەم بىلەن قوغدىنىش سىلىڭبۇ» لىرىنى كەينى - كەينىدىن قۇرۇشقان ئىدى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن«ماۋنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەنىنى جان تىكىپ قوغداپ، ۋاڭ ئېنماۋنى قوغداپ قالماقچى» ئىدى. مەن پەيزىۋاتتا يۈز بەرگەن ئىشلار ھەققىدە توختالمايمەن، بۇ يەنىلا سىر بولۇپ قالسۇن، پەيزىۋات مېنىڭ ئەسلى يۇرتۇم ئىدى، مېنىڭ دادا جەمەتىمنىڭ ھەممىسى ھېلىمۇ پەيزىۋاتتا. مەن پەيزىۋات ناھىيىلىك پارتكومدا خىزمەت قىلغان ئىدىم، ناھىيىنىڭ ھاكىمىدىن تارتىپ، پۇقراغىچە ھەممىسى دېگۈدەك مېنى بىلەتتى ۋە چۈشىنەتتى، مەن پەيزىۋاتقا بارغاندا، خەلق بىزنى ناھايىتى داغدۇغا بىلەن قىزغىن كۈتىۋالدى، كىنوخانىنىڭ زالىدا، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قورۇسىدا، كەينى - كەينىدىن، ئۆزلۈمەي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى، ياردىلار كۆرگەزمە قىلىندى. ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىلغان تەشۋىقاتنى قەشقەر شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەرجىمانى بولغان رۇقىيە خانىم قىلدى، مەن پەقەت يېقىنلىرىم بىلەن ئۆيمۇ - بۇ يەردە پىچىر - پىچىر پارىڭىمىزنى قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ «ئىشى» بىلەن بولدۇق.

قايتىشىمىزدا ناھىيە خەلقى ناھايىتى كۆپ كىيىم- كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك.... ھازىرلاپ ئۇزىتىپ قويدى، يوپۇرغا ناھىيىسىمۇ ئوخشاشلا بىزنى كۈتىۋالدى، مېھمان قىلدى، ئۇلارمۇ نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن بىزنى ئۇزىتىپ قويدى.

## 4- چوڭ بىرلىشىش

قىسقا مۇددەت ئىچىدە، ناھىيىلەردىكى خىزمەتلەر تەرتىپكە سېلىنىپ، ھەر قايسى ناھىيىلەر يېڭىشەھەرگە مەركەزلىشىپ، قوشۇن زورايغاندىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بىر تەشكىلى ئاپپارات قۇرۇش تەقەززاسى تۇغۇلغان ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ رىياسەتچىلىكى بىلەن، يېڭىشەھەرگە توپلانغان ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى تەشكىلاتلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، 14 سىلىڭبۇدىن تەركىب تاپقان «قەشقەر ۋىلايەتلىك پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى بىرلەشمە كومىتېتى» قۇرۇلدى، بۇ تەشكىلاتنى قىسقىچە قىسقارتىپ، بىرلەشمە كومىتېت دەيدىغان بولغان ئىدۇق. بۇ تەشكىلات تۆت چوڭ سىستېمىدىن تەشكىل تاپقان بولغاچقا، تۆت چوڭ سىستېمىدىن سايلانغان ۋەكىللەر بۇ كومىتېتتا ئىش بېجىرەتتى.

بۇلار:

ئىشچىلار سىستېمىسى
مالىيە ـ سودا سىستېمىسى
ئوقۇغۇچىلار سىستېمىسى
دېھقانلار سىستېمىسى

مەن مالىيە ـ سودا سىستېمىسىدا ئىشلەيدىغان كادىر بولغانلىقىم ئۈچۈن، مالىيە ـ سودا سىستېمىسىدىن ۋەكىللىككە سايلىنىپ، بىرلەشمە كومىتېتتا ئىشقا تەيىنلەنگەن ئىدىم. بىرلەشمە كومىتېتنىڭ ئىچىدە بىرقانچە بۆلۈملەر تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئاشلىق ئىدارىسىدىن سايلىنىپ كەلگەن ۋەكىل ياڭ بىلەن ئىككىمىز «قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئەلەم بىلەن قوغدىنىش بۆلۈمى» گە مەسئۇل بولدۇق. بۇ بۆلۈم پۈتۈن بىرلەشمە كومىتېتنىڭ جېنى ئىدى. بىرلەشمە كومىتېت تەركىبىدىكى قورال ياراق، ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ قوماندانلىقىمىز بويىچە بېجىرىلەتتى. ياڭ كېيىنكى ۋاقىتتا قەشقەردە ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندا، مۇئاۋىن مۇدىربولۇپ، (قەشقەرۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى) بىز تەرەپتىن كۆرسىتىلگەن ئىدى. چۈنكى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە قەشقەرنىڭ ھوقۇقىنى قەشقەردىكى تۆت چوڭ تەشكىلات بىرلىشىپ باشقۇرغان ئىدى، ياڭمۇ بىر قانچە يىل مۇئاۋىن ۋالىي بولۇپ ھوقۇق سۈرۈپ، ئاخىرى يەنە ئۆز ئىدارىسىگە بېرىپ ئەسلىدىكى ئىشنى قىلغان ئىدى.

يىڭشەھەردىكى 14 سىلىڭبۇ بىرلىشىپ، بىرلەشمە كومىتېتنى قۇرغاندىن كېيىن، بىر كاتتا مۇراسىم ئېچىپ، داغدۇغا قوزغاپ، مۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى قانداق ئىشلەش ھەققىدە قەسەمياد يىغىنى ئېچىشنى قارارقىلغان ئىدى. بۇ يىغىنغا يىڭشەھەردىكى پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى، ھەرقايسى ناھىيىلەردىن كەلگەن ۋەكىللەر، قەشقەردىن قېچىپ چىققان بارلىق ئادەملەر قاتناشقان ئىدى، يىغىننىڭ رىياسەتچىلىكىگە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن كومىسسارى لىبىن تەيىنلەنگەن ئىدى، يىغىن نەچچە كۈن بۇرۇن پۇختا تەييارلىق قىلىنىپ، ئەتراپىنى قورال كۈچى بىلەن ياخشى مۇھاپىزەت قىلىپ ئاندىن ئېچىلغان ئىدى. سۆزگە چىقىدىغانلارنىڭ سۆز تېكىستى، ئالدى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايون، سىياسىي بۆلۈمنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ ئاندىن سۆزلىشى، سۆزگە چىقىدىغانلار چوقۇم بىرلەشمە كومىتېتنىڭ خىزمەت خادىملىرى بۆلىشى كېرەك، دەيدىغان پەتىۋانى چىقارغان ئىدى.

مەن مالىيە ـ سودا سىستېمىسىغا ۋاكالىتەن سۆزلەيدىغان بولدۇم، سۆز تېكىستى ئاللىبۇرۇن ئۈلار تەرىپىدىن يېزىلىپ ھازىرلانغان ئىدى، بىر كۈن بۇرۇن سۆز تېكىستىنى ماڭا

www.uyghurkitap.com

بەردى، يىغىن ھەربىي رايوننىڭ زىنت توپچىلار مەشىق مەيدانىدا ئېچىلىدىغان بولغان. يىغىنغا 30 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتنىشىدۇ، دەپ ئالدىن مۆلچەرلەنگەن ئىدى. يىغىن ھەقىقەتەن كاتتا يىغىن ئىدى. يىغىنغا تەرەپ - تەرەپتىن ئادەملەر كېلىپ ئورۇنلاشقىلى تۇردى، يىغىن مەيدانى ئادەم توپىغا لىق تولدى. يىغىننىڭ بىخەتەر ئېچىلىشى ئۈچۈن ھەربىي رايون تەرىپىدىن قوراللىق قوغدىنىلدى. يىغىن مەيدانىغا ياسالغان رەئىس مۇنبىرىنىڭ ئۈستىگە «قەشقەر ۋىلايەتلىك پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى بىرلەشمە كومىتېتىنىڭ، ماۋجۇشى لۇشيەنىنى ئاداققىچە قوغداش قەسەمياد چوڭ يىغىنى» دەپ خەتايچە خەت يېزىلغان ئىدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇيغۇر يېزىقىدا خەت يېزىلمىغان ئىدى. يىغىن باشلاندى، ھەربىي رايوننىڭ كومىسسارى ئېچىلىش مۇراسىم سۆزى قىلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئىشچىلار ۋەكىلى، ئۇنىڭ كەينىدىن دېھقانلار ۋەكىلى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى سۆزقىلدى. ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ ھەممىسى خىتايچە بولغانلىقتىن، باشلىنىشى ھەيۋەتلىك بولغان يىغىن بىردەمدىلا يېپ بازىرىغا ئايلىنىپ كەتتى.

ئادەملەر ئۇلارنىڭ نېمە دېگىنىنى بىلمەي زېرىككەن ئىدى. ئەمما يىغىن مەيدانىدىن ھېچ كىم ئۆز ئىختىيارىچە چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سۆز نۆۋىتى ماڭا كەلدى. مەن رەئىس مۇنبىرىگە چىقىپ ئۇدۇل مىكروفوننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىككى ئالىي يولىيورۇقنى ئوقۇپلا، سۆز تېكىستىنى ئۇيغۇرچە ئوقۇغىلى تۇردۇم، ھەممە تىمتاس بولۇپ، مېنىڭ سۆزۈمنى نېمە ئۈچۈنكى ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى. ئەسلىدە سۆزگە چىققان ئادەم ئالدى بىلەن، رەئىس مۇنبىرىگە چىقىپ ماۋ زېدۇڭنىڭ رەسىمىگە قاراپ ئۈچ قېتىم تەزىم قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن رەئىس مۇنبىرىدىكى باشلىقلارغا تەزىم قىلىپ، ئاندىن پەستە ئولتۇرغان ئادەم توپىغا تەزىم قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن «ئالدى بىلەن ھەممىمىز بىرلىكتە ئۇلۇغ داھىمىز، ئۇلۇغ ئۇستازىمىز، ئۇلۇغ قوماندانىمىز، ئۇلۇغ رولچىمىز، قەلبىمىزدىكى مەڭگۈ پاتماس قىزىل قۇياش ماۋجۇشىغا چەكسىز ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز! چەكسىز ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز! ماۋجۇشىنىڭ ئەڭ يېقىن سەپدىشى قەدىردان فۇ توڭشۇەي (مۇئاۋىن قوماندان) لىن بياۋنىڭ تېنى ساغلام، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسۇن!» دەپ تەكەللۇپ سۆزىنى دېيىشىم كېرەك ئىدى، بولۇپمۇ چەكسىز ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز! دېگەندە، رەئىس سەھنىسىدىكى ۋە پەستە ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ماڭا ئەگىشىپ، چەكسىز ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز، دېيىشى شەرت ئىدى، مەن ئۇنداق قىلمىغان ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندە ئولتۇرغان خەلق بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ، ھاڭ ـ تاڭ بولۇشۇپ قالغان ئىدى، ئىككىنچىدىن، يىغىن باشتىن ـ ئاياغ خىتايچە سۆزلەنگەن ۋە باشقۇرۇلغان بولغانلىقى ئۈچۈن، يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇيغۇرلار

ئىدى.

مېنىڭ سۆزۈمدىن بۇگۇنكى يىغىنىڭ نېمە مەقسەتتە ئېچىلغانلىقىنى ئاندىن بىلگەن ئىدى. مەن سۆز تېكىستىنى بىر كۈن بۇرۇن كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، تەمكىنلىك بىلەن ئالدىرىماي تەرجىمە قىلىپ ئوقۇپ بەرگەن ئىدىم. ئوقۇپ تۈگىتىپلا، سۆز تېكىستىنى رىياسەتچى لىبىنغا بېرىپ، ئالدى ـ كەينىمگە قارىماي رەئىس سەھنىسىدىن چۈشۈپ، پەستە ئولتۇرغانلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردۇم. ئەسلىدە سۆز تۈگىگەندىن كېيىن سۆز تېكىستىنى يىغىن رىياسەتچىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، رەئىس سەھنىسىدىكى ئورنۇمغا بېرىپ ئولتۇرۇشۇم كېرەك ئىدى، بۇ ئىش ھەممىنى تېخىمۇ ھەيرەتتە قالدۇرغان ئىدى، يىغىندىن كېيىن ھەربىي رايون سىياسىي باشقارمىسىنىڭ بىر كادىرى مېنى ئالايتەن چاقىرىپ، نېمە ئۈچۈن يۇقىرىقى رەسمىيەت تەكەللۇپىنى قىلمىغانلىقىمنى سورىدى. مەن ھېچ قانداق ئىككىلەنمەستىنلا، «مەن ئۇنداق چوڭ يىغىنغا چىقىپ سۆز قىلىپ باقمىغان ئىكەنمەن، سەھنىگە چىقىپلا، ھەممە يېرىم قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى، ھەممە ئادەم ماڭا قارىغاندەك بولۇپ، ھودۇقۇپ كەتتىم، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ئاران ـ ئاران، تەمترەپ سۆزنى تۈگىتىپ قېچىپ چۈشتۈم» دېدىم، كۆپ ئادەم مەندىن تەكرار سورىدى، ھەممىسىگە ئوخشاش تەلەپپۇزدا جاۋاب بەردىم. لېكىن ماڭا چېكىت ئورۇلغان ئىدى، چۈنكى ئۇ زامانلاردا قەشقەردىكى چوڭ ـ كىچىك يىغىنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەرجىمانلىقى ماڭا يۈكلەنگەن ئىدى، كونا تەرجىمانلار قارا يىپ، گومىنداڭنىڭ قالدۇقى، ۋەھاكازا دەپ تارتىپ چىقىرىلىپ، قەشقەرنىڭ تەرجىمانلىقى ماڭا بەخشەندە بولۇپ قالغان ئىدى. سەھنىگە چىقىپ سۆزلەش بىرىنچى قېتىم ئەمەس ئىدى. شۇ ۋەجىدىن نېمە دېگەن بىلەن ئۇلارنى ئاسان قايىل قىلغىلى بولمايتتى. ئەتىسى ئاخۇنوپ چاقىرىپ قاتتىق كايىغان ئىدى، مەن: «ئادەم ھامان بىركۈن ئۆلىدۇ، ئۇنداق پۇرسەت ماڭا بىر كەلدى، ئىككىنچى ھايات تارىخىمدا قايتا كەلمەيدۇ، نېمىلا بولمىسۇن، مەن ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويدۇم!» دېسەم، چوڭ ئىشقا تەسىرى بولمىسىلا مەيلىتىغۇ! دەپ خاپا بولغان ئىدى، ئارىدىن 10 نەچچە يىل ئۆتۈپ، مەرھۇم تۇردى ئىلىدىن مۇنداق ئاڭلىغان ئىدىم، ئاخۇنوپ: «ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدىكەن، ھېچ نېمىدىن قورقمايدىكەن، مەن بەكلا ئەنسىرىگەن ئىدىم. ئەمما ئۇ ئۆزى جايىدا جاۋاب بېرىپ ئۆزىنىڭ پوقىنى ئۆزى تۈگەتتى»، ـ دېگەن ئىكەن.

چۈنكى، ئۇ زامانلاردا بىر ئېغىز گەپكە يا ئۆلۈم جازاسى، يا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلەتتى. ماۋزېدۇڭنى تىللاپ قويۇپ، ياكى ماۋزېدۇڭنىڭ رەسمى بار گېزىت، ژۇرناللارنى يىرتىپ قويۇپ، مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ئۇچرىغانلار كۆرمىگەن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 5-ئونبەشىنچى ئۆكتەبىر كېلىشىمى

1967 - يىلى 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كېچىدە خىتاي باش مىنىستىرى جۇئېنلەينىڭ قەشقەر ئىسيانچىلىرىغا... «دەرھال توسۇقنى ئېلىۋېتىپ يوللارنى راۋانلاشتۇرۇڭلار!» دېگەن يوليورۇقى كەلگەن ئىدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلىرى ئالدىراپ تېنەپ، ھاسىراپ تەرەپلەرنىڭ قوراللىرىنى بىر يەرگە يىغىپ چوڭ بىرلىششنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يوللارنى ئېچىۋېتىشكە سەپەرۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى كۈن تالاش - تارتىش قىلىش بىلەن مۇزاكىرە نەتىجىسىدە يوللار ئېچىۋېتىلدى. 1967 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەر تارىخىدىكى خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان چوڭ بىر كۈن. شۇ كۈنى قەشقەر شەھىرى بىلەن باشقا ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ باردى - كەلدىسى ئەسلىگە كېلىپ، توسۇقلار ئېلىپ تاشلىنىپ، يوللار راۋانلاشتۇرۇلغان كۈن ئىدى. ئۈرۈمچىدىن كېلىپ خوتەنگە بارىدىغان مىڭلاپ ماشىنا، سوغۇنچازىدىن باشلاپ، ئاتۇشنىڭ يوللىرىدا، قەشقەر شەھىرىگە كىرەلمەي ياتقىلى نەچچە ئايلار بولغان ئىدى، خوتەن، يەكەندىن كېلىپ، ئۈرۈمچىگە قايتالماي، يېڭىشەھەر بىلەن يەكەن ئارىلىقىدا تۇرۇپ قالغان ماشىنىلارنىڭ ھېسابى يوق ئىدى. قىسقىسى ئۇيغۇرىستاننىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ مۇناسىۋىتى بىر مەزگىل توختاپلا قالغان ئىدى.

يېڭىشەھەرگە توپلانغان قاچاقلار بىلەن شەھەر ئىچىدىكىلەرنىڭ زىددىيىتى كۈنسايىن يامانلىشىپ، پۈتۈن قاتناش يوللىرى قامىلىپ كىرىش - چىقىش توختىغىلى ئۇزۇن بولغان ئىدى. بۇ دۈشمەنلىك ھالىتىدە تۇرغان تەرەپلەرنى مۇرەسسە قىلىش ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايون بىلەن ئالاقىدار تارماقلار ئارىغا چۈشۈپ، نەچچە كۈنلۈك تالاش - تارتىش نەتىجىسىدە 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بىر كېلىشىم ھازىرلىغانىدى. كېلىشىمنىڭ ئاساسى مەزمۇنى: پۈتۈن توسۇقلارنى بىكار قىلىپ، يوللارنى راۋانلاشتۇرۇش، تەرەپلەر ئۆزىدە بار قوراللارنى شۇ پېتى پېچەتلەپ ساقلاش، دۈشمەنلىشىش ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئوق چىقارماسلىق، ھەرقايسى ئىدارىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆز ئىش ئورنىغا قايتىش، قايتىپ كەلگەنلەرنى كەمسىتمەسلىك، ھاقارەتلىمەسلىك، تۇتۇپ قېلىنغان ئىش ھەققىنى تولۇقلاپ بېرىش..... دېگەندەك مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، 10 - ئاينىڭ 15- كۈنى ئەتىگەن سائەت 10 دا يوللاردا قاتناشنىڭ نورماللىششىغا ھەر ئىككى تەرەپ كاپالەتلىك قىلغان ئىدى. شەھەردىن ماشىنا - ماشىنىدا ئادەملەر ئۇرۇق تۇغقان يار - بۇرادەرلىرىنى يوقلاپ يېڭىشەھەرگە كەلگىلى تۇردى، يېڭىشەھەردىكىلەر شەھەرگە كىرىشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى بىر نەچچە كۈن قورال - ياراق ئاۋازى ئاڭلانماي تىنچ ئۆتتى.



بىزمۇ يېڭىشەھەرنى تاشلاپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىدارىسى تەۋەلىكىدىكى، شەھەر ئەتراپىدىكى جايلارغا بېرىپ ئورۇنلاشتۇق، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار، مەكتەپلەر يەنىلا بىزنىڭ تايانچى پونكىتلىرىمىز ئىدى، گەرچە كېلىشىمدە قورال ئىشلەتمەسلىك دېيىلگەن بولسىمۇ، 3 كۈندىن كېيىن يەنىلا قورال ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

كېچە ـ كېچىلەپ گۈمبۈرـ گۈم، توپنىڭ ئاۋازى، زەمبىرەكنىڭ ئاۋازى، پىلىموتنىڭ ئاۋازى نەلەردىندۇر ئاڭلىناتتى، تەرەپلەر شەھەرگە توپىلاشقاندىن كېيىن زىددىيەت بۇرۇنقىدىنمۇ كەسكىنلەشتى. دۈشمەنلەشكەن تەرەپلەر بىر - بىرىنىڭ ئادەملىرىنى تۇتىۋېلىپ ئۇرۇپ زەخمىلەندۈرىدىغان ئىشلار ئەۋج ئالغىلى تۇرغان ئىدى. بولۇپمۇ بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىغان ئادەملەر بىر - بىرىنى تۇتىۋېلىپ، نەچچە قورالىڭ بار؟ كىم - كىملەر نېمە ئىشقا مەسئۇل؟ ئۇنداق بۇنداق دەپ قەستەن سۈركىلىش ھاسىل قىلاتتى. بىرەر ئادەم تۇتۇلغان بولسا، قارشى تەرەپ دەرھال بايانات ئېلان قىلىپ، بىزنىڭ پالانى رەڭلىك ئادىمىمىزنى پالانى تەشكىلات تۇتىۋالدى، 2 سائەت ياكى 3 سائەت ئىچىدە قويۇپ بەرسۇن! ئەگەر قويۇپ بەرمەيدىكەن جىددىي ھەرىكەت قوللىنىمىز! دەپ، ئۇلارنىڭ ئادىمىنى ياكى ئۇلار تۇرغان يەرگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم باشلاپ، ئۇرۇش قىلاتتى، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىچىدە يۇقىرى بېسىملىق ياڭراتقۇنىڭ كاساپىتىدىن كېچىسى خاتىرجەم ئۇخلىغىلى بولمايتتى.

## 6 ـ ئاتالمىش تۆت چوڭ كۆز قاراش، سەككىز چوڭ تەشكىلات

يوللار ئېچىلىپ، يېڭىشەھەردىن قايتىپ كىرگەن قاچاقلار، ھەر قايسىسى ئۆز تەۋەلىكىدىكى شەھەر سىرتىدىكى يېزا ۋە ئىدارە جەمئىيەتلەرگە ئورۇنلىشىپ، مۇداپىئە لىنىيىلىرىنى قۇرۇپ، «قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ئەلەم بىلەن قوغدىنىش قوماندانلىق شتابى» نى قۇرۇشقان ئىدى. شامالباغ يېزىسى تەرەپ غەربىي سەپ قوماندانلىق شتابى، دۆلەتباغ تەرەپ شەرقىي سەپ قوماندانلىق شتابى دەپ ئاتىلاتتى. قاچاقلارنىڭ باش قوماندانلىق شتابى ۋىلايەتلىك ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئىچىدە ئىدى، يېڭىشەھەردە بىرلەشكەن 14 تەشكىلات، شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن پارچە - پارچىغا بۆلىنىپ، ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا قورallıق قوشۇن تەشكىللىگەن ئىدى ھەمدە يېڭىچە نام بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. ئۇن زاۋۇتىغائورۇنلاشقان تەشكىلاتنىڭ ئىسمى: «سان سۇ خۇي» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى: ئۈچىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بۇ تەشكىلات يەنىلا ۋاڭ ئېنماۋنى قوغدايدىغان، سان جەھەتتە ئادەم سانى بىر قەدەر كۆپ تەشكىلات ئىدى، ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى قوللىغۇچىلىرى ۋە شۆبىلىرى ئاز ئەمەس ئىدى. مەن بۇ يەردە ئىشلەيتتىم.

www.uyghurkitap.com

2-كۆز قاراش بىرلەشمە كومىتېت بولۇپ، بۇ تەشكىلات يېڭىشەھەردىكى نامىنى ساقلاپ قالغان تەشكىلات ئىدى. بۇ تەشكىلات ھەربىي رايوننىڭ كۆرسەتكەن سىزىقىدىن چىقمايدىغان تەشكىلات ئىدى. باش شتابى ۋىلايەتلىك تاش يول ئىدارىسىنىڭ ئىچىدە ئىدى. سان جەھەتتىن ئادىمى ئەڭ ئاز، قورال كۈچى يوق ياكى يېتەرسىز ئاجىز تەشكىلات ئىدى، ئۇنىڭ باشلىقى گاۋ چىياۋ دېگەن خىتاي ئىدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ كۆز قارىشى ئوخشاشلا ۋاڭ ئېنماۋنى جان تىكىپ قوغداش ئىدى.

3- كۆز قاراش «گۇڭدەي خۇي» مەنىسى، ئىشچىلار قۇرۇلتىيى. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئادىمىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى قاتناش ترانسپورت ئورنىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بۇ تەشكىلاتقا ئەزا ئىدى، باش شتابى قاتناش ترانسپورت 6 - شىركىتىنىڭ ئىچىدە ئىدى. ۋاڭ ئېنماۋنى يوقىتىدىغان كۆز قاراشتا ئىدى. باشلىقى ۋاڭ تىيەنيۈن دېگەن خىتاي بولۇپ، 1967 - يىلى 30 - سېنتەبىر كۈندىكى كېچىلىك جەڭدە قارشى تەرەپنىڭ ئوقىدا ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ما فۇ گۈي دېگەن تۇڭگان باشلىق بولغان ئىدى.

4-كۆز قاراش قەشقەر فىنبۇ ئىدى، بۇنىڭ مەنىسى، شىنجاڭ 2- سىلىڭبۇنىڭ قەشقەردىكى شۆبىسى بولۇپ، باش شتابى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئىچىدە ئىدى. باشلىقى خۇ لىجىن دېگەن ئوقۇغۇچى ئىدى. ۋاڭ ئېنماۋنى يوقىتىدىغان كۆز قاراشتا ئىدى. بۇ كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئوقۇغۇچى ئىدى، خۇلى جىننىڭ ياردەمچىسى بولغان لىزىگاڭ دېگەن خىتاي، قارشى تەرەپتىكى ئۇيغۇر يىگىتى ئۆمەر قۇربانىنى يولدا كېتىۋاتسا قورالىدىن ئوق چىقىرىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئۇيغۇرلار جەسەتنى كۆتۈرۈپ نەچچە كۈن نامايىش قىلغاندىن كېيىن جىنايەتچىنى تۇتۇپ قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان ئىدى، مەرھۇمنىڭ ماتەم مۇراسىمى قەشقەر خەلق مەيدانىدا داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ كۈرەش ئىرادىسى بىر قېتىم تېپىك ھالدا نامايان قىلىنغان ئىدى. ئىپلاس خىتاي كوممۇنىستلىرى لىزىگاڭنى يالغاندىن قولغا ئالغان بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي تۈرمىدىن قويۇۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قانداقتۇر ئۇ جىنايەتچىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن قاچۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدۇق.

كۆز قاراش جەھەتتىن قەشقەر ۋىلايىتى تۆرتكە بۆلۈنگەن بولسىمۇ، تەشكىلى جەھەتتىن ھەر قايسى كۆزقاراشتىكىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم تەشكىلى قۇرۇلمىسى بار ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەردە تۆت چوڭ كۆز قاراش، سەككىز چوڭ تەشكىلات بار دەپ ماقالە ۋە باياناتلار ئېلان قىلىناتتى، بۇ كۆز قاراش ۋە تەشكىلاتلارنىڭ ئىدىيىۋى جەھەتتىكى بۆلىنىش سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمايمەن، بۇ كۆز قاراش ۋە بۇ تەشكىلاتلار 1968 - يىلى

1 - ۋە 2 - ئايلاردا ئۆزلىرىنىڭ تەشكىلى قۇرۇلمىسىنى ئىبلان قىلىپ، كۆز قاراشلىرىنى شەرھلەپ ئارقا - ئارقىدىن باياناتلار ئىبلان قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ھويلىسىدا قورالىق كۈچلەر بولغاندىن سىرت، قەستەن سۈركىلىش ھاسىل قىلىدىغان يۇقىرى بېسىملىق ياڭراتقۇلىرى كېچە - كۈندۈز سۆزلەپ تۇراتتى.

## 7- مىجىت سىلىڭنىڭ باش كۆتۈرۈشى

مىجىت سىلىڭ قەشقەر شەھەر كوممۇنىسىغا قاراشلىق، بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىدە ياغاچچىلىق قىلىدىغان ئىشچى ئىدى. قەشقەر شەھىرىدىكى داڭدار ساقى قاسساپنىڭ ئوغلى ئىدى. شەھەر كوممۇنىسىنىڭ دائىرىسى چوڭ بولۇپ، ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشىنى قىلاتتى، ھازىرقى تۆت كوچا باشقارمىسى، ئۇ زاماندا قەشقەر شەھەر كوممۇنىسىغا قارايتتى، قەشقەر شەھەر كوممۇنىسىنىڭ تەركىبىدە نەچچىلىگەن زاۋۇت - فابرىكا، شىركەت، قول ھۈنەرۋەنلەر، تىجارەتچى، قول سانا ئەتچىلەر، مۇلازىمەت ئورۇنلىرى، ماشىنا رېمونت، تراكتور رېمونت زاۋۇتلىرى ھەمدە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى شەھەر كوممۇنىسغا بىۋاستە قارايتتى، بۇ ئورۇن شەھەر كومۇناسى تەۋەسىدىكى ئەڭ چوڭ ئورۇن ئىدى.

پەقەت مىجىت سىلىڭ ئىشلەيدىغان بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىدىلا 1500 گە يېقىن ئادەم ئىشلەيتتى. 1967 يىل 14 - ئاۋغۇستتىكى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىناسىنى كۆيدۈرۈشتىكى ھەرىكەتتە مىجىتنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەر ئاساسلىق رول ئوينىغانىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىي باشلانغاندىن تارتىپ شەھەر كوممۇنىسىنىڭ ھوقۇقى قۇربان شۇكۇرنىڭ قولىدا ئىدى، ئۇمۇ كۆرۈنۈشتە ۋاڭ ئېنماۋنى يوقىتىدىغان كۆز قاراشتىكى ئىسيانچىلاردىن ئىدى، ئۇ ئۆز ئالدىغا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ قەشقەر شەھىرىدە قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان ئىدى، ئۇنىڭ 40 ئەسكىرى بولۇپ، ھەممە يەردە قالايمىقان ئادەم تۇتۇپ، بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ خەلقنىڭ غەزىپىگە قالغان ئىدى. قەشقەر خەلقى قۇربان شۇكۇرنى «40 قاراقچى» دەپ ئاتايتتى. مىجىت سىلىڭ بۇنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاتالمىش مەركەز نىڭ، «بىر تەشكىلاتتىكى، بۇزۇق كاتتىۋېشىنى، شۇ تەشكىلاتتىكى ئاما ئۆزلىرى تارتىپ چىقىرىپ، پرولېتارىيات دىكتاتور ئورۇنلىرىنىڭ جازالىشىغا تاپشۇرۇشى كېرەك» دېگەن سىياسىتىنى باھانە قىلىپ، شەھەر كوممۇنا سىستېمىسىدىكى ئاممىنى قوزغاپ، قۇربان شۇكۇرنىڭ «جىنايى» قىلمىشىنى توپلاپ، بىر كېچىدىلا تۇتۇپ، باغلاپ، سوراق قىلىپ، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، شەھەر كوممۇنىسغا باشلىق بولىدۇ،

ئارقىدىنلا پۈتۈن شەھەر كوممۇنىسىغا قارايدىغان ئۇششاق ـ چۈشەك تەشكىلاتلارنى بىرلەشتۈرۈپ، شەھەر كوممۇناسى ئىنقىلابىي بىرلەشمىسىنى قۇرۇپ باش مۇدىر بولىدۇ، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىسمى «ئىسيان كۆتۈرۈش سىلىڭبۇسى» بولغانلىقتىن، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۇنىڭ نامى ھەممە يەرگە مىجىت سىلىڭ دەپ تارقىلىدۇ، مىجىت سىلىڭ شەھەرنىڭ ھوقۇقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، قۇربان شۈكۈرنىڭ باشقۇرۇشىنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بارىدۇ، خۇسۇسى ئىگىلىكنى يولغا قويۇپ، سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئۇششاق ـ چۈشەك كارخانىلارنى تارقىتىۋېتىدۇ، باج، بازار باشقۇرۇش، ئۇنى تىزگىنلەش، بۇنى تىزگىنلەش دېگەندەك كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھوقۇقىنى بوغىدىغان قۇرۇلمىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى ئۆزىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرىدۇ، بازارلار قويۇۋېتىلىدۇ، ھەركىم نېمە ئىش قىلسا، نېمە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانسا چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، دېھقانلار بازارغا كىرىپ خالىغان ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئېلىپ ساتالايدۇ.

شەھەر ئىچىدە ھېيتگاھ مەيدانىدا ئاشخانا، ناۋايلىق، كاۋاپچىلىق، يايما ئىلىم ـ سېتىم، دوغچىلىق، تەڭلە گۆشى پۇشۇرۇپ سېتىش.... قاتارلىق بۇرۇن چەكلەنگەن كەسىپلەر يېڭىدىن بازار تاپىدۇ. «كاپىتالىزمنى تىرىلدۈردۈڭ» دېگەن بەتنامدىن قۇتۇلغان ھەر مىللەت خەلقى، مىجىت سىلىڭنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ، ئۇنىڭ نام شەرىپى بىردىنلا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى، پامىر تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىگىچە يېيىپ يېيىلىدۇ، شەھەرگە كېلىپ ـ كەتكەن قوشنا ناھىيە، يېزىلاردىكى دېھقانلار، ئۆز يۇرتىغا بارغاندىن كېيىن ھېچ قانداق قورقماستىن ئۆزى خالىغان كەسىپنى قىلىدۇ ۋە مىجىت سىلىڭنىڭ سىياستىنى تەشۋىق قىلىدۇ. مىجىت سىلىڭ بىر مەزگىل قەشقەرنىڭ ئىشىنى رىتىمغا سالغاندىن كېيىن قوشنا ناھىيىلەرگە بېرىپ ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ، بارغانلا يېرىدە بازار ئىگىلىكىنى ئەركىن ئازادە يولغا قويىدىغانلىقىنى كەڭرى تەشۋىق قىلىپ خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالىدۇ.

قەشقەردىن ئاتۇش، سۇغۇنچازا، شېكەر كۆل، سانساكو، مارالبېشى، ئاقساقمارال، شامال، سېرىق بويا، چوڭقۇرچاق، يېڭى ئۆستەڭ، ئاۋات قاتارلىق شەھەر ۋە يېزىلارنىڭ ھەممىسىگە مىجىت سىلىڭ ئۆزى بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ ۋە تەشۋىقاتنى جانلاندۇرىدۇ. بارغانلىكى يەردە كىشىلەرنىڭ ئەسكى بورا بىلەن كىگىزلەرنى جايناماز قىلىپ، ئەسكى تاملىقنىڭ ئىچىدە ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن كىشىلەرنى مەسچىت سېلىپ ئىبادەتنى ئوچۇق ـ ئاشكارا قىلىشقا چاقىرىدۇ. بۇنىڭدىن كۆڭلى سۇ ئىچكەن خەلق مىجىت سىلىڭنى تەڭداشسىز ھۆرمەتلەيدۇ. بۇ خەۋەر بىردىنلا ھەممە يەرگە تارقىلىدۇ. ئاخىرقى

قىسمىدا مەكتەپ ناھىيىسىگىمۇ تەكرار بېرىپ، بىر قاتار مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ!

## 8- قەشقەردىكى ئۇرۇشلار

مەن كىتابىنىڭ بۇ قىسمىدا قەشقەردىكى ئاخۇنوپ باشچىلىقىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىق خىزمىتىگە چۈشۈشتىن بۇرۇن قەشقەردە يۈز بەرگەن بەزى قوراللىق ئۇرۇشلار ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

1968-يىلى 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ۋاڭ ئېنماۋنى قوغدايدىغان تەشكىلات سانسوخۇي بىلەن ۋاڭ ئېنماۋنى يوقىتىدىغان تەشكىلات گۇڭدەيخۇي ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك جەڭ بولدى.

سانسوخۇيدىكىلەرنىڭ قارارگاھى ئۇن زاۋۇت بىلەن تېببىي مەكتەپنىڭ ئىچىدىن تارتىپ تاكى شامالباغ يېزىسىغىچە كەڭرى سەپ تارتقان ئىدى. گوڭدەيخۇينىڭ قارارگاھى يېڭىشەھەر يولىنىڭ شەرقىيدىكى تېببىي مەكتەپنىڭ ئۇدۇلىدا ترانسپورت شىركىتىگە قارايدىغان 1-، 6-، 7- كالونلاردىن تارتىپ، تاكى توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ترانسپورت شىركەتلىرى ۋە كىرەمباغ خەلق دوختۇرخانىلىرىغىچە دائىرىنى ئىگىلىگەن ئىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش، تېببىي مەكتەپ بىلەن تېببىي مەكتەپ ئۇدۇلىدىكى 1-، 6- ۋە 7- كالونلار ئارىسىدا بولغان ئىدى. بۇ كالونلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئېغىر تىپتىكى قوراللار بولۇپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك تېببىي مەكتەپ تەرەپكە قارىتىپ ئوق ئاتاتتى ۋە تۈيۈقسىز ھۇجۇم قىلاتتى. تېببىي مەكتەپتىنمۇ كالونلارغا قارىتىپ توپ ئاتاتتى، ھەر ئىككى تەرەپ توپ ئوقى ئېتىپ ئۆز ئارا بىر - بىرىگە پاراكەندىچىلىك سالاتتى.

تېببىي مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى دەرۋازىنىڭ ئالدىغا قاتمۇ - قات پارتلاتقۇچ بومبا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى، بۇ بومبىلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە ئىنچىكە سىم بىلەن چېتىلغان بولۇپ، سىرتتىن بىرەر ئادەم كىرىشى ھامان پارتلايتتى. مەكتەپنىڭ ئىچىدە دەرەخزارلىق بار ئىدى، ئۇمۇ گرانات، قول بومبىسى بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىدى. تېببىي مەكتەپنىڭ ئۆگزىسىدىمۇ ئېغىر پىلموت ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى، مەكتەپ بىناسىنىڭ ئالدى 5 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولانغان بولۇپ، يەر ئاستى ئاكوپلار بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىدى، قارشى تەرەپتىن بىر كىم يەر ئاستى بىلەن كەلسىمۇ بىلىنىپ قالاتتى.

22- ئاپرېل كۈنى كەچتە تېببىي مەكتەپ تەرەپتە تۈيۈقسىز پارتلاش يۈز بېرىپ كەينىدىن ئالىمان - تالامان بىر توپ ئادەملەر ئۇسۇپ كىرگىلى تۇردى، بۇ ئادەملەر تېببىي مەكتەپنىڭ

www.uyghurkitap.com



قىزىل كۆۋرۈكى تەرەپتىكى سوقما تامنى پارتلىتىپ پارتلىغان كامارىدىن ئۆسۈپ كىرىشكەن ئىدى. مەن مەرھۇم جالال بىلەن مۆكۈدىشىپ ئولتۇراتتىم، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇلار قىستاپ كەلدى، بىز ئوق ئۈزۈشكە ئاتلانغۇچە قاراۋۇلدىكىلەر قوماچ قورۇغاندەك ئوق ئېتىپ ئۇلارنى قاچۇردى، ئۇلارنىڭ شەپىسىنى قاراۋۇلدىكىلەر ئالدىن سەزگەن ئىكەن، نەچچىسى ئۆلدى بىلمىدۇق، ئۆلگەن ئۆلۈكلىرىنى ئېلىپ كېتىشكە ئۈلگۈردى، بىز تەرەپمۇ قېچىۋاتقانلارغا ۋە ئۆلۈك توشىغانلارغا ئوق چىقارمىدۇق، كېچىچە ئۇلار يەنە كېلىدۇ دەپ پەرەز قىلىپ ئۇخلىمىدۇق، ئەتىسى قاتمۇ ـ قات قاراۋۇل قويۇپ مۇداپىئەنى كۈچەيتتۇق، ئەپسۇس جالال بەختكە قارشى ئۆلۈپ كەتتى. سائەت ئىككى بولغان ئىدى. جالالغا قاراۋۇللۇق نۆۋىتى كەلگەن ئىكەن. ئۇ قاراۋۇللۇقتا تۇرغاندا، تېببىي مەكتەپنىڭ قىزىل كۆۋرۈكى تەرەپتىكى قىيادا تۇرغان ئىكەن، قومۇشلۇقتىن بىر ئۈزۈن چا يىلان ئۈدۈل جالالنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، جالال قولىدىكى ئاپتوماتنىڭ پاينىكى بىلەن يىلاننىڭ بېشىغا بىرنى ئۇرۇشىغا، ئاپتوماتتىن بىر تال ئوق چىقىپ كېتىپ قېلىپ، جالالنىڭ پېشانىسىگە تېگىپ شۇ ئان جان ئۈزۈپتۇ، جالال قازاق يىگىت ئىدى. بەزىلەر ئۇنى قىرغىز ئىدى، دەيدۇ، ئۇ ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ قارىغا ئېتىش تىرنىرى ئىدى، ئۆزى كېلىشكەن، ياش، ئويۇن - چاقچاقچى، كېلىشىملىك بىر شەخس ئىدى.

1968 ـ يىل 23 – سېنتەبىر كۈنى يەنە بىر قاتتىق جەڭ بولدى، بۇ قېتىمقى جەڭ 4 ـ دالائارمىيىسى بىلەن 8 ـ دالائارمىيىسى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىدى، بۇ ئۇرۇشتا 16 ئادەم ئۆلۈپ، 17 ئادەم ئېغىر يارىدار بولغان ئىدى. 8 ـ دالا ئارمىيىسى ۋاڭ ئېنماۋنى يوقىتىدىغان كۆز قاراشتىكى تەشكىلات بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنى ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى مۇستەقىل 3 ـ باتالىيوندا ئىدى، ھەر ئىككى تەرەپ بىڭتۇەننىڭ ئادەملىرى بولۇپ، ۋاڭ ئېنماۋنى قوغدايمىز، يوقىتىمىز دەپ ئىككى قاشقا بۆلۈنگەن رىقابەتچىلەر ئىدى. 4 ـ دالا ئارمىيىسى كۆز قاراش تەرەپتىن سانسوخۇي بىلەن بىر قاراشتا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، زاۋۇتنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى بالخانىسىغا ئېغىر تېپتىكى ستانكىۋاي پىلموتىتىن ئىككىنى ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى، ستانكىۋاي پىلموتنىڭ ئوقى مۇستەقىل 3 ـ باتالىيون تەرەپكە ئېتىلىشى بىلەن، پىلموتنىڭ ھىمايىسىدە پىيادە قىسىم قوراللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئىدى. ئۇرۇش ئەتىگەن سائەت يەتتىلەردە باشلانغان ئىدى، ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئۈستىدىن چىققان پىلموتنىڭ ئاۋازىدىن پۈتۈن شەھەر خەلقى كوچىغا چىقالماي ئۆيلىرىدە ياتقان ئىدى، شەھەرنىڭ كوچىسىدا شۇ كۈنى خەلقنىڭ دېيىشىچە بىرمۇ ئادەم قالمىغان ئىكەن. بۇ ئۇرۇشنى قوللىغان ئۇن زاۋۇتتىكىلەر، 4 ـ دالا ئارمىيىسىنىڭ غەلىبە قىلىشى

ئۇچۇن ئۆز قولىدىكى يارىملىق قورالنىڭ بىر قىسمىنى ئۇلارغا بەرگەن ئىدى. ئۇرۇش جىق ئادەمنىڭ ئۆلۈشى بىلەن، ھەربىي رايوندىكىلەرنىڭ توسۇشى ۋە نەسىھىتى بىلەن ئاخىرى ئاخىرلاشتى. ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بىزدىن بەزى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمۇ قاتناشقان ئىدى، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا، پىلىموت ئاتقان يەرگە بارساق ئۇششاق باللار مىشەك يىغىۋېتىپتىكەن، شۇ كۈنى ئېتىلغان پىلىموت ئوقىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئابلەت سېرىق يەتكۈزۈپ بەرگەن ئىدى، ئابلەت سېرىق قەشقەر شەھىرىدىكى شۇ زاماننىڭ پالۋان نوچىلىرىدىن بىرى ئىدى، ئۇ كۈچلۈك باتۇر مەردلىكى بىلەن نام چىقارغان ئىدى، پىلىموت ئوقىنى ئاجىز خىتايلار 6 - قەۋەتكە يەتكۈزۈپ ئۆلگۈرتۈپ بېرەلمىگەنلىكتىن، ئابلەت سېرىق ئۇ خىتايلارنى ئىتتىرىۋېتىپ، بىر يەشىك ئوقنى ئۆزى يالغۇز ئۈشىنىسىگە ئېلىپ، بىر يەشىك، بىر يەشىكتىن كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ ئۈلگۈرتۈپ بېرەلىگەن ئىدى. ئۇنى كۆرگەن خىتايلار ھاڭ - تاڭ قالغان ئىدى. ئابلەت سېرىق كېيىنكى چاغلاردا، «ئەكسىلئىنقىلابىي» تەشكىلاتقا ئەزا بولغانلىقى ئۈچۈن بىز بىلەن تۈرمىدە بىللە ياتقان، ئىنشا ئاللاھ ھازىرمۇ بەلكىم ھاياتتۇر!

ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ، ئۇرۇشنىڭ جاراھىتى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپ، بىزنىڭكىلەر ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئىچىدە يېڭى تېپتىكى قورال ياساپ سىناق قىلغىلى تۇرغان ئىدى، ئۇ قورالنىڭ ئىسمى 203 دەپ ئاتىلاتتى. ئۈچ تال تۇرۇبىنىڭ ئىچىگە ئوخشىمىغان مىقداردا پارتلاتقۇچ دورا قاچىلاپ، پىلىكىگە ئوت ياقسا، يىراققا بېرىپ پارتلايدىغان، زەربە بېرىش كۈچى بىر قەدەر زور بولغان ۋەھشىي قورال ئىدى. سىناق مەيدانىدا بىر خىتاي تېخنىك ئۆزى ياسىغان قورالدا، سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماي ئۆلگەن ئىدى، ئۇنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرى ھەممە يەرگە تارقىلىپ، ئۇنىڭ ئاخىرقى دەپنە ئىشلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىۋاتقان ئىدى، بىز ئادەتتە خىتايلارنىڭ ئۆلۈم ئىشىغا ئارىلاشمايتتۇق، ئۇ كۈنى مەن شامالباغ تەرەپكە بىر ئىش بىلەن كەتكەن ئىدىم، شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ رېژىسسورى مەخەت ساراڭ دېگەن بىر ئاغىنىمىز بار ئىدى، ئۇمۇ بىز بىلەن بىر سەپتىكى كىشىلەردىن ئىدى، ئۇ خىتاينىڭ ئۆلۈمىگە كېلىپ قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ: «ۋاي قېرىندىشىم، ياش كەتكەن قېرىندىشىم، مىڭلاپ كېلىپ بىرلەپ ئۆلۈپ قاچان تۈگەرسەن قېرىندىشىم» دەپ، ئۇن سېلىپ يىغلاپتۇ، دېمىسىمۇ ئۇنىڭ جەستى كىشى تونۇمىغۇدەك تىتما كاتاڭ بولۇپ كەتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ جەستىنى تونۇشمۇ تەس بىر ھالەتكە چۈشۈپ، كۆرگەنلەرنىڭ دېيىشىچە ئۈچەيۋاغىرىدىن تارتىپ، كىندىكىنىڭ ئاستىغىچە پارە - پارە بولۇپ كەتكەن ئىكەن، ئۇنى كۆرگەن خىتايلار نېمە قىلىشنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرغاندا، مەخەتنىڭ يىغىسى ھەممىگە تەڭ تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ، كەينى - كەينىدىن ئېسەدەپ يىغلاپ، ماڭغىلىرى

چۇۋۇلۇپ كېتىپتۇ، يىغا زارىنىڭ ئاۋازى پۈتۈن ئۆن زاۋۇتىنى بىر ئاپتۇ، مەخەتنى ھەقىقەتەن ياخشى يولداش ئىكەن، دەپ ئېغىزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپتۇ، مەخەتنىڭ نېمە دەپ يىغلىغىنىنى، ھېچ كىم سەزمەپتۇ ھەم چۈشەنمەپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، مەخەت ئۆزى ئۇ سورۇندا بولغان ئىشنى قىزىقچىلىق بولسۇن ئۈچۈن ناكەستى ئاغىنىلىرىگە ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان بىر «ئاغىنىسى» يازما ماتېرىيال قىلىپ، ھەربىي ۋەكىلگە مەلۇم قىلىپتۇ، ھەربىي ۋەكىل ئۆن زاۋۇتىغا كېلىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ يىغلىغان يىغىنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن يىغلىغان خىتايلار قاتتىق ئوسال بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىكى قوزغىلىپ، ئۇنى قاتتىق جازالاشنى ئېيتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن مەخەتنىڭ كونا - يېڭى گۇمانلىق ئىشلىرى كولىنىپ، قانۇنى تۇتۇپ تۈرۈشقا تەستىق سېلىنىپتۇ، تۇتۇش ئۈچۈن كەلگەنلەر ئالدى بىلەن سىلىگبۇنغا كىرىپ، سىلىگبۇنىڭ رۇخستىنى ئېلىپ، ئاندىن تۇتۇشى كېرەك ئىدى. سىلىگبۇنىڭ رۇخستىسىز ئادەم تۇتسا، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قارشىلىققا ئۇچرايتتى، شۇ ۋەجدىن تۇتقىلى كەلگەنلەر سىلىگبۇغا كىرىپ، كېلىش مەقستىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. سىلىگبۇدىكىلەر بۇ ئىشنى ئۇيغۇر باشلىقلارنىڭ سەمىگە سېلىپ بىر ئىش قىلايلى، دەپ ئابدۇرېھىم ھەسەن، مۇھەممەد ئىلى ئابدۇكېرىم، ئەييوپ ئاخۇن دېگەنلەرنى تېپىپ ئۇلارنىڭ ماقۇللىشى بىلەن مەخەتنى تۇتۇپ، ھەربىيلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ، ئۇ زاماندا پۈتۈن ساقچى، ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھەربىي رايوندىن ھەربىيلەر ئىدارە قىلاتتى، يەرلىك كادىرلارنىڭ ھەممىسى ئۆگىنىش كۇرسىدا نەزەربەندتە ئىدى.

مەن قارا جۇلدىكى جەڭدە ئەسىرگە چۈشۈپ، جىنايى جازاغا تارتىلىپ، كېسىلىپ ۋىلايەتلىك تۈرمىدە قاماقتا ياتقان كۈنلىرىم ئىدى. بۇ 1970 - يىلى 9 - ئايلار ئۆپچۆرىسىدە بولغان ئىش ئىدى. بىزنى ئايدا بىر قېتىم ياكى 20 كۈندە بىر قېتىم ئاپتاپقا ئاچىقىپ ھاۋالاندۇراتتى. ئۇ كۈننى «يورۇق دۇنياغا چىققان كۈنىمىز» دەپ ئاتايتتۇق، چۈنكى تۈرمىگە كۈن نۇرى چۈشمەيتتى. ئۈچ كىشىلىك كامېرنىڭ پولات ئىشكىلىك كىچىككىنە تۆشۈكىدىن ھەر كۈنى ئىككى ۋاخ تاماق بېرىپ، تەرەت قاچىلىرىمىزنى بوشىتىۋېلىش ئۈچۈن خالاغا بېرىشقا ئازغىنە ۋاقىت بېرەتتى. شۇ باھانىدە قاچىلارنى بىكارلاپ كېلىۋالاتتۇق، باشقا ۋاقىتتا ئۆيىنىڭ ئىچىگە تاھارەت قىلىپ ياشايتتۇق، ئاپتاپقا ئەپچىقىدىغان نۆۋەت كەلگەن كۈنى ئىدى، ئاپتاپقا چىقتىم، مەخەت تېخىچە تۈرمىدە بار ئىكەن، ئۇنىڭغا سالام قىلسام، «بىزنى كۈن ئالغىلى قويۇۋېتىشسىلا، بىر ئېغىز گەپ قىلغانىغا، ھېلىغىچە تۈرمىدە يېتىۋاتىمەن، سىلىنىڭ كەينىلىرىدىن مېڭىپ، تېگى يوق ئىنقىلابتا ئاز خاپىلىق تارتىمىدىم، سىلە بىلەن

گەپلەشكەننى بىرى كۆرسە، زادى بۇ نېمىلەرنىڭ چېتىشلىقى بارىكەن دەپ، مېنى يەنە ئۈزۈن قاماپ قويىدۇ، ماڭا گەپ قىلمىسىلا!» دەپ، غىپىلداپ كەتتى. مەن قورقما، بىز ھېچ ئىش قىلمىدۇق، سەن بىلەن بىزنىڭ ئىشىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى يوق، دېسەممۇ، «غوجام، خۇدا ھەققى گەپ قىلمىسىلا، سىلە يەنە ھېچ ئىش قىلمىدۇق دېيىشىۋاتىلا، ھەربىرلىرى بالا ـ قازا ئىكەنلا، شۇنچىلا ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە تېخى ھېچ ئىش قىلمىدۇق، دېيىشىلا، يەنە نېمە قىلسىلىرى بولاتتى، بولدى قىلسىلا، ماڭا گەپ قىلمىسىلا، بىرى كۆرۈپ قالسا ئىشنىڭ چوڭى چىقىدۇ» دەپ، كېتىپ قالغان ئىدى. كېيىن ئۇنى قويۇپ بەرگەن ئىكەن، بەلكىم ئىنشا ئاللاھ ھېلىمۇ ھايات باردۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



# تۆتىنچى باب

## قورالىق قوزغىلاڭغا ھازىرلىق

### 1- ئېچكى تاشقى ۋەزىيەت

1968 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە،«ماۋ زېدوڭ ئۆزى باشلىغان ۋە ئۆزى قوزغىغان، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، ماۋ زېدوڭ ئۆزى باشقۇرۇلمايدىغان، ئايىغىنى قانداق يىغىشتۇرۇشنى بىلمەيدىغان قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنىدى. ئارمىيە ئىچىدىمۇ ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار تۇپەيلىدىن، ۋاڭ ئېنماۋنى قوغدايمىز، يوقىتىمىز دېگەن ئىككى خىل سەپ ئايرىلىپ چىققان ئىدى. بۇ ئىككى خىل سەپتىكىلەرمۇ ئۆز كۆز قاراشتىكىلەرنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ، ئالدىغا تارتىپ، ئاستىرتىن سۈكۈت بېرەتتى.

شەھەردىن يېزىلارغىچە، يېزىلاردىن ناھىيىلەرگىچە ھەممە يەردە قوراللانغان كىشىلەر كوچىلاردا خالىغانچە يۈرەتتى، مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىشتىن بۇرۇن، يېزىلاردىكى كىچىك ئەترەتتىن تارتىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتكىچە، خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەپ، كىچىك ئەترەتتە بەن، دادۈيدە پەي، يېزىلىق ھۆكۈمەتتە باتالىيون، ناھىيىدە پولكلار قۇرۇلغان ئىدى. ھەممىسىگە قورال تارقىتىپ بەرگەن ئىدى. بۇ ئىش جاڭچىڭنىڭ«ھەممە خەلق ئەسكەر بولۇش» دېگەن چاقىرىقىنىڭ ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. ھەر ھەپتىدە خەلق ئەسكەرلىرى ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىپ، قورال ئېتىش، گىرانات تاشلاش، نەيزىۋازلىق قاتارلىق جەڭ ماھارەتلىرى مەشىق قىلغاچقا، كىشىلەرنىڭ كۆپچە قورال ئېتىش تېخنىكىسىنى بىلىۋالغان ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىشى بىلەن، پۈتۈن قوراللار يىغىۋېلىنىپ نەلەرگىدۇر ئېلىپ كېتىلگەن ئىدى.

خەلقئارا ۋەزىيەتمۇ جىددىي ئىدى، گېزىت، ژۇرناللاردا، رادىئو كانايلىرىدا، شەرقىي شىمالدىكى جېنباۋداۋ ئارىلىدا ئۇرۇش بولۇۋاتقانلىقىنى، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ زېمىن تالىشىپ، ئۇسسۇرى دەرياسى بويىدا خىتاي ئارمىيىسى بىلەن ھەركۈنى دېگۈدەك جەڭ

قىلىۋاتقانلىقىنى تەشۋىق قىلىپ تۇراتتى. چەتئەل رادىئولىرى ھەر كۈنى دېگۈدەك خىتاي - سوۋېت چېگرا توقۇنۇشى قاتارلىق خەۋەرلەرنى بېرىپ تۇراتتى. تاشكەنت رادىئوسى بىلەن، ئالمۇتا رادىئوسى ھەر كۈنى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بېرىپ تۇرغاچقا، كىشىلەر رادىئونىڭ ئاڭلىتىش ۋاقتى كەلگەن ھامان شەھەر سىرتىغا چىقىپ توپ - توپ بولۇپ، رادىئو ئاڭلايتتى، ئاڭلىغان خەۋەرلىرىنى قۇلاقتىن - قۇلاققا يەتكۈزۈپ تۇرۇشاتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە «ۋەتەننى قۇتقۇزۇش» رادىئوسى پەيدا بولۇپ، بۇ رادىئوغا كىشىلەر تېخىمۇ قىزىقىدىغان بولغان. ئۈچ ئادەم بىر يەرگە كەلسە، ۋەتەن قۇتقۇزۇش رادىئوسى ھەققىدە بىر - بىرىگە خەۋەر يەتكۈزىدىغان ئادەت شەكىللەنگەن ئىدى. بىزمۇ ھەركۈنى دېگۈدەك ۋەتەن قۇتقۇزۇش رادىئوسىنى ئاڭلايتتۇق، بىر كۈن ئاڭلىيالمىساق، يېگەن تامىقىمىز گېلىمىزدىن ئۆتمەيتتى. بۇ رادىئونىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ ئىدى. بەرگەن خەۋەرلىرىنىڭ ھەممىسى يېڭىلىق بولۇپ، ۋەتەندە بولۇۋاتقان كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئەينەن بېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ رادىئو ئىستانسىسىغا ھەممە ئادەم قىزىقىدىغان بولغان.

شۇنداق جىددىي ۋەزىيەت پەيدا بولغان شارائىتتا، ماۋ زېدوڭ: «شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ، سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىدىن كېلىدۇ» - دېگەن، «تەلىماتى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقنىڭ دىققىتىنى سوۋېتلار ئىتتىپاقىغا قاراتقان ئىدى. خەلق نەزىرىدىمۇ، چوقۇم بىر ئىش بولىدۇ، ئەتە ئۇلار بېسىپ كىرىدىكەن، خروشوۋ بىلەن جۇ ئىنلەي ئۇرۇشۇپ قاپتۇ، ماۋ زېدوڭ، خروشوۋنى تىللاپ موسكۋانى كۇمپەيكۇم قىلىۋېتىمەن دەپتۇ. سوۋېتلىكلەر بېيجىڭنى تۆت سائەت ئىچىدە تۈپتۈز قىلىۋېتىمەن، دەپتۇ دېگەندەك پاراڭلار خەلق ئاغزىدا ئاشكارا تارقىلىپ يۈرەتتى. ھەربىي رايوننىڭ ھەر بىر ئىدارىدىكى ھەربىي ۋەكىللىرىمۇ، ھەر قايسى ئىدارىدىكىلەرنى يىغىپ، ھە دېسە سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنى پىپەن قىلىشقا مەجلىس ئۇيۇشتۇرۇپ، كىشىلەرنى سوۋېتلار ئىتتىپاقىدىن نەپرەتلىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى.

ناھىيىدىن يۇقىرى كومپارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر كادىرلار ئارىسىدا بۇ گەپ تېخىمۇ ئەۋج ئالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە: «جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىر ھۆججەتلىك فىلىم كۆرسىتىپتۇ، بۇ فىلىم قەتئىي مەخپىي فىلىم ئىكەن، فىلىمدا، سوۋېتلار ئىتتىپاقىدىكى ۋەتەننى قايتۇرۇۋېلىش ئارمىيىسى، ھەربىي مانېۋىر ئېلىپ بېرىپتۇ، ئۇلار ئاسماندا تۇرۇپ دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىدىكەن، ئايروپىلاندىن ئايروپىلانغا ئۆتۈشۈپ، پاراشۇتتىن پاراشۇتقا ئۆتۈپ دۈشمەن ئەسكىرى بىلەن ئاسماندا ئۇرۇش قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ئۇيغۇر ئەسكەرلەر ئىكەن، ئۇلار ھەرقىتىمقى جەڭدە

قانداقتۇر شەرقىي تۈركىستاننى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئالغا! ئاخىرقى نەپىسىمىز قالغۇچە شەرقىي تۈركىستاننى قولغا كەلتۈرىمىز...!» دېگەن مەزمۇندىكى فىلىم ئىكەن، بۇنى كۆرگەن ئۇيغۇر باشلىقلار، بۇلۇڭ - بۇلۇڭدا كۆرگەنلىرىنى ئېيتىماي - تېمىتماي ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا يەتكۈزگەن ئىكەن. بۇ پاراڭلار خەلق ئاغزىدا كۆچۈپ يۈرىدىغان بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماۋ زېدوڭ يەنە بىر «تەلىمات» نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، «ئاشلىقنى كەڭرى جۇغلاپ، لەخمىنى چوڭقۇر قىزىڭلار!» دەپ، پۈتۈن خەلقنى ئاشلىق تېجەشكە، ئاشلىق ئىقتىساد قىلىشقا، ھەر قايسى يېزا، ناھىيە — شەھەرلەرنى ئۇرۇش تەييارلىقى ئۈچۈن ئاشلىق يىغىشقا چاقىرىق قىلغان ئىدى. مەھەللە - مەھەللىلەردە ئاكوپ (يەر ئاستى يولى) كولاش ئەۋج ئالغان ئىدى. مېنىڭ بىلىشىمچە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاستى، يەر ئاستى يول بىلەن تۇتۇشۇپ بولغان ئىدى. ئۇ يوللارنىڭ بەزىلىرىگە ماشىنا كىرەلەيتتى، مىڭلىغان ئىنساننى سىغدۇرالايدىغان يەر ئاستى يوللىرى تەرەپ - تەرەپتىن كولىنىشقا باشلانغان ئىدى. ئىچكى خەۋەرلەردە بىلدۈرۈلۈشتە، دۈشمەننىڭ ئايروپىلانلىرى 15 مىنۇت ئىچىدە قەشقەر شەھىرىنى بومباردىمان قىلىپ، قايتىپ كېتەلەيدۇ، پاراشۇتچى ئايروپىلانلىرى 20 مىنۇتتا پاراشۇتچىلارنى توشۇپ كېلىپ، قەشقەر زېمىنىغا تاشلىيالايدۇ، شۇڭا بومباردىماندىن ساقلىنىش ئۈچۈن يەر ئاستى يولنى پۇختا كولاش لازىم - دېيىلگەن ئىكەن.

خىتاينىڭ زوۋانى بولغان خەلق گېزىتى، شىنجاڭ گېزىتى، قەشقەر گېزىتلىرىدىمۇ، خىتاي بىلەن سوۋېت ھەققىدىكى توقۇنۇش خەۋەرلىرىنى كۆنلۈكى كۆنلۈك بېرىپ تۇراتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن گېزىتنىڭ بازىرىمۇ چىقىپ قالغان ئىدى، گېزىت كۆرىدىغانلارنىڭ سانى شۇ زاماندا كۆپەيگەن ئىدى.

## 2- ئالاقە ئورنىتىش

شۇ يىللاردىكى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ تەشكىلى قۇرۇلۇشنى يېزىلارغىچە كېڭەيتىش ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئىشەنچلىك كۈچلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، قوشۇن زورايتىش، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بولۇپ قالغان ئىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزى بيۇروسى، قەشقەرنىڭ جۇغراپىيىۋى تەبىئىي شارائىتى ۋە قەشقەرنىڭ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، قەشقەردە كۆلىمى بىر قەدەر زور بولغان قوراللىق قوزغىلاڭنى ئېلىپ بېرىشنى، ئاخۇنوپ باشچىلىقىدىكى قەشقەر بيۇروسىغا (جەنۇبىي تەڭرىتاغ بيۇروسى دەپمۇ ئاتىلاتتى) تاپشۇرغان ئىدى. (مەن بۇ ھەقتىكى خەۋەرنى

پەيلو مەيدانىدىكى ۋاقتىمدا باشلىقلىرىمدىن ئاڭلىغان ئىدىم. مەن بۇ يەردە پەقەت پاش بولۇپ، جىنايى ئەنزە قىلىنىپ بېكىتىلگەن قىسمىنىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن).

ئاخۇنوپ تاپشۇرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، بېيرونىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، ھەربىكەت لايىھىسىنى بېكىتىپ، قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلىش پىلانىنى تۈزىدۇ، قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ باش قوماندانلىقىغا يەنىلا ئاخۇنوپ سايلىنىدۇ، قەشقەر بېيۇروسىنىڭ باشقا ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى تۇردى ئىلگە قالىدۇ. تۇردى ئىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى، شەرقىي تۈركىستاندا تونۇلغان سىياسىيون، پەلسەپىچى، مائارىپچى ئىدى. ئاخۇنوپنىڭ يېقىن سەپداشلىرىدىن بىرى بولۇپ، قەشقەر بېيۇروسىنىڭ مۇئاۋىن باش سېكرېتارى ئىدى.

ئاخۇنوپ شۇ يىلى 55 ياشتا ئىدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش باشقارمىسىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى ئىدى. ئۇ 1944 - يىلى 12 - نويابىر غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي ئارمىيىسىدە خىزمەت قىلغان پېشقەدەم ھەربىي ئوفىتسېرلىرىدىن ئىدى، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ پىرېزدېنتى مارشال ئەلىخان تۆرە ئىدى. مىللىي ئارمىيىدە خىزمەت قىلغان ئاخۇنوپ، غۇلجىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق ئۇرۇشىدىن تارتىپ، تاكى 1962 -يىلىدىكى خىتاي - ھىندىستان ئۇرۇشىغىچە بولغان ئارىلىقتا باشتىن ـ ئاياغ پولكوۋنىك ئۇنۋانىنى ساقلاپ قالغان ئىدى. ئۇ قەشقەردە تۇرۇشلۇق 3 - ئاتلىق پولك يەنى 9994 - قىسمىنىڭ پولكوۋنىكى ئىدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا قەدەر، ئاخىرقى ھاياتىنى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بېغىشلىغانىدى. مەرھۇمنىڭ تەرجىمھالىنى كېيىنكى بابتا شەرھلەپ ئۆتمەكچىمەن.

قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىكىگە سايلانغان ئاخۇنوپ، ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلىشى ۋە تېز ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن، يەر ئاستى تەشكىلاتلارنى جانلاندۇرۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئوبلاست، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەر بىلەن بولغان زەنجىرسىمان مۇناسىۋەتنى ئېلىپ بارىدۇ. ھەر قايسى ناھىيىلەردە پارتىيە تەشكىلى قۇرۇلمىسىنى قۇرۇشقا باشلايدۇ ۋە كېڭەيتىدۇ. مەسىلەن: توققۇزاق ناھىيىلىك خىتاي پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ئابلەت شۈجىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىگە ئەزا قىلىپ قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، يەنىلا شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى توققۇزاق ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ياردەمچى مۇئاۋىنلىقىغا بەشكېرەم ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى ئىيسا ئىبراھىمنى تەيىنلەيدۇ، قوراللىق قوزغىلاڭ ئاخىرلاشقاندا، خىتايلار ئابلەت شۇچىنى قولغا ئالىدۇ ۋە تۈرمىدە قىيىن ـ قىستاققا ئالىدۇ، ھېچ نېمىنى ئىقرار قىلمايدۇ، ئابلەت شۇجىدىن شال پاخىلىغا ئېرىشەلمىگەن خىتاي كوممۇنىستلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنى دوختۇرخانىدا مەخپىي زەھەرلىك ئوكۇل سېلىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئىيسا ئىبراھىم 15 يىللىق كېسىلىپ پەيلو مەيدان تۈرمىسىدىن چىقىپ ۋاپات بولدى.

مەن ئىيسا ئىبراھىم بىلەن بىر ئەترەتتە بىللە تۇرغان ئىدىم، ئۇ كېلىشكەن، پىكىرچان، يىراقنى كۆرەلەيدىغان، پەم ـ پاراسەتلىك، مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى، چىقىشقاق بىر ئىنسان ئىدى، تۈرمىدە ئېغىر كېسەللىك ئازابىنى تارتىپ، ساقىيالمىغان ئىدى. خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇنى داۋالاش چىقىمىدىن قېچىپ، تۈرمە سىرتىدا ئىجراقىلىش نامىدا ئۆيىگە كېپىللىككە بەرگەنىدى. ئۇ تۈرمىدىن چىقىپلا ۋاپات بولدى. مەرھۇمنىڭ ئۆلۈمى ناھايىتى كاتتا داغدۇغا بىلەن ئۇزىتىلدى، ئۆلۈم دەپنە مۇراسىمىغا ئۇنى تونىغان ـ تونىمىغان كىشىلەر قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئاڭلاپ، كېلىپ قاتنىشىپ، جىنازا نامىزى تاس قالدى نامايىشقا ئايلىنىپ كەتكىلى. بۇ جىنازا نامىزىدىن ھەيران قالغان خىتاي كوممۇنىستلىرى، يەنە بىر قېتىم خەلقنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرىغا بولغان غەزىپىنىڭ نە قەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن! ئامىن!

توققۇزاق ناھىيىسىگە تەۋە بولغان بۇلاق سۇ، ئوپال، تاشمىلىق ۋە ئويتاغ قاتارلىق رايونلارمۇ قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىش لىنىيىسى بولۇپ، تاكى تاشقورغاننىڭ چەتئەل بىلەن چېگرىنىلىندىغان ئافغانىستان، پاكىستان..... قاتارلىق يەرلەرمۇ قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىش خەرىتىسى ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن ئىدى...

يوپۇرغا، يەكەن، مارالبېشى ۋە ئۇنىڭ دائىرىسىدىكى سېرىق بويا، ئاقساقمارال، چوڭقۇرچاق، ئاۋات، يېڭى ئۆستەڭ ھەمدە يەكەننىڭ بىر قىسىم يېزىلىرىمۇ بۇ ھەرىكەت لايىھىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ رايونلاردا ئاخىرقى ھېسابتا ئاز بولمىغان كىشىلەر تۈرمىگە تاشلانغان ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىسىملىكى ۋە باتۇرلۇق ئىش ـ ئىزلىرىنى خۇدا خالىسا كېيىن يازارمەن، ئىنشا ئاللاھ!

## 3 ـ قوزغىلاڭ ھارپىسىدىكى تۇتقۇن

شاكىرجاننىڭ ئۆلۈمى- شاكىرجان مۇسا، كونا شەھەر ناھىيە، بەشكېرەم يېزا، بەشتوغراق

كەنتىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى ۋە بىر قىزى بار.

ئۇ شۇ زاماندا تونۇلغان يازغۇچى، شائىر دراماتورگ ئىدى. ئۇ قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كەسپى يازغۇچىسى ئىدى. ئۇنى خىتاي كوممۇنىستلىرى بىر كېچىدىلا تۇتۇپ ئاچقىپ كەتتى، ئۇ شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇ تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن، ئوخشىمىغان رەزىل ۋاستىلارغا دۇچ كېلىپ، قىيىن ـ قىستاققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ساتقۇنلۇق قىلمىدى، ھېچ نەرسىنى دېگىلى ئۇنىمىدى، گەرچە ئۇنىڭ يېقىن بىر «ئاغىنىسى» خائىنلىق قىلىپ ئۇنى ساتقان بولسىمۇ، تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن ھەممىنى ئىنكار قىلغان ئىدى، ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن جەمئىيەتتىكىلەر تامامەن خەۋەردار ئىدۇق، ئەڭ ئاخىرى خىتاي دائىرىلىرى ھەرخىل رەزىل ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى.

ئۇنىڭ جەسىتىنى ئۆيىگە بەرگەندە،«قەشقەر شەھىرىدە دەپنە قىلماسلىق، يۇرتى بەشكېرەمدە دەپنە قىلىش، جىنازا نامىزى ئۇچۇن ئادەم چاقىرماسلىق، رەسمىگە ئالماسلىق، داۋراڭ سالماسلىق، يىغا - زارى قىلماسلىق.... قاتارلىق» شەرتلەر بىلەن قوراللىق ساقچى بەشكېرەمگە بىللە ئېلىپ كېلىپ دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەرلىك ساقچى دائىرىلىرىگە جىق گەپلەرنى تاپىلاپ كىرىپ كەتكەن ئىكەن.

ئاتا-ئانىسىنىڭ دېيىشىچە، شاكىرجاننىڭ پۈتۈن بەدىنى ئىسكەنجە دەستىدىن  قان ـ يىرىڭغا توشۇپ، كۆكىرىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇنى كۆرگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۆزىنى باسالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتسە، شەھەردىن چىققان ھەربىيلەر، يەرلىك ساقچىلار ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئاتا - ئانا، بالا-چاقىلىرىنى ئايرىم بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپ دەپنە قىلغان ئىكەن. بىز ئۇ ۋاقىتتا ھەدەپ قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىق ئىشى بىلەن بەند ئىدۇق. ئۇنىڭ شېرىكلىرى قوزغىلاڭ ئاخىرلىشىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن، يوپۇرغا ناھىيىسىدە چوڭ تۇتقۇن بولغاندا، شاكىرجاننىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىشلىرىنى ئۇلار پاش قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقاردى، ئۇنىڭ شېرىكلىرى ئۆز ئېغزى بىلەن ئىقرار قىلىپ، بالاغا قېلىپ، قىلتاققا چۈشۈپ، ئالدى مۇددەتسىز، ئاخىرى 15 يىل كېسىلىپ، مەن بىلەن پەيلو مەيداندا جىنايى جازا مۇددىتىنى ئۆتىدى. مەرھۇم شاكىرجاننىڭ ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن، ئامىن!

مىجىت ئەپەندى(مىجىت ھېلىم) نىڭ ئۆلۈمى- مىجىت ئەپەندى ئەسلى، ئۇستۇن ئاتۇش، قايراق يېزىسىدىن ئىدى. كېيىن قەشقەر شەھىرى يۇملاق شەھەر كومتېتىدا ئولتۇرغان. مەرھۇم جامائەتكە تونۇلغان، ھېلىم ئەپەندىنىڭ پەرزەنتى ئىدى. ئۇ كىشىمۇ ئاخۇنوپقا ئوخشاش، مارشال ئەلىخان تۆرە پىرىزدىنتلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام

جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي ئارمىيىسىدە باشتىن ئاخىر سىياسىي بۆلۈمدە خىزمەت قىلغان، شەرقىي تۈركىستان جامائەتچىلىكىگە تونۇلغان، سىياسىيون، ناتىق، ھەربىي ئەمەلدار كىشى ئىدى. ئۇ قەشقەر خەلق كىنوخانىسىنىڭ مۇدىرى ئىدى. خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، بۇ ھەربىي ئەمەلدار يىقىلا - يىقىلا تۆۋەنگە چۈشۈپ، نەچچە قازاندا قايناپ، كىيىمگەن قالپىقى قالماي، ئەڭ ئاخىرىدا كىنوخانىنىڭ مۇدىرلىقىدا قالغان ئىدى. ئۇ سۆزمەن، ئاددىي - ساددا، ئامىباب، چوڭچىلىقى يوق، چوڭ ـ كىچىك ئادەملەرنى كۆرسە سالام قىلىپ ماڭىدىغان بىر ئىنسان ئىدى. بىز ئۇ ئارقىلىق مىللىي ئارمىيىنىڭ پەزىلەتلىرىگە شاھىت بولدۇق. مەن ئۇنىڭ ھېيتگاھنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا، ئاپتاپ چىققان كۈنلىرى، ياكى يازنىڭ سالقىن كۈنلىرى، داۋاملىق چاچ - ساقاللىرىنى سەھەردىن كېلىدىغان، قېرى، ئاجىز، ساتىراشلارغا ئالدۇرىدىغانلىقىنى كۆرەتتىم، مەن ھەيران قالاتتىم، قەشقەردە شۇنچە ئېسىل ساتىراشخانىلار تۇرسا، نېمىشقا كوچىدا، ئوچۇقچىلىقتا ساقال ئالدۇرىدىغاندۇ؟ دەپ ئۆزىدىن سوراپ باققۇم كەلدى.

«بۇ ئادەملەر كەمبەغەل، يوقسۇل، ھەپتىدە بىر قېتىم شەھەرگە كىرىپ بىر كۈن ساتىراشلىق قىلىپ، بەش - تۆت تەڭگە پۇل تېپىپ، قايتىشىدا ئۆيىگە بىر جىڭ گۆش بىلەن تۆت گىردە ئېلىپ كەتسە، جاھانشۇمۇل خوش بولىدىغان كىشىلەر، شۇلارغا بولسىمۇ ياردىمىم تېگىپ قالارمىكىن دەپ، ئۇلارغا چاچ - ساقىلىمنى ئالدۇرىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ قولى ئاپتاپ كۆرگەن تاۋلانغان قول، چاچ ـ ساقىلىڭنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، سېنى راسا مۇجۇپ، قوللىرىڭدىن قاس چىقىرىپ سېنى يەڭگىللىتىپ قويىدۇ. ئۆزۈڭنى راھەت ھېس قىلىسەن» دەپ گەپ قىلىپ بېرىپ كۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ زاماندا چاچ ـ ساقال ئالسا، بەش موچەن، ساقال ئالدۇرسا ئۈچ موچەن بېرىدىغان زامانلار ئىدى، ئەمما، مىجەت ئەپەندى بىر سوم بېرىپ ئاشقىنىنى ياندۇرۇپ بەرسە ئالغىلى ئۇنىمايتتى.

مىجەت ئەپەندىنى تۇتۇپ، تۈرمىگە ئەكىرىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق، ھەممىمىز تەشۋىشكە چۈشتۇق، كىمنىڭ خائىنلىق قىلغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلدۇق. ئەمما، ھېچ بىر شەپىسىنى سېزەلمىدۇق. بىز قوراللىق قوزغىلاڭغا ئاتلىنىپ، تۇتۇلۇپ تۈرمىگە تاشلانغاندىن كېيىن، تۈرمىدىكى بىزدىن بۇرۇن كىرگەن باشقا جىنايەتچىلەردىن ئۇقساق، قىيىن ـ قىستاق، تىل ـ ھاقارەت، تاياق - توقماق ئازابىدىن نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئاچلىق ئېلان قىلىپ بىر ھېسابتا يەتتە كۈندە، بىر ھېسابتا 8 - كۈنى جان ئۈزۈپ ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالغان ئىكەن.

مەرھۇمنىڭ جەسىتىنى ئائىلىسىدىكىلەرگە بەرگەن ئىكەن. بىر تۇغقان سىڭلىسى ئايىمنىسا ھېلىم (خان) باش بولۇپ، ئۇكىلىرى ۋە بالا ـ چاقىلىرى بىلەن ئۆلۈمنى دەپنە

قىلغان ئىكەن. مەرھۇمنىڭ ئۆلۈم جىنازا نامىزى قەشقەر شەھىرىنىڭ ھېيتگاھ جامەسىدە ئوقۇلغان ئىكەن. جىنازىسى كوچىغا چىققاندىن كېيىن، جىنازا جامائەتنى نامايىشقا ئايلىنىپ كېتىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىگۇناھ قامالغانلىقىنى تۈرمىدە تۇرۇپ ئاڭلىغان ئىدۇق. مەرھۇم تۈرمىگە كىرىپ ھېچ نېمىنى ئىقرار قىلماي ئالەمدىن ئۆتتى. مېنىڭ باشلىقلىرىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئاخۇنوپتىن قالسا، قورالىق قوزغىلاڭغا ئائىت كۆپ ئىشنى مەرھۇم مىجىت ئەپەندى بىلەتتى، بىللە پىلانلىغان ئىدى، دېيىشكەنىدى.

مىجىت ئەپەندى ئائىلىسى ختاي نەزىرىدە: «پانتۈركىست، پانئىسلامىست ئائىلىسى» دەپ قارىلىپ كەلگەن ئائىلە ئىدى.

چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق قالپاق بىلەن ختايلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەلگەن ئائىلە ئىدى. مىجىت ئەپەندىنىڭ سىڭلىسى ئايىمنىسا ھېلىمنىڭ ئېرى مەرھۇم مۇھەممەد رەھىم گودەيزى (سابىق شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ ئالىي دەرىجىلىك تەرجىمانى، «ياشلىق ناخشىسى» كىتابىنى تەرجىمە قىلغان تەرجىمان) مۇ، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، 20 يىل كېسىلىپ بىز بىلەن بىللە تۈرمىدە ياتقانىدى. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن قەشقەر شەھەرلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىدە ياللانما تەرجىمان بولۇپ ئىشلىگەن ئىدى. مەرھۇم كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى، ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، ئامىن!

مەرھۇمنىڭ سىڭلىسى ئايىمنىسا ھېلىممۇ شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۇنى قەشقەردىكى كىشىلەر

«خان» دەپ ئاتىشىدۇ. ئايىمنىسا ھېلىممۇ ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن مۇھىم خىزمەتلەرنى قىلغان، ختايلارنىڭ جىق خاپىلىقىنى تارتقان، جاپاكەش ئايال پىداكارلارنىڭ ئۆلگىسىدۇر. مىجىت ھېلىم ئائىلىسى قەشقەردە شۇنداقلا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان تۇپرىقىدا جامائەتچىلىككە تونۇلغان مەشھۇر مىللەتچى ئائىلىدۇر.

## 4- زەرەپشان پولكىنىڭ قۇرۇلۇش ھارپىسى

مەن زەرەپشان پولكى ۋە ئۇنىڭ كوماندىرى مۇھەممەد ئىمىن قادىر ئۇستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن. مەكىت ناھىيىسىدە، دېھقانلاردىن تەركىب تاپقان سان جەھەتتە ئادىمى ئەڭ كۆپ بولغان بىر دېھقانلار قوشۇنى بارلىققا كەلگەنىدى. بۇ قوشۇن بارا - بارا زورىيىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

پۈتۈن دولان ۋادىسىغا كېڭەيگەن ئىدى.

قەشقەرنىڭ يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، 1968 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى ئىسيانچىلار تەشكىلاتلىرى، ئۆز ناھىيىسىدىكى قارشى تەشكىلاتلارنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ، ئۇ يەردە پۇت تىرەپ تۇرالماي، ئۆز ناھىيىسىگە سىغماي، ئارقا ـ ئارقىدىن قەشقەر شەھىرىگە قېچىپ كېلىشكىلى تۇرغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەكىتتىكى ئىسيانچىلارنىڭ باشلىقى مۇھەممەد ئىمىن قادىرمۇ بار ئىدى.

مۇھەممەد ئىمىن قادىر قەشقەر چىنىۋاغ مېھمانخانىسىغا چۈشكەن ئىكەن. ئاتالمىش مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي مەكىتتە دەسلەپتە باشلانغاندا، شەھەر ئىچىدىكى بىر قىسىم خەلقنىڭ دېموكراتىك سايلىمى بىلەن مەكىت مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كادىرى كىنو مېخانىكى روزى ھېكىمنى ۋاڭ ئېنماۋنى يوقىتىدىغان تەشكىلاتتىكىلەرنىڭ مەسئۇلى قىلىپ سايلايدۇ، مۇھەممەد ئىمىن قادىر ئۇنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ سايلىنىدۇ.

ۋاڭ ئېنماۋنى قوغدايدىغان تەشكىلاتتىكى قارشى كۈچلەر، روزى ھېكىم بىلەن مۇھەممەد ئىمىن قادىرغا ئارام بەرمەي يولسىزلىق بىلەن زۇلۇم سالىدۇ. ئۇلارنىڭ قارار گاھىغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ ئېغىر تالاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ھەتتا ئاخشاملىرى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ بىگۇناھ پۇقرالارنى ئۆلتۈرىدۇ.

ھەتتا قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولمىغان كىشىلەرگە قورال ئىشلىتىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە باشلايدۇ. روزى ھېكىم بىلەن مۇھەممەد ئىمىن قادىرنى تۇتۇۋېلىپ ئاغزىغا ئاتنىڭ يۈگىنىنى سېلىپ، تۆت پۇتلۇق قىلىپ كوچا ئايلاندۇرۇپ ھالىنى قويمايدۇ ھەمدە نەق ئەكسىلئىنقىلابچى قالپىقىنى كىيدۈرۈپ سازايى قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەرنى زورلۇق بىلەن ۋاڭ ئېنماۋنى قوغدايدىغان تەشكىلاتقا ئۆتۈپ ئەزا بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئۇنىمىغانلىرىنى تۇتۇپ باغلاپ قىينايدۇ.

بۇ ئېچىنىشلىق ئىشقا چىدىيالمىغان روزى ھېكىم بىلەن مۇھەممەد ئىمىن قادىر بىر قىسىم ئادەملىرىنى ئېلىپ يوشۇرۇن يوللار بىلەن قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەرنىڭ سىلىڭى مىجىت سىلىڭدىن ياردەم سورايدۇ. مىجىت سىلىڭ مەكىتنىڭ ئەھۋالىنى، تەبىئىي يەر شارائىتى، جۇغراپىيىلىك مۇھىدى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي ئاڭلاپ، مەكىتنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە خىتاي ئاھالىسىنىڭ ئورۇنلىشىشى، خىتايلارنىڭ ئورۇنلاشقان يېرى، سانى، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىۋاتقان قوراللىرى، قوراللىرىنىڭ كېلىش مەنبەئى.... قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قوراللىق قوزغىلاڭغا قوماندانلىق

قىلىش شتابىغا دوكلات قىلىدۇ. شتاپنىڭ تەكلىپى بىلەن مىجىت سىلىك ئۇلارغا قولىدىكى ئازراق قورال بىلەن ياردەمگە بىر قانچە يارامىلىق كىشىلەرنى قوشۇپ مەكىتكە يولغا سالىدۇ.

ئۇلار مەكىتكە بارغاندىن كېيىن دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، كىچىك تىپتىكى زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىپ، قارشى تەرەپنىڭ ئاجىز ھالقىلىرىغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ، ئۇلارنى تارمار قىلىپ، بىر تۈركۈم قوراللارنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماستىن، يىراق - يېقىندىكى قورال بار يەرلەرنى رازۋېدكا قىلىپ، ئورنىنى ئىگىلەپ، قورال - ياراقلىرىنى تارتىۋېلىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ ئادەم سانى كۆپەيگەندىن كېيىن، مەكىت ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىنى سىلىگېنۇنىڭ تۇرالغۇسى قىلىپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتىدۇ ھەمدە بىر تەرەپتىن قولىدىن ئىش كېلىدىغان كىشىلەرنى ئەسكەرلىككە ئېلىشقا باشلايدۇ. بۇرۇن ئەسكەر بولغان ياكى ئەسكەرلىكتىن چېكىنگەن كونا ھەربىيلەرنى يىغىۋاشتىن ئەسكەرلىككە دەۋەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئەسكىرى سانى كۆپىيىشكە باشلايدۇ. مەكىت ناھىيىسىدىكى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى باشقا ھەرقانداق يەردىكى ئىنقىلابلاردىن پەرقلىق ھالدا باشقىلار تەرىپىدىن سىزىلىشقا باشلايدۇ. ئىشچى، دېھقان، ئوقۇغۇچىلاردىن تەركىب تاپقان بۇ قوشۇن بارا - بارا زورىيىپ، پۈتۈن ناھىيىگە كېڭىيىدۇ. پۈتۈن ناھىيىدىكى توققۇز يېزا بىلەن، ناھىيىگە قاراشلىق مەيدانلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ تەشكىلاتىغا قوشۇلۇپ ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىدۇ. روزى ھېكىم بىلەن مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ قوشۇنى ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىنى ھەربىي بازا قىلىپ، ئىستىھكاملارنى ياساپ ئۆزىنى قوغداش مۇداپىئە ئورۇشىغا ئۆتىدۇ.

ئەمما، قارشى تەرەپتىكى ۋاڭ ئېنماۋنى قوغدايدىغان تەشكىلاتتىكىلەرنىڭ يەنىلا قورالىرى سەرخىل بولغانلىقتىن ئۇلارغا ئارام بەرمەي داۋاملىق ئۇرۇش ئوتى ئېچىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ناھىيىلىك پاختا زاۋۇتىغا ئورۇنلاشقان تەشكىلاتتىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى خىتاي ۋە ھوقۇق تۇتقان قىسمەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلار بولغانلىقتىن ئۇلار ھەربىيلەرنىڭ قوراللىرىغا شۇنداقلا بىڭتۇەننىڭ ياردىمىگە تېزلا ئېرىشىدۇ.

مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىرى ئاساسى جەھەتتىن يەرلىك ئۇسۇلدىكى ئۆزلىرى ياسىۋالغان يەرلىك قوراللار بولغاچقا قارشى تەرەپكە تاقابىل تۇرالمايدۇ. قارشى تەرەپتىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلارمۇ ئىچكى قىسمىدىكى خىتايلارنىڭ ناھەق تەرەپلىرىنى سەزگەندىن كېيىن، بارا - بارا پاختا زاۋۇتىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىپ ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ. قالدى خىتايلار ھە دېسە ئەسەبىيلىشىپ ھەركۈنى دېگۈدەك قورال ئىشلىتىپ، تراكتور پونكىتىغا ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدۇ. ھەتتا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىگۇناھ

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرلارمۇ خىتايلارنىڭ ئوقىدا بىگۇناھ ئۆلىدۇ. ئۇلار بىر كۈنى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تۆت دېھقاننى تۇتۇۋېلىپ، پاختا زاۋۇتىغا سولىۋېلىپ، سەن روزى ھېكىمنىڭ ئەسكىرى ئىكەنسەن، سەنلەردە قانداق قوراللار بار؟ ئۇلار نەدە؟ دەپ سوراق قىلىدۇ. ئۇلار جاۋاب بېرەلمىگەندىن كېيىن، كاسىسىغا مىلتىقنىڭ نەيزىسىنى سانجىپ ئېغىر جاراھەتلەندۈرىدۇ. يەنە بىرسىنىڭ كاسىسىغا زىخنى قىزدۇرۇپ داغلايدۇ. ۋارقىرىغان ئاۋاز جاھانغا بىر كېتىدۇ. بۇ رەھىمسىز خىتايلار قاقاقلاپ كۈلۈپ زاڭلىق قىلىدۇ. ئەتىسى يەنە يارىسىغا تۇز چېچىپ، ئۇرۇپ - قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىنى قۇملۇققا كۆمۈۋېتىدۇ.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا مۇھەممەد ئىمىن قادىرلار غەلىبە قىلغاندا ئۇلارنىڭ جەستىنى تېپىپ قايتىدىن دەپنە قىلىشىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە بىر كۈنى توغراق مەيدانىدىن پاختا تېرىشقا چىققان دېھقانلارنى تۇتۇۋېلىپ ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ باسقۇنچىلىق قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال پۈتۈن ناھىيىگە ئاڭلانغاندىن كېيىن پۈتۈن ناھىيە خەلقى قوزغىلىپ پاختا زاۋۇتىغا نارازىلىق يۈزىسىدىن ھۇجۇم باشلايدۇ. خىتايلارنىڭ قورالى كۆپ ھەم كۈچلۈك بولغاچقا كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەھەتتىن ئاجىز كېلىپ قېلىپ يېڭىلىدۇ ھەم كۆپ بەدەل تۆلەيدۇ. كېيىن مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا 200 دەك ئاتلىق ئەسكەر تەشكىللەپ، كۆپ قېتىم مەشىق قىلىپ، پۇختا تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتۈپ پاختا زاۋۇتىنى ئىشغال قىلىدۇ. بىر قىسىم خىتايلار ھەربىيلەرنىڭ گازارمىسىغا كىرىۋالىدۇ. بىر قىسمى بىڭتۈەن تەرەپكە قاراپ قاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ داڭقى زەرەپشان دەرياسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋىنىگە ئاڭلىنىپ تەسىر دائىرىسى كېڭىيىشكە باشلايدۇ. غەنىيمەت ئالغان قوراللىرىمۇ كۆپىيىشكە باشلايدۇ ھەمدە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەسكەرلىككە كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرغانلارنىڭ سانىمۇ ئاشىدۇ.

بىر كۈنى تۇيۇقسىز مەكىت تەرەپتىن قەشقەرگە يولغا چىققان بىر توپ ماشىنىنىڭ تراكتور پونكىتىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقانلىق خەۋىرى ئاڭلىنىدۇ، قارىسا ئۇلار چاسا بۇدۇينىڭ(چاسا ھەربىي دېھقانچىلىق مەيدانى) قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان تولۇق قوراللانغان ئەسكەرلىرى ئىكەنلىكى سېزىلىدۇ، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان مۇھەممەد ئىمىن قادىر دەرھال يول توسۇپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىشنى بۇيرۇيدۇ، ئەسكەرلەر گازارمىلاردىن چۈۋۈلۈپ چىقىپ، يول توسۇپ ماشىنىغا چىقىپ خىتاي ئەسكەرلەرنىڭ قوراللىرىنى ئالماقچى بولىدۇ. خىتاي ئەسكەرلىرى قولىدىكى ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى توسماقچى بولىدۇ، ئۇ زاماندا، بىرەر تەشكىلات بىرەر جايغا باستۇرۇپ كىرسە، قارشى تەرەپ مەقسەتلىك ھالدا كىرىدىغان يولنىڭ ئاغزىغا ماۋجۇشىنىڭ يوغان رەسىمىنى توختىتىپ يول توسۇش ئۈچۈن

ئىشلىتەتتى، ئەگەر ئۇلار ماۋجۇشىنىڭ رەسمىنى بۇزۇۋەتسە، نەق ئەكسىلئىنقىلابچى دەپ، ئۇستىدىن ئەرز شىكايەت قىلىپ، يىرتىلغان رەسمىنى كۆتۈرۈپ دەسمى قىلىپ، ئۇلارنى قاريلايتتى، تۈرمىگە تاشلايتتى.

شۇ ۋەجىدىن بۇ ئەسكەرلەرمۇ قولىدىكى رەسىم بىلەن مۇھەممەد ئىمىن قادىر ئەسكەرلىرىنى يۆل قىشقا دەسسىتىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللاندى، ماۋجۇشىنىڭ رەسمىنى بۇزدى دېمەكچى ئىدى. خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ نىيىتىنى بىلگەن زەرەپشان جەڭچىلىرى، دەرھال قوللىرىغا پىلىموت، ئاپتوماتلىرىنى ئېلىپ ئۇلارغا قارىتىپ ھەيۋە ئوقىنى ئاتىدۇ، ئۇلار ئوقنىڭ شىددەتلىك ئاۋازىدىن ماۋجۇشى ۋەنسۇي! دېگەن گەپنى تەكرار ئېيتىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، ماشىنىنىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقىپ ئۆلۈمدىن قورقۇپ يېتىۋالىدۇ، شۇ كۈنى يولدىن ئۆتكەن ماشىنىلارنىڭ سانى 30دىن ئارتۇق ئىكەن، خىتاي ئەسكەرلىرى جانلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ماشىنىغا مۆكۈنۈۋالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، زەرەپشان جەڭچىلىرى ماشىنىغا دەسسەپ چىقىپ، خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدىكى قوراللىرىنى قولىغا چىققانىنى ئىلىشقا باشلايدۇ، ئالدىنقى بەش ماشىنا، بىر رىۋايەتتە ئالتە ماشىنىدىكى خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىرىنى تارتىپ ئېلىپ بولغۇچە ئارقىدىكى 25 ماشىنا قوراللىق خىتاي ئەسكەرلىرى ماشىنىنى ئارقىغا قايرىپ قېچىشقا باشلايدۇ، ئۇلارنى قوغلاشقا ماشىنا بولمىغانلىقتىن ئىلاجسىز قاچۇرۇۋېتىدۇ. شۇ كۈنى جەڭگە قاتناشقان، قورال بۇلاشتا بىرىنچى بولۇپ، دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئوق ئۈزگەن تەۋەككۈل ساراڭ دېگەن كىشى بىلەن مۇڭدىشىپ قالغان ئىدىم، ئۇمۇ 20 يىللىق كېسىلىپ پەيلو مەيدانىغا بارغان ئىدى، بىز بىر تۈرمىدە پەقەت بىر نەچچە كۈنلا بىللە بولدۇق، كېيىن ئۇ پەيلو جازا لاگېرىنىڭ جاپالىق تۇرمۇش شارائىتىغا كۆنەلمەي، ئاچلىققا چىدىماي، بۇنداق ياشىغاندىن ئۆلگەن تۈزۈك، دەپ دەيدىغان گېپىنى دەپ - دەپ، قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئاچلىق ئېلان قىلىپ ئۆلۈپ كەتتى.

ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى:

-ئۇنىڭ قولىدا دىكتار پىلىموت بار ئىكەن: «خىتاي ئەسكەرلىرى جاھىللىق قىلىپ، قولىدىكى ماۋجۇشىنىڭ رەسمى بىلەن بىزنى توسۇپ، ماشىنىغا چىققىلى قويمىدى، قارىسام ئىش چاتاق، شۇنىڭ بىلەن دەرھال قورالنى تەڭلەپ تۇرۇپ، بىر دىسكا ئوق تۈگىگىچە ئوق ئۈزسەم، قورقۇنچاق خىتايلار ماۋجۇشى ۋەنسۇي! دېگەن گەپنى ئېيتىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، ھەممىسى ماشىنىنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كەتتى، قارىسام قولىدىكى كۆتۈرۈۋالغان رەسىملىرىمۇ يوق، بىر ۋاقىتتا قارىسام، بىزنىڭكىلەر ھېچ نېمىگە قارىماي قورال ئىلىۋاتىدۇ، مەنمۇ ئوق

ئۇزۇشنى توختىتىپ، ماشىنىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ماشىنىغا چىقىپ، بەش تال قورالنى كۆتۈرۈپ يەرگە چۈشتۇم، قوراللارنى يىغىشتۇرۇپ، تەكرار ماشىنىنىڭ يېنىغا باراي دېسەم، قالغان ماشىنىلار قېچىپ كېتىپتۇ، دەپ ھېكايە قىلىپ بەرگەن ئىدى.

مەن ئۇ ئادەمنىڭ لەقىمىنىڭ «ساراڭ» ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىرسىدىن سورىغان ئىدىم. تەۋەككۇل ساراڭ دېگەن ئۇ ئادەم يەكەندە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ گېنېرالى خۇڭيادوڭ دېگەننىڭ قولىدا ئەسكەر بولغان كونا ئەسكەرلەردىن ئىكەن، ئۇ دائىم بۇ خىتايلاردىن ئاۋۇ قارا خىتايلار سەل ياخشى ئىكەن، ئۇلارنىڭ نېمىلا بولمىسۇن سەل ئىنساپى بار ئىدى، گەپ قىلساق گېپىمىزنى يەيتتى، ماۋۇ قىزىل خىتايلار نا ئىنساپ، ئىلىشنى بىلىدىغان، بېرىشنى بىلمەيدىغان ئاچ خىتايلار ئىكەن. ئادەمنى ھېچ ئىش قىلغىلى قويمايدىغان، نەيرەڭۋاز كاززاپ خىتايلار ئىكەن، دەپ سۆزلەپ بېرەرمىشكەن. ئۇنىڭ ساراڭلىق لەقىمىنىڭ پەيدا بولۇشىنى سورىسام، مەكىت تراكتور پونكىتىنىڭ ئىچىدە بىر كۈنى ئاخشامدا شامالدىغلى ئەسكەرلەر گازارمىدىن چىقىپ، ھويلىدا سەگىدەپ ئولتۇرۇشۇپتۇ، تەۋەككۇلمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بىر قانچەيلەن بىللە ئولتۇرغان ئىكەن، ئاسماندىكى بىر توپ قۇش ئۇچۇپ ئۆتۈۋېتىپ، تەۋەككۇلنىڭ بېشىغا شارتتىدە چېچىپ قويۇپتۇ، باشقىلار ئۇنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ، تەۋەككۇل قولىدىكى دىكتار پىلموتنى ئاسماندىكى قۇش توپىغا قارىتىپ بىر دىسكا ئوق تۆگىگىچە ئېتىپتۇ، ھەممە يەر پاتىپاراق بولۇپ، كاما - كاماردىن ئەسكەرلەر چۇۋۇلۇپ چىقىلىپتۇ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ، مۇھەممەد ئىمىن قادىرمۇ چىقىپ سوراپتۇ، بولغان ئەھۋالنى دەپ بەرسە، مۇھەممەد ئىمىن قادىر: «ساراڭ بىر ئاداشكەن، شۇنىڭغىمۇ ئوق چىقىرىپ ھەممىنى پاراكەندە قىلامدۇ!» دەپ كايىغان ئىكەن، شۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئۇنىڭغا ساراڭ لەقىمى يۇقۇپ قالغان ئىكەن.

5-6 ماشىنا قورالغا ئېرىشكەن بۇ قوشۇنغا غايەت زور كۈچ قوشۇلۇپ، قورال ياراقلارنىڭ سانىنى ئېلىپ، داۋاملىق ئەسكەر ئىلىشقا پۈتۈن ناھىيىگە ئومۇمىي چاقىرىق چىقىرىپتۇ، بۇلارنىڭ كۆپلەپ قورالغا ئىگە بولغانلىق خەۋىرى چاقماق تېزلىكىدە ھەممە يەرگە تارقىلىپتۇ، تەرەپ - تەرەپتىن مۇھەممەد ئىمىن قادىرغا ئەسكەر بولىدىغانلار كېلىپ ئۆزلىرىنى تىزىمغا ئالدۇرۇشقا باشلاپتۇ. يېقىن ناھىيە - يېزىدىكىلەرمۇ كېلىپ مۇھەممەد ئىمىن قادىرغا ئەسكەر بوپتۇ. مۇھەممەد ئىمىن قادىر ئەسكەرلەرنى بىر قېتىم تەرتىپكە سېلىپ، قاچۇرۇۋەتكەن قوراللارنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈرۈش ھەققىدە خىيالغا چۆكۈپتۇ، بۇنى يېقىنلىرىدىن ئەڭ ياش مۇھاپىزەتچىسى ئابدۇسەمەت ئوبولغا مەسلىھەت سېلىپتۇ، ئابدۇسەمەت ئوبۇل شۇ ۋاقىتتا 16 ياشقا توشمىغان بىر كىچىك بالا ئىكەن، ئۇنىڭ باتۇرلۇقىدىن، قورقماس يۈرەك بىر پارچە

ئۇتنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى سەزگەن مۇھەممەد ئىمىن قادىر، ئۇنى 2 - مۇھاپىزەتچىلىككە يەنى فۇگەنلىككە قويغان ئىكەن، ئابدۇسەمەت ئوبۇلمۇ 20 يىللىق كېسىلىپ ئۇزۇن يىل مەن بىلەن بىر تۈرمىدە بىللە بولغان ئىدى، مەن ئۇنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىمەن، ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتى يوپۇرغىنىڭ تېرىم يېزىسىدىن ئىكەن، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ لەقىمى ئوبۇل تېرىم ئىدى، ئابدۇسەمەت ئوبۇل 20 يىللىق كېسىلىپ، تۈرمىگە بارغاندىن كېيىن دادىسى ئۇنى يوقلاپ پات ـ پات كېلىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالاتتى، ئۇ زاماندا تۈرمىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى بەك ناچار، قورساق تويمايتتى، ئەمگەك ئېغىر ئىدى، ئادەملەر ئاچلىقتىن پات ـ پات ئۆلۈپ تۇراتتى، ئابدۇسەمەتنىڭ دادىسىنىڭ قول ئىلكىدە بار ئادەم بولغاچقا ئۇنى ئايدا كېلىپ يوقلاپ كېتەتتى، ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى چەكلىمە بىلەن تۈرمە باشلىقى ئېلىپ بەرمىسىمۇ، ئەمما ئوبۇل تېرىم ھەر باھانە بىلەن ئېلىپ كەلگەن يېمەك - ئىچمەكلىرىنى ئەپلەپ سەپلەپ ئابدۇسەمەتكە قالدۇرۇپ كېتەتتى، ئۇلارنىڭ ئەسلى يۇرتى يوپۇرغىنىڭ تېرىم يېزىسىدىن بولغاچقا كىشىلەر ئۇنى ئوبۇل تېرىم دەپ ئاتىشىدىكەن، كېيىن ئۇ ئائىلە مەكتىكە بېرىپ يەرلىشىپ قالغان ئىكەن، پەيلو مەيدانىغا جىنايەتچىلەرنى يوقلاپ كېلىدىغان ئادەملەر ئاز ئەمەس ئىدى.

بىر كۈنى تۇغقانلىرىنى يوقلاپ كەلگەنلەردىن بىر كىشى يىغلاۋاتسا، ئوبۇل تېرىم ئۇ ئادەمنى ئەيىبلەپ: «ئادەم بالا دېگەننى كارغا كېلىدۇ دەپ باقىدۇ، مەن بالامدىن پەخىرلىنىمەن، ئوغۇل بالا دېگەننى جەڭگە ياراتقان، يا ئوغرىلىق قىلىپ، يا بۇلاڭچىلىق قىلىپ، يا خوتۇن- قىزلارغا چىقىلىپ قويۇپ كىرىپ قالمىدى، ئۇنداق ئىشلارنى قىلىپ كىرىپ قالغان بولسا نېمە دېگۈلۈك!» دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇسەمەتكە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ھۆرمىتىم بار ئىدى. مەن بۇ يېزىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئىدىم، ئۇ مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە باشتىن ـ ئاخىر بىللە بولغانلاردىن بىرى ئىدى. ئەسلىدە ئۇنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان ئىدى، يېشى كىچىك 17 ياشقا تولۇق توشمىغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈم ئۆزگەرتىلىپ 20 يىللىققا چۈشۈرۈۋېتىلگەن ئىدى.

ئابدۇسەمەت ئوبۇل دەرھال مۇھەممەد ئىمىن قادىرغا مەسلىھەت بېرىپ، ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ كۆرەيلى، ئۇ قوراللار بارمۇ ياكى يوقمۇ، نەگە يوشۇرۇنغان؟ دېگەن تەھلىل بىلەن، مەخسۇس بىر نەچچە ئادەمنى ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپتۇ، ئۇ قوراللارنىڭ ھەممىسى مەكتە ناھىيىسىنىڭ چاسا دېگەن يېرىدە بار ئىكەنلىكى، ئۇ قوراللارنى مارالبېشى ئارقىلىق قەشقەرگە ئېلىپ كېتەلمەيدىغانلىقى، چۈنكى قەشقەردىمۇ ئوخشاشلا ئىسيانچىلارنىڭ تەسىرىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى تەھلىل قىلىنىپ، تەكشۈرۈشكە بارغان ئادەملەر قايتىپ

كەپتۇ، ئۇ قورالالارنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، ئابدۇسەمەت ئوبۇل بىر تۈركۈم يارامىلىق ئەزىمەتلەرنى ئېلىپ، ئۆزى قوماندان بولۇپ يولغا چىقىپتۇ. مەكىتنىڭ چاسا دېگەن يېرىگە بېرىشىنىڭ ئالدىدا، ئەتراپتىكى يېزىلارغا، تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ قوشۇنىغا ئەسكەر بولىدىغانلارنى تىزىملاپ ئەسكەر قوبۇل قىلىپتۇ، ئابدۇسەمەتنىڭ دەپ بېرىشىچە، مارالبېشىنىڭ ئاۋات، يېڭى ئۆستەڭ، ئاقساقمارال، چوڭقۇرچاق، سېرىق بويا يېزىلىرىدىنمۇ ئادەملەر كېلىپ ئەسكەر بولغىلى تۇرغان ئىدى، دەيدۇ.

ئادەم ئۈستىگە ئادەم توشۇپ كېتىپتۇ، ساننى ئېلىشمۇ قىيىن بوپتۇ، يېقىن ئەتراپتىكى كەنت، ئەترەتلەرگە ئات ھارۋىسى ئېلىپ كېلىشنى تاپىلاپتۇ، ھەممە تەييارلىق پۈتۈپتۇ، چاسا بۇدۇيگە بېرىپتۇ، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ باشلىقىنى تۇتۇپ، ئايرىم - ئايرىم سوراق قىلىپ قورال ياراقلارنىڭ بار يېرىنى سوراپتۇ، ئۇلار بىزدە قورال يوق، بىز تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىمىز، بۇ بولسا دېھقانچىلىق مەيدانى دەپ گەپ يورغىلىتىپتۇ، بارغان دېھقانلار ھەممە يەرنى تىرە-پىرەڭ قىلىۋېتىپتۇ، ئاقتۇرمىغان ئۈستى يېپىق ئۆي، خالا، ئات - ئۇلاغ قوتانلىرى قالماپتۇ، بەزىلەر راست بۇلاردا قورال يوق بولسا كېرەك دەپ، يالتىيىپتۇ، ئەمما ئابدۇسەمەت ئوبۇل ئۇلارنىڭ پەرىزىنى قەتئىي رەت قىلىپ، تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، ئاخىرى بولمىغاندا ئۇلارنىڭ تۆەنجاڭ، سەنمۇجاڭلىرى قاتارلىق باشلىقلىرىنى بىردىن - بىردىن باغلاپ، بەزىلىرىنى جىگدە دەرىخىگە ئېسىپ قويۇپ، ئاستىغا ياناتاق توپلاپ ئوت يېقىپ، سەنلەرنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرىمىز دەپ ھەيۋە قىلىپتۇ، يەنە بەزىلىرىنى يازنىڭ ئاپتىپىدا قۇمغا كۆمۈپ پۈتىدىن باشلاپ قۇم تاشلاپ، ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلاپتۇ، قۇم بارخىنى بېلىگە، گەجگىسىگە، بوينىغا كەلگەندە بىرى يەرنى كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلىپ «بۇيەردە قورال يوق، ئۇ يەردە قورال يوق» دەپ ھەدەپ يەرگە قارىغىلى تۇرۇپتۇ، ئابدۇسەمەت ئوبۇل دەرھال ئۇ يەرنى كولاتقىلار دەپ بۇيرۇق قىلسا، دەل يەر ئاستىغا 30 سانتى چوڭقۇرلۇقتا پۈتۈن قوراللارنى تراكتور بىلەن شۈلگەي قىلىپ ئاغدۇرۇپ كۆمۈۋەتكەن ئىكەن، ئېسىلغان ختايلار جايى جايىدا قاپتۇ، كۆمۈلگەن باشلىقلىرى جايىدا قاپتۇ، ھەممە ئادەم ئالمان - تالامان يەر كولاشقا كىرىشىپتۇ، پۈتۈن دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئاختاملىققا ئايلاندۇرۇلغان بولۇپ، تراكتور ساپىنىنىڭ ياردىمى بىلەن پۈتۈن قوراللار كۆمۈلگەن ئىكەن، «ئالە - ئالە قۇشلارىم كۈچۈڭ يەتسە ئالساڭچۇ »، دەپ ھەركىم قولىغا كەلگەننى ئالغىلى باشلاپتۇ.

ئادەمنىڭ جىقلىقىدىن پۈتۈن دېھقانچىلىق مەيدانى ئادەم دېڭىزىغا چۆمۈلۈپتۇ. بىردەمنىڭ ئىچىدە قاقاس ئاختاملىق يەر، ياغاچ - تاختاي يەشىكنىڭ قالدۇقلىرىغا توشۇپ كېتىپتۇ، قوراللار ياغاچ ساندۇق، يەشىكلەرگە قاچىلىنىپ كۆمۈلگەن ئىكەن. ئۇ




كۇندىكى كۆرۈنۈشنى سۆز بىلەن تەسۋىرلەش ناھايىتى قىيىن ئىدى، دەيدۇ ئابدۇسەمەت ئوبۇل. ئابدۇسەمەت ئوبۇلنىڭ دېيىشىچە: قوراللارنىڭ كۆپلۈكىدىن توشۇپ بولالماي، نەچچە كۈن تۇرۇپ قالغان ئىدۇق، قوراللارنىڭ سانىمۇ ھېسابسىز كۆپ، تۈرىمۇ ناھايىتى سەرخىل ئىدى. ئۇق دورىلىرىمۇ يېتەرلىك ئىدى، ھەممىسىنى بەخىرامان ئىشلىتەلىگەن ئىدۇق. ئۇنىڭ ئىچىدە تۆت دانە ستانكىۋاي پىلىموت بار ئىكەن، ئۇنىڭ زاپچاسلىرى كەم ئىكەن، تراكتور پونكىتىغا ئەكەلگەندىن كېيىن ئىبراھىم نامان ياسىغان ئىدى.

ئىبراھىم نامانمۇ شۇ ئىش بىلەن 20 يىل كېسىلىپ، بىز بىلەن بىللە پەيلو مەيدانىدا تۇرغان ئىدى.

قوراللارنىڭ كۆپ قىسمى مەكىت تراكتور پونكىتىغا ئېلىپ كېلىنىپتۇ، بىر قىسمىنى دېھقانلار ئېلىپ كېتىپتۇ، لېكىن قوراللارنىڭ ھەقىقىي سانىنى ئالالمىغان ئىكەن، مۇھەممەد ئىمىن قادىرمۇ سانىنى ھازىرچە ئالماي تۇرۇڭلار، دەپ بۇيرۇق قىلغان ئىكەن.

چاسا ۋەقەسى بىردىنلا قەشقەر ۋىلايىتىگە تارالغان ئىدى. مەكىتتە قورال سودىسى ئەۋج ئالغان ئىكەن، بىر ۋاقىتلاردا مەكىتتىن قورال سېتىۋېلىپ كەلدۇق، دېگەن گەپلەرنى مەنمۇ قەشقەردە ئاڭلىغان ئىدىم.

مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ تەسرى چوڭقىيىپ، ئەسكەرلەر سانىمۇ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ، مەكىتنىڭ ناھىيە ئىچىدىكى ئازغىنە قىسمىدىن باشقا بارلىق يېزىلار، ئېتىز - ئېرىق، دەريالىرىمۇ مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكەن ئىكەن، پەقەت ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن، سودا ئىدارىسىنىڭ ئىچىدىلا 100گە يەتمىگەن ئادەم قالغان ئىكەن. يېزا - يېزىدىن كېلىۋاتقان ياردەملەر، يېمەك - ئىچمەكلەر، سوپۇلۇۋاتقان قوي، كالىلارنىڭ سانى ھەددى ھېسابسىز جىق ئىكەن.

## 5- پوسكام كۆۋرۈك ۋەقەسى

يەكەندىن پوسكامغا ئۆتىدىغان ئۇزۇن بىر كۆۋرۈك بار. بۇ كۆۋرۈك زەرەپشان دەرياسى ئۈستىگە سېلىنغان زامانىۋى كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى جەھەتتە جەنۇبتا 3 - ئورۇندا تۇرىدىغان كۆۋرۈك. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ شۇ مەزگىللىرىدە كۆۋرۈكنى ساقلاۋاتقان بىر روتا 100 دەك قوراللىق ئەسكەر بار ئىكەن. قوراللىق ئەسكەرلەرنىڭ پوسكام كۆۋرۈكنى ساقلاۋاتقانلىق خەۋىرى مەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن دوكلات قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىشقا ئادەم بارىدىغان بوپتۇ، بۇ ئىشقىمۇ يەنە تەجرىبىلىك ئابدۇسەمەت

www.uyghurkitap.com

ئوبۇلنى ئەۋەتىپتۇ.

ئابدۇسەمەت ئوبۇل يارامىلىق ئادەملىرىدىن 10 دەك ئادەمنى ئېلىپ، كۆۋرۈككە يېقىنلىشىپ، كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپتۇ، خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ پوست ئالمىشىش ۋاقتى، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپتۇ. قاراۋۇل ھەر ئىككى سائەتتە بىر ئالمىشىدىكەن، كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر پوست، بۇ تەرىپىدە بىر پوست قورallıq تۇرىدىكەن، ئوتتۇرىدا مېڭىپ يۈرىدىغان يەنە ئىككى قاراۋۇل بار ئىكەن، ئۇلار غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ مېڭىپ يۈرىدىكەن، باش شتابىدا ئۇلارنىڭ ئەسكىرى باشلىقلىرى ۋە قالدۇق ئەسكەرلىرى ئىككى يوغان زال ئۆيگە كىرىپ ئۇخلايدىكەن.

ئابدۇسەمەت ئوبۇلنىڭ ئەسكەرلىرى ھەممىنى پۇختا ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن، ھەرىكەت ۋاقتىنى دەل سائەت تۆت يېرىمغا توغرىلاپ قول سالماقچى بوپتۇ. ئابدۇسەمەتنىڭ ئەسكەرلىرى بىر دالدىغا كىرىپ قاراۋۇل قويۇپ ئۇخلاپتۇ، سائەت توشقاندا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدى بىلەن ھەر ئىككى تەرەپتىكى پوستنى تۇتۇپ، باغلاپ، كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا ئېلىپ چۈشۈپ، ماتاپ يىغىشتۇرۇپتۇ، ئۆتەشمە قاراۋۇل يېقىنلاشقاندا دەرھال قورال تەڭلەپ، ئاۋاز چىقارساڭ ئاتىمەن دەپ، پوپوزا قىلىپتۇ، ئۇ ئىككى ئەسكەرمۇ غىڭ-پىڭ قىلماي، قورال تاپشۇرۇپ، تەسلىم بوپتۇ، ئۇنىمۇ راۋۇرۇس ماتاپ باغلاپ، خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ياتار ئۇۋىسىغا كىرىپ، قاتتىق توۋلاپ، قىمىرلىما! قىمىرلىدىڭ ئېتىپ تاشلايمەن! دەپ، دېرىزە - دېرىزىدىن قوراللارنى تەڭلەپ، مىدىرلاتماپتۇ، تۆت ئادەم ئىچىگە كىرىپ پۈتۈن قوراللارنى پاك - پاكىز ئېلىپ، قايتىدىغان ۋاقتىدا يالغاندىن ياشىسۇن ماۋجۇشى! دەپ ئۆزلىرىنىڭ ئىسيانچى ئىكەنلىكىنى نامايەندە قىلىپتۇ، ئۇنداق دېيىشتىن مەقسەت، خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىدىن قوغلاپ ئوق چىقىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىكەن، ئۇ زاماندا، ئىسيانچىلارغا ئارمىيىنىڭ ئوق چىقىرىشى چەكلەنگەن ئىدى.

ئۇلار قوراللارنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن خىتايلارنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ قاسقاندىكى مومىلىرىنى تويغۇدەك ئېلىپ، بەخىرامان چېكىنىپتۇ. مەن ئابدۇسەمەتتىن يالغۇز مومىنى ئېلىپ باشقا تاماقنى ئالمىدىڭلارمۇ؟ دەپ چاقچاق قىلسام: «ئۇ خىتايلارنىڭ قاسقاندا پىشۇرغان مومىسىدا شەك يوق، باشقا نېمىلىرىنى يېگىلى بولمايدۇ، ئەمەسمۇ!» دەپ كۈلۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار قوراللارنى ئېلىپ يول بويىدىكى ئالدىن تەييارلانغان ماشىنىغا چۈشۈپ مەكىت تەرەپكە مېڭىپتۇ. ئۇ زاماننىڭ يوللىرى توپا يول، كاتاڭ، ئېگىز - پەس بولغانلىقتىن، ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەن جاۋتوك خۇڭچى دېگەن ۋاڭ ئېنىماۋنى قوغدايدىغان تەشكىلاتتىكىلەر يېتىشىپ قاپتۇ. ئابدۇسەمەت ئوبۇل دەرھال بۇيرۇق بېرىپ، «ھەممىڭلار

تارقىلىپ قورالّلارنى ئېلىپ، تراكتور پونكىتىغا يىغىلىڭلار» دەپ ھەممەيلەننى تارقىتىۋېتىپتۇ، ئۇلار ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ قوناقلىقنىڭ ئارىلىرىغا كىرىپ، تەرەپ - تەرەپكە بۆلۈنۈپ غايىب بوپتۇ. چۈنكى ئۇلار يەرلىك بولغانلىقتىن يەر شارائىتىنى ياخشى بىلىدىكەن، قوغلاپ كەلگەن خىتايلار ھېچ نېمىگە ئېرىشەلمەي قايتىپ كېتىپتۇ.

ئابدۇسەمەت ئوبۇلنىڭ ئەسكەرلىرى ئەگرى چىغىر يوللار بىلەن 3 - 2 كۈندىن كېيىن، 4 - 3 تىن ئادەم بىللە تراكتور پونكىتىغا جەم بوپتۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يەرلىك دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ ئەسكەرلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئېشەك، كالا ھارۋىلىرىغا ئولتۇرۇپ، قوراللىرىنى شاخ شۇمبىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ يولغا چىقىشىغا ياردەملەشكەن ئىكەن.

مەن ئۆگىنىش كۇرسىغا ئەمدى يېڭىدىن كېلىپ ئىككى كۈندەك بولغان ئىدى. بۇ 1969 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. بىر تۈركۈم خىتايلار ئۆگىنىش كۇرسىغا باستۇرۇپلا كىردى. مەن ھېچ نېمىنى ئاڭقىرالماي قالدىم. ئۇلار ئابدۇسەمەت ئوبولنى ئىزدىدى، ئۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ خىتاي تىلىدا:

- بىزنى قۇمغا كۆمگەن تۇخۇمى بۇزۇق مۇشۇ شۇ! دەپ باشقىلارغا تونۇشتۇردى. ئۇلاردىن بىر نەچچىسى ئابدۇسەمەتنىڭ يېشىنى سوراپ، بۇ تېخى كىچىككىنە بىر نېمە ئىكەنغۇ، بىڭسسى نېمە دېگەن چوڭ! بۇنى ھايال قالماي ئۆلتۈرۈش كېرەك، دېگەن ئىدى.

مەكتەپ بولۇۋاتقان ئىشلاردىن تولۇق خەۋەر تاپقان ئاخۇنوپ، دەرھال مەكتەپنى تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈرۈشكە، مۇھەممەد ئىمىن قادىر ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى روھى ھالىتىنى بىلىپ كېلىشكە پىشقان تەجرىبىلىك ئادەملەرنى ئەۋەتىدۇ. مۇھەممەد ئىمىن قادىر ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن بىر مەزگىل بىللە بولۇپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان خادىملار ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قايتىپ كېلىپ ئۆز پېتى ئاخۇنوپقا دوكلات قىلىدۇ.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇشنىڭ جىددىي زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغان شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى قەشقەر بيۇروسى، بۇ ئىشقا جىددىي تۇتۇش قىلىدۇ ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى قوبۇل قىلىش ئىشلىرىنى باشلىۋېتىدۇ. مەمەت كىرىم پولكىنىڭ كومىسسارلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ ئىشلار تەرتىپكە چۈشكەندىن كېيىن، ئىككىنچى قەدەمدە ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ قەشقەردىن پىشقەدەم، تەجرىبىلىك ئوفىتسېرلارنى ئەۋەتىپ پۈتۈن ئەسكىرى تەرتىپ ئورنىتىپ، بەندىن تارتىپ پەيگىچە، پەيدىن تارتىپ روتىغىچە ئەسكەرلەرنى تىزىملاپ

ئۇنىڭ كوماندىرلىرىنى بېكىتىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن باتالىيون، ئەڭ ئاخىرىدا پولكنىڭ شتابى ۋە مۇھاپىزەتچىلەر ئەترەتلىرىگىچە بىر قەدەر زامانىۋى تۇسنى ئالغان ھەربىي تىپتىكى ئورگاننى دەسلەپكى قەدەمدە تەسىس قىلىدۇ.

مەن ئالدىنقى قېتىم مەكتىكە بارغىنىمدا قالايمىقان، تەرتىپسىز، يا پارتىزانغا ئوخشىمايدىغان، يا ئارمىيىگە ئوخشىمايدىغان بىر توپ ئادەملەرنىڭ ئۇياقتىن - بۇياققا قالايمىقان چېپىپ يۈرگەنلىكىنى، تراكتور پونكىتىنىڭ ئىچىدە قورال سودىسىدىن باشقا بىر ئىشنىڭ يوقلۇقىنى، بەزىلىرىنىڭ بىر جېنىغا ئىككى تاپانچا بىلەن بىر ئۇزۇن قورالنى ئېسىۋېلىپ لاغايلاپ يۈرگەنلىكىنى، ئۇيەردە، بۇيەردە قازان - قازاندا گۆش پۇشۇرۇپ، كاۋاپ ئېتىپ يەپ، قېنى - قېنىغا پاتماي، ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئادەملەردەك بەخىرامان يۈرگەنلىكىنى، بىر بۇلۇڭدا قاسساپلارنىڭ قوي، كالىلارنى يەرگە بېسىپ بوغۇپ بوغۇن سويايلى، ئەتە ئانى سويايلى دەپ گەپ تالىشىۋاتقانلىقىنى، كوچىلاردا ئادەملەر يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇپ، كونا ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋەتكەندەك بىر خىل ھېسسىي مېڭىش تۇرۇش بىلەن ئۇيەر - بۇيەردە جاھان سازلىق بىلەن يۈرگەنلىكىنى، يېڭىدىن ئىش - ئوقەتكە كىرىشكەن كىشىلەرنىڭ قانداقتۇر ماللىرىنى ساتقاندا خېرىدارلىرىغا مەمنۇن بولغان ھالدا: «ياشىسۇن مۇھەممەد ئىمىن قادىر سىلىڭ! بۇ ھەممىسى مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ رەھبەرلىكى!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بازاردىن قايتىپ كېلىپ باشقىلاردىن سورىسام، بۇ ھېچ گەپ ئەمەس، مارالبېشىنىڭ ئاۋات يېزىسىدىن تارتىپ مارالبېشىغىچە بولغان ئارىلىقنىڭ ھەممىسىدە، خەلقلەر ياشىسۇن مۇھەممەد ئىمىن قادىر! دەيدىغان بولۇپ كەتتى، بىزمۇ ئۇلارنى توسۇپ قالالمىدۇق، دېيىشكەن ئىدى.

بۇ قېتىم بارغىنىمدا ئەھۋال تامامەن ئۆزگەرگەن ئىدى. ئەسكەرلەر رەسمىي مۇنتىزىملىشىپ، يېڭىدىن بىر مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىكەن.

*****

# بەشىنچى باب

# قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ باشلىنىشى

## 1- ئۇنسەككىزىنچى ئاۋغۇست تۇتقۇنى

1969-يىلى7-ئاينىڭ 23 - كۈنى خىتاي مەركىزى كومىتېتىنىڭ جىددىي ئۇقتۇرۇشى كېلىپ ھەممە تەشكىلاتلارغا ئۇقتۇرۇلغان ئىدى. ئۇقتۇرۇشتا بارلىق تەشكىلاتلار قورال تاپشۇرۇپ چوڭ بىرلىششنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، چەتئەل قوشۇنلىرىنىڭ باستۇرۇپ كېلىشىگە قارشى تۇرۇش تەكىتلەنگەن ئىدى. ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋاتقان ھەربىي ۋەكىل ۋە باشقا تەشۋىقات ئۆمەكلىرى قورال تاپشۇرۇشقا دەۋەت قىلىۋاتاتتى.

بۇ ئىشتىن تولۇق خەۋەر تاپقان شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىش قوماندانلىق شتابى جىددىي ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى.

1969 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قەشقەر شەھرىدە يېرىم كېچە بولغاندا، چوڭ بىر تۇتقۇن بولغان ئىدى. ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم بىر ساتقۇننىڭ خائىنلىق قىلىشى بىلەن قەشقەردە پات ئارىدا پارتلايدىغان قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشى پاش قىلىنغان ئىكەن. بۇ تۇتقۇندا شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى قەشقەر بيۇروسىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە قوراللىق قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىش قوماندانلىق شتابىنىڭ بىر قىسىم مۇھىم ئەزالىرى تۇتقۇن قىلىنغان ئىدى. بۇلارنىڭ ئىسمى تۆۋەندىكىچە:

تۇردى ئىلى -قەشقەرپىداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى،

ئابدۇرەھىم ئەييوپ- قەشقەر ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيالار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى،

ئابدۇرەھىم پەتەك- قەشقەرنىڭ سابىق ۋالىيسى،

ئىمىنوپ ھامىت- قەشقەرنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى،

ئوبۇلقاسىم ھامۇت- ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى سىياسىي باشقارمىنىڭ باشقارما باشلىقى،

ئابدۇكېرىم هاموت- قەشقەر كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى،
يۈسۈپ سەھىدى- قەشقەر يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپىنىڭ مۇدىرى،
قۇربانوپ- قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى،
مۇھەممەد رەھىم گودەيزى- شىنجاڭ هەربىي رايون سىياسىي باشقارما ئالىي دەرىجىلىك تەرجىمانى،

ئابلەت شۈجى- توققۇزاق ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى،

ئىيسا ئىبراھىم- توققۇزاق ناھىيە، بەشكېرەم ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، ئۇندىن باشقا قوشنا ئوبلاست ۋە ناھىيىلەردىنمۇ بىر قىسىم كىشىلەر تۇتقۇن قىلىندى.

تۇتۇشقا كەلگەن ئەسكەرلەر ئاخۇنوپنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئاخۇنوپنى تۇتۇپ، ئۇيەر بۇيەرنى ئاختۇرۇپ، ئالدىغانىنى ئېلىپ، ئاخۇنوپنى ئېلىپ مېڭىشقا تەمشەلگەندە، ئاخۇنوپنىڭ تولۇق ئوتتۇرنى پۈتتۈرۈپ ئىش كۈتۈپ تۇرغان، زېرەك - ئەقىللىق قىزى ئادالەت چەبدەسلىك بىلەن ھويلىنىڭ چىرىغىنى تارتىپ ئۆچۈرۈۋېتىدۇ - دە، ھەممە يەر قاپقاراڭغۇغا چۆمىدۇ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئاخۇنوپ دەر ھال ئۆگزىسىگە چىقىپ، تامدىن ئارتىلىپ، قوشنىلىرىنىڭ بىر نەچچە ئۆگزىسىنى بېسىپ، ئېگىز سىرەج تاملاردىن سەكرەپ يەرگە چۈشۈپ قېچىپ كېتىدۇ.

تۇتۇشقا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى خىتاي ئەسكەرلىرى ئىكەن، بىرمۇ ئۇيغۇر ئەسكەر ياكى كادىر يوق ئىكەن. قەشقەرنىڭ يەر شارائىتىنى بىلمىگەن بۇ خىتايلار ئارقىدىن قوغلاپ بېقىپ يول تاپالماي، ئەيىو دېسە، پەيىو، تا پاۋلى (ئۇ قاچتى، ئەمدى قانداق قىلارمىز) دەپ قايتىپ كېتىشىدۇ.

ئۇ زاماندا، پۈتۈن ئىدارە، جەمئىيەت ئورگانلارنىڭ ھوقۇقى ھەربىيلەر تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلەتتى. سىياسىي قانۇن كادىر ساقچىلىرىنىڭ ھەممىسى قەشقەر پارتىيە مەكتىپىگە يىغىپ ئېلىنىپ، ئۆگىنىش كۇرستا بەند ئىدى، ساناقلىقلا ئۇيغۇر كادىر قالغان ئىدى. قەشقەردە ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى بىلەن خەلق قوغداش گۇرۇپپىسى دېگىنى سىياسىي قانۇن ئورگانلىرىنىڭ ئىشىنى قىلاتتى. ئادەم تۇتۇش، سوتلاش، ھۆكۈم چىقىرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى شۇلار قىلاتتى.

ئاخۇنوپ شۇ قاچقانچە سەپداشلىرىدىن ئابلىمىت ئەينەكنىڭ دۇكىنىغا بارىدۇ، ئۇيەردىن ھەزىموپنىڭ زاۋۇتىغا بارىدۇ، ھەزىموپ ئاخۇنوپنىڭ يېقىن سەپداشلىرى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىدىن ئىدى، زاۋۇتقا ئىشقا كېلىدىغانلارنىڭ ئالدى ئەتىگەندە كېلىشكە باشلىغاندىن كېيىن، غازاخۇننىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنىدۇ. ئۆيگە بېرىپ،

بولغان ئىشنى دەرھال پۈتۈن تەشكىلات ئەزالىرىغا ئۇقتۇرىدۇ ھەمدە ئەتىسى سەمەندىكى قۇربان نىيازنىڭ ئۆيىدە يىغىن ئاچىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تارقىتىدۇ، يىغىن مەيدانىغا بىرىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقماقچى بولغاندا، مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدا بىر قانچە ساقچىلار گەپ سىتىپ ئولتۇرغان ئىكەن، ئۆيدىن چىقىشقا مۇمكىن بولمايدۇ، يوشۇرۇنغان ئۆي، يارۋاغ پەيچۇسونىڭ يىنىدىكى ئاخۇنوپنىڭ بۇرۇنقى سەپدىشى، مىللىي ئارمىيەدە بىللە ئىشلىگەن پىشقەدەم رازۋىدكىچى غازاخۇن دىگەننىڭ ئۆيى ئىكەن.

يىغىن ۋاقتى قىستاپ كىلىپ قالىدۇ، ئاخۇنوپ ئۆيدىن چىقالمايدۇ، تىت - تىت بولۇپ كىتىدۇ. ئاخۇنوپنىڭ تىت - تىت بولغانلىقىنى سەزگەن غازاخۇن، دەر ھال ئۆيىدىكى بازارغا مال ئاچىقىپ ساتىدىغان قول ھارۋىسىغا ئاخۇنوپنى ياتقۇزىدۇ، ئاخۇنوپ ئۇئادەمنىڭ نىمە قىلىدىغانلىقىنى زادى چۈشەنمەيدۇ. ئۇكام دەپ گەپ قىلىدىغان غازاخۇن، ئاخۇنوپقا، «ياتسىلا! دىگەندىكىن ياتسىلا! مەن سىلىنى كوچىغا ئاچىقىپ سىلە بارىدىغان يەرگە ئۆزۈم ئاپىرىپ قويىمەن» دەيدۇ، ئاخۇنوپ يەنە ئۇنىماي، ئۇ ئادەمنىڭ نىمىلەرنى قىلماقچى بولغانلىقىنى زادى چۈشەنمەيدۇ، غازاخۇن ئاخۇنوپنى ھارۋىغا ياتقۇزۇپ، ئەسكى چاپان بىلەن باش - كۆزىنى يىپىپ، بىر شىشە ئاق ھاراقنى ئاخۇنوپنىڭ ھەممە يىرىگە قالايمىقان چىچىپ، بىشى قويۇلغان يەرگە بىر چىنە ئاشنى تۆكۈپ، قۇسقان مەيدان ياساپ، ھارۋىنى ھەيدەپ كوچىغا ماڭىدۇ، ھارۋىنى ھەيدەپ ساقچىلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە: «ئادەم دىگەن بالا باققۇچە ئىت باقسا بولىدىكەن، كۆرمەملا بۇ گۈينىڭ قىلغان ئىشنى، كۈپ كۈندۈزدە نومۇس قىلماي ھاراق ئىچىپ، مىنى بۇشەھەردە ياشىغۇسىز قىلىۋەتتى» دەيدۇ، ساقچىلار ھاراقنىڭ سىسىق پۇرىقىدىن كۆڭلى ئاينىپ، ۋەي! غازاخۇن ماۋۇ بالاڭلىنى تىز ئەپكىتىڭلا ماۋۇيەردىن دەپ زورلايدۇ ھەمدە «بالاڭلىنى نەگە ئىلىپ ماڭدىڭلار» دەپ گەپ سورايدۇ. غازاخۇن ھىچ ئىككىلەنمەستىن: «تۇمەن دەريا بويىغا ئاپىرىپ، بۇ گۈينى راسا بىر سۇغا پىچىپ، يۇيۇپ، ساقايتىپ، يوتقان - كۆرپىلەرنى بىر تازىلاپ كەلمىسەم، قانداق بۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە ياتقىلى بولىدۇ» دەيدۇ. ھارۋىدا ياتقان«مەست» ئاخۇنوپنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇۋاتقان ئىدى. «ھە! غازاخۇن ماۋۇ بالاڭلىنى تىز ئەپكىتىڭلا» دىگەن گەپنى ئاڭلىغاندىن كىيىن، خۇداغا شۈكرى، دەپ كۆڭلى جايىغا چۈشىدۇ.

غازاخۇن مىنىڭ يىقىن مەھەللىلىكىم ئىدى، ئۇ يارۋاغ پەيچۇسونىڭ يىنىدا زاسۇيپەزلىك قىلاتتى. مەن ئاشۇ كونا ئىشلارنى تەگەپ، چاقچاق قىلىپ، ئاخۇنوپنى باسقان ھارۋا مۇشۇمىدى دەپ قويسام، كۈلۈپ كىتەتتى، ئۇ ئادەممۇ ئاز خاپىلىق تارتمىدى، تۇرمىدىن پالانى چىقىلىپتۇ، دىگەننى ئاڭلىسا، ئالايىتەن بىرىپ پەتە ئوقۇپ، قولىدىن كىلىشچە ياردەم

www.uyghurkitap.com

قىلاتتى، 15 يىل تۈرمىدە يېتىپ چىققان، تىببىي مەكتەپنىڭ قۇرغۇچىسى، قەشقەردىكى كونا زىيالىي تىيىپچانغىمۇ ئۆز ئۆيىنى بوشىتىپ بېرىپ، كېيىن دوختۇرخانا ئېچىشقا جىق ياردەم قىلغان ساخاۋەتلىك كىشى ئىدى.

قەشقەر شەھىرىنىڭ چېتىدىكى سەمەن يېزىسىدا، قۇربان نىياز دېگەن بىر دوستىمىز بار ئىدى، ئۇ قەشقەر توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئىشچىسى ئىدى. بىزنىڭ تەشكىلاتىمىزنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇمۇ بىز بىلەن قاراجۇلدىكى جەڭدە بىللە بولۇپ، ئەسىر ئېلىنىپ 10 يىللىق كېسىلگەن ئىدى.

مەجلىس قۇربان نىيازنىڭ ئۆيىدە ئېچىلدى، يىغىنغا يىراق - يېقىندىكى مۇھىم ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئىشتىراك قىلدى، يىغىن قەشقەرنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ ۋاقتى ۋە ھەرىكەت يۆنىلىشىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى جاكارلاپ، «3 - ھەرىكەت لايىھە يۆنىلىشى» بويىچە ھەربىي يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى بىر ئېغىزدىن ماقۇللاپ تۆۋەنگە تارقىتىدۇ ھەمدە ئالاقىدار ئورۇن ۋە ھەربىي تۇرالغۇلارغا دەرھال ئادەم ئەۋەتىدۇ، ئۇچرىشىش جايى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ سۇغۇنچازا، ۋاقتى. 21-ئاۋغۇست كەچ سائەت 11:00 قىلىپ بېكىتىلىدۇ.

ئەسلىدە 2 - ھەرىكەت لايىھە يۆنىلىشى بويىچە تاشقورغان تەرەپكە مېڭىپ، ئۇچرىشىش جايىنى سۇۋاش داۋان قىلىپ بېكىتمەكچى ئىكەن، شۇ كۈنلەردە قەشقەردىن تاشقورغانغا يول ياساۋاتقان بىڭتۇەننىڭ جۇزى دېگەن ئارمىيىسى، يول بويىدا قوراللىق ئىشلەۋاتقان بولغانلىقى ئۈچۈن، يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىپ ئاتۇش تەرەپ قىلىپ بېكىتىدۇ.

3- ھەرىكەت لايىھە يۆنىلىشى قەشقەر - ئاتۇش - سۇغۇنچازا - قاراجۇل، ئەڭ ئاخىرقى مەنزىل قاراجۇل قىلىنىپ بېكىتىلىدۇ. چەتئەل قوشۇنلىرى بىلەن قاراجۇلدە ئۇچرىشىش ئالدىن پىلانلانغان ئىدى. ئالاقىچىلار ئالاقىنى ئېلىپ بەلگىلەنگەن رايون ۋە شەخسلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ چۈشىنىۋېلىشىغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن، مەن مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، 1 - ۋە 2 - ھەرىكەت لايىھە يۆنىلىشىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ ئۆتمەكچىمەن.

«1- ھەرىكەت لايىھە يۆنىلىشى» دېگىنىمىز، قەشقەر ۋىلايىتىنى مەركەز قىلىپ پۈتۈن جەنۇبىي تەڭرىتېغى رايونى بويىچە بىرلا ۋاقىتتا قوراللىق قوزغىلاڭنى باشلاش، باشقا رايون ۋە ئوبلاستلار ھەمكارلىشىش، ئىچكى – تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ، چەتئەلدىكى شەرقىي تۈركىستان قوشۇنلىرىنىڭ كىرىشىگە سىياسىي شەرت - شارائىت ھازىرلاش.

«2-ھەرىكەت لايىھە يۆنىلىش» دېگىنىمىز، قەشقەردىن باشلاپ توققۇزاق، بۇلاقسۇ، ئوپال، تاشمىلىق، ئويتاغ، تاشقورغان، قونجىراپ، پاكىستان ۋە ئافغانىستانلاردىن ئىبارەت، ئۇچرىشىش جايى سۇۋاش داۋان، باشقا رايون ۋە ئوبلاستلار ماسلىشىش، شەرقىي تۈركىستان چەتئەل قوشۇنلىرى بىلەن سۇۋاش داۋاندا ئۇچرىشىش.

ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان يۆنىلىش، رايونلارنىڭ تەبىئىي شەرت شارائىتى، يەر شەكلى ۋە يول ئارىلىقى، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى، قورال كۈچى، ئادەم سانى قاتارلىقلار ئالدىن رازۋېدكا قىلىنىپ خەرىتىگە ئېلىنغان ئىدى، مەرھۇم خەيرۇللا بىلەن ئىككىمىز كېچىلەپ ئۇخلىماي بۇ خەرىتىنى سىزىپ چىققان ئىدۇق، (تەپسىلىي ئەھۋالنى، خەيرۇللانىڭ تەرجىمىھالىدا بايان قىلىپ ئۆتىمەن) كېيىن دۈشمەن قولىغا چۈشكەن بۇ خەرىتە، ئۇلار ئۈچۈن قىممەت باھالىق ئەڭگۈشتەر ھېسابلىنىپ، بىز دۈشمەن تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغاندىن كېيىن، بەش يىلغىچە ۋەتىنىمىزنىڭ شەھەر ناھىيىلىرىدە كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، كۆرگەزمىگە قويۇلغان ئىكەن، ھەمدە ھەربىي مەخپىيەتلىكنى ساقلىيالمىغان، مۇجى، تاغارما، ئويتاغ، تاشقورغاندىكى خىتاينىڭ ھەربىي باشلىقلىرىنىڭ بىر قانچىسى جازالانغان ئىكەن...

## 2- سۇغۇندا ئۇچرىشىش

1969-يىل 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى بىز قەشقەر شەھىرىدىن يولغا چىققان ئىدۇق، شۇ كۈنى ئەتىگەندە خەيرۇللانىڭ ئالاقىچىسى رىشات ئىسمائىل بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ كەچ سائەت دەل سەككىزدە ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ يېنىدىكى بۇغداي ئېتىزلىقىدا ماشىنا كۈتۈشنى، ئالاقىلىشىش پارولىنى تاپشۇرۇپ كەتتى. رىشات ئىسمائىل بىزنىڭ مەھەللىدە رادىئو رېمونت قىلىدىغان بىر ئۇستام ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ـ كېتىدىغان كىشىلەر كۆپ، مەخپىي ئالاقە قىلىش قۇلاي، باشقىلار ئاسان گۇمان قىلمايدۇ، دەپ ئۇنى ئالاقىچىلىككە بەلگىلىگەن ئىكەن. ئۇ كېيىن خائىنلىق قىلىپ نۇرغۇن كىشىنىڭ تۇتۇلۇشىغا سەۋەبچى بولدى. مەرھۇم خەيرۇللا ئالاقىچىلىققا ياخشى ئادەم تاپالمىغان ئىكەن.

مەن ئۆيدىن تەييارلىقىمنى قىلىپ، ئالىدىغاننى ئېلىپ، ماڭىدىغان ۋاقتىمدا، ئايالىمغا بىر نەچچە ئىشنى تاپشۇرۇپ، بولۇپمۇ دادامغا ياخشى قاراشنى تاپىلاپ يولغا چىققان ئىدىم، قانداقتۇر كۆزۈمگە ماۋ نىڭ ھەيكىلى كۆرۈنگەندەك بولدى. كەينىمگە بۇرۇلۇپ بۇ نېمە؟ نەدىن ئېلىپ كەلدىڭ؟ دېسەم، بىرى«سوۋغا» قىلغان ئىكەن، مەن ئۇنى قولۇمغا ئېلىپ، يەرگە تاشلاپ دەسسەپ سۇندۇرۇپ، بىزنىڭ ئۆيدە بۇنىڭ تۇرۇشىغا ئورۇن يوق، دەرھال

بۇنى تاشلىۋەت دېدىم. ئۇ قورقۇپ جان ـ پېنى چىقىپ، لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ زاماندا ماۋزېدوڭنىڭ رەسمىنى يىرتقان ئادەمگە 10 يىلدىن ئارتۇق قاماق جازاسى بېرىلەتتى، مەن بۇ گەجدىن ياسالغان نەرسە ئىكەن، بۇنى ئۇششاق پارچىلاپ، شەكلىنى تونۇمايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىپ، كۆلنىڭ ئارىسىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئەخلەتكە تۆكۈۋەتسەڭ بولىدىغۇ! سەن ئۆزۈڭ ئىقرار قىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارمىساڭ، كىم بۇ ئىشنى بىلەتتى ـ دېدىم-دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم، ئايالىم كەينىمدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ خېلى يەرگىچە ماڭغىلى تۇردى، مەن تەسەللى بېرىپ قايتۇردۇم، ئۇ ھەممە ئىشنى بىلەتتى، مېنىڭ ئايالىملا ئەمەس، بەلكى مېنىڭ سەپدىشىم ئىدى. كۆپ ئىشلارنى ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن قىلغان ئىدىم. بىر ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابچى ئىشنى ئۆز ئائىلىسىدىن باشلىشى كېرەك ئىدى.

كەچ سائەت يەتتىدىن سەل ئاشقاندا، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ يېنىدىكى بۇغداي ئېگىزلىقىغا بېرىپ ماشىنا كۈتتۇم. بىردەمدىن كېيىن ھەبىبۇللا ھوشۇر بىلەن ئەنۋەر قادىر كەلدى. ئۇلارغىمۇ مۇشۇ يەردە ماشىنا كۈتۈشكە تاپشۇرۇق بېرىلگەن ئىكەن. سائەت سەككىزگە يېقىنلاشقاندا، شەھەر تەرەپتىن بىر قانچە ماشىنا ئاتۇش تەرەپكە ماڭغىلى تۇردى، ئالدىدا ئۈچ ھەربىي جىپ ماشىنا ماڭدى. كەينىدىن 30 دىن ئارتۇق ھەربىي ئۈستى ئوچۇق ماشىنا ماڭدى، ئۇ ماشىنىنىڭ ئىچىدە تولۇق قوراللانغان ھەربىيلەر قوراللىرىنى قۇچاقلاپ كېتىۋاتاتتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئىككى چوڭ ماشىنا ماڭدى، ئاخىرقى ئىككى ماشىنىنىڭ قانداقتۇر تۇرخۇنى، دېرىزىلىرى بار ئىدى، بىز ئۇنى ھەربىيلەرنىڭ تاماق ئېتىدىغان، ئاشخانا ماشىنىسى ئىكەن دەپ پەرەز قىلدۇق. ئۇلارنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى تەھلىل قىلىپ، گەپ تېگىشىپ قالدۇق، ئەنۋەر بىلەن ھەبىبۇللا دېدىكى، ئاخشام رادىئودا بىر خەۋەر ئاڭلىغان ئىدىم، خەۋەردە سوۋېت بىلەن خىتاي ئەسكەرلىرى ئارىسىدا تورغاتتا ئازراق توقۇنۇش بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىۋاتاتتى، بەلكىم بۇلار شۇ يەرگە قاراپ ماڭغان چېغى دېدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بىر ماشىنا كەلدى، قولۇمدىكى يېشىل چىراغ نۇرى بىلەن پارول بەرسەم، توغرا جاۋاب قايتۇردى، ئۇ بىزنىڭ ماشىنىمىز ئىكەن. بىز دەرھال ئېگىزلىقتىن چۈشۈپ ماشىنىنىڭ يېنىغا باردۇق. ماشىنىنىڭ ئۈستى بېزىن پالاس بىلەن چۈمكەلگەن ئىكەن، ماشىنىنىڭ كەينىگە ئۆتنىشىمىزنى ئېيتتى. رىشات ماشىنىدىن چۈشۈپ بىزنى ماشىنىغا چىقىرىپ ئۆزى قىلىپ قالدى، ماشىنىنىڭ ئىچىدە لىق ئادەم بار ئىدى، ئۇلاردىن بىرسىنىڭ يەنە ئادەم چىقتى، دېگەن سۆزىنى ئاڭلىدۇق، ماشىنا ئۈچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. ئىككى سائەتتىن كۆپرەك يول ماڭغاندىن كېيىن، بىر يەرگە كېلىپ توختىدى، ھەممىمىزنى ماشىنىدىن چۈشۈشكە بۇيرۇدى، ماشىنىدىن چۈشتۇق، ئېغىر نەرسىلىرىڭلارنى ئالماي، بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇڭلار،

بىز ھازىر قايتىپ كېلىمىز، دەپ ماشىنا يۈرۈپ كەتتى، ئاۋازىدىن خەيرۇللا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، «بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ، يولدا تۇرساق بولمايدۇ، تاغ تەرەپكە ماڭايلى» دەپ بىزنى بىرى ئېلىپ ماڭدى. ئۇ كىشىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدۇق. تاغ قاپتىلىدىن ئېگىزلىككە قاراپ ماڭدۇق. تاغنىڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، بولدى مۇشۇ يەردە ئۇلارنى كۈتەيلى دەپ ماشىنىنى ساقلاپ تۇردۇق. مەن ئۇلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى قاراڭغۇدا پەرق ئېتەلمىگەن ئىدىم. ماشىنىنى ئۇزۇن كۈتتۇق، ماشىنا قايتىپ كەلمىدى، بىردەمدىن كېيىن سۇغۇنچازا تەرەپتە ئوقنىڭ ۋاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى، ئوق ئاۋازى بارا - بارا كۈچەيدى، بىزنىڭكىلەر تەشۋىشكە چۈشتى، ئاپلا يامان بولدى، ئۇلار دۈشمەنگە ئۇچراپ قالدى بولغاي، دېيىشتى. بىزنى دەرھال تاغنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ يوشۇرۇنۇڭلا، دەپ بۇيرۇق قىلدى. بىز تاغنىڭ چوڭ ـ كىچىك تاش دالدىسىدا ئۆزىمىزنى دالدىغا ئېلىپ كېچىدە ھېچ نېمىنى كۆرمەي ئولتۇردۇق. ئۇخلاپ قېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ، سەگەك تۇرۇڭلار دېدى، بىرى.

كېچىچە بىر ـ بىرىمىز بىلەن سەن - پەن دېيىشمەي بۇرۇقتۇرما ھالەتتە تاڭنى ئاتقۇزدۇق، ھېلىغىچە ھېچ قانداق خەۋەر يوق ئىدى. ئۇلار غايىب بولدى. تاڭ يورۇپ بىر - بىرىمىزنى تونۇغاندىن كېيىن ئۆز -ئارا سالام بېرىشتۇق، مەن ئاخۇنوپقا قاراپ ئۇزۇن تۇرۇپ قالدىم، ئۆز ئىچىمدە، بۇ ئادەمنىڭ ھېچ نېمىدىن قىسىنچىلىقى يوق، توققۇزى تەل، يەيدىغىنى بار، كىيىدىغىنى بار، ئولتۇرسا ماشىنىسى بار، مائاشى ئۈستۈن، چىرايلىق قىز - ئوغۇل پەرزەنتلىرى بار، بىز ئۇنىڭغا قارىغاندا ھېچ قانچە ئادەم ئەمەس، بۇ ئادەم پەقەت دىنىم، مىللىتىم، ۋەتىنىم دەپ مۇشۇ يولغا ئاتلىنىۋاتىدۇ ھە! دەپ ئۆزۈمگە مەدەت ۋە روھ بېرەتتىم.

ئاخۇنوپنىڭ كۆزى بىر سەبىي بالىغا چۈشتى. ئۇ ناھايىتى كىچىك 16، - 17 ياشلاردىكى بالا ئىدى، ئۇنىڭدىن: «سېنى بۇ يەرگە كىم ئېلىپ چىقتى؟ دەپ سورىشىغا، مېنى ۋىجدانىم ئېلىپ چىقتى. مېنىڭ دادامنى خىتايلار تۇتۇپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەنمىتىم!» دەپ جاۋاب بەردى، بېشىنى چايقاپ قانداقتۇر ئۆز كۆڭلىدە مېنى ئۇلار تېخى يارىتىمايۋاتىدۇ، خەپ توختاپ تۇر، كارامىتىمنى بىر كۆرسەتمىسەم دېگەندەك قىلىپ ھەممىگە تەك نەزەر تاشلاپ. ئۇ بالا قەشقەر ۋىلايىتىگە ۋالىي بولغان، ئابدۇرەھىم پەتەك دېگەن كىشىنىڭ بالىسى ئىكەن. ئۇنىڭ دادىسىنى 18 - ئاۋغۇست كېچىسى دۈشمەنلەر تۇتقاندا نەق مەيداندا بار ئىكەن، ئۇ دادىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ مۇشكۈل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققان ئىكەن. بىز بىر - بىرىمىز بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشتۇق. ئەمما، ئارتۇق پاراڭلاشمىدۇق، مېنىڭ كۆزۈم ئاخۇنوپنىڭ بىلىدىكى گۆگئەن تاپانچىغا چۈشتى، تاپانچىنىڭ قېپىغا بەش تال ئوق ئايرىم قىستۇرۇلغان ئىدى، بىر تال ئوق ئالايىتەن بىر ھاۋا رەڭ لاتىغا ئورۇلۇپ تاپانچىنىڭ

www.uyghurkitap.com

قېپىنىڭ سىرتىدىكى ئوقدانغا قىستۇرۇلغان ئىدى، بەش پاي ئوقنىڭ ئىچىدە بۇ بىر تال ئوق باشقىچە بىلىنىپ تۇراتتى.

مەن ئاخۇنوپتىن: «تاپانچىلىرىدا بەش تال ئوق بار ئىكەن، ئاۋۇ بىر تال ئوق ئالايىتەن بىر رەڭلىك لاتىنىڭ ئىچىگە ئورۇلۇپ ئوقدانغا قىستۇرۇلۇپتۇ، ئۇنىڭ مەنىسى نېمە؟» ـ دەپ سورىسام ـ «بۇ ئۇرۇش. ئۇرۇشتا يېڭىش ـ يېڭىلىش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، ئەگەر دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشۈپ قىلىش ئېھتىماللىقى بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ قولىغا تىرىك چۈشكەندىن كۆرە ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ تەدبىر قوللانساڭ، ھەممە ئىشتىن بىر يولىلا خالىي بولىسەن» دېگەن ئىدى.

ھەممىنىڭ كۆڭلى ئاخشام كېتىپ قايتىپ كەلمىگەن ماشىنىدا ئىدى. ئاخۇنوپنىڭ بۇ سۆزىنى مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغان بىر قانچە كىشىلا ئاڭلىدى، قالغانلىرى ھەممىسى ئۆزىنىڭ خىيالى بىلەن ئىدى. يولدىن كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ئوسمانجان بىلەن ئاخۇنوپ دۈربۈندا يولغا ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا پاراڭلىشىپ: «ئۇلارنى تۇتقان ئىكەن. ھازىر ماشىنىغا بېسىپ ئېلىپ كېتىپ بارىدۇ، بىز دەرھال بۇ يەردىن ماڭايلى» دەپ، يولچىنىڭ يول باشلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشىمىزغا، بىرى «كەلدى، ئۇلار قايتىپ كەلدى» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، راست دېگەندەك بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ئۈچ ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى، ئۇلارنىڭ قولىدا پارقىراۋاتقان قورال بار ئىدى، كۈن نۇرىدا يىراقتىن قوراللىرىنىڭ شولىسى بىز تەرەپكە ئاندا ـ ساندا چۈشۈپ تۇراتتى، دۈربۈننى قولىغا ئالغان ئاقساقال خەيرۇللا قايتىپ كېلىۋاتىدۇ، دېدى، ئۇلار بارا ـ بارا يېقىنلاشتى.

خەيرۇللا، مىجىت سىلىك، مەريەملەر بىللە كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن بىرسىنىڭ سېپىماسى كۆرۈندى، ئەمما ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى، ئۇمۇ يېقىنلاشتى، مەن تونىمىغان بىرى كالتە كۇسار بىلەنلا كېلىۋاتاتتى، ھەممە ھەيران بولۇپ، بىر ـ بىرىگە قاراپ قېلىشتى. ئۇ ماشىنىنىڭ شوپۇرى يولۋاس ھەسەن ئىكەن، مەن ئۇنى زادى تونۇمايتتىم ھەم كۆرمىگەنىكەنمەن، ئۇلار كەلگەندىن كېيىن بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇلار ماشىنا بىلەن سۇغۇنچازىغا كەلگەندە بىر توپ ئەسكەرلەر چىقىپ سىلەر نەگە بارىسىلەر؟ دەپ سوراپتۇ، بىز ئۈجەنفاڭزىغا (ئوتۇن كولايدىغان يەر ئىسمى) ئوتۇنغا كېتىۋاتىمىز.

— نېمىنىڭ ماشىنىسى بۇ؟

— قەشقەر ۋىلايەتلىك يول ئاسراش ئۆچاستىكىسىنىڭ ماشىنىسى، بۇ ئادەم بىزنىڭ ئىدارىنىڭ ھەربىي ۋەكىلى، دەپ ماشىنىدا ئولتۇرغان ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ

تەمبۇرچىسى خالىقھاجىنى كۆرسىتىپتۇ، خالىقھاجى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ سەھنىدە كىيىدىغان ھەربىي كىيىمنى كىيىپ ماشىنىدا ئولتۇرغان ئىكەن.

— «سىلەر ھازىر يولغا ماڭماي تۇرۇڭلار، بىز ئۇ تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر توپ كىشىلەر بار، شۇلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن مېڭىڭلار» دېيىشىگە، مارالبېشى تەرەپتىن مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ ماشىنىسى كېلىپ قاپتۇ، بۇ سوئال سورىغان خىتاي ئەسكەرلەر، ئالمان -تالمان مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ ماشىنىسى تەرەپكە كېتىپتۇ، ھەممە يەر قارا چۇمۇلىدەك ئەسكەر بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىكەن، خەيرۇللا بىلەن مىجىت دەرھال ماشىنىدىن چۈشۈپ تاغ تەرەپكە قېچىپتۇ، يولۋاس ماشىنىنى توختىتىپ، ماشىنىدىن چۈشەي دېيىشىگە، ھېلىقى كاساپەتلەر تەكرار كېلىپ، ماشىنىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇيەر بۇيەرنى كوچىلىغىلى تۇرۇپتۇ.

ئاپلا! ئىش چاتاق دەپتۇ - دە، يولۋاس دەرھال ھەممە كىيىمنى سېلىپ، قىپيالىڭاچ بولۇپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆمىلەپ مېڭىپ چىقىپ كېتىپتۇ، كېچىسى كىيىمنى سېلىۋېتىپ يول ماڭسا ياۋايى ھايۋانلارمۇ چىقىلمايدىكەن ھەم ئادەمنى ئادەم پەرق ئېتەلمەيدىكەن، بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەندە يولۋاسنىڭ زېرەكلىكىگە ھەممىمىز ئاپىرىن ئوقۇغان ئىدۇق. خالىقھاجىنى ئۇزۇن كۈتتۇق. ئۇ كەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىزچى باشلىغان يول بىلەن قاراجۇل تەرەپكە يول ئالدۇق.

بىز ئاشۇ كۈنلەردە قوراللىق قوزغىلاڭغا جىددىي تۇتۇش قىلىۋاتقان كۈنلەردە بىزگە قوشنا بولغان ئاقتۇ ناھىيىسىدە ۋە باشقا ناھىيىلەردىمۇ ئارقا - ئارقىدىن قوراللىق ھەرىكەت سادىر بولغان ئىدى. كېيىن ئىگەللىشىمىزچە، 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بارىن يېزىسىدىكى ئەزىز ئوسمان دېگەن ئەزىمەت بەش يۈزدەك كىشى بىلەن ئاقتۇ ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمنىڭ قوراللىرىنى بۇلاپ، بارىن يېزىسىدا ناھايىتى چوڭ تەۋرىنىش ھاسىل قىلغان ئىكەن. ئۇنىڭ كەينىدىنلا يەنە بارىن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى مۇھەممەد ئىيسامۇ نەچچە مىڭلىغان كىشىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ قالدۇق قوراللىرىنى يىغىشتۇرۇپ، «20 – ئاۋغۇست» ۋەقەسىنى قوزغاپ ئاقتۇ ۋە پۈتۈن بارىن يېزىسىدا بىر مەزگىل يېڭىچە ھۆكۈمەت قۇرغان ئىدى. خىتايلارنىڭ قاچ - قاچ ھەرىكىتى شۇ ۋاقىتىدا بارىندىن باشلانغان ئىدى.

## 3- زەرەپشان پولكى

ئاخۇنوپنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ بارغان ئالاقچى – مىجىت سىلىڭنىڭ 1- قول

ياردەمچىسى مۇھەممەد ئىمىن قاراقاش ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى قېشى قاپقارا بولغانلىقتىن ئۇنىڭ لەقىمىمۇ قاراقاش ئىدى. ئۇنى قەشقەر خەلقىنىڭ شۇ زاماندا تونۇمايدىغىنى يوق ئىدى، ئۇ جامائەتچىلىككە تونۇلغان شەخس ئىدى. مەخپىي بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغان مايور مۇھەممەد ئىمىن قادىر قول ئاستىدىكى ئىشەنچلىك كىشىلەرگە بۇيرۇق بېرىپ 21 - كۈنى ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن بۇرۇن ئىيسانىڭ ئاۋتىغا (مارالبېشىنىڭ ئاۋات يېزىسى) بېرىپ، قاقشال 1-كەنتتىكى ئېچىقتا توپلىنىڭلار، دەيدۇ، ئەسكەرلەر بىردىن - بىردىن قوراللىرىنى ئېلىپ يوشۇرۇن يوللار بىلەن كېچىلەپ مېڭىپ قاقشال 1- كەنتكە توپلىشىدۇ، بەزىلىرى ئۇستۇنكى قاقشالغا كېلىدۇ، بەزىلىرى تۆۋەنكى قاقشالغا كېلىدۇ.

مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ مەخپىي كېلىشى ۋە مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ ئەسكەرلىرىگە مەخپىي يوليورۇق بېرىشىنىڭ سەۋەبلىرى، «مەكىتنىڭ مۇقىملىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز، مەكىت ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرىمىز» - دەپ، شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ سىياسىي كومىسسارى ساۋدانوپ باشچىلىقىدىكى ھەربىي خىزمەت گۇرۇپپىسى مەكىت ناھىيىسىگە كېلىپ، قوراللارنى تاپشۇرۇڭلار، چوڭ بىرلىششىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەكىتتە ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرىمىز دەپ، داۋراڭ سېلىۋاتقان پەيتلەر ئىدى.

بىر كۈنى ساۋدانوپ بىر تۈركۈم ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئۆلارنىڭ ھىمايىسىدە تراكتور پونكىتىغا كېلىپ يەنە مۇھەممەد ئىمىن قادىرغا قورال - ياراق تاپشۇرۇش ھەققىدە خىزمەت ئىشلەپ، 23 - ئىيۇل مەركەزنىڭ قورال تاپشۇرۇش ھەققىدىكى يوليورۇقىنى سۆزلەپتۇ. نەق مەيداندا روزى ھېكىمدىن باشقا يەنە بىر نەچچەيلەن بار ئىكەن. دەسلەپتە مۇھەممەد ئىمىن قادىر ياخشى تەلەپپۇزدا:

- قورالنى تاپشۇرايلى، ئالدى بىلەن ئاۋۇ خىتايلار تاپشۇرسۇن، ئاندىن بىز تاپشۇرايلى، بىزنى قورال ئېلىشقا مەجبۇرلىغانلار دەل ئاشۇ ئاققۇن خىتايلار! ئۇلار بىزنىڭ نۇرغۇن بىگۇناھ ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈردى. ئۇلار قورال تاپشۇرماستىن بۇرۇن ھەرگىز بىز قورال تاپشۇرالمايمىز -، دەپتۇ.

ساۋدانوپ ئاچچىقلىنىپ«سەن خەنزۇ يولداشلارنى خىتاي» - دېدىڭ، دەپ ئۇنىڭغا پوپوزا قىلىپتۇ. ساۋدانوپنىڭ گېپى ھا كەلگەن مۇھەممەد ئىمىن قادىر دەرھال بىلىدىكى قورالنى چىقىرىپ ساۋدانوپنىڭ چېكىسىگە تەڭلەپ تۇرۇپ «سەن مۇناپىقنى ئاتىمەن» - دەپ تەمشەلگەندە، يېنىدىكى روزى ھېكىم:

— ۋاي! جېنىم ئۇكام ئۇنداق قىلما! مېنىڭ يۈزۈمنى قىل دەپ، مۇھەممەد ئىمىن

قادىرنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ قوچاقلاپ تۇتۇۋاپتۇ. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ساۋدانوپ دەرھال قويرۇقنى قىسىپ تراكتور پونكىتتىن ئايرىلىپتۇ. شۇ كەتكەن پېتى ئىككىنچىلەپ تراكتور پونكىتىغا كىرمەيدىغان بوپتۇ.

مۇھەممەد ئىمىن قادىر قاقشال 1 - كەنتكە توپلانغان 45 ئەسكەرنى ئېلىپ، يولدا كېلىۋاتقان يەنە نۇرغۇن ئەسكەرنى ساقلاشقا تاقەت قىلالماي، ئۇلارنى ساقلىماي، ۋاقىت قوغلىشىپ، كەچ سائەت 11:00 دە سۇغۇنچارىغا يېتىپ بېرىش مەقسىتىدە چوڭ يولغا چىقىدۇ. يولدا كېلىۋاتقان يەكەن كاچۇڭنىڭ شوپۇرى سەمەتنىڭ ماشىنىسىنى توسۇپ، ماشىنىدىكى يۈك تاقلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ماشىنىنى مارالبېشىغا قارىتىپ ھەيدىتىدۇ. ئۇلار ھاشاردىن قايتقان دېھقان سۈپىتىدە كىيىملەرنى كىيىشىپ، قوراللىرىنى تاغارغا قاچىلاپ، ئاستىغا باستۇرۇپ ئورۇندۇق قىلىپ، ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مېڭىشىدۇ. ماشىنا ئاقساقمارالغا كېلىدۇ. ئۇلار ماشىنىدىن چۈشۈپ تاماق يەيدۇ، بىر بۆلۈك ئەسكەرلەر تەرتىپسىزلىك قىلىپ، بىڭتۈەننىڭ مەلۇم بىر قورۇسىغا كىرىپ ئۆيەردىكى ئازغىنە قورال بىلەن ھەربىي كىيىم كېچەكلەرنى ئېلىپ چىقىدۇ.

ئەتىسى چۈش ۋاقتى بولغاندا، مەكىت تراكتور پونكىتىدىكى بىر توپ كىشىلەرنىڭ قورالىلىق غايىب بولغانلىقى سېزىلىدۇ. مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭمۇ غايىب بولغانلىقى سېزىلگەندىن كېيىن، پۈتۈن سەپ بويىچە ختاي ئارمىيىسى مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ سۈرۈشتىسىنى قىلىدۇ.

ساۋدانوپ شىنجاڭ ھەربىي رايونغا تېلېفون قىلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونغىمۇ تېلېفون قىلىدۇ، تەرەپ - تەرەپتىن ئىز - دېرىكىنى قىلىشقا باشلايدۇ، مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ ماشىنىسى سېرىق بويىغا كەلگەندە، بازارغا چىققان دېھقانلار مۇھەممەد ئىمىن قادىرنى تونۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن «مۇھەممەد ئىمىن قادىر سىلىڭ كەپتۇ» دەپ، پۈتۈن يول بويى سەپ - سەپ بولۇپ،«ياشىسۇن مۇھەممەد ئىمىن قادىر!» - دەپ شوئار توۋلايدۇ.

كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەزىز مېھمىنى ۋە شەپقەتچىسىگە ئاتىغان سوۋغىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ بېرىشكە باشلايدۇ. ماشىنىدىكى بىر قىسىم جەڭچىلەر، ئۇدۇل سېرىق بويا دوختۇرخانىسىغا كىرىپ، دوختۇرخانىدىن مورفۇلىن ئىزدەپ، بىر نەچچە قۇتا مورفۇلىن (بىر رىۋايەتتە بىر نەچچە يەشىك) نى ئېلىپ ماشىنىنىڭ يېنىغا كېلىدۇ، ماشىنىنىڭ ئەتراپى بىردەمدىلا ئادەم دېڭىزىغا چۆمۈلۈپ كېتىدۇ. ماشىنا يولنى كېسىپ دەرھال يولغا چىقىدۇ.

مورفۇلىن ئالغاچ كېلىشنى س س س ر دىن كەلگەن ھەربىي دوختۇر ئەخمەتجان

مۇھەممەد ئىمىن قاراقاشقا ئالايىتەن تاپىلغان ئىكەن. مورفۇلىن مەست قىلغۇچى بىرخىل ئوكۇل ئىكەن، ئۇرۇشتا ئوق تەگكەن كىشىلەرگە بىر تال ئۇرسا ئاغرىق ئازابىدىن بىر مەزگىل خالىي بولىدىغان دورا ئىكەن.

ماشىنا يولغا چىقىشى بىلەن، مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ مارالبېشى تەرەپكە قاراپ ماڭغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىۋاتقان كىشىلەر تەرىپىدىن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا خەۋەر قىلىنىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا خەۋەر قىلىدۇ، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، يول بويىدىكى مارالبېشىنىڭ شامال دېگەن يېرىدىكى ھەربىي رايوننىڭ ھاۋا ئارمىيە رادار پونكىتى ماشىنىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ساقلاپ تۇرىدۇ ۋە ماشىنا كەلگەندىن كېيىن قايسى يۆنىلىشكە ماڭىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن پۇقراچە كىيىم كىيگەن بىر خىتاي تراكتورغا ئازغىنە مال بېسىپ، ماشىنىنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ قوغلاپ ماڭىدۇ، ماشىنا مارالبېشىغا كەلگەندە مارالبېشىدىكىلەرنىڭ كاتتىۋېشى، تەشكىلات باشلىقى ئىمىن گۈيخۋا دېگەن كىشى قوراللىق ئالدىنى توسماقچى بولغاندا، مارالبېشى ھەربىي دائىرىلىرى يول قويمايدۇ.

ماشىنا سانساكودىن قەشقەر يۆنىلىشىگە قاراپ ماڭغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا مەلۇم قىلىدۇ، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن تراكتورچى كەينىگە بۇرۇلۇپ قايتىپ كېتىدۇ. يول ئارىلىقىنى ھېسابلىغان ھەربىي رايون باشلىقلىرى سوغۇنچازىدا يول توسۇپ ئۇلارنى قەشقەر شەھىرىگە كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا بۇيرۇق قىلىپ سوغۇنچازىدا يول توسۇشقا بىر پولك ئەسكەر چىقىرىدۇ، (بىز بۇ مەلۇماتنى بىر قانچە يىلدىن كېيىن تۈرمىدىكى ۋاقتىمىزدا شۇ ۋاقىتتا، شۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان بىر ھەربىي ئەمەلدارنىڭ باشقىلارغا دەپ بەرگەنلىكىدىن ئاڭلىغان ئىدۇق.)

مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ ماشىنىسى سوغۇنچازىغا كەلگەندە، بىر توپ ئەسكەرلەر ماشىنىنى توسۇپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. توسقان ماشىنىنىڭ ھەممىسى ئۈستى تەرىپى بېنزىن پالاس بىلەن قاپلانغان ماشىنىلار ئىكەن. ماشىنىنىڭ ئىچىدە تولۇق قوراللانغان خىتاي ئەسكەرلىرى بار ئىكەن. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىمۇ قاتار - قاتار تىزىلغان ماشىنىلار تۇرغان ئىكەن. بىر ماشىنا يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا توختىتىلىپ ماشىنىنىڭ چاقىنى چىقىرىپ رېمونت قىلىۋاتقان ئىكەن. مۇھەممەد ئىمىن قادىر ماشىنىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئەتراپقا بىر قاراپ ماشىنىنى ھەيدە، دەپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ماشىنا خېلى مېڭىپ يېرىم يولغا كەلگەندە تەرەپ - تەرەپتىن ماشىنىدىكى خىتايلار چۈشۈپ مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ ئەسكەرلىرىنى ماشىنىدىن چۈشۈشكە بۇيرۇق بېرىپتۇ

ھەمدە باشقا ماشىنىلاردىكى ختاي ئەسكەرلىرىمۇ ئۇستىدىكى بېنزىن پالاسنى قايرىۋېتىپ قوراللىرىنى بەتلەپ «قورال تاپشۇر! قورال تاپشۇرساڭ ئۆلتۈرمەيمىز!» ـ دەپ، سىياسەت سۆزلەپتۇ.

مۇھەممەد ئىمىن قادىر يېنىدىن قورالنى چىقىرىپ ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئۈزۈپ ماشىنىدا ئۇخلاۋاتقان ئەسكەرلەرنى ئويغىنىشقا بۇيرۇق بېرىپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىپتۇ. ئەمما، پۈتۈن قوراللار ماشىنىنىڭ ئاستىدا ھاشاردىن قايتقان كىشىلەردەك باستۇرۇلۇپ قالغاچقا چىقىرىشقا ئۈلگۈرمەپتۇ. ئۇخلىمىغان بىر قىسىم ئەسكەرلەر قوراللىرىنى چىقىرىپ ئوق ئۈزۈپتۇ ـ يۇ، لېكىن دۈشمەن تەييارلىقى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈنۈم بەرمەپتۇ ـ دە، ئەلەمگە چىدىمىغان بۇ ئەزىمەتلەر شوئار توۋلاپ، ئامالسىزلىقتىن بىر مەزگىل ئۇرۇشمۇ قىلىپتۇ، دۈشمەنىنىڭ ئادىمى ھەددى ـ ھېسابسىز جىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىز تۇسالغۇغا دۈچ كەلگەنلىكتىن بىر ئامال قىلالماي بىر نەچچە ئادەمنىڭ ياردار بولۇشى بىلەن ئەسىرگە چۈشۈپ قاپتۇ.

بىز ئاخۇنوپ بار ماشىنىدىكىلەر ماشىنىدىن ئايرىلىپ، پىيادە تاغ يولى بىلەن قارارگاھقا قاراپ مېڭىۋاتاتتۇق، كۈن بەك ئىسسىق ئىدى، يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى «ماشىنا ھازىر قايتىپ كېلىدۇ، ئېغىر نەرسىلەرنى ماشىنىدىن ئالماڭلار» ـ دېگەن بۇيرۇق بىلەن ھەممە نەرسىمىزنى ماشىنىدا قالدۇرغان ئىكەنمىز. تاغ جىلغىسىغا كەلگەندە، خەيرۇللا ئادەملەرنى ساناپ 25 ئادەمنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىدى، 1-گۇرۇپپىغا مېنى باشلىق قىلىپ، قوشۇمچە قوماندانلىق شتابىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ، دەپ ئېلان قىلدى.

2-گۇرۇپپىغا مۇھەممەد ئىمىن دېگەن غۇلجىدىن جەنۇبقا چېكىنىپ كەلگەن بىر ياش يىگىتنى باشلىق قىلدى. مىجىت سىلىڭنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىدۇ، دەپ بېكىتتى. بىز يېڭى ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، يولنى داۋاملاشتۇردۇق. يېرىم كېچىدىن ئاشقان ۋاقىت ئىدى، يول ئۈستىدە بىر يولۇچى بىزگە يولۇقۇپ قالدى. ھەيران قالدۇق، بىز ماڭغان يولدا ئۇۋچىدىن باشقا كىشى ئاسانلىقچە ماڭمايتتى.

باشلىق ئۇنىڭدىن بىر نېمىلەرنى سورىدى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۇنى ماڭا تاپشۇرۇپ «ياخشىراق قارا!» دەپ جېكىلىدى، مەن يول بويى ئۇنى قېچىپ كېتىپ بىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمىسۇن دەپ، گەپكە سېلىپ باقتىم. ئۇ بىزنىڭ قورallلىق ئىكەنلىكىمىزنى، بىزنىڭ ھەرىكەتلىرىمىزدىن، سىرلىق بىر ئىنسانلار ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىپ، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئوچۇقلا ئۆزى ئېيتتى. «مەن ئىزدەپ يۈرگەن ئادەم دەل سىلەر ئىكەنسىلەر. مەن ھەركۈنى ۋەتەن قۇتقۇزۇش رادىئوسىنى ئاڭلايمەن. ئۇ رادىئودا بىزنى

www.uyghurkitap.com

ئىزدىسەڭلار، تەڭرىتېغىنىڭ باغرىدىن ئىزدەڭلار، پامىر ئېتىكىدىن ئىزدەڭلار، دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىدىغان شەرقىي تۈركىستان قوشۇنىدىن ئىزدەڭلار، دەيتتى، مەن تۇنۇگۈن سىلەرنى چۈشەپ قاپتىكەنمەن، شۇڭا مۇشۇ يول بىلەن سىلەرنى ئىزدەپ تاپاي، دەپ ماڭغان ئىدىم» دېدى. مەن كۈلۈپ كەتتىم. راست دەيسەن يىگىت، سەن نېمە ئىش قىلالايسەن؟ دېسەم، ئۇ ئەترەتتە خەلق ئەسكىرى بولغان ئىكەن، قورال ئاتالايدىكەن. بۇ يىل ئەسكەرلىككە تىزىملىتىپ، ئىمتىھان بەرسەم، «سىنىڭ ئاكاڭ بۇزۇق ئۇنسۇر ئىكەن»، دەپ ئەسكەرلىككە ئالمىغانلىقىنى ئېيتتى... بىزنىڭ قاراجۇلگە بارىدىغانلىقىمىزنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇ بۇ يول بىلەن ماڭساڭلا، ئەتە چۈشتىن كېيىن بارىسىلەر، بۇ ئۇزاق يول، مۇنداق ماڭساڭلار تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن قاراجۇلگە بارغىلى بولىدۇ، دەپ بىزنى باشلاپ يېقىن يول بىلەن قارا جۇلگە ئېلىپ كەلدى. يول بويى ئاخۇنوپنى يۈدۈپ ماڭغان ئىدى. چۈنكى ئاخۇنوپ دۈشمەننىڭ تۇتقۇنىدىن قاچقاندا ئېگىز تام سىرىجەلەردىن سەكرەپ پۇتى قايرىلىپ زەخىملەنگەن ئىدى، بىز 21 - كۈنى ئۆيلىرىمىزدە تاماق يېگەنچە 48 سائەتتىن بېرى بىر نېمە يېمىگەن ھەم يازنىڭ قاتتىق ئىسسىقىدا ئۇسساپ، جانمانىمىز ئازلا قالغان ئىدى.

## 4- قاراجۇلدىكى جەڭ

1969 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سۇبھى بىلەن قاراجۇل يېزىسىنىڭ كەڭرال دەپ ئاتالغان يۇلغۇنزارلىقىغا كېلىپ چۈشتۇق.

بۇ يۇلغۇنزارلىقنىڭ بىر ئۇچى تاغ قاپتىلى بىلەن، قالغان ئۈچ تەرىپى قاراجۇلنىڭ كەڭرى كەتكەن ياپلاقلىرى، ئېكىنزارلىقى بىلەن تۇتاشقان يەر ئىدى. بىز تۇرغان يەر بىلەن قاراجۇل يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلاشقان جاي ئىككى كىلومېتىرغا يەتمەيتتى. سوۋېت چېگراسى تەخمىنەن 200 كىلومېتىردىن سەل ئاشاتتى. بۇ يەر بىرگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا بىزنىڭ بۇ يەرگە تەكرار كېلىپ يەر شەكلى ۋە يول مۇساپىسىنى رازۋېدكىچىلىرىمىز ئىگىلەپ، بىزنى ئالدىن ـ ئالا خەۋەرلەندۈرگەن ئىدى.

بامدات نامىزىنى جېلىل قارىمنىڭ ئىماملىقىدا ئوقۇپ، ناماز پەرزىنى ئاداقىلدۇق، شۇ كۈنى جېلىل قارىمنىڭ ئوقۇغان نامىزى ۋە قىلغان قۇرئان تىلاۋىتى ھېلىمۇ يادىمدا. نامازدىن كېيىن قىلغان دۇئاسى بىز ئىنسانلارنى ئەمەس، تاغ ۋە يۇلغۇنزارلىقنى لەرزىگە سالغان ئىدى. ھەممىمىز كۆز يېشى بىلەن ئاللاھدىن مەدەت تىلەپ، قارىمغا ئەگىشىپ ئۇزۇن - ئۇزۇن دۇئا قىلدۇق..... مەرھۇم جېلىل قارىم قارغىلىق ناھىيىسىدىن بولۇپ، بىر ئۆمۈر كوممۇنىستلارنىڭ تۇتقۇنىدىن قېچىپ يۈرگەن مۇجاھىد، تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى، مەرھۇممۇ خىتايلار

تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى، بۇ ھەقتە كېيىن ئايرىم توختىلىمەن، ئىنشائالالاھ!

نامازدىن كېيىن پۈتۈن قوشۇندىكى جەڭچىلەر ھارغىنلىقتىن ئۆزىنى يۆلغۈنزارلىقنىڭ ئارىلىرىغا تاشلاپ شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. چۈنكى بىز ئاۋغۇستنىڭ 21 - كۈنىدىن تارتىپ بۇ كۈنگىچە يا تاماق يەپ، يا ئۇخلاپ باقمىغان ئىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە يول ئۇزۇن، ھاۋا بەكلا ئىسسىق، سۇ يوق، ئۇسسۇزلۇق قاتارلىق قىيىنچىلىقلار بىزنى تازا قىيىنىغان ئىدى. مەن، نىزامىدىن، ھەسەن قارى، توختىھاجى قاتارلىق سەپداشلىرىم بىلەن بىر يەردە يۆلغۈننى سۇندۇرۇپ سايىۋەن ياساپ كۈن نۇرىنى توسۇپ ئۇخلىغان ئىدۇق. بىزگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بىر يەردە، بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدا ئاخۇنوپ بىلەن ئوسمانجانلار ئورۇن ھازىرلاپ، دەم ئېلىشقا ھازىرلىنىۋاتاتتى.

ئارىمىزدا ئازغىنە ئۇزۇك بولۇپ، بىر - بىرىمىزنى كۆرۈپ تۇرۇشاتتۇق، قالغان جەڭچىلەر تەرەپ تەرەپكە بۆلىنىپ، ئىككى - ئۈچتىن بىر بولۇپ، دەم ئېلىشىۋاتاتتى. سائەت 10:00 بولغان ۋاقىت ئىدى، خەيرۇللا مېنى ئويغاتتى، مەن بەك تەسلىكتە كۆزۈمنى ئاچتىم. ھارغىنلىقىم تېخى يېشىلمىگەن، كۆزۈم ئۇيقۇدا ئىدى. مېنى ئۇياققا چاقىردى. بارسام ئاخۇنوپ، خەيرۇللا، مىجىت سىلىڭ، ئوسمانجانلار بار ئىكەن. بىز بەش كىشى ئىكەنمىز. خەيرۇللا جىددىي بىر يىغىن ئېچىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ھەققىدە توختىلىپ، قىلىدىغان ئىشلار ھەققىدە گەپ باشلىدى، مەن ئۇلارنىڭ گېپىنى باشتىن - ئاخىر دىققەت بىلەن ئاڭلىدىم. قىزغىن تالاش - تارتىش نەتىجىسىدە، ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەرنى خۇلاسە قىلغان ئاخۇنوپ مۇنداق قارار چىقاردى:

1 - گۇرۇپپا كەچ سائەت يەتتىدىن بۇرۇن قاراجۇل يېزىسىنى تامامەن ئۆز كونتروللۇقىغا ئېلىش.

2- گورۇپ مىجىت سىلىڭنىڭ قوماندانلىقى بىلەن ياڭچاڭنى ئېگىلەپ (ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ بىر ئات - ئۇلاغ پېرمىسى بار ئىدى)، ئاتلىق قوشۇن ھازىرلاپ، سوۋېت چېگراسىغا بېرىپ، خىتاي ئەسكەرلىرىنى تازىلاپ، ئۇياقتىن كېلىدىغان «ۋەتەننى قايتۇرۇۋېتىش ئارمىيىسى» نى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئېچىق ئېچىش.

خەيرۇللا سۆز تېكىستىنى ھازىرلاپ، كەچتە قاراجۇل يېزىسىنىڭ رادىئو ئۇزبېلىدا پۈتۈن دۇنياغا شەرقىي تۈركىستان خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ قاراجۇلنى تايانچى پونكىت قىلىپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۇرۇشىغا ئۆتكەنلىكىنى، دۇنيادىكى ئادالەتپەرۋەر كۈچ ۋە تەشكىلاتلارنىڭ ياردەم قىلىشىنى مۇراجىئەت قىلىش ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قايتىدىن



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىش.

جېلىل قارىم ئارقىدىن ئۇلاپلا قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ مۇددىئا مەقسەتلىرىنى، قاراجۇل خەلقىگە ئاشكارا ئېلان قىلىپ، خەلقنى ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئۇرۇشىغا ئىشتىراك قىلىپ، قوشۇننى زورايتىش ئۈچۈن ئەسكەر ئېلىشقا تۇتۇش قىلىش، بۇ خىزمەتكە ئوسمانجان مەسئۇل بولۇش.

يېغىن سائەت 12:00 دە ئاخىرلاشتى، ئەسكەرلەرنى بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ، بۇيرۇققا بىنائەن مەن سائەت ئىككىگىچە قاراۋۇللۇقتا تۇردۇم، سائەت ئىككى بولغاندا پوست نۆۋىتىنى مىجىت سىلىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردىم. ئۇ سائەت تۆتكىچە قاراۋۇللۇقتا تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ كۈنى مىجىت سىلىڭنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس ئىكەن، يولدا كەلگۈچە ئۇسسۇزلۇقتىن، ئاچچىق شور سۇنى ئىچىپ قويۇپ، ئىچى سۈرۈپ كەتكەن ئىكەن، مىجىت سىلىڭ پوست نۆۋىتىنى مەرىيەم ئۆتكۈزۈۋېلىپ «مىجىتكام دەم ئالسۇن، مەن قىلاي» دېگەن ئىدى، مەن «ناھايىتى ھوشيار تۇرۇڭ! ئۇخلاپ قالماڭ!» دەپ، جېكىلەپ قايتىپ كېلىپ ئۇيقۇغا باش قويغان ئىدىم.

قانچىلىك ئۇخلىغىنىمنى بىلمەيمەن، قاتتىق ئېتىلغان ئاپتوماتنىڭ ئوق ئاۋازى مېنى ئويغىتىۋەتكەن ئىدى. بېشىمنى كۆتۈرسەم، قاچ - قاچنىڭ دەستىدىن ھېچ نېمىنى سېزەلمىدىم. بىر توپ خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇلار بۇيەردە ئىكەن، دەپ توۋلىغانلىقىنى ئاڭلىدىم، ئارىلىقى خېلى يىراق ئىدى. بىز تەرەپتىنمۇ قوماچ قورۇغاندەك ئوق ئاۋازى ئېتىلىشقا باشلىدى. خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ئاۋازى يوقاپ يىراق بىر تەرەپلەرگە كەتكەندەك بولدى.

مەلۇم بولدىكى، مەرىيەم پوستتا تۇرغاندا، ياغلىق، پايپاق قاتارلىق بىر يۈرۈش كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇپ، يۇلغۇننىڭ شېخىغا ئارتىپ قويغان ئىكەن، بىزنى ئىزدەپ قوغلاپ يۈرگەن خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ياڭ فامىلىلىك بىر پەي ئەسكىرى قوماندانى، يىراقتىن دۈربۇندا يۇلغۇنغا ئېسىلغان ئالا بۇلىماچ كىيىملەرنى كۆرىدۇ، يەرلىك غالچىلار ئۇ يەردە قەدىمدىن ئادەم ياشىمايدىغان يۇلغۇنزارلىق، بەلكىم قاچقان ئادەملەر شۇ يەردە بولۇشى مۇمكىن، دەپ خىتاي ئەسكەرلىرىنى شۇ تەرەپكە بېرىشقا ئۈندەيدۇ. بىز ئاۋغۇستنىڭ 21- كۈنى ماشىنىلىرىمىزنى تاشلاپ، ماڭغان كۈننىڭ ئەتىسى، يول بويىدىكى ئىگىسىز ماشىنا ئۇلارنىڭ دىققىتىنى چېكىپ، ماشىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ، تەكشۈرۈپ ئۈستىگە چىقسا، ماشىنىدا ئېغىر قورااللار، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايرىقى، ئىككى تاغاردا خىتاينىڭ 10 يۈەنلىك پۇلى، ئوزۇق تۈلۈك، ئوق - دورا.... قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئارقىمىزدىن ئىزدەپ يۈرگەن ئىكەن.

مەريەم شېھىت بولغان ئىدى. ئۇنىڭ كۆكسىدە يەتتە پاي ئاپتوماتنىڭ ئوقىنىڭ ئىزى قالغان ئىكەن، ئۇقساق، خىتاي ئەسكەرلىرى ئۇدۇل مەريەم بار يەرگە كېلىپ قاپتۇ، مەريەم خۇداغا شۈكرى شەرمى - ھايا يۈزىسىدىن، بىزدىن خېلى يىراق يەردە كىيىم يۇيۇپ، قاراۋۇللۇقتا تۇرغان ئىكەن. دۈشمەننى كۆرگەن مەريەم تاپانچىسىنى چىقىرىپ دۈشمەنگە قارىتىپ ئوق ئۈزۈپتۇ، دۈشمەننىڭ ئىككى ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپتۇ، ياڭ فامىلىلىك پەيجاڭنىڭمۇ ئايىغىغا ئوق تەگكەن ئىكەن، ئۆلمەي قالغان ياڭ قولىدىكى ئاپتومات بىلەن مەريەمگە قارىتىپ بىر دىسكا ئوقنى چىقارغان ئىكەن، مەن ھارغىنلىقتىن مەريەمنىڭ ئاتقان تاپانچا ئاۋازىنى ئاڭلىماپتىمەن، كېيىن ئېتىلغان خىتاينىڭ ئاپتومات ئوقىنىڭ ئاۋازىدىن ئويغانغان ئىكەنمەن.

ئاخۇنوپ ھەممىمىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ،«دۈشمەن بىزنى سەزدى، ئەھۋال جىددىيلەشتى، ھەممىڭلار قالايمىقان ئوق چىقارماڭلار! بۇيرۇققا بويسۇنۇڭلار!»، دەپ بىزنىڭ ئورۇنلىشىش جايىمىزنى يېڭىۋاشتىن ئورۇنلاشتۇردى، ھەممەيلەن قوراللىرىمىزنى بەتلەپ دۈشمەن تەرەپكە قاراپ ياتماقتا ئىدۇق. ھەممە يەر قېلىن يۇلغۇنزارلىق، 10 مېتىر يىراقتىكى ئادەمنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس...

ئاخۇنوپ قولى بىلەن شەرەتلەپ، پەس ئولتۇرۇڭلار، بېشىڭلارنى چىقارماڭلار، دەپ بىز تەرەپكە قارىتىپ، نەسھەت بېرىۋاتاتتى. ئاخۇنوپنىڭ قول ئىشارىتىنى خاتا چۈشەنگەن نىزامىدىن ھاپىلا ـ شاپىلا، بىز بار يەردىن قوزغىلىپ، ئاخۇنوپ بار تەرەپكە ماڭغىلى تۇردى. ئاخۇنوپ بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئازغىنە ئۈزۈك بولۇپ، باشقا جاي قېلىن يۇلغۇنزارلىق ئىدى. نىزامىدىن ئاخۇنوپ مېنى چاقىردى، دەپ چۈشەنگەن ئوخشايدۇ، ئۇ بىزدىن ئايرىلىپ بەش قەدەم ماڭا ـ ماڭماي گۇم قىلغان بىر پاي ئوقنىڭ كېلىشى بىلەن يەرگە يىقىلدى، ئۇ سەنتۈرۈلۈپ، سېرىلغان پېتى دۈم يەرگە چۈشتى، ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل غەزەپ ئوتى يالقۇنجاۋاتقاندەك قىلىۋاتاتتى، قاپقارا چاچلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى. ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ ئوغۇز سۈتى تېخى تېمىپ تۇرغان بىر گۆدەك سەبىي بالا ئارزۇ ئارمانسىز ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ جان ئۈزۈۋاتقاندىكى كۆرۈنۈشى، ھېلىمۇ يادىمدىن چىقمايدۇ. ئۇنىڭ لەپىلدەپ تۇرغان قارا چاچلىرى، ئاناردەك قىپقىزىل ئىككى مەڭزى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ دۈشمەنگە نەپرەت كۆزى بىلەن ئالىيىپ تۇرغان سىياقى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدىن يوقالغىنى يوق.  شۇ يىلى ئۇنىڭ 18 ياشقا تېخى توشمىغان ۋاقتى ئىدى. ئۇنى كۆرگەن يېقىندىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، ئىچ ئاغرىتتى. ئىككى كۈن بۇرۇن دادامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن، دەپ بۇ مۈشكۈل سەپەرگە ئاتلانغان بۇ ئوغلانىمىز ۋەتەن، مىللەت يولىدا ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ئىدى، مەرھۇمغا جانابىي ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمەن! ئامىن!

www.uyghurkitap.com

دۈشمەننىڭ رادىئو كانايلىرى ئىشقا چۈشتى،«ئىقرار قىلساڭ كەڭچىلىك قىلىمىز، قارشىلىق كۆرسەتسەڭ ئېغىر جازالايمىز، باش جىنايەتچىنى جازالاش، ئەگەشكۈچىلەرنى سۈرۈشتە قىلماسلىق. نەيزىنى ئارقىغا قايرىپ ئۇرغانلىق، خىزمەت كۆرسەتكەنلىك بولىدۇ، قورال تاپشۇرساڭ ئۆلتۈرمەيمىز.....»

دۈشمەننىڭ تەشۋىقاتىغا ھېچ كىم پىسەنت قىلمايتتى، ھەممە تىمتاس، جىمجىت ئىدى، ھەتتا بىرسىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ياكى تىنغان تىنىقىمۇ سېزىلمەيتتى. كاناي ئاۋازى يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى، جاۋاب بېرىشنى تەكرار تاپىلىدى. ھېچ كىم ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرمىدى. دۈشمەن ھەيۋە بىلەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كېلىشكىلى تۇردى، پەقەت يولغۇننىڭ شىرىقلىغان ئاۋازىدىن ئۇلارنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى بىلەتتۇق، دۈشمەن ئەسكەرلىرى راستتىنلا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. چۈنكى ئۇلار ئۆرە مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. ساننىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى. دۈشمەن كەلدى، تېخىچە ئوق چىقىرىش كوماندىسى بېرىلمىگەن ئىدى. مەن ھەيران قالدىم، كۆڭلۈمگە كەلمىگەن يامان ئويلار كەلدى، مەن ئاخۇنوپتىن گۇمانلانغىلى تۇرغان ئىدىم. بۇيرۇقسىز ئوق چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، نېمە ئۈچۈن ئوق چىقىرىشقا بۇيرۇق بەرمەيدىغاندۇ!

تىرىك قولغا چۈشمەمدىغاندۇق؟! بۇ شۇنداق قىسمەتمىدۇ يا؟!...

خىتاي ئەسكەرلىرى 25 مېتىر، 30 مېتىرلاپ يېقىنلاپ كېلىپ قالغان ئىدى. ئىچىم تىت - تىت بولۇۋاتاتتى.... كۈتۈپ تۇرۇشقا يانا تاقىتىم قالمىغان ئىدى.

«ئاگوم!» دېگەن بۇيرۇق بېرىلدى. بىزنىڭكىلەر خۇددى ماڭا ئوخشاش ئوق چىقىرىش بۇيرۇقىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. بىرلا ۋاقىتتا تاراسلىغان ئوق ئاۋازى جاھاننى بىر ئالدى، ھەممە يەر ئوقنىڭ ھىدىغا توشۇپ كەتتى. گۇپۇلدەپ ئۇرۇلۇۋاتقان تىنىمسىز يۈرەكلەرنىڭ قالايمىقان سوقۇشى بىردىنلا جايىغا چۈشۈپ قالدى.

ھەيۋە سېلىپ«ئىقرار قىلساڭ ئۆلتۈرمەيمىز، خىزمەت كۆرسەتسەڭ مۇكاپاتلايمىز» دېگەن خىتاينىڭ ئۆزىمۇ كۆرۈنمىدى، ئاۋازىمۇ يوقاپ كەتكەن ئىدى، پەقەت قەيەرلەردىدۇر خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قېچىۋاتقان سەت قىياپەتلىرى غىل پال كۆزۈمگە چېلىقىپ قالدى. دۈشمەنلەر شۇنداق سەت قاچتىكى، نەچچىسى بېشىدىكى شەپكىسىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىغىمۇ قارىماي قاچاتتى. بىرنەچچىسى يەككە پاي ئايىغى بىلەن قاچماقتا ئىدى، بىرى چۈشۈپ قالغان باتولۇشكىسىنى ئېلىشقا ئۈلگۈرمەي قېچىۋاتاتتى، يەنە بىرسىنىڭ قورالى يولغۇن شېخىغا ئىلىنىپ قالسا، قورالنى ئالماي قېچىۋاتاتتى... ئۇلار شۇ قاچقان پېتى شەرقىي تۈركىستان

زېمىندىن قېچىپ سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە قاراپ قېچىۋاتقان قاچقۇنلاردەك كۆرۈنمەكتە ئىدى.

ھاياتىمدا خۇشال ئۆتكەن مىنۇتلىرىم بار دېسەم، شۇ كۈندىكى، شۇ دەقىقىدىكى كۆرۈنۈش مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمدا ئۇنتۇلغۇسىز ئاجايىپ خۇشاللىنارلىق كۈنلەر، دەپ ئېيتسام ھەرگىز خاتالاشمايمەن.

مەن تۇرما ھاياتىمدا شۇنچە خاپىلىق تارتىپ ئازابلىنىپ ھاياتىمدىن ئۈمىدسىزلىنىدىغان قەبىھ كۈنلەرمۇ بېشىمغا كەلدى، ئەمما، ئاشۇ مىنۇتلارنى ئەسلىگىنىمدە ئۆزۈمگە ئۆزۈم تەسەللى بېرىپ، ھاي بەردىم سەۋرى قىلدىم، يېڭى ھاياتقا بولغان ئۈمىدىم شەكىللەندى.

مەن ئۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ ئۆزۈمچە كۈلۈپ كەتسەم ماڭا قاراپ تۇرغان ھەسەن قارى بىلەن توختىھاجى مېنى«سىلە ساراڭ بولۇپ قاللىمۇ؟ ئېشەك ئۆلۈۋاتسا قوڭى غېجەك چاپتۇ دېگەندەك، كۈلگەنلىرى نېمىسى؟» دېدى. مەن كۆرگەنلىرىمنى دەپ بەرسەم، ئۇلارمۇ كۈلۈمسىرەپ قويغان ئىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ قاچقان ۋاقتىدىكى كۆرۈنۈشنى ئۇلار كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ئىدى. ئۇلار ئۇزاپ كېتىپ قالغان ئىدى.

... مەن، ھەرۋاقىت ئاشۇ مەنزىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، يەنىلا كۈلگۈم كېلىدۇ. چۈنكى، ئىنسان پۈتۈن ھاياتىدىكى كۈلگەن قېتىم سانىنى ئەسكە ئالالماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، مەن ئاشۇ قېتىمقى كۈلكەمنى زادى ئۇنتۇيالمايمەن! ئۇ- مېنىڭ ھەقىقىي، ئۇنتۇلغۇسىز كۈلكەم ئىدى. مەن ھەر زامان جانابىي ئاللاھدىن ئاشۇنداق بىر ئۇرۇش شارائىتىنى تەكرار يارىتىپ بېرىشنى، يەنە بىر قېتىم كۈلۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى ھەر زامان تىلەيمەن. ئامىن!!!

ئاخۇنوپ بۇيرۇق بېرىپ:«ئۇلجىلارنى ئىلىڭلار» دېدى. گۈلدۈر - گۈلدۈر يۈگۈرگەن بۇ ئادەملەر، ھېچ نېمىگە قارىماي قورال يىغقىلى ئۆمىلىشىپ كېتىۋاتاتتى. مەنمۇ ئەل قاتارى بېرىپ يېقىن ئارىدىكى ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىدىن بىرسىنىڭ 56 لىك ئاپتوماتىنى، يېنىدىكى ئوقدانلىرىنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ ھەممىنى ئېلىپ قايتىپ كەلدىم، قارىسام خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسكەرلىرىنىمۇ ئالدىغان ئىكەن. ھەر بىر دىسكىدا 7 - 8 تالدىن ئوق بار ئىكەن. ئەسلىدە 56 لىك ئاپتوماتنىڭ دىسكىسىدا 25 پاي ئوق بولۇشى كېرەك ئىدى. ئوقدانلىرىنى بېلىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن ئىدىم، ئوقدانلىرىنىڭ خالتا تۆشۈكىدە يەنە ئوخشاشلا ياغاچتىن ياسالغان يالغان ئوق بار ئىكەن. باشقىلارنىڭ ئولجا ئالغان قوراللىرىنىڭ بەزىلىرىدە ئوق يېتەرلىك، بەزىلىرى قۇرۇق ئىكەن، ئاخۇنوپ ھەممەيلەننى دۈشمەننىڭ قايتا كېلىشنى كۈتۈپ قالايمىقان ئوق چىقارماسلىقنى تاپىلىدى. ئاخۇنوپنىڭ ئەسلىدە دۈشمەنگە يېقىنلاپ كەلگەندە ئوق چىقىرىشقا بۇيرۇق بەرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى كېيىن ئۇققان ئىدىم،

www.uyghurkitap.com

چۈنكى بىزنىڭ قوراللىرىمىزنىڭ كۆپى تاپانچا بولۇپ، ئېغىر قوراللار ماشىنا بىلەن قەشقەر تاش يولىدا دۈشمەنگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئىدى. تاپانچا بىلەن 30 مېتىردىن يىراق يەردىكى دۈشمەنگە زەربە بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇنى نەزەردە تۇتقان ئاخۇنوپ، دۈشمەننىڭ يېقىنلاپ كېلىشىنى كۈتۈپ، ئەڭ يېقىن جايدىن دۈشمەنگە زەربە بېرىپ قورالغا ئىگە بولۇشنى ئويلىغان ئىكەن.

دۈشمەن يەنە غالجىرلاشقىلى تۇردى، بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەن كېلىشكە باشلىدى، باشقا جايلاردىكى بىزنى بۆلىنىپ - بۆلىنىپ ئىزدەپ يۈرگەن دۈشمەنلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، بىزگە قارشى يېڭى سەپ تۈزگەن ئىدى. دۈشمەن گەرچە بۇرۇنقىدىن كۆپەيگەن بولسىمۇ بىزنىڭ ئىرادىمىزمۇ بۇرۇنقىدىن چىڭىغان ئىدى، ئۆلۈپ كەتسەك ئارمىنىمىز يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەننىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر قوراللىرىنى ئېلىپ جانلىنىپ قالغان ئىدۇق. ئىنشائاللا! ھەممىمىز يەنە بىر نەچچىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسەك مەيلىغۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن دۈشمەننىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتۇق، بىر - بىرىمىز بىلەن رازىلىق ئېلىشىپ، شاھادەت شەربىتىنى ئىچىشنى كۈتمەكتە ئىدۇق.

2-گۇرۇپپا تەرەپتىن بىرسىنىڭ قالايمىقان توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، مەن پەرق ئېتەلمىدىم، نېمە دېگىنىنى چۈشەنمىدىم، بىرى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتى، ئۇنىڭ گېپى يا ئۇيغۇرچە ئەمەس، يا خىتايچە ئەمەس ئىدى. تۇيۇقسىز ئېتىلغان ئوقنىڭ ئاۋازى بىلەن ئۇنىڭ ئۈنى ئۆچتى، يەرگە يىقىلدى بولغاي چىغى! يېنىمدىكى باشقىلاردىن ئۇقسام، گايىت چوقۇر دېگەن كاللىسىدىن ئېزىپ، قالايمىقان سۆزلەپ خىتايلارغا چۈشىنىكسىز بىر گەپلەرنى قىلغان ئىكەن، ئۇنى توختىتالماي، مىجىت تاپانچا بىلەن ئۇنىڭغا ئوق چىقىرىپتۇ، ئۇنىڭ ئوڭ قولىغا ئوق تېگىشى بىلەن يەرگە يىقىلغان ئىكەن، يېنىدىكى سەپداشلىرىدىن قۇربان نىياز ئۇنىڭ ئېغىزىنى تۇتۇپ گەپ قىلماسلىقنى تاپىلىغاندا ئاغرىق ھېس قىلغان گايىت چوقۇر ھوشىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى بىلىپ، پەسلەپ قالغان ئىكەن.

دۈشمەننىڭ ئەسكەرلىرى يەنە كېلىشكە باشلىدى، بۇ قېتىمقىسى 2 - ھۇجۇمى ئىدى، دۈشمەن ياڭراتقۇلىرى يەنە كاپشىغىلى تۇردى، قۇلاقنى يېرىۋەتكۈدەك سۆزلىگىلى تۇردى، گايىت چوقۇرنىڭ قولىنى كۆتۈرۈپ قىلغان پەلە- پەتىش گەپلىرى ئۇلارنى تەسلىم بولىمىز- دېدى، دەپ چۈشەنگەن چېغى!

بىز قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ 1 - دەرىجىلىك ئۇرۇش ھازىرلىقىدا ئىدۇق. يېنىمدىكى ھەسەن قارى بىلەن توختىھاجى تەيەممۇم قىلىپ، ئۆلۈپ كەتسەم ئابدەس بىلەن كېتەي،

دەپ تاھارەت يېڭىلىغىلى تۇرغان ئىدى.

دۈشمەن بۇ قېتىم ئۇزاقتىن شىددەت بىلەن ئوق چىقىرىۋاتاتتى، بىز ئوق چىقارمىدۇق، بۇيرۇق يوق ئىدى، دۈشمەنلەر بارا - بارا يېقىنلاشقىلى تۇردى، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇزاقتىن ئېتىلغان پىلىموتنىڭ ئوقى بىزنى مىدىرلاتقىلى قويمايتتى، قەيەردە يولغۇن شېخى مىدىرلىسا شۇ يەردە ئادەم بار دەپ دۈشمەن شۇ يەرنى نىشانغا ئالاتتى. مېنىڭ بېشىمنىڭ ئالدىدىن 30 سانتىمېتىر يەرگە تاراقشىپ ئوق كېلىپ توپا توزۇتۇپ چۈشكىلى تۇردى، دۈشمەن مېنى نىشانغا ئالغان ئىدى، مەن دەرھال ئورۇننى ئالماشتۇردۇم، ھەسەن قارى بىلەن توختىھاجىلارمۇ ماڭا ئەگىشىپ ئورۇن ئالماشتۇردى، خۇدا ساقلىسا بالا يوق دېگەندەك، مەن قوزغالغاندىن كېيىن، دەل مېنىڭ ئورنۇمغا ئۈزۈلمەي ئوق كېلىپ چۈشكىلى تۇردى، ئاخۇنوپنىڭ «ئاگوم!» دېگەن بۇيرۇقى ئاڭلاندى، ئېتىشۋازلىق قىزىپ كەتتى، ئۇرۇش بۇ قېتىم ئالدىنقى قېتىمدىكىدەك تېز ئاخىرلاشمىدى، دۈشمەنلەرمۇ يەرگە يېتىپ، بەزىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

ئۆرە تۇرغان دۈشمەننى بىز ئاسانلا پەرق ئېتەلەيتتۇق، يېتىۋالغانلىرىنى بىزمۇ كۆرەلمەيتتۇق، ئۆرە ماڭغان دۈشمەن ئەسكەرلىرى پات - پات يىقىلاتتى، بەزىلىرىنىڭ ئەييا دېسە ئەييا! دەپ يىغلىغان يىغلىرىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئوق تەگكەن دۈشمەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى، ئاخۇنوپ قول ئىشارىتى بىلەن ئوڭ تەرەپتىن ئوق چىقىرىشقا بۇيرۇق بەردى، بىز دۈشمەنگە ياندىن تۇيۇقسىز زەربە بەردۇق. دۈشمەن بىزنىڭ سانىمىزنى جىق ھېسابلىدى بولغاي، يان تەرەپتىنمۇ ھۇجۇمنىڭ باشلانغانلىقىنى بىلگەن دۈشمەن ئەسكىرى قېچىشقا باشلىدى.

سائەت بەشتىن ئاشقان مەزگىل ئىدى، بىز دۈشمەننىڭ كېلىشىنى پايلاپ تۇرغان ئىدۇق. بىر يەردە مىجىت سىلىڭنىڭ ئىنجىقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. دۈشمەن بىزدىن بەك يىراقتا ئىدى، ئوت كۈچى ئۈزۈلگەن ئىدى. مىجىتقا بىر نەچچە پاي ئوق تېگىپ، ھالسىزلانغان ئىكەن، ئۇ يېنىدىكى 2 - گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى مۇھەممەد ئىمىنغا: «مېنى ئېتىۋەت! مەن بەك قىينىلىپ كەتتىم» دەپ قولىدىكى تاپانچىسىنى بەرگەن ئىكەن، ئۇنى ئېتىۋېتىش ئۈچۈن قولىغا قورالنى ئېلىپ ئوق چىقىرىشقا تەمشەلگەندە ئاخۇنوپ ئۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ:«سەن نېمە ئىش قىلماقچى؟ ئەگەر ئۆلۈشنى خالىسا ئۆزىگە ئۆزى تەدبىر قوللانسۇن، بىزنىڭ قورالىمىز، قوراللىرىمىزنىڭ ستولى، ماۋ، لىن گۇرۇھىغا (ماۋ زېدۇڭ، لىن بياۋ)، خىتاي كوممۇنىستلىرىغا، مىللىي مۇناپىق ۋەتەن خائىنلىرىغا قارىتىلسۇنكى ھېچ ۋاقىت ئۆز خەلقىمىزگە، ئۆز مىللىتىمىزگە قارىتىلمىسۇن، بۇگۈن سەن ئۇنى ئاتقان بىلەن، ئەتە خەلق سوتى سېنى جازالايدۇ» دەپ تەنبىھ بەرگەن ئىدى. ئاخۇنوپنىڭ سۆزى مۇھەممەد ئىمىنغا قاتتىق تەسىر قىلدى بولغاي،

ئۇنىڭ قولىدىكى قورال تىترىگەن پېتى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مىجىت ئاخۇنوپنىڭ سۆزى بىلەن يەردىكى قورالنى سىلاپ ئاران - ئاران قولىغا ئېلىپ ئۆزىنىڭ بېشىغا قارىتىپ ئاتقان ئىدى، پاڭ قىلىپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ئەتراپنى بىر قاپلىدى.......

ھەممىمىز ئاخۇنوپنىڭ سۆزى ۋە مىجىتنىڭ جەسىتىگە قاراپ، تىمتاس تۇرۇپ قالغان ئىدۇق، بۇ «ئۆلۈم» بىزنىڭ سەپداشلىرىمىزدىن 3 – كىشىنىڭ ئۆلۈمى ئىدى.

ئاخۇنوپ قولىمىزدىكى قوراللارنىڭ سانى ۋە ئوق دورىلىرىمىزنىڭ سانىنى ئالغاندىن كېيىن، بىر پەس تۇرۇپ كېتىپ، ئاسماندىكى كۈن نۇرىغا بىر قاراپ، ئەگەر دۈشمەن بىلەن بولغان جەڭ ئاخشامغىچە داۋاملاشسا، كۆز باغلانغان ھامان بۇيەردىن قوزغىلىپ 25 - كۈنى.... غا ھازىر بولۇڭلار، شۇ يەردە ئۇچرىشىمىز، دەپ تاپىلىدى. بىز دۈشمەن ئىلاجى بار كەلمەي تۇرسىكەن، قاراڭغۇ چۈشكەندە بۇ يەردىن قوزغىلىمىز، دەپ تەييارلىق قىلىشنىڭ كويىغا چۈشكەن ئىدۇق.

قاقۋاش دۈشمەن يەنە 3 - قېتىملىق ھۇجۇمنى باشلىدى، بۇ قېتىم كەلگەن دۈشمەن ئالدىنقىسىغا زادى ئوخشىمىدى، بۇلارنىڭ قوراللىرى سەرخىل ئىدى، ئېتىلغان ئوقنىڭ ئاۋازىدىن زامانىۋى قوراللارنى ئىشقا سالغانلىقىنى سەزگەن ئىدۇق، ئۇزاقتىن نەچچە پىلىموتنىڭ ھىمايىسىدە بىزگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى، ئوقنىڭ ئۈزۈلمەي چۈشۈۋاتقان ھېسابسىز ساندىن بېشىمىزنى كۆتۈرۈشكە ئىمكانىمىز قالمىغان ئىدى، يۇلغۇن شاخلىرىنىڭ تاللىرى، پىلىموت ئوقىنىڭ زەربىسىدىن تاراسلاپ سۇنۇپ يەرگە چۈشكىلى تۇردى، بىزگە دالدا بولغان بۇ تەبىئەت مەنزىرىسى ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىماقتا ئىدى، قاياققا مىدىرلىساق دۈشمەن شۇ تەرەپكە قارىتىپ ئوق چىقىراتتى، بىزنىڭ ئاتقان ئوقلىرىمىز نەلەرگىدۇر كېتىۋاتقاندەك، دۈشمەن ئەسكەرلىرى جېنىدىن تويۇپ، غالجىرلىق بىلەن يەنە شۇ كونا داۋراڭنى سېلىپ كەلمەكتە ئىدى.

دۈشمەن يېقىنلاپ كەلدى، بىزنىڭ ئوقىمىزمۇ ئاساسى جەھەتتىن بىر يەرگە بارغان ئىدى. ئۇيەردە بۇيەردە بىزنىڭ ئاتقان ئوقىمىزنىڭ ئاۋازى ساناقلىقلا ئاڭلانماقتا ئىدى، دۈشمەن راستىنلا يېقىنلاپ كەلدى، سەپداشلىرىمنىڭ بەزىلىرى جان ئاچچىقىدا يۇقىرى ئاۋازدا تەكبىر توۋلاپ ئۆرە تۇرۇپ ئوق چىقىرىۋاتاتتى...

ئاخۇنوپ مېنى چاقىردى، دەرھال يېنىغا باردىم. «سەن بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ دەرھال بۇ يەردىن چېكىن، ئەگەر دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالىدىغان بولساڭ بۇ نەرسىنى ئۇلارغا تاپشۇرغۇچى بولما، تېز ماڭ!» دېدى. نۇرغۇن گەپ - سۆزلەرنى بىردىنبىر ماڭا يېپىدىن -



www.uyghurkitap.com

يېڭىنىسىگىچە تاپىلىدى...

مەن ئاخۇنوپنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دەرھال ئۇرۇش مەيدانىدىن چېكىنىش ئۈچۈن، چاقماق تېزلىكىدە تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ يولغا ماڭماقچى بولۇپ، ئاخۇنوپقا قاراپ خوش! دېيىش ئۈچۈن ئارقامغا قارىسام، ئاخۇنوپنىڭ پاڭ قىلىپ ئۆزىگە قارىتىپ ئاتقان ئوقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئاخۇنوپ ئۈستىدىكى سىما رەڭ دىكا چاپىنىنى سېلىپ، دىچۆلياڭ ئاق كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ، ئاسما مايكىسىنىمۇ قايرىۋېتىپ، يۈرىكىگە قارىتىپ ئاتقان ئىكەن، ئاھ! خۇدا! دېدىم ...

مۇھاسىرىدىن چىقىپ، ئۇزاققىچە ئۆمىلەپ، ھاڭ لېۋىگە كېلىپ، ياردىن چۈشۈپ، ھاڭنىڭ ئىچىدىكى ئېقىن بىلەن قاچتىم، بىر يەرگە كەلسەم ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇ يەردە خىتاي ئەسكەرلىرى بار ئوخشايدۇ، دەپ دىققەت بىلەن تىڭشىسام، توقۇلغان ساغرىسىدا كۆيەك تامغىسى بار ھەربىي ئاتلار ئىكەن، قانداقتۇر يېقىن ئەتراپتا ئادەملىرى كۆرۈنمەيتتى، ھەربىي قائىدە بويىچە، بىر ئىسكادىروندىكىلەر ئۇرۇشقا بارغاندا، ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە جەڭ قىلماقچى بولسا، ئاتلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، بىر كىشىنى ئاتلارغا قاراشقا قالدۇرۇپ، قالغانلىرى پىيادە جەڭگە ئاتلىنىشى كېرەك ئىدى.

مەن شۇ ۋەجىدىن چوقۇم ئاتلارنىڭ يېنىدا بىر ئەسكەر بار، دەپ پەرەز قىلىپ، ئۆمىلىگەن پېتى ئاتقا يېقىنلاشتىم، بىر ئادەمنى ئۇجۇقتۇرماق بەك ئاسان ئىدى، جاسارىتىم كۈچلۈك ئىدى، نېمە ئۈچۈنكى ئاتنىڭ يېنىدا ئادەم يوق ئىكەن. سىنچىلاپ تەكرار كۆزەتكەندىن كېيىن ئاتلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ياخشى ئاتتىن بىرنى تاللىۋېلىپ، قالغان ئاتلارنىڭ يۈگەن - نوقتا، ئېگەرلىرىنى چۇۋۇپ بوشىتىپ، ئۇ يەر بۇيەرگە تاشلىدىم. بوشانغان ئاتلار نېمە ئۈچۈندۇر، تەرەپ - تەرەپكە قېچىشقا باشلىغان ئىدى، ئۇلار نەچچە كۈندىن بىرى يول يۈرۈپ ئېگىسىدىن بىزار بولغانمۇ ياكى ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازىدىن ئۈركىگەنمۇ بىلەلمەي قالدىم، ئاتلار مېنىڭ ھەيدىۋېتىشىمنى كۈتمەيلا قېچىشقا باشلىغان ئىدى. مەن ئۆزۈم تاللىۋالغان ئاتقا مىنىپ ئۇچقاندەك نىشانغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. مەن ئاتتا ئەمەس، بەلكى ھېكايە - چۆچەكلەردىكى باتۇر پالۋانلاردەك سۇمرۇققا مىنىپ ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتاتتىم. ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆتتەك ئىسسىغان كۈن نۇرى مېنىڭ ئاتقا مىنىشىم بىلەن سەل بوشاپ قانداقتۇر سالقىنلىق ھېس ئەتكۈزەتتى، سىم - سىم يامغۇر يېغىپ، مېنىڭ سەپىرىمگە ئاق يول تىلىگەندەك قىلاتتى.

*****

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# ئالتىنچى باب

# خىتاي زىندانلىرىدا

## 1- مەن ئەڭ ئاخىرىدا ئەسىرگە چۈشكەن ئىدىم

1969 - يىلى 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈش مەزگىلى ئىدى. مەن يېڭى ۋەزىپە بىلەن بەلگىلىگەن مۇددەت ئىچىدە سوۋېتلار چېگراسىغا يېتىپ بېرىشىم كېرەك ئىدى. يولدا كېتىۋاتسام، كۆتۈلمىگەن بىر يەردىن ئۈچ ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇلار ھەربىيلەر ئەمەس ئىدى، پۇقراچە كىيىنىۋالغان كىشىلەردەك كۆرۈنەتتى. مەن ئات ئۈستىدە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدىن خىتاي ئەسكەرلىرى ئەمەس، يەرلىك كىشىلەر دەپ جەزملەشتۈردۈم. ئۇلارمۇ مېنى كۆرگەن ئىدى، ئۇلار ئات چاپتۇرۇپ ماڭا قاراپ كېلىۋاتاتتى، مەن ئۇلارنىڭ مېنى ئىزدەپ يۈرگەن غالچىلار ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال يېنىمدىكى قورال ۋە باشقا نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋەتتىم. پەقەت بىر تاللا خاسىيەتلىك ئالتۇن ئۈزۈك بار ئىدى، ئۇنى شىمىمنىڭ سائەت يانچۇقىغا سېلىپ، ئۇلارنى باشقا بىر يولغا بۇراپ ئۇلارنىڭ دىققىتىنى چەكمەكچى بولدۇم. مەن ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتسەم بولاتتى. ئۇنداق قىلىش بەك قۇلاي ئىش ئىدى، ئۇلار مېنى تۇتۇش ئۈچۈن كېلىۋاتقان دۈشمەنلەر ئىدى، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپمۇ بۇ رايوندىن ساق چىقىپ كېتىشىمگە كۆزۈم يەتمىدى، مەن مېڭىۋاتقان يول، بىز ئۈچۈن بىر قوغۇنلۇقنىڭ يولى ئىدى، بىزنىڭكىلەر ھەر ھەپتىدە ياكى ئايدا بىر - ئىككى قېتىم مۇشۇ مەن ماڭغان يول بىلەن سوۋېتقا كىرىپ - چىقىش قىلاتتى. بۇ يولدا ئادەملەرنىڭ پەيدا بولغانلىقى مېنى تەئەججۈپلەندۈرۈپ قويغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار يەرلىك خەلق يەنىلا مېنىڭ قېرىندىشىم ئىدى. مەن مىللەتچىلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىئىنەزىرىدىن شۇنداقلا مەرھۇم ئاخۇنوپنىڭ: «بىزنىڭ قورالىمىز ۋە قورالىمىزنىڭ ستولى ماۋ - لىن گۇرۇھىغا، خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارىتىلىشى كېرەك....» دېگەن سۆزى كاللامدىن زادىلا كەتمىگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇش نىيىتىدىن يېنىپ، ئاتقا مىنىپ ئاتنىڭ سول تەرىپىگە ئۆزۈمنى يوشۇرۇپ، ئاتنىڭ ئوڭ تەرىپىنى ئۇلار تەرەپكە توغرىلاپ جەنۇب تەرەپكە قاچتىم. ئەگەر ئۇ تەلۋىلەر ئوق چىقارسا ماڭا ئەمەس ئاتنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ياكى قورساق قىسمى

نىشانغا ئېلىناتتى، مېنى قارىغا ئاسانلىقچە ئالالمايتتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدىن خىتايغا تەلۋىلەرچە سادىق، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان لالمىلار ئىكەنلىكى سېزىلىپ تۇراتتى، مېنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن باشقا يەرگە بېرىپ تۇتۇلۇشۇم، يوشۇرغان نەرسىلەرنىڭ ئىزىنى يوقىتىپ، ئۇ لالمىلارنىڭ دىققىتىنى بۇرۇۋېتىشلا ئىدى..... مەن ئاتنى تېز چاپتۇرمىدىم، ئەگەر تېز چاپتۇرغان بولسام ئۇلارنىڭ يېتىشەلىشى ناتايىن ئىدى، ئەگەر باشقا تەرەپتە خىتاي ئەسكەرلىرىگە ئۇچراپ قالسام ئۇلارنىڭ مېنى ئولتۇرۇۋېتىشى ئېنىقلا گەپ ئىدى، شۇلارنى ئويلاپ نېمە بولسا بولسۇن، بەربىر سەپداشلىرىم بىلەن ئاخىرقى قېتىم دىدار كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ قاتارىدا ئۆلسەم، قانداق ئۆلگەنلىكىم بولسىمۇ ئۇلار تەرىپىدىن ئابىدە بولۇپ قالار، دېگەن خىياللار بىلەن ئاتنى توختاتتىم، ئۇلار يېقىنلاشتى، ئۇلارنىڭ سانى كۆپەيگەن ئىدى، ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر يېنىمغا كېلەلمىدى، ئاتتىن چۈش، دەپ ۋارقىرىدى. مەن ئات ئۈستىدە ئاتنى ئۇيانىدىن بۇ يانغا ئايلاندۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئادىمىنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلىشىۋېلىش ئۈچۈن ئەنەي ئاتتىن چۈشمەي بىر قۇر ئۇلارنى كۆزدىن كەچۈردۈم، نېمە ئۈچۈندۇر بۇ بىر توپ ئىنسانلارغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۇلارنىڭ رەڭگى رۇخسارىدىن توپا يېغىپ تۇراتتى، يۈز، مەڭزىدە بىرەر  قاننىڭ ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى، لەۋلىرى شورلىشىپ كەتكەن، توپا چىراي، تۈيغۇدەك گۆش يەپ باقمىغان ياداق يۈز كىشىلەردەك كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ كىيىۋالغان كىيىملىرىمۇ بىر ـ ئىككىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جۇل-جۇل، نەچچە يېرىگە ياماق سالغان ئەسكى ئىشتان، چاپانلارنى كىيىۋالغان، مىنگەن ئاتلىرىمۇ كوپېراتسىيىدە ساپاندىن سۆرەمگە، ھارۋىدىن سېيالىكىغا سېلىپ سۆرەپ يۈرۈپ ھالىدىن كەتكەن قوتۇر سۇپەت ئۆلۈرمۈجان ئاتلار ئىدى. مىنىۋالغان ئاتلىرىغا ھەتتا تۇزۇكرەك ئىگەرمۇ توقۇلمىغان ئىدى، بەزىلىرىدە ئەسكى پالاس، بەزىلىرىدە، ئەسكى كۆرپىدەك بىر نېمىلەر سېلىنىپ ئېگەرنىڭ ئورنىدا ئاتلىرىغا مىنىشىپ كېلىشكەن ئىدى.

ئۇلارنىڭ زادى مېنى تۇتۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكى ياكى تاماشا كۆرگىلى چىققانلىقى نامەلۇم ئىدى، ئۇلاردا پەقەت بىر خىل ھەيرانلىق تۇيغۇسى سېزىلىپ تۇراتتى، ئۇلار ماڭا ئۇزۇلمەي قاراپ، ھاڭ ـ تاڭ بولۇشۇپ قاراپ تۇرۇشاتتى، ئۇلارنىڭ بىر نەچچىسىنى تونۇيدىكەنمەن، ئۇلار پات ـ پات شەھەرگە كىرىپ تۇرىدىغان، قاراجۇللۇك قىرغىز ۋە ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلار ئىكەن. ئۇلارنىڭ باشلىقى ئاقاي دېگەن قىرغىز ئىدى. مەن ئۇنى بۇرۇندىنلا ياخشى تونۇيتتىم. ئۇلار يەنە ۋارقىراپ ئاتتىن چۈش دېدى. مەن ئۇلارنىڭ گېپىگە پەسەنت قىلماي ئات ئۈستىدە ئاتنى ئۇيان ـ بۇيانغا ئايلاندۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسىنى ئىزدەيتتىم. ئەمما، ئۇ ئادەم كۆرۈنمىدى، شۇ ئەسنادا بىرى تولۇق ئۇيغۇر تەلەپپۇزىدا: «يىگىت ئاتتىن چۈش، بولغۇلۇق

بولدى، سىنى تۇتىمىز دەپ قاراجۇل خەلقى نەچچە كۈندىن بىرى يا ئۇخلىيالمىدى، يا بىر قاچا تامىقنى ئارام خۇدا يېيەلمىدى، ھازىر ھەممە يەردە سىنى تۇتىمىز، دېگەن گەپتىن باشقا گەپ يوق. بىز سىنى ئۆلگەنلەرگە ئوخشاش قىرى ئادەممىكىن دېسەك، سەن بىر ياش يىگىت ئىكەنسەن. ياخشى سەن بىزگە ئۇچراپ قاپسەن، ئۇلارغا ئۇچراپ قالغان بولساڭ ئاللىبۇرۇن جەسىتىڭنى قۇم باساتتى، ياخشىلىقچە ئاتتىن چۈشۈپ قورالىلىرىڭنى تاپشۇر» دېدى.

ئۇ ئادەمنىڭ گېپىدىن مەن قاچقاندىن كېيىن،«بۇلارنىڭ بىر باشلىقى قاچتى ئۇلارنى تۇتۇش كېرەك» دەپ، خىتاي دائىرىلىرى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، خەلققە بېسىم قىلغانلىقىنى شۇ سەۋەبتىن بۇ بىچارە يالاڭتۇش ئادەملەرنىڭ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئەسكى ئاتلىرىنى مىنىپ، مېنى تۇتۇش ئۈچۈن مەجبۇرى بۇيەرگە كەلگەنلىكىنى چۈشەنگەن ئىدىم.

ئاتتىن چۈشتۈم.

— ئالدىغا ماڭ- دېدى.

ماڭدىم.

— ئوڭ تەرەپكە ماڭ- دېدى.

ماڭدىم.

— سول تەرەپكە ماڭ- دېدى.

— ماڭدىم.

— يات- دېدى.

ياتتىم.

— كىيىمىڭنى سال- دېدى.

سالدىم.

ئۇلارنىڭ ئۈچ ئادىمى كەلدى، قوراللىرىنى بەتلەپ تۇرۇشتى، قارىسام قولىدىكى قورالى كونا زاماندىكى ئوۋچىلارنىڭ، ستولىدىن دورا قاچىلاپ، پىلىكىگە ئوت يېقىپ، ياۋايى ھايۋان ئاتىدىغان ئەسكى قورال ئىكەن، ئەگەر نىيىتىمنى يامان قىلىپ، ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەي دېگەن بولسام، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر توپ گۆش قىيمىسىغا ئايلىنىپ قالارئىكەن، ھېلىمۇ خۇدا ساقلاپتۇ!

ئۇلار مېنى باغلىدى، يەنە بىر قىرغىزنىڭ كەينىگە مىنگەشتۈرۈپ ئاتقا مىندۈردى ۋە ئۇنىڭ بېلىگە قوشۇپ باغلىدى، ئىككى پۇتۇمنى ئاتنىڭ قورسىقىدىن چېتىپ باغلاپ يىقىلماس ھالغا كەلتۈردى، ئۇلار مېنى نەلەرگىدۇر خوجايىنلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ماڭغانلىقىدا شەك يوق ئىدى.

ماڭا ئەسلىدە ئاقسۇ ئۇچتۇرپان تەرەپتىن كېتىشكە مەسلىھەت بەرگەن ئىدى. چۈنكى مەن تۇرغان يەر قاراجۇلدىن ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ تاغ يولى بىلەن ماڭغاندا، چۆل - جەزىرىلەرنى بېسىپ ئۇچتۇرپانغا يېتىۋالغىلى بولاتتى، يول گەرچە جاپالىق بولسىمۇ، بىخەتەر ئىدى.

ياز پەسلى بولغاچقا ئات ئاچ قالمايتتى، مەنمۇ تاغدا ئۇچرىغان يېگىلى بولىدىغان جانىۋاردىن بىر نەچچىنى سوقۇۋالسام، جان ساقلاپ مەنزىلگە يېتىشىۋېلىش مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى. ئۇچتۇرپان ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش تامامەن مۇمكىن ئىدى، لېكىن مەن ئۇ يولنى رەت قىلغان ئىدىم، بىلمىگەن يولدا ماڭغاندىن كۆرە بىلىدىغان يولدا ماڭسام، بىخەتەر مەنزىلگە بېرىۋالالايمەن، دەپ پەرەز قىلغان ئىكەنمەن.

نېملا دېگەن بىلەن مەن ئەزەلدىن گېپىمدىن يانمايدىغان جاھىل ئىنسان ئىدىم، ئاخىرى مۇشۇ پېشكەللىككە ئۇچرىدىم، دەپ خىيال سۈرۈپ ئات ئۈستىدە كېتىۋاتاتتىم. ئاتلار توختىدى، قاراجۇل يېزىسىغا كەلگەن ئىكەنمەن. ئۇلار مېنىڭ پۇتۇمنى بوشاتتى، ئۇلارنىڭ ئاتتىن چۈش، دېگەن بۇيرۇقىغا قاراپ تۇرماي قولۇم باغلاقلىق ئاتتىن سەكرەپ يەرگە چۈشتۇم. بىر توپ ئۇششاق باللار ۋە كۆرگىلى كەلگەن تاماشاچىلار ماڭا ھەرخىل باھالارنى بېرىشكىنى تۇردى. ئۇلارنىڭ گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى.

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىچىدىن بىر توپ ئەسكەرلەر يۈگۈرۈپ چىقىپ ماڭا ياۋۇز، يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك ئېتىلىپ، دۇمبالىغىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ باشلىقى چىقىپ مېنىڭ باش ئۈستۈمگە بىر قارىۋېتىپ قالايمىقان سوئاللارنى سورىغىلى تۇردى، گېپىگە جاۋاب بەردىم. ئۇلار مېنى ئېلىپ كەلگەن بىچارە غالچىلارنى ھەيدىۋېتىپ مېنى ئىچكىرىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئالدىن تەييارلانغان كىشەن بىلەن كويزىنى سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن يەنە بىر قات ئارغامچا بىلەن باغلاپ، رەسمىي سوراقنى باشلىدى، تۆت خىتاي ئەسكىرى ئەتراپىمدا مېنى يالاپ تۇراتتى، نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇيەر بۇيەردە قىيا - چىيا يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئۇلار بەك ۋەھشىي ئىدى، سورىغان سوئاللىرىغا تېز جاۋاب بەرمىسەم، پۇتى بىلەن تېپىپ، قولى بىلەن ئۇرۇپ، يۈز - كۆزلىرىمدىن ئوت چىقىرىۋېتەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۇرغان تايىقنىڭ سانىنى دېيىشكىمۇ نومۇس قىلىمەن. ئۇلارنىڭ سورىغان سوئاللىرى، ئىسمىڭ نېمە؟ نېمە ئىش قىلاتتىڭ؟ دېگەندەك مېنىڭ تەرجىمىھالىمغا ئائىت سوئاللار ئىدى، ھەممىسىگە جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، مېنى سولاپ قويدى، ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ ئۇرامىدىن قارىغاندا مېنىڭ كىملىكىمنى ئېنىقلاش ئۇلار ئۇچۇن بەكلا مۇھىم ئىدى. مەن يا ئۇياققا، يا بۇياققا ئۆرۈلەلمەيتتىم. پۇت ـ قوللىرىم ناھايىتى ئېغىر ئىدى، ئۇخلاش مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى. سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىنى بىلمەيمەن، بىرى يەنە بىرى بىلەن پىچىر - پىچىر گەپ قىلىپ، ئۇسۇپ كىرگەن پېتى قولىدىكى يېرىم ئاپتومات مىلتىقنىڭ ئىشتىكى بىلەن ماڭا ھۇجۇم قىلىپ بېشىمغا سانجىغىلى تۇردى، مەن چەبدەسلىك بىلەن بېشىمنى ئەپقاچتىم ـ دە، ئۇرۇلغان ئىشتىكىنىڭ ئۇچى بېشىمنىڭ ئوڭ تەرىپى، قاپقىمىنىڭ ئۇستىگە كېلىپ ئۇرۇلدى، قان شارقىراپ ئاققىلى تۇردى، مەن ئادەم ئۆلدى! ئادەم ئۆلدى! دەپ جېنىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىدىم.

سىرتتىن بىر نەچچە ئەسكەر قول چىراغلىرىنى كۆتۈرگەن پېتى يۈگۈرۈپ كېلىشتى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى يېتىپ كېلىشتى، ئۇلار ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىپ مەندىن سوئال سورىدى، مەن جاۋاب بەرمىدىم، چۈنكى بېشىمدىن ئاققان قان يامراپ ئاغزىمغا كىرىۋاتاتتى، ئوڭ كۆزۈمنى زادىلا ئاچالمايتتىم. قان بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى، ئۇلار دوختۇر چاقىرىپ بېشىمنى تاڭدى، ھېلىقى مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان خىتايغا نېمە ئۈچۈندۇر باشلىقى ئاچچىقلىنىپ، سەن ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ، ھەربىي سوت سېنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ، سېنىڭ قېرىندىشىڭ ئۆلگەن بولسا، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشۈڭ توغرا ئەمەس، بىلىپ قوي ئۇنىڭ بىزگە تېرىكى كېرەك! ... دېگەندەك بىر مۇنچە گەپلەرنى قىلىپ ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، شۇندىن كېيىن مېنىڭ يېنىمغا تۆت قاراۋۇل قويۇپ ئەتىۋارلاپ ساقلىدى.

ئەتىسى ئۇلار مېنى يەنە سوراق قىلغىلى باشلىدى، مەن سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەي، يالغاندىن ئۆلگەن قىياپەتتە يېتىۋالدىم، ئەمما، ئۇلارنىڭ ھەممە گېپىنى تولۇق ئاڭلاپ ياتاتتىم. ھەتتا بەزىلىرى مېنى بىلمەيدۇ دەپ، مەخپىي گەپلىرىنىمۇ دېيىشكىلى تۇرغان ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ گېپىدىن خەيرۇللا بىلەن ئوسمانجاننىڭ باتۇرلۇق بىلەن خىتايلارنىڭ ئەسكىرىنى ئۆزى بىلەن قوشۇپ پارتلىتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى، بىز تەرەپتىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنىڭ پەقەت بەش كىشى ئىكەنلىكىنى، مىجىتنىڭ ساق قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى، ئۇنى تېز داۋالاپ قۇتۇلدۇرۇپ، گەپ ئېلىشنىڭ مۇھىملىقىنى، بىزنىڭ 25 ئەسكىرىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ بىر پولك ئەسكىرى ئالتە سائەتتەك ئۇرۇشۇپ كۆپ چىقىم

تارتىپ ئۇسال بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئەسكىرىنىڭ ياش، يېڭىدىن ئالغان ئەسكەر بولغاچقا، جىق ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ، مېنى كۆرستىپ بۇ ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىكەن... دېگەندەك سوقا سۆھبەتلىرىدىن كۆپ مەخپىيەتلىكنى بىلىۋالغان ئىدىم.

قىرغىزلارنىڭ مېنى ياتا! قوپا! تۇرا! ماڭا! دەپ قالايمىقان ھەرىكەتلەرنى قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى شۇ چاغدا بىلىپ يەتتىم. مېنىمۇ خەيرۇللاغا ئوخشاش يالغاندىن تەسلىم بولۇپ، يېقىن كەلگەندە ئۆزى بىلەن قېتىپ پارتلىتىپ بىزنى ئۆلتۈرمىسۇن، دەپ مېنىڭ يېنىمغا يېقىن كېلەلمىگەن ئىكەن.

26 - كۈنى خىتايلار چۈشلۈك تامقىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، مەن يەنە ئۇلارنىڭ يادىغا يەتتىم. ئۇلار يەنە كىرىپ مەندىن سوراق سورىغىلى باشلىدى. يەنە كونا گەپلەر ئىدى، ئۇلار تېخىچە مېنىڭ سالاھىيىتىمنى ئېنىقلىماقتا ئىدى، مەن ئۆلگەن قىياپەتتە زۇۋان سۈرمەي يېتىۋەردىم. ئۇلار مېنى پۇتى بىلەن مىدىرلىتىپ بېقىپ، گەپ ئالالماي دوختۇر چاقىردى، دوختۇر قان بېسىمىمنى، يۈرىكىمنىڭ رىتىمىنى، تېمپېراتۇرامنى تەكشۈرگەندىن كېيىن بۇنىڭدىن قان جىق چىقىپ كېتىپتۇ، ماغدۇرىدىن كېتىپتۇ، قاتتىق چارچىغان، بۇنى دەرھال قۇتقۇلدۇرمىساق بىر- ئىككى كۈن ئىچىدە ئۆلۈپ قېلىش ئېھتىمالى بار دېدى. مەن تېخى ھايات ئىدىم، روھى كەيپىياتىم يۇقىرى ئىدى، ئەمما، بېشىم بارغانسېرى يەرگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى. قاتتىق ئاغرىيتتى، ئۇلار مېنىڭ تۇتۇلغان ۋاقتىمدىن ھېسابلاپ ھازىرغىچە تاماق بەرمىگەنلىكىنى بىلىپ، تاماق بېرىشنى بۇيرۇدى، بىر قىرغىز ئايال بىر ئارپا نېنى بىلەن بىر قاچا سۇ ئېلىپ كەلگەن ئىدى، سۇنى ئۇتتەك ئىچكۈم بار ئىدى، ئەمما «ئۆلۈك» ئىدىم.

ئۆلۈك دېگەن بىر نەرسە يېمەيدۇ - دە! يېيىشنى رەت قىلدىم. ئۇ قىرغىز ئايال رەھىمدىل مۇسۇلمان ئىكەن، ئۇنىڭ سۈرە ئايەت ئوقۇپ جانابىي ئاللاھدىن ماڭا ھاياتلىق تىلەۋاتقانلىقىنى بىلىپ ياتتىم. مەن ئۇ ئايالنىڭ رەڭگى - رۇخسارىنى بىر كۆرۈۋېلىش نىيىتىدە كۆزۈمنى قىيا ئاچتىم، ئەمما يەنىلا قان يۇقى بولغانلىقى ئۈچۈن كۆرەلمىدىم، لېكىن ئازراق مىدىرلاپ قويدۇم، ئۇ قىرغىز ئايال بۇ ھاياتقۇ! دەپ توۋلاپ كەتتى، بەكمۇ خۇشال بولغان ئىدى. مېنىڭ ئارپا نېنىنى يېمىگەنلىكىمنى كۆرگەندىن كېيىن دوختۇرنى يەنە چاقىردى. دوختۇر ناننى قولىغا ئېلىپ، بۇنى ئۇنىڭغا بەرسەڭلا ھازىرلا ئۇچىيى تېشىلىپ ئۆلىدۇ، دېدى. ئۇنداق بولسا نېمە قىلىمىز دەپ سوراپتى، ئاق ئۇندا ئاتىلا ئېتىپ كېلىڭلار، ئۇنى شلانكا بىلەن بۇرنىدىن قۇيۇپ ئاشقازىنىغا ماڭدۇرىمىز، ئۇندىن كېيىن ئوكۇل تەييار بولسا ئوكۇل ئۇرىمەن، دەپ چىقىپ كەتتى. ئاتىلا كەلدى. ئۇلار دوختۇرنىڭ ياردىمى بىلەن ماڭا ئاتىلىنى بۇرنۇمدىن شلانكا ئارقىلىق ئاشقازىنىمغا ماڭدۇردى، راست دېگەندەك بىر پەستىلا بېشىمنىڭ ئاغرىقى

پەسىيشكە باشلىدى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئاسما ئاستى، ئاسمىمۇ تۇگىدى، مەن راستىنلا ساقىيىپ قالغاندەك ھېس قىلغان ئىدىم. خىتايلارنىڭ مېنى داۋالاپ ساقايتىۋېلىش، ئۆلۈم مەيدانىغا ساق ئېلىپ چىقىپ، خەلقى - ئالەم ئالدىدا ئۆلتۈرۈپ، بىر رەسمىيەتنى بېجىرىپ، باشقىلارغا قورقۇق ھەيۋە قىلىپ ئادەم قورقۇتۇشتىنلا ئىبارەت ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن مېنىڭدىن گەپ ئېلىپ، مېنىڭ شېرىكلىرىمنى مەن ئارقىلىق كۆپلەپ قولغا چۈشۈرمەك ئىدى. ئۇلارنىڭ مېنى داۋالىشى پەقەت يامان غەرەزدىنلا ئىبارەت ئىدى، ھېچ ۋاقىت ئىنسانپەرۋەرلىك ياكى كىشىلىك ھوقۇق نۇقتىئىنەزىرىدىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار نېمىلا دېگەن بىلەن چوتنى خاتا سوقماقتا ئىدى.

بېشىمنىڭ ئاغرىقى سەل قويۇپ بېرىپ بۇرۇنقىدىن خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغان ئىدى، ئەمما، ھارغىنلىق مېنى بەكمۇ ئازابلاۋاتاتتى، ھېلىمۇ پۇت - قولۇم تۆمۈر كىشەنلەر بىلەن چېتىلغان ئىدى. ئۇخلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇيانغا - بۇيانغا ئۆرۈلسەم نەچچە كىلو ئېغىرلىقتىكى كىشەن مېنى تولىمۇ بىسەرەمجان قىلاتتى. 26 - كۈنىمۇ يەنە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار مەندىن سوراق سوراپ ھېچ نېمىگە ئېرىشەلمىگەن ئىدى، سائەت 10:00 بولغان ۋاقىت ئىدى، مېنى قەيەرلەرگىدۇر ئېلىپ ماڭماقچى بولدى، ناتونۇش بىر توپ قوراللىق ساقچى بىلەن ئەسكەرلەر پەيدا بولدى، ئۇلار مېنى ماشىنىغا باسماقچى بولدى، مەن جايىمدىن مىدىرلىماي ياتتىم، ئۇلار بىر نېمىلەرنى دەپ، پۇتۇمدىكى كىشەننى چىقىپ قولۇمدىكى كويزىغا چېقىلماي باغلاقنى يېشىۋەتتى. مەن ھېلىقى قىرغىز ئايال بىلەن ماڭىدىغان چاغدا كۆزلىرىمنى ئېچىپ ئۇنىڭغا «رەھمەت ساڭا ئاپا!» دېدىم، چۈنكى ئۇ ئايال ماڭا ئەتىگەن بىر قاچا تاماق ئېلىپ كېلىپ يېگۈزۈپ قويۇپ چىقىپ كەتكەن ئىدى، ئەمما، مەندىن گەپ سوراپ جاۋاب ئالالمىغان ئىدى، مېنىڭ كىملىكىمنى زادى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ بىر بىلگۈسى بار ئىدى. مېنىڭ رەھمەت ئاپا، دېگەن سۆزلىرىمنى ئاڭلىغان قىرغىز ئاپا، ھاڭ - تاڭ قالدى، ئۇ مېنى بۇ بالا ئۆلمىگەن ئىكەن، دەپ قالدى بولغاي. ئۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋىدالىششىمىز بولغان بولسا كېرەك. ئەمما، مەن ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئۇنىڭدىن سىر تۇتقانىدىم.

ئۇلارنىڭ كۆتۈر - كۆتۈر قىلىشى بىلەن ماشىنىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ نازارىتىدە ئاتۇش تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق.

مېنى ئاتۇش شۆبە ھەربىي رايوننىڭ تۈرمىسىگە ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. تۈرمىگە كىرىشىم بىلەن مېنىڭ كىملىكىمنى يەنە تەكرار سوراپ، بىر كامېرغا سولاپ قويىدى، كامېردا باش كۆزى تېڭىقلىق بىر توپ مەجرۇھلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تونۇمىدىم. كىملەر



ئىكەنلىكى نامەلۇم ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساق ئەمەس ئىدى، بىر پەستىن كېيىن بىرسىنىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ يار مۇھەممەدكام ئىدى، ۋاي سەن يار مۇھەممەدمۇ دېيىشىمگە، سەن ئابدۇرىشىتمۇ! دەپ ئۇلار مېنىڭ ئەسلى ئىسمىمنى ئاتاپ قۇچاقلاپ، يىغا-زارى قىلىشىپ كەتتى، بىز تەشكىلاتتىكىلەر ئەزەلدىن ئۆز ئىسمىمىزنى قوللانماي يالغان ئىسىم قوللىناتتۇق. سەن ھەرھالدا ھايات ئىكەنسەن، بىز سېنى يا ئۆلدى، يا ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى دەپ پەرەز قىلغان ئىدۇق، دېيىشتى.

مەن ئارتۇق گەپ قىلماي، مەن كەتكەندىن كېيىنكى ئۇرۇش ئەھۋالىنى كىملەرنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى سورىسام پەقەت خەيرۇللا بىلەن ئوسمانجاننىڭ ئۆلۈمىنى، مەريەمنىڭ ئاخىرقى قېتىم خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قولى چانلىپ يۇلغۇنلۇققا تاشلانغانلىقىنى، خىتايلارنىڭ ئۆلۈكنى توشۇشقا سالغاندا، خىتايلارنىڭ پۇتىدىن سۆرەپ ماڭغانلىقىنى، كېيىن خىتايلارنىڭ ئۆلۈكنى قۇلىقىدىن، چېچىدىن تارتىپ سۆرەپ ماڭغاندا، خىتايلارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئۆلگەن ئۆلۈكلەرنى ئۆزلىرىنىڭ توشىغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ كۆلۈپ كېتىشتى، ئۇلار ئۆزلىرىنى تۈرمىدە ئەمەس، بىر كىنوخانىدا كىنو كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىشاتتى.

ئەتىسى سوراقتىن كېيىن مېنى باشقا بىر كامېرغا سولاپ قويدى، ئۇ كامېردىمۇ تونۇغىلى بولمايدىغان بىر توپ كىشىلەر بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن بىزنىڭ ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ كامېردا جېلىل قارىم بار ئىكەن، مەن قارىمدىن ئۆلگەنلەرنىڭ قانداق دەپنە قىلىنغانلىقىنى سورىسام، مەريەمنى ئۆلگەن يېرىگىلا كۆمۈپ قويۇپتۇ، خەيرۇللا بىلەن ئوسمانجاننى بىللە دەپنە قىلىپتۇ، ئاخۇنوپنى ياتقان يېرىنىڭ ئۆزىگىلا دەپنە قىلىپتۇ، نىزامىدىننى ئېگىز بىر يەرگە ئاپىرىپ شۇ يەرگە دەپنە قىلىپتۇ، بەزىلەر بىلمەستىن نامىزنى چۈشۈرىمىز دېگەن ئىكەن، جېلىل قارىم بۇلارنى شۇ پېتى قويماق پەرزدۇر، پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ ھەقتە ھەدىسى بار دەپ ئۇنىماپتۇ، ھەممىسىنىڭ قان كىيىمنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جەسىتىگە ئوراپ بىللە كۆمۈۋېتىپتۇ. خىتايلارمۇ شۇ پېتى يەرلىكىگە قويغاننى كۆرگەندىن كېيىن باشقا گەپ - سۆز قىلماپتۇ.

ئاتۇش ھەربىي رايوننىڭ تۈرمىسىدە لىق ئادەم بار ئىكەن. مېنى سوراققا ئېلىپ چىقىپ قايتىشىدا، چوڭ زالدا مېنى تۇرغۇزۇپ قويۇپ رەسىمىنى تارتقىلى تۇرغان ئىدى، بىر دەمدىن كېيىن بىر توپ ئادەملەرنى ئېلىپ كېلىپ ئۇلارنى سوراق قىلىپ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئاختۇرغىلى تۇردى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە ھەربىيچە كىيىم بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ تارتىپ ئالماقچى ئىكەن، ئۇلارنىڭ كىيىمنى بەرمەيمىز دەپ ئەسكەرلەر بىلەن ئۇيان تارتىشىپ بۇيان تارتىشىپ جېدەللەشكەنلىكىنى كۆردۈم، ئۇلار مەكتىتىن كەلگەن

www.uyghurkitap.com

زەرەپشان پولكىنىڭ ئەزىمەتلىرى ئىكەن، مۇھەممەد ئىمىن قادىرمۇ بار ئىكەن، ئۇ مەن بىلەن يىراقتىن چالا ـ پالا سالاملاشتى، كېيىن مېنى رەسمىي تونۇغاندىن كېيىن قايتىدىن سالام بېرىپ، سىپلىنىڭ باشلىرىدىكى «سەللە» دىن تونۇيالماي قاپتىمەن، سىلىگىمۇ ئۇق تېگىپتىكەندە! دەپ قويدى. ياق ئۇلار چىدىماي ئۇردى، دېسەم ئۇ ختاي ئەسكەرلىرىنى كۆرستىپ بىر مۇنچە تىللاپ كەتتى. زەرەپشان پولكىدىكىلەر ئۆزلىرىنى تۇرمىدىمۇ ياكى باشقا بىر يەردىمۇ پىسەنت قىلماي ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ ختاي ئەسكەرلىرى بىلەن مۇنازىرە قىلىشىۋاتاتتى.

28 - ئاۋغۇست ئەتىگەن سائەت تۆت ـ بەشلەردە ھەممىمىزنى كامېر - كامېردىن ئېلىپ چىقىپ، باغلاپ ماشىنىغا بېسىپ، ھەر تۆت ئادەمنى بىر چەمبەر قىلىپ ئايلاندۇرۇپ يەنە باغلاپ، ئۈستىمىزگە ئەسكى پالاسنى تاشلاپ يېپىپ، قەشقەر تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى، ماشىنىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. پات - پات ماشىنىنى توختىتىپ، تەكشۈرۈپ بۇ ماشىنا ۋىلايەتلىك تۈرمىگە، بۇ ماشىنا شەھەرلىك تۈرمىگە، بۇ ماشىنا توققۇزاققا، دەپ كىمدۇر بىرى بۇيرۇق بەرگىلى تۇردى، مەن بار ماشىنا قەشقەرشەھەرلىك تۈرمىگە قاراپ ماڭغان ئىدى، دېگەندەك شەھەرلىك تۈرمىگە ئەكېلىپ كامېر ـ كامېرغا بىردىن سولىغىلى تۇردى، مەن بار كامېردا ئىبراھىم پەخرىدىن دېگەن بىر جىنايەتچى بارىكەن.

تۈرمىگە كېلىپ تاڭ ئېتىشى بىلەن بىردىن - بىردىن ھويلىغا سۆرەپ ئاچىقىپ ھەممىمىزنىڭ پۇتىغا كىشەن سالغىلى تۇردى. تۈرمىنىڭ ھويلىسى تۆمۈرچىخانىغا ئايلىنىپ كەتتى. خالاغا ئېلىپ چىقىسىمۇ، جالدۇر - جۇلدۇرنىڭ ئۈستىگە تۇرۇپ بولمايتتى. مەن بار تۈرمىدە يىگىرمىدەك كىشى بىزنىڭ سەپداشلاردىن ئىدى. ئۇلار بىلەن تامنى تېلېفون قىلىپ، كونلۇكى سۆزلىشىپ تۇرىدىغان بولدۇق. ياكى خالاغا خەت تاشلاپ قويۇپ سوراق ئەھۋالىنى بىر ـ بىرىمىزگە دەيدىغان بولدۇق، ھەممىمىزنىڭ گېپى بىر ئىدى. بىزنى ئاتۇشقا ئەنجۈر سەيلىسگە چاقىرغان ئىدى، بىز ئاتۇش سەيلىسگە ماڭغان، دەپ ھېچ نېمىنى ئىقرار قىلمىغان ئىدۇق، ھەممە ئىشنى ئۆلگەن كىشلەرگە ئارتىپ قويۇپ ھېچ نەرسىنى بىلمىگەن بولۇۋېلىپ ياتقان ئىدۇق...

10-ئايغىچە شەھەرلىك تۈرمىدە ياتتۇق. ئۇ جەرياندا ھەزىموپ دېگەن كىشى بىز بار تۈرمىدە ختايلار تەرىپىدىن پاجىئەلىك ھالدا قىيناپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى. ھەزىموپ، مەرھۇم ئاخۇنوپنىڭ مىللىي ئارمىيىدىكى قەدىناس سەپداشلىرىدىن ئىدى، ئاخۇنوپ ئۆيىدىكى تۇتقۇندىن قېچىپ چىققاندا ھەزىموپنىڭ ئىدارىسىگە يوشۇرۇنغان، كېيىن ئۆيەردىن غازاخۇننىڭ ئۆيىگە يۆتكەلگەن ئىدى. ھەزىموپنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ھەددى ـ

ھېسابسىز ئادەملەردىن بىرى ئىدى، خۇدا خالىسا ئۇ كىشىنىڭ تارىخىنىمۇ بىر يازمىقىم لازىم. ئىنشائاللا!

مەكتىلىك ئىمىن توختى دېگەن بەرسىمۇ بۇ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلدى، ئۇ مەكتىتىكى داڭدار ۋاسكېتبولچى، مەكتىتىكى مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، بىزنىڭ تەشكىلاتنىڭ مەكتىتىكى غوللۇق كىشىلىرىدىن ئىدى. شۇ مەزگىللەردە پۈتۈن تۈرمىلەر بىگۇتۇەننىڭ باشقۇرۇلۇشىغا ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇ جاللاتلاردا رەھىم ـ شەپقەت دېگەن نەرسە زادى يوق ئىدى. تۈرمىنىڭ گۇندىپايلىرى مەھبۇسلارنى خالىغانچە قىيناپ جازالايتتى. ئاچلىقتىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ئىلاجى بار ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ كويىدا بولاتتى. سەپدىشىمىز ئىمىن توختىنى دەل مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ئۆلگەن ۋاقتىدىكى ھالىتى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ئۈچ كۈنگىچە كېچە ـ كۈندۈز ئۇنى 6 ـ 7 جىنايەتچى خىتايلار ئۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭ كامېرى مەن ياتقان كامېردىن خېلى يىراق ئىدى، ئۇنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇردۇم. ئاڭلىسام تۈرمە ئىنتىزامىغا رىئايە قىلمىدىڭ دەپ، خىتايلارغا ئۇردۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىكەن. ئۆلۈكىنى ئارسلانخان مازىرىغا قويغان ئىكەن. كېيىن بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىز ئۇنى يەرلىكىدىن ئەپچىقىپ قايتىدىن دەپنە قىلغان ئىكەن. ئۇ قەددى قامىتى كېلىشكەن، خۇشچاقچاق يىگىت ئىدى. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندە ئاران 25 ياش ئىدى، تېخى ئۆيلەنمىگەن ئىدى. مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، ئامىن!

## 2 ـ ئاتالمىش ئۆگىنىش كۇرسى

10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ھەممىمىزنى، ھەر قايسى تۈرمىلەردىن پۈت قوللىرىمىزدىكى كىشەن، كويزىلارنى ئېلىپ تاشلاپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىمىزنى ئالدۇرۇپ، ماشىنىغا بېسىپ ئۆگىنىش كۇرسىغا ئېلىپ ماڭدى. ئۆگىنىش كۇرسىنىڭ ئورنى قەشقەر گېزىتخانىسىنىڭ يېنىدىكى 308 ـ تاش يول ئۈچاستىكىسىنىڭ قورۇسىدا ئىكەن. بىزنى 8، ـ 10 دىن بىر ئۆيگە سولاپ، ھەر بىرىمىزگە ماۋنىڭ ئەسەرلىرىنى تارقىتىپ بېرىپ ئۆگىنىشكە سالغانىدى. ھەر بىر ياتاقنىڭ تېمىغا ئۆگىنىش كۇرسىنىڭ نىزامنامىسى يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

«سوۋېت شيۇجېڭجۇيى خائىنلار گۇرۇھى بىۋاستە پىلانلىغان، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئاخۇنوپ باشچىلىقىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ گۇرۇھى ئەزالىرى ئۆگىنىش كۇرسىنىڭ نىزامنامىسى.»

ئۇنىڭ ئاستىدا بىر قانچە مەزمۇنلار بولۇپ، مەسىلە تاپشۇرۇش، ئىقرار قىلىش، كەڭچىلىككە ئېرىشىش، باش جىنايەتچىنى جازالاش، ئەگەشكۈچىلەرنى سۈرۈشتە قىلماسلىق، نەيزىنى ئارقىغا قايرىپ ئۇرغانلارغا خىزمەت كۆرسەتكەنلەر قاتارىدا چىقىش يولى بېرىش... دېگەندەك ئادەم ئالدايدىغان سەپسەتىلەر ئىدى.

بۇ ئۆگىنىش كۇرسىغا تەرەپ - تەرەپتىن ئادەملەرنى ئېلىپ كېلىپ، كىچىككىنە قورۇنىڭ ئىچى ئادەمگە تولۇپ كەتكەن ئىدى. قاراجۇلدىن ئەسىرگە چۈشكەن سەپداشلىرىمىزدىن باشقا، مەكتىتىن كەلگەن 45 نەپەر ئادەم، يەنە نەلەردىندۇر كەلگەن بىر توپ ئادەملەر بار ئىدى، بارا - بارا تونۇشۇش نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسى 21 - ئاۋغۇست كۈنى كەچتە سۇغۇنچازىغا بۇيرۇق بويىچە كېلىپ، قورالّلىق قوزغىلاڭغا قاتناشماقچى بولغان، باشقا ناھىيىلەردىن كەلگەن شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ئىكەن.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يوپۇرغا ناھىيىسىدىن كەلگەن بىر توپ ئەزىمەتلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، گەپ - سۆزلىرى باشقىچە ئىدى. مەن ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ باققىنىمدا ئۇلارمۇ شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئادەملىرى بولۇپ، يوپۇرغىدىكى مەلۇم ياچېيكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، كۆلىمى چوڭ بولغان بىر قېتىملىق قورالّلىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئىكەن. قوزغىلاڭ خىتاي دائىرىلىرىنى خېلى ئاقسىتىپ قويۇپ، يەرلىك قوشۇن بىلەن ئۇلارنى بېسىقتۇرالماي، مۇنتىزىم ئارمىيە يۆتكەپ قانلىق باستۇرۇش نەتىجىسىدە دۈشمەن قولىغا چۈشكەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىنى قاياققىدۇر باشقا تۈرمىگە قاماپ، ئادەتتىكى پۇقرالىرىنى بىزنىڭ قاتارىمىزغا سولاپ قويغان ئىكەن. ئۇلار شۇ قېتىملىق قوزغىلاڭدا يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەپ بولغان ئىكەن. ئۇلار قاملىپ ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى بىزدىن ئايرىپ باشقا تەرەپكە ئېلىپ كەتكەن ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە خىتايلارنىڭ شۇ ھەقتىكى ئاخباراتى ئېلان قىلىنغان بىر گېزىتى قولۇمغا چۈشكەن ئىدى.

گېزىتتە مۇنداق خەۋەر قىلىنغان ئىدى:

«1969 - يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى مەخمۇت قۇربان باشچىلىقىدىكى بىر توپ بۇزغۇنچىلار، 500 دىن ئارتۇق ئادەمنى قۇترىتىپ، ئات ھارۋىلارغا ئولتۇرۇپ، يوپۇرغا ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ناھىيىمىزنىڭ تېرىم يېزىسى، ئاقچى يېزىسى، ئەشمە يېزىسى قاتارلىق جايلارغا غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇرۇش - چېقىش، بۇلاش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ ئىش ئىككى ئايدىن ئۇزاق داۋاملىشىپ 76 ئادەم ئۇرۇپ يارىدار قىلىندى ۋە بەش ئادەم ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي ۋەتەن

پارچىلاش جىنايى ئىشلىرىغا دەرھال زەربە بېرىش ئېھتىياجى تۈپەيلى، مەركىزى پارتىيە ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىپ، تولۇق قوراللانغان مۇنتىزىم ئارمىيە يۆتكەپ كېلىپ، 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 18 -كۈنىگىچە جىددىي تۇتۇش قىلىپ قورالىق توپىلاڭ بېسىقتۇرۇلدى.»

گەرچە دۈشمەن بىزنىڭ پۈت - قوللىرىمىزدىكى كويزا كىشەنلەرنى ئېلىپ تاشلاپ ئۆگىنىش كۇرسىغا ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئىسمىدا«ئۆگىنىش كۇرسى» بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئىقرار قىلدۇرۇش كۇرسى ئىدى. ئۇرۇش، توقماق، تىل - ھاقارەت، قىيىن - قىستاق قاتارلىق ئادەمنىڭ چۈشىگە كىرمەيدىغان جازا ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسى بۇيەردە تېپىلاتتى. يېيىشىمىز ئىككى ۋاخ قوناق ئۇنىدا ئەتكەن ئۇماچ ئىدى، ئۇ ئايدىن بۇئايغىچە بىر قېتىم ئاق ئۇنىنىڭ تامقىنى كۆرمەيتتۇق. ئۇ ئايدىن بۇ ئايغىچە بىر قاچا چاي ياكى بىر قاچا ئايناق سۇنى ئىچەلمەيتتۇق. ئۆيلىرىمىزدىن ھېچ نەرسىنى ئېلىپ بەرمەيتتى، بەڭگىلىرىمىزنىڭ خۇمارى قىستاپ كەتسە تاشلىۋەتكەن تاماكا قالدۇقلىرىنى تىرىپ كېلىپ چېكەتتى. ئۇنى تۇتاشتۇرىدىغانغا ئوت يوق، مازنى ئىنچىكە پىلىك قىلىپ ئىككى قىشنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ، غىلدىرلىتىپ قىزدۇرۇپ ئوت چىقىرىپ تاماكىغا تۇتاشتۇراتتى.

ئۆيىنىڭ ئىچىدە غىلدىرلىغان ئاۋازنى ئاڭلىغان خىتاي ژاندارمىلىرىنىڭ زوراۋانلىقىدىن قورقۇپ بىر قېتىم ئوت چىقىرىۋالساق ئۇ ئوتنى ئۇزۇن ساقلايمىز دەپ، مازنى پىلىك قىلىپ ئېشىپ ئۇزۇن قۇ ياساپ، ئۇنىڭ بىر ئۇچىغا ئوتنى يېقىپ، ئۇ كۆيۈپ بولغۇچە يەنە بىرتال تاماكىنى چېكىۋېلىشقا ئۈلگۈرەتتى، ئۆينىڭ ئىچى ئاچچىق مازنىڭ تۈتۈنىدىن ئولتۇرۇش تەس ئىدى. ئەمما بەڭگە ئاغىنىلىرىمىزنىڭ خۇمارى ئۈچۈن ئۇنىڭغىمۇ بەرداشلىق بېرەتتۇق.

ئىقرار قىلدۇرۇپ گەپ ئالالمىغان خىتايلار، بىر - بىرىمىزنى زىددىيەتكە سېلىپ، ئارىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ، ئارىمىزدىن ئىككى - ئۈچ كىشىنى مەسىلە تاپشۇرۇشى ياخشى، ئىقرار قىلدى، كەڭچىلىك قىلىمىز دەپ، كۈنىگە بىردىن ئادەمنى تارتىپ چىقىرىپ كۈرەش - پىپەنگە سېلىشقا باشلىدى، بىرىنچى بولۇپ، يەنىلا مەن ئۇلارنىڭ دۈمبىقى بولۇپ، پىپەنگە - كۈرەشكە تارتىلدىم.

«ئالدى بىلەن كەڭچىلىككە ئېرىشىپ، قويۇپ بېرىش قارار قىلىنغان ئەنۋەر قادىر بىلەن ھەببۇللا ھوشۇرنىڭ ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلابىي لۇشەنىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېلان قىلىمىز» دەپ ئۇنىڭ سۈرىتىنى ماۋزېدۇڭنىڭ رەسىمىنىڭ ئالدىدا توختىتىپ، كامېردا فىلىمگە ئېلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئۆرە تۇرغۇزۇپ، مېنى بىر مۇنچە ھاقارەتلەپ، كۈرەش - پىپەننى مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى، چۈنكى قويۇپ بېرىلىۋاتقان ھەر ئىككىسى

مېنىڭ ئەزالىرىم ئىدى، مەن ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىدىم، كۈرەش - پىپەن باشلاندى دېگەندە تۆت ئادەم يۈگۈرۈپ چىقىپ مېنى باسماداپ خۇددى مەن قېچىپ كېتىدىغاندەك، مەيدانغا سۆرەپ ئېلىپ چىقتى.

ئاردىن بىرى چىقىپ:

- مەن يولدا قېچىپ كېتەي دەپ، سەپنىڭ كەينىدە قېلىپ، ئارقامغا بۇرۇلۇپ قېچىۋاتسام، بۇ ئابدۇرېشىت دېگەن ۋەتەن خائىنى باندىت، ئاخۇنوپنىڭ يالاقچىسى، ماڭا قورال تەڭلەپ، ئارقامغا ياندۇرۇپ قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن ئىدى،-دېدى.

— راستمۇ؟

مەن ئۇنىڭ كۆزىگە نەپرەت بىلەن بىر ئالىيىپ قويۇپ- راست-، دېدىم.

ئەگەر راست دەپ قۇتۇلمىسام، ئۆلتۈرۈۋېتىش ئېھتىمالى بار ئىدى، ئۇلار ئۇر توقماق، سۇر توقماق قىلىپ، ئاممىۋى ھەرىكەتتە ئۆلۈپ قالدى، بېسىقتۇرالمىدۇق، خەلقنىڭ غەزىپى كۈچلۈك ئىدى، دەپ جاۋاب بېرىشى مۇقەررەر ئىدى.

خالقھاجى تەمبۇرچى سەكرەپ چىقىپ:

بىز ماشىنىمىزدىن ئايرىلغان بولساقمۇ ھېچ گەپ ئەمەس، ئەمما قايتىشىمىزدا ھەر بىرىمىز تانكا، ئايروپىلان بىلەن، گۇلدۇرلەپ كىرىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلارنىڭ ھەممىسىنى بىرنى قويماي قىرىۋېتىمىز، دېگىنىڭ راستمۇ؟-دېدى.

— راست!

خىتايلارنىڭ تەرجىمانى بولغان ھەيت پەيىي دېگەن سەكرەپ كېلىپ:

-ھۇ! كۇسپۇرۇچ، سەن تېخى خەنزۇ قېرىنداشلىرىمىزنى قىرىپ تۈگەتمەكچىمىتىڭ؟!!- دەپ يۈتىدىكى ھەربىيچە يوغان باشلىق سەت ئاياغ بىلەن قورسىقىمغا بىر نەچچىنى تەپتى، ئاغرىق ئازابىدىن بېشىم قېيىپ، كۆزلىرىم بىر نېمىنى كۆرەلمىدى. باشقىلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىنى ئاڭلىيالمىدىم، ئۇيان تارتىپ، بۇيان تارتىپ قانداقتۇر مېنى كەلسە كەلمەس دۇمبالاۋاتاتتى... قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرىدە مېنى ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۇستۇمدىكى كىيىملىرىمنى سالدۇرۇۋېتىپ قانداقتۇر تېمپېراتۇرا ئۆتكۈزىمىز، دەپ قىيناشلىرى، كەينى - كەينىدىن تېگىۋاتقان سان - ساناقسىز تاياقلارنىڭ سانىنى ئېلىپ بولغىلى بولمايتتى ...

خىتايلار تەرىپىدىن ئالدانغان بۇ «سەپداشلىرىم» نىڭ بەزىلىرى ھەقىقەتەن ئالجىشقان،

ختايلار تەرىپىدىن تارتىلىپ كېتىلىشكە باشلانغان ئىدى. ھەتتا مىجەت سىلىڭىنىڭ قوغدىغۇچىسى بولغان باتۇرمۇ مېنىڭ ئۈستۈمدىن شىكايەت قىلىپ قالايمىقان پىكىر بېرىپ راستمۇ؟ يالغانمۇ؟- دەپ مېنىڭ تېخىمۇ ئازابلىنىشىمغا سەۋەبچى بولۇۋاتاتتى...

بۇنداق كۈرەش - پىپەن مەن بىلەن تۈگىمىدى. بەلكى مەندىن باشلىنىپ نۆۋەتلىشىپ كۆپ كىشىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىدى. ھەر كۈنى كۈرەش - پىپەن، ۋايجان - ۋاييەي! قىيا، چىيا، دەرد - ئەلەم ئۈستىگە دەرد - ئەلەم ...

ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەرنىڭ قىشى جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق بولىدۇ، كىيىملىرىمىزنى سالدۇرۇۋېتىپ، يالاڭ ئاياق، يالاڭ باشتاق پىپەن قىلىشلىرى ئادەمنى قەستەن نابۇت قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

3-ئاينىڭ باشلىرى ئىدى، تۇيۇقسىز يەنە بىر چۈشۈمگە كىرىپ باقمىغان سوراق باشلاندى، مەن تونۇمىغان بىر توپ ختاي ئەسكەرلىرى بىلەن بىر بۆلۈك ختاي باشلىقلىرى كېلىپ، تۆت ئەسكەرنىڭ ھىمايىسىدە مېنى سوراق قىلغىلى تۇردى.

سوراقنىڭ مەزمۇنى مامۇتجان ئۈستىدە ئىدى.

— مامۇتجاننىڭ مەسىلىسىنى پاش قىلامسەن-يوق؟

— قايسى مامۇتجاننىڭ؟- دەپ سورىدىم.

— خۇپسەنلىك قىلما!

— مەن چۈشىنەلمىدىم. مەن مامۇتجان دېگەن كىشىنى راستتىنلا بىلمەيمەن.

— سېنىڭ تەشكىلاتىڭدىكى، قەشقەر گۇڭئەنچۇنىڭ كادىرى مامۇتجان.

— مەن ھەيران قالدىم. بۇ خەق راستتىنلا ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ ياكى مامۇتجان راستتىنلا بىزنىڭ تەشكىلاتتا بولغىيمىدى؟! قاتتىق خىيالغا چۆمۈپ كەتتىم.

— مامۇتجاننى مەن ياخشى تونۇيمەن، ئەمما مەن مامۇتجان بىلەن ئەزەلدىن بىر يەردە بىرقاچا تاماق ياكى بىر پىيالە چاي ئىچىپ باققان ئەمەس، مەن راستتىنلا مامۇتجاننىڭ بىزنىڭ تەشكىلاتتا ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن، بۈگۈن بىرىنچى قېتىم سىلەرنىڭ ئاغزىڭلاردىن ئاڭلاۋاتىمەن،- دېدىم. بۇ گەپ راستتىنلا مېنىڭ يۈرەك سۆزۈم ئىدى.

— سەن جاھىللىق قىلىپ، بىزنى كولدۇرلاتما! سەن ياخشى بىلسەن، سەن ئۇنى ئەزالىقا تونۇشتۇرغانسەن، ھەم سەن ئۇنى قوبۇل قىلغانسەن.

-مەن مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بۇ ئىشنىڭ تېگىدە بىر يامان شۇملۇقنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى، بۇلارنىڭ مېنى مامۇتجانغا يۆلەپ، يوقىتىش ھىيلە ـ نەيرىڭىنى تەييارلاۋاتقانلىقىنى ئالدىن ھېس قىلغان ئىدىم.

- مەن مامۇتجاننى بۇ تەرەپتىن زادى چۈشەنمەيدىكەنمەن،- دېدىم.

ئۇلار تاشقىرىغا چىقىپ كېتىپ، بىردەمدىن كېيىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ساڭا يەنە ئويلىنىش پۇرستى بېرىمىز، بۇگۈنكى بۇ سوراق سېنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىز، جاھىللىق قىلماي ياخشى ئويلان، يەنە سەن بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارىمىز، -دەپ يۇمشاپراق چىقىپ كەتتى، ئۇلار مەن بىلەن «سۆھبەت» ئېلىپ بارماقچى ئىدى.

مەن كامېرىغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، ناھايىتى جىمىپ كەتكەن ئىدىم. ئۇلارنىڭ سورىغان سوئاللىرى مېنى بەكمۇ بىئارام قىلماقتا ئىدى. ئىچىم بەكمۇ تىت - تىت بولۇپ كېتىپ باراتتى. بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتىپ بولمايتتى. مەن مامۇتجاننى ياخشى بىلەتتىم، بەكمۇ چۈشىنەتتىم. ئۇ كەم - كۈتىسىز خىتاينىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك سادىق غالچىسى، خىتايلارنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك رازۋېدكىچى ئىدى. يالغۇز قەشقەردە ئەمەس، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان خىتاينىڭ يەنە بىر سادىق غالچىسى يوق ئىدى.

قانداق بولۇپ بۇ مامۇتجان بىزنىڭ ئادەم بولۇپ قالدىيا!؟ تولغىنىپ زادى ياتالمىدىم، كېچىچە ئۇيقۇم كەلمىدى، بۇ غەيرىي سوراق يەنە سۆھبەت نامى بىلەن يەنە قاچان باشلىنار، كاللامدىن ھەرخىل خىياللار كەچمەكتە ئىدى، يېرىم كېچە سائەت ئۇچتىن ئاشقاندا بۇ بىر توپ لەنىتى سەت كۆرۈمسىز خىتايلار يەنە مېنى سوراققا چاقىردى.

- ئويلاندىڭمۇ؟

- ئويلاندىم.

- ئۇنداق بولسا سۆزلە!

- نېمىنى سۆزلەيمەن؟

- مامۇتجاننىڭ مەسىلىسىنى پاش قىل!

- مەن تۈنۈگۈنلا راست گەپ قىلغان، مەن مامۇتجان توغرىلىق زادى ھېچ نېمىنى بىلمەيمەن.

- سەن جاھىل نېمە ئىكەنسەن، پرولېتارىيات دىكتاتورىسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن،



يامانني قولتۇقىغا ئالغان يامانىنىڭ يامىنى، بىلەمسەن! سەن ئۇنى ئاقلىماي ئۇنىڭ مەسىلىسىنى پاش قىل. پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتى ئېنىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارغا كەڭچىلىك، قارشىلىق قىلغانلارغا قاتتىق بولۇش، ئەگەر سەن يەنە جاھىللىق قىلىدىغان بولساڭ، جىنايىتىڭگە جىنايەت قوشۇپ جازالىنىسەن ...

ئۇلارنى زادى ئىشەندۈرەلمىدىم. بىز بىر قانچە ئاي ئىلگىرى ماموتجان بىز ئۈچۈن خەتەرلىك ئۇنسۇر، ئۇنى يوقىتىۋېتەيلى، دەپ ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈپ يوقىتىمىز دەۋاتساق، ئاخۇنوپ بىزنى توسۇپ قويغان، راستىنلا ماموتجانمۇ بىزنىڭ سەپكە قېتىلغان بولغىيمىدى- يا؟! كاللام بەكلا ئىلىشىپ كەتكەن ئىدى. بىزنىڭ قارارىمىزنى، ئاخۇنوپنىڭ قارشى چىقىپ بۇزغانلىقىنى دەيمۇ يا! ياق ئۇنداق قىلسام، بېشىمغا بالا تېرىۋالىمەن.... ئەمما، ئاخۇنوپ بىزنى توسۇشتا، بىر ماموتجاننى يوقىتىش بىلەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندىن ھەيدەپ چىقارغىلى بولمايدۇ، دۈشمەنلەر مەغلۇپ بولغان كۈنى ماموتجان قاتارلىقلارمۇ بىللە يوقىلىدۇ، بىر ماموتجاننى دەپ چوڭ ئىشقا دەخلى بولىدىغان ئىشنى قىلىپ، ئۇخلاۋاتقان يىلاننى ئويغىتىپ قويماڭلار!!! دېگەن سۆزى، ماموتجاننىڭ بىزنىڭ تەشكىلاتىمىزدا ئەمەس، بەلكى ئۇ بىزنىڭ دۈشمىنىمىز دېگەنلىك ئىدىغۇ!

مەن ئۇلارنىڭ گېپىگە بىلمەيمەن، دەپلا جاۋاب بەردىم.

ئۇلار قوراللىرىنى تاراقشىتىپ، ئۈستەل ئۈستىگە بىر نەچچە پاي ئوق بىلەن بەتلەپ قويۇپ ئۆرە تۇرۇپ سوراق قىلغىلى تۇردى، مەن باشتىن ـ ئاخىر بىلمەيمەن، دەپ تۇردۇم.

بىرى كېلىپ ئېغىر تەلۋە مۇشتى بىلەن بىرنى سالدى، قۇلىقىم غوڭگىدە قىلىپ بىر نەچچە مىنۇت ئۇلارنىڭ نېمە دېگىنىنى ئاڭلىمىدىم، پەقەت ئاغزىنىڭ مىدىرلىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. ئۇلار يەنە ئۇردى، بۇ قېتىم سەن بىزنىڭ سوئالىمىزغا جاۋاب بەرمىدىڭ دەپ ناھەق ئۇرۇۋاتاتتى، قۇلىقىم زادى بىر نېمىنى ئىشىتمىدى، يا رەببىم! بۇ نېمىدېگەن تارتقۇلۇق، ئۇنداق كۈنگە قويغۇچە جېنىمنى ئالساڭمۇ بولاپتىكەن دەپ ئاللاھقا نالە قىلىۋاتاتتىم. ئۇلارنىڭ گېپىگە جاۋاب بېرەلمىدىم.

ئۇلار بىر نېمىلەرنى دەپ تىللاپ يەرنى دەسسەپ، ئۈستەللەرنى تاراقشىتىپ بېقىپ، مېنى يەنە كامېرغا سولاپ قويدى، بۇنداق سوراق بىر ھەپتىدىن ئاشقان ئىدى، ئاخىرقى قېتىم ئىدى، مەن جاندىن راستىنلا تويغان ئىدىم، ئۇلار بىلەن تاكاللىشىپ، بولمىغىنىغا بىرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپلا ھەممىدىن بىراقلا قۇتۇلاي دېگەن قارارغا كەلدىم. كېچىسى يەنە سوراق سورىغىلى كىردى، بۇ قېتىم باشقا بىرنەچچە باشلىقى كەلگەن ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە

www.uyghurkitap.com

بىرسىنى تونۇيتتىم. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايون سىياسىي باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئىدى، ئەجەبا ئولاتايوپ دېگىنى كەلمەي بۇ باشلىقى كەپتۇ -يا! ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنى ئۇيغۇرلار سوراق قىلاتتى، نېمە ئۈچۈنكى مېنى خىتايلار سوراق قىلىۋاتاتتى. يەنە باشتىن مامۇتجاننىڭ مەسىلىسىنى پاش قىل دېگەن تېمىدىن باشلاندى، مەن ھەقىقەتەن ئەقلىمدىن ئازاي دېگەن ئىدىم، ئۇلارنىڭ مامۇتجان توغرىلىق سورىغان سوئاللىرى مېنى راستتىنلا گاڭگىرىتىپ قويغان ئىدى ...

مەن قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا بولغۇلۇقنى بىراقلا كۆرەي، دېگەن نىيەتكە كەلدىم ـ دە، ھۆكەنى بوينۇمغا ئالدىم:

سىلەر مامۇتجاننى شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى دەپ گۇمان قىلىدىكەنسىلەر، مەندىن بۇ سوراقنى سورىغىلى بىر ھەپتىدىن ئاشتى. قەشقەردىكى سىياسىي قانۇن كادىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك پارتىيە مەكتىپىگە يىغىۋېلىپ، نەزەر بەنتكە ئالدىڭلار، گۇڭچەنداڭغا سادىق دەپ پۈتۈن قەشقەر ۋىلايىتىدىن مامۇتجان باشلىق بىر قانچە ساناقلىق كادىرنى ئەپقېلىپ ئىشلەتتىڭلار، سىلەر مامۇتجاننىمۇ گۇمانلىق دەپ قارىغان بولساڭلا، سىلەرنىڭ نەزىرىڭلەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى گۇڭچەنداڭغا قارشى ئەكسىلئىنقىلابچىلار ئىكەن. ئۇنداق بولغاندىكىن، پۈتۈن ئۇيغۇرلارنى قارا قويۇق ئۆلتۈرۈۋېتىپ بىراقلا بۇ ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇيغۇرلاردىن قۇتۇلساڭلار بولمامدۇ؟- دېدىم ـ دە، ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ:

- قېنى! مەرھەمەت ئۆلۈمنى مەندىن باشلاڭلار، چۈنكى مەن نەق ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇ ئىسپات تەلەپ قىلمايدۇ،- دېدىم.

مېنىڭ گېپىمگە چىدىيالمىغان جانابىي جۇجاڭ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپلا، تەستىكىمگە بىرنى سالدى،

- بۇنى ئەكىرىپ سولاپ قويۇڭلار،- دەپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى نېمە ئۈچۈنكى مېنى سوراققا ئېلىپ چىقمىدى، شۇنىڭ بىلەن مامۇتجان توغرىلىق سوراق ئاخىرلاشتى بولغاي. ئۇندىن باشقا يەنە مېنىڭ دادامنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى كەلگەن ئىدى. خەۋەرنى ئاڭلاپلا، ھەممىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش قارارىغا كەلدىم، مەن ئۇ كۈنى تەلۋە ئىدىم، ئەگەر سوراقچىلار يەنە پەلىپەتىش سوراق سورىسا جاننى تىكەتتىم، دادامنىڭ ئېچ ئاغرىقىدا يىغلىدىم، دادامغا چىدىمىدىم، كېچىچە سۆزلەپلام چىقتىم. باشقىلارنى ئۇخلاتمىدىم، ئۇلار مېنى ساراڭ بولدى، دېيىشتى. ئۇلارنىڭ

گېپى ماڭا «سەن ساراڭ بولۇۋال ساراڭغا سوت يوق» دېگەندەك تۇيۇلدى، شۇندىن ئېتىبارەن مەن«ساراڭ» بولۇۋالدىم، ئاغزىمغا كەلگەننى سۆزلەۋەردىم، مېنىڭ گېپىمنىڭ بېشى بىلەن ئايىغىنى ھېچ كىم پەرق ئېتەلمەيتتى، بەزىلىرى راستتىنلا بۇنىڭغا بەك كەلگۈلۈك كەلدى، دادىسى ئۆلدى. ھە دېسە بۇنى كېچە - كېچىلەپ ئاچىقىپ كېتىپ ئۇخلىغىلىمۇ قويمىدى. بۇ راستتىنلا مېڭىسىدىن ئازدى، دەپ تەستىقلاپ بېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن مەن خىتايلارنىڭ سورىقىدىن قۇتۇلغان ئىدىم.

1989 - يىلىنىڭ كۈز پەسلى ئىدى. مەن تۈرمىدىن چىققانغا خېلى زامانلار بولغان ئىدى. بىر كۈنى سەمەن تەرەپتىن شەھەرگە قاراپ كېتىۋاتاتتىم. لەڭگەر مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە مامۇتجان ئۇچراپ قالدى. سالام - سائەت قىلىشقاندىن كېيىن، مېنىڭ ئۆيگە كەچلىك تاماققا كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ، ماۋۇ يەردە پاكىستانلىقلار بىر رېستوران ئاچتى. كەچلىك تاماقنى مۇشۇ يەردە بىللە يەيلى، دەپ مېنى تاماققا تەكلىپ قىلدى، مەن رېستورانغا كىردىم، نېمە ئۈچۈن مېنى تاماققا تەكلىپ قىلغانلىقىنى ھازىرغىچە بىلمەيمەن. تاماق بۇيرۇتتى، تاماق كەلگۈچە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، تۈرمىدە بولۇپ ئۆتكەن كونا ئىشلارنى ۋە سوراقنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى مامۇتجانغا قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم، ئاڭغۇچە تاماقمۇ كەلگەن ئىدى.

مەن بەھۇزۇر تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يېدىم، ئەمما مامۇتجان ئولتۇرغان پېتى خىيالغا غەرق بولۇپ كەتتى. مەن مامۇتجانغا پات - پات قاراپ قوياتتىم. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەشكە باشلىغىلى تۇردى. رەڭگىمۇ باشقىچە ئۆزگىرىشكە باشلىغان ئىدى. توختىماي ئۇلۇغ كىچىك تىنغىلى تۇردى. مەن تاماققا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىنلا، ھوشىغا كەلدى.«مەن ئاشۇ يىللاردا بىر مەزگىل لەيلەپ قالغان ئىدىم. ماڭا بولغان پوزىتسىيىسىمۇ غەيرىي ئىدى، نېمە سەۋەبكى دېسەم ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەندە!» دېدى.

## 3- ئۈنسەككىزىنچى ئىيۇل مۇسىبەت كۈنى

1970- يىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن ئېغىر مۇسىبەت كۈنى بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە شەھەر ناھىيىلىرىدە بىرلا ۋاقىتتا 78 نەپەر ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئۇنتۇلغۇسىز جاراھەت ئىزىنى قالدۇرغان كۈن ئىدى. بىز ھايات ياشاۋاتقان ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىق بۇ مۇسىبەت كۈننى ھەرگىز ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىم.

www.uyghurkitap.com

4- ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۆگىنىش كۇرسىدىكىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر قانچىمىز قولغا ئېلىنىپ، يېڭىۋاشتىن تۈرمىلەرگە تاشلانغان ئىدۇق. قەشقەر ۋىلايەتلىك تۈرمىنىڭ بىز ئۈچۈن ئالايىتەن ياسالغان كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان، دېرىزىلىرى چاپلانغان، ئىشىكلىرى يېڭىدىن پولاتتىن قىلىنىپ ياسىلىپ، تاماق بېرىدىغان كىچىككىنە كامېرىدىن باشقا يەرلىرى تامامەن ئېتىۋېتىلگەن، ئۆيلىرى بىز ئۈچۈن ھازىرلانغان ئىكەن. تۈرمىگە كىرگەن كۈندىن باشلاپ ھەر قايسىمىزنى ئىككىدىن، ئۈچتىن بىر كامېرغا سولاپ قويغان ئىدى، بىز بار تۈرمىدە بىزنىڭ ئادەملەردىن باشقا ئادەملەر يوق ئىدى. ئۇلار ئارقىمىزدىكى بىر نەچچە يۈرۈش ئۆيلەرگە سولانغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ياتقان كامېرلىرىنىڭ دېرىزىلىرى بار، كۈن نۇرى چۈشىدىغان، ھويلىغا چىقىپ ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا تەرەتكە بارالايدىغان ئۆيلەر ئىكەن. بىزدە ئۇنداق ئەركىنلىك يوق ئىدى. كۈنلۈكى ئىككى ۋاخ تەرەتكە چىقاتتۇق. باشقا ۋاقىتتا ئۆي ئىچىگە تەرەت قىلاتتۇق. ئىككى ۋاخ سېرىق قوناقنىڭ قاسقاندا پىشۇرۇلغان مومىسىنى ساپال تاۋاقتا بېرەتتى.

7- ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىدى. مەن بار كامېرغا بىر كىشىنى ئەكېلىپ سولاپ قويدى. بۇ ئادەم بەئەينى چەتئەللىككە ئوخشايتتى، بېشىدىكى كەپكىسى، كىيگەن ئىشتان، چاپانلىرى پۈتۈنلەي رۇس پاسونىدا ئىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدىن ساق قالغىنىغا قارىغاندا، بۇ كىشى چەتئەلدىن كەلگەن كىشىدەك كۆرۈنەتتى. بىز ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشمىدۇق. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. 18 - كۈنى تاڭ سەھەردە ئادەم - ئادەمنى تونۇغىلى بولمايدىغان بىر كۈن ئىدى. پۈتۈن تۈرمىنىڭ ئىشىكى گۈلدۈر - قاراس، تاراق - تۇرۇق ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىلىشقا باشلىدى، ئۆيدىن چىق دېدى، ئۆيدىن چىقتۇق. تۈرمىنىڭ تېمىغا قولىمىزنى قويغۇزۇپ، ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ، غادىر - ئۈسكۈن قىلىپ بولغاندىن كېيىن بىردىن - بىردىن باغلىدى، تۈرمىنىڭ ھويلىسىغا ئېلىپ چىقتى، ئەسكەرنىڭ كۆپلۈكىدىن دەسسەيدىغانغا يەر يوق ئىدى. بىزنى بىر تەرەپكە ئايرىپ، باغلاقلارنى قايتا تەكشۈرۈپ، يەرگە ئولتۇرغۇزدى، بىزدىن 20 مېتىر يىراقلىقتىكى بىر يەرگە قاتار يەتتە ئادەمنى بىردىن - بىردىن ئولتۇرغۇزۇپ، بېشىغا ئېگىز كۆلا كىيگۈزدى، شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاندىن بىلدۇق، ھۆكۈم ئېلان قىلىش چوڭ يىغىنى بار ئىكەن. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدىغانلارنىڭ ئىچىدە ئەخمەتجان مۇنىر باشقىچە تۇراتتى. ئۇنى باغلاپ بېشىغا كۆلانى كىيدۈرۈپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان قىزىل كۆپەيتىش بەلگىسىنى ئۇرغاندا، ئۇ ناھايىتى ئاۋازلىق قىلىپ بىر مۇنچە شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇدى، مەن پەقەت «يولۋاس»، «باتۇر»، «شەرقىي تۈركىستان»... دېگەنلىرىنى ئاڭلىيالىدىم. ئاڭغۇچە بوينىغا سىرتماق سېلىپ ئېغىزىنى ئاچۇرمىدى.

ئۇنىڭ يېنىدا ئابدۇكېرىم ساۋۇت بار ئىدى، ئۇ كىيىمنى تەتۈر كىيىۋېلىپ تۈگمىلىرىنى ئېگىز - پەس قادىغان ئىكەن. باشقىلارمۇ ھەرخىل كۆرۈنۈش بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ نارازىلىق بايان قىلماقتا ئىدى. ئۇلارنى بىردىن ماشىنىغا 10 ئەسكەرنىڭ يالىشى بىلەن ئېلىپ ماڭدى. يەتتە ماشىنا مېڭىپ بولغاندىن كېيىن بىزنىڭ ماشىنا يولغا چىقتى، ئۈستەڭ بويىدىن ھېيتگاھ، ھېيتگاھدىن يارۋاغ، ئۇيەردىن تۆشۈك دەرۋازا، ئاندىن تۇمەن كۆلنىڭ يېنى بىلەن باغچىنىڭ ئۇدۇلىدىكى قەشقەر شەھەرلىك گۇڭئەنجۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ ماشىنىلارنى قاتار تىزدى، جىنايەتچىلەر ئېلىپ كېلىنسۇن دېگەندىن كېيىن، بىزنى خەلق مەيدانىنىڭ رەئىس مۇنبىرىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يولدا ماشىنا بىلەن توختاتتى. ھۆكۈمنى ئېلان قىلدى.

سوۋېت شيۇجېڭجۇيى خائىنلار گۇرۇھى بىۋاستە پىلانلىغان، ئاخۇنوپ باشچىلىقىدىكى قەشقەر رايونىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ گۇرۇھىغا زەربە بېرىش چوڭ يىغىنى ھازىر جازا ھۆكۈم ئېلان قىلىدۇ...

يىغىنغا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ باشلىقى رىياسەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. يىغىن رىياسەتچىسىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن جىنايەتچىلەر بىردىن - بىردىن رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىدىكى ماشىنىغا چىقىرىلىپ جىنايى جازاسى ئوقۇلماقتا ئىدى.

ئىسمى ئېلان قىلىنغان جىنايەتچىلەردىن ئالدى بىلەن يەتتە نەپەر ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكىنى ئېلان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئارقىدىن ئۇلاپ بىزگە ھۆكۈم ئېلان قىلدى، سىيىت نىيازغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلدى. قالغانلىرىمىزغا 20 يىللىق، 15 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى، تىرىك قالغانلىرىمىز خۇداغا چەكسىز شۈكۈر ئېيتتۇق، تۈرمىگە قايتىپ كەلدۇق.

نېمە ئۈچۈنكى ئۆلتۈرۈلگەن سەپداشلارنىڭ ئىچ ئاغرىقىمۇ ياكى باشقا سەۋەبمۇ بىر - بىرىمىز بىلەن گەپلەشمىدۇق. نامازنىلا ئوقۇدۇق، باشقا ئارتۇق گەپ - سۆز بولۇنمىدى، جىمجىتلىق ئۈچ كۈندىن ئاشقان ئىدى.

- سىزنىڭ ئىسمىڭىز سىيىت نىياز ئىكەن ھە! - دېدىم مەن.

گەرچە بەش - ئالتە كۈندىن بېرى بىر ئۆيدە ياتقان بولساقمۇ، مەن ئۇ ئادەمنى سوۋېتتىن كەلگەن كىشى، بۇنى بىزنىڭ يېنىمىزغا بەلكىم ياساپ ئېلىپ كىرىپ، گەپ ئېلىشنى ئويلاۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ گەپ سورىمىغان ئىدىم.

بارا - بارا ئۇ ئادەم بىلەن چىقىشىپ كەتتۇق، ئۆز ئارا چۈشەنچە ھاسىل قىلىشتۇق. ئۇ

ئادەمنىڭ ئىچىدىن چىققان ئالتۇن، گۆھەرنىڭ ئۆزى ئىكەن.

قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيالار ئىدارىسىنىڭ كادىرى ئىكەن، ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت بىلەن 15 يىل كېسىلىپ پەيلوغا بارغان ئىكەن. پەيلو مەيدانىدا ئەخمەتجان مۇنىر بىلەن «دەھشەتلىك بوران پارتىيىسى» قۇرۇپ، قوراللىق قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇرماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن ئىجرا قىلىنمىز، دەپ ھۆكۈم بەرگەن ئىدى.

پەيلو مەيدانىدىن قەشقەرگە كەلگەن بەش يىل جەريانىدا قارا ئۆيدە يېتىپ خىتايچىنى راۋۇرۇس ئۆگىنىۋاپتۇ. قۇرئان كەرىمنى يادلاپ بوپتۇ، ھەدىسىنىمۇ ناھايىتى جىق يادا بىلىدىكەن. تىرىشچان ئادەم ئىكەن. ئۇ ئادەم بىلەن تاكى پەيلو مەيدانىدىمۇ 8 يىلدەك بىر يەردە، بىر ئەترەتتە بىللە تۇردۇم. ماڭا ياخشى تەسىر قالدۇرغان كىشى ئىدى. ئۇ تۈرمىدىن ھايات چىقتى. ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزدى.

ئاڭلىشىمچە نەنمىندىكى مەسچىتتە مۇئەززىنلىك ۋە غوجىدارلىق ئىشلىرىنى قىلغانمىش. ئۇ جەريانىدا ۋەتەندە بولۇۋاتقان ناھەق ئىشلار ھەققىدە چەتئەلدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى خەۋەرلەندۇرۇپ، ۋەتەن، مىللەتنىڭ ئىستىقلالىيىتى ئۈچۈن بىر قاتار ياخشى ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. يېقىندا ئۇنىڭ بەختكە قارشى ۋاپات بولغانلىقىنىمۇ ئاڭلىدىم. جانابىي ئاللاھدىن ئۇنىڭغا رەھمەت تىلەيمەن، ئامىن!

ھۆكۈم مەيداندىن كىرىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، تۈرمىنىڭ تېمىغا بىر ئېلان چاپلاپ قويدى، ئېلان شىنجاڭ بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەرنىڭ ئىسمى ۋە جىنايى قىلمىشى ئىكەن. ئۇنىڭدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت ۋە شەھەر ناھىيىلىرىدە 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سائەت 10:00 دا 78 ئادەمنىڭ قەتلى قىلىنغانلىقى تەپسىلىي يېزىلغان ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ئىكەن. ئۇندىن باشقا يەنە بىر نەچچە ئېلانلار بار ئىدى. ئۇ ئېلانلارمۇ ئۆلۈم جازاسىغا ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ ئىسمى ۋە «جىنايى» قىلمىشى يېزىلغان ئېلان ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېنىڭ شېرىكىم ھەسەن قارى بىلەن توختى ھاجىمۇ بار ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئېلاننى تامدىن سويۇپ ياتاققا ئېلىپ كىرىپ، تەپسىلىي قايتا - قايتا ئوقۇپ چىققان بولدۇم.«جىنايى» ئەيىبلەشنامىسىدا نۇرغۇن يەرلىرى مېنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى، ئەمما «بانكا بۇلىغان، ئاشلىق بېلىتى بۇلىغان، خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ ئوفىتسېر جەڭچىلىرىنى ئۆلتۈرگەن» دېگەن ئەيىبلەشنامىسى مېنى غەلىتە قىلىپ قويدى.

مەن ھەسەن قارى بىلەن 1968 - يىلى قەشقەردە تونۇشقان ئىدىم. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئالاقىچى ماڭا بىر بۇيرۇق ئېلىپ كەپتۇ، قىلىدىغان ئىش ۋە مەقسەتنى ئېنىق يېزىپتۇ، مېنى باشلاپ بارىدىغان كىشى بىلەن قەشقەر شەھىرىدىكى خەلق مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدا كۆرۈشىدىغانلىقىمنى، كۆرۈشۈش ئۇسۇلىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپتۇ.

مەن بۇيرۇققا بىنائەن خەلق مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەينىڭ بىرىنچى سۈپىسىدا پارولدا ئېيتىلغاندەك قىلىپ، بېشىمدىكى كەپكە شەپكەمنى قولۇمغا ئېلىپ كەينى - كەينىدىن ئۈچ قېتىم توپىسىنى قېقىپ بېشىمغا كىيدىم. بۇ ھەرىكەت ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ناتونۇش بىرى كېلىپ:

-تاماكىنى تۇتاشتۇرىدىغان چاقماق بارمىدۇ؟- دېدى.

-تاماكا چەكمەيمەن. قاراپ باقاي، ئەمما ئاخشام ئوت يېقىش ئۈچۈن بىر قاپ سەرەڭگىنى يانچۇقۇمغا سالغاندەك قىلىۋاتاتتىم.

- سىللىدەك ئالىي سۈپەت ئادەملەرمۇ تاماكاچەكمەيدىكەن- ھە!

- مەن ئۆگەنمەپتىكەنمەن.

- تاماكا ئەرزانمۇ- دەپ گەپنى باشقا تەرەپكە ئەگىتىپ سوئال سورىدى.

- بۇ يىل قوغۇن ئەرزاندەك قىلىدۇ، مەن قوغۇن سېتىۋېلىش ئۈچۈن بىر يەرگە بارماقچى ئىدىم دېدىم، ئۇ ئادەم كۈلۈپ كېتىپ، ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلەيكۇم! ئۇنداق بولسا مەن سىلىنى قوغۇنلۇققا باشلاپ ئاپىراي، دەپ مېنى كەينىگە سېلىپ ئېلىپ كەتتى، بۇ بىزنىڭ ئۇچرىشىش پارولىمىز ئىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ مەن ھەسەن قارى بىلەن تونۇشقان ئىدىم.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارا كۆرۈنەر ئىز بېسىپ قىزىلنىڭ كۆۋرۈكىگىچە بىللە باردىم. ئۇيەردە بىر تۆگە ھارۋىسى بار ئىكەن، تۆگە ھارۋىسىدا يەنە بىر - ئىككى ئادەم بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى قەشقەرلىك ئەنۋەر قادىر دېگەن ئوقۇغۇچى ئىدى. يېڭىشەھەرگىچە تۆگە ھارۋىسىدا باردۇق، ئۇيەردىن بىر ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ تازغۇنغىچە باردۇق.

ئۇ يەردە يەنە ئالمىشىپ باشقا بىر ئات ھارۋىسى بىلەن ياپچانغا باردۇق، ياپچاننىڭ بازىرىغا ئاز قالغاندا، يولدىكى قۇملۇقنىڭ ئىچى ئىھاتە ئورمان بەلبېغىنىڭ ئارىسىدىن ئۆملەپ ئۆتۈپ، ئېتىزلىقنىڭ ئىچى بىلەن بىر ئۆيگە كىردۇق، ئۆي ئىگىسى مېھمانلار كەلدى دەپ، بىر تىرىك قوينى سۆرەپ كىرىپ دۇئا قىلىشىسلا دېدى، دۇئا قىلدىم. قوي بوغۇزلاندى، ئادەملەر بەش - ئالتىدىن ئاشتى. ئۇلار بىلەن ئارتۇقچە پاراڭلاشمىدىم.

www.uyghurkitap.com

ھەم تونۇشلۇقمۇ بەرمىدىم. بىر ـ بىرىمىزگە يەرنىڭ تېگىدىن پات ـ پات قاراپ قويۇشاتتۇق. تاماق پىشتى، تاماق يېدۇق، كاۋاپ بىلەن قورداق قىلدى، مەن سائەتكە قاراپ ھەسەن قارىنى بىر بۇلۇڭغا تارتىپ:

-ئىشنى باشلايلى، ئۆينى كۆرسەتسىلە!- دېدىم.

ئۇ ئالدى بىلەن بىز كىرىدىغان ئۆينىڭ يەر شەكلى ۋە ئۆيدىكىلەرنىڭ سالاھىيىتىنى تونۇشتۇردى، ھەسەن قارى بىلەن توختىھاجى تامدىن سەكرەپ چۈشۈپ دەرۋازىنى ئاچتى. باشقىلار دەرۋازىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مەن بىلەن ئەنۋەر ئىككىمىزنى قوغداپ قوراللىق مۇداپىئەدە تۇردى، مەن ئەنۋەرنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆينىڭ ئىچىگە كىردىم.

ئۆي ئىگىسىنى سورىدىم. ئارىدىن بىرەيلەننى كۆرسەتتى. مەن قەشقەر گۇڭئەنجۈدىن، بۇ كىشى قەشقەر ھەربىي رايوندىن بولىدۇ، بىز يۇقىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزنى ئاقتۇرىمىز، سىلەر چەتئەل بىلەن رادىئو تېلگىرام ئارقىلىق كۆپ قېتىم سۆزلىشىپ بىزنىڭ مەخپىيەتلىكىمىزنى ئۇلارغا ساتتىڭلار. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنى قولغا ئالمايمىز. ئەمما بۇيرۇقتا پالاننى تۇتۇش كۆرسىتىلگەن، ئەمما، ئۇ ئادەم ئۆيدە يوق ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى قىلىش ئۈچۈن بۇ رادىئوگراممىنى ئېلىپ چىقىپ كىتىمىز. بالىڭىز ياۋاشلىق بىلەن ئىقرار قىلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن،- دەپ قورالنى ئۇلارنىڭ بېشىغا تەڭلەپ تۇرۇپ ئالىدىغانىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتۇق.

ئۇ ئۆيدىكىلەر ئىشتانغا سىيىۋەتتى. ھەممىسى لاغىلداپ تۇرغان ئىدى، بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە دەرۋازىنىڭ ئالدىدىكى خالاجايدا ئۇ ئائىلىنىڭ قىزى تەرەت قىلىپ ئولتۇرغان ئىكەن. بىزنىڭ تامدىن سەكرەپ چۈشۈپ قوراللىق ئۆيگە كىرگەنلىكىمىزنى كۆرۈپ قورقىنىدىن زۇۋان سۈرمىگەن ئىكەن. ئۆيدىن چىقار ۋاقتىدا مەن ھەسەن قارىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىپ، ماۋۇ نەرسىلەرنى سىلە ئۆيگە يوشۇرۇپ قويۇپ، يول بويىغا چىقىپ قەشقەرگە كېتىدىغان بىر قاتناش قورالى تاپسىلا، دېگەن گېپىمنى ئۇ قىز ئاڭلاپ، بىزنىڭ كىملىكىمىزنى بىلىۋالغان ئىكەن.

بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ مەقسىتى مۇنداق ئىدى: بىز كىرگەن ئۆي بىزنىڭ تەشكىلاتتىكى رادىستنىڭ ئۆيى بولۇپ، ئۇ ئادەم مەخسۇس چەتئەلدىكى تەشكىلات بىلەن ئالاقىلىشىدىغان كىشى ئىدى، بىر نەچچە كۈن بۇرۇن ئۇنىڭ پائالىيىتى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايون مەخپىيەتلىكنى ساقلاش پونكىتىنىڭ رادار ئىستانسىسى تەرىپىدىن سېزىلىپ قالغان بولغاچقا، ئۆي ئىگىسىنى چاقىرتىۋېلىپ، رادىئو گراممىنى دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن بۇرۇن

ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى ئىدۇق، بۇ ئىشنى ئۇ ئۆيدىكى باشقا كىشىلەر بىلمەيتتى، ھېلىمۇ خۇدا ساقلىدى، تاس قالاتتى ئىش تەتۈرسىگە ئايلىنىپ بىھۇدە قان ئاققىلى.

بىز ئۇ ئۆيدىن چىقىپ ئۇدۇل قەشقەر تەرەپكە ماڭماقچى بولۇپ، ھەسەن قارى بىلەن توختىھاجىنى بىللە ماڭايلى دېسەم، ئۇلار بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپ بۇ يەردە نېمە گەپلەر بولىدۇ، تىڭتىڭلاپ ئاندىن كېتەي، دەپ تۇرۇۋالغان ئىدى. ھەسەن قارى بىلەن توختىھاجى ياپچانلىق ئىكەن. قوي سويۇلغان ئۆي ھەسەن قارىنىڭ ئۆيى ئىكەن.

مەن چوڭ يول بويىغا چىقىپ يەكەن تەرەپتىن كەلگەن بىر ماشىنىنى توسۇپ، تازغۇنغىچە كېلىپ ئۇيەردىن ماشىنىنى يولغا سېلىۋېتىپ تازغۇندا يەنە بىر ئاخشام قونۇپ ئەتىسى ئۆيۈمگە قايتىپ كەلگەن ئىدىم، مەن ئۆيگە كېلىپ بولغۇچە مەمتېلى تۆرەخان مېنى نەچچە قېتىم ئىزدەپتۇ، جىددىي گەپ بار ئىدى، دېگۈدەك.

مەن ھەيران بولۇپ، شۇ زامان مەمتېلى تۆرەخاننىڭ ئۆيىگە باردىم، ئۇقسام ھەسەن قارىلار ئۆز ئۆيىگە بېرىپ بولغۇچە بىر توپ يەرلىك ئەسكەرلەر ھەسەن قارىنىڭ ئۆيىنى قورشاپ تۇتماقچى بوپتۇ. ھەسەن قارى ئۆيىگە كېلىپ بولغۇچە ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا قالايمىقان ئادەملەرنىڭ ئۇياندىن ـ بۇياندىن قورال كۆتۈرۈپ چېپىپ يۈرگەنلىكىنى بايقاپتۇ، ھەسەن قارى دەرھال چوڭ يولغا چىقىپ قەشقەر تەرەپكە ماڭاي دەۋاتسا، ئۇلارنى ئىزدەپ يۈرگەن يەنە بىرتوپ ئادەملەر ھەسەن قارىنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ، ھەسەن قارى دەرھال قورالىنى چىقىرىپ ئۇلارغا قارىتىپ قالايمىقان ئوق چىقىرىپتۇ، ئۇلار بۇنىڭدا قورال بار ئىكەن، ئۇنىڭغا چىقىلغىلى بولمىغۇدەك دەپ كەينىگە قاراپ قېچىپتۇ، ئۇلار ئاتلىق كەلگەن ئىكەن، بىر ـ ئىككى ئاتتىن ئايرىلىپتۇ، مەمتېلى تۆرەخان مەندىن ئەنسىرىگەنلىكىنى ئېيتتى. مەن:

ـ ھەسەن قارى بىلەن توختىھاجى تۇتۇلۇپ قالمىغان تۇرسا، مەندىن ئەنسىرىگەن قانداق گەپ، ئۇلار مېنىڭ يېنىمغا كۈندۈزى كەلسىمۇ تونۇيالمايدۇ، خاتىرجەم بول، ـ دېدىم. شۇندىن كېيىن ھەسەن قارى بىلەن توختىھاجى ئىككىسى ياپچانغا بارمايدىغان بولغان.

ئۇ ئىشلارنىڭ ئايىغى تۈگەپ بىر ئايدىن كېيىن، خەيرۇللا مېنى چاقىرتىپ:

ـ يېقىندا گۇڭگېئەنتىڭنىڭ بىر ئادىمى قەشقەرگە كەپتۇ. ئۇ ئادەم ئادەم تۇتۇش ئۈچۈن گۇڭگېئەنتىڭنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ قولىدا ناھايىتى مۇھىم ئاخبارات بار ئىكەن. ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشىمىز لازىم بولۇپ قالدى. ئۇ ئادەمنىڭ تۇرۇشلۇق جايى ۋە ئۆيىنىڭ يەرشەكلى، ئۇ ئادەمنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش قانۇنىيىتىنى تامامەن ئىگىلەپ بولدۇق. سىز بېرىپ ئۇنىڭ قورالى بىلەن قولىدىكى مەخپىي ئارخىپنى ياندۇرۇپ ئەپكەلسىڭىز،ـ دېدى. مەن:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



-مېنى كىم باشلاپ ئاپىرىدۇ؟ كىم مەن بىلەن بىللە بارىدۇ؟ ئۇ ئادەمنىڭ مەن بىلىشكە تېگىشلىك تەرەپلىرىنى، مېنى باشلاپ ئاپىرىدىغان كىشى ياخشى بىلەمدۇ؟-دەپ تەپسىلىي سورىدىم.

- ئەلۋەتتە بىلىدۇ، ئۇ كىشى بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئۇ تەرەپكە بېرىپ رازۋېدكا قىلىپ ھەممە ئىشنى ئىگىلەپ كەلدى.

- بولىدۇ، قاچان يولغا چىقىمىز؟

- بۈگۈن كېچە.

- بولىدۇ، يولچى بىلەن قەيەردە ئۇچرىشىمەن؟

-سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە.

- ئۇ كىم؟

خەيرۇللا كۈلۈپ كېتىپ:- كىم بولاتتى؟ سىزنىڭ ھەمراھىڭىز ھەسەن قارى بىلەن توختىھاجى،-دېدى.

مەن كۈلۈپ كېتىپ:

- بولىدۇ، ئۇلارنى ساقلايمەن،- دېدىم.

قاراڭغۇ چۈشكەندە، ھەسەن قارى بىلەن توختىھاجى بىر جىپ ماشىنىنى ئېلىپ، ئۇدۇل بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى، شۇنچە قىلساممۇ تاماق يېگىلى ئۇنىمىدى. ئۇلار تاماق يېيىۋالغان ئىكەن. مېنى باشلاپ بىر يەرگە ئېلىپ باردى، يولدا بارغۇچە مەن كىرىدىغان ئۆينىڭ يەر شەكلى، ياتىدىغان ئۆيى قاتارلىق ئۇ ئادەمنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگىچە سوراپ بىلىۋالدىم. ماشىنىنى يىراق بىر يەردە توختىتىپ، ئۈچەيلەن بىللە ئۇنىڭ مەھەللىسىگە كەلدۇق. كېچە بىر نېمىنى تونۇغىلى بولمايتتى.

ھەسەن قارى:

-ئۇ ھازىر ياتتى، كىتاب كۆرۈۋاتىدۇ،- دېدى.

ئۇلار تامدىن سەكرەپ چۈشۈپ دەرۋازىنى ئاستاغىنا ئاچتى، مەن دەر ھال قورالىمنىڭ تامىقىغا ئوقنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئۇدۇل ئۇ ياتقان ئۆيگە كىردىم.

- قىمىرلىما! سەن مېنىڭ كىملىكىمنى سورىما! مەن سېنى تامامەن بىلىمەن. ئارخىپ بىلەن قورالىڭنى تاپشۇر! مېنىڭ كۆپ ۋاقتىم يوق. قورال ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئۈچ مېتىر يىراقلىقتا

تەڭلەگلىك ئىدى. مەن تەكرارلىدىم،- ئەگەر سەن مەن دېگەن نەرسىنى بەرمىسەڭ، مەن هامان ئۆزۈم ئالىمەن، بۇ يەردىن قۇرۇق چىقىپ كەتمەيمەن، بەلكى سېنى ۋە ئۆيۈڭدىكىلەرنى بىر يولىلا يىغىشتۇرۇۋېتىپ ئاندىن چىقىپ كېتىمەن، سېنىڭ نېمە بولغانلىقىڭنى هېچ كىم بىلمەيدۇ، تېز بول! -دېدىم.

ئۇنىڭ يان تەرەپتە تىترەپ تۇرغان دادىسى: -

-بالام! دېگەن نېمىسىنى بېرىڭ، بولۇڭ،- دېدى.

- ۋاي نېمە گەپ بۇ! - دەپ ئانىسى يۈگۈرۈپ كىرىۋېدى، ئانىسىنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ، ئۇنىڭ يوتقىنىنىڭ ئايىغىغا ئولتۇرغۇزۇپ:

-ئاناڭمۇ ئۆلىدىغان بولدى-دە،- دېدىم.

ئۇ دادىسىنىڭ تەكرار ئېيتقان گېپىنى ئاڭلاپ گۆڭگەن سومكىسىنى بەردى، ئاندىن تەكرىنىڭ ئاستىدىن قورالىنى ئالماقچى بولىۋىدى:

-توختاپ تۇر!- دەپ تاپانچا بىلەن كۆكسىگە چېك تەڭلەپ تۇرۇپ، بىر پۇتۇمنى يەرگە تىرەپ، بىر پۇتۇمنى ئۇنىڭ يوتقىنىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، سول قولۇم بىلەن تەكرى ئاستىدىكى كىچىككىنە ئاق تاپانچىسىنى ئالدىم ۋە تاپانچىنى بوينۇمغا ئاستىم، سومكىنى بىلىمغا قىستۇردۇم.

ئۆيدىن چىقىۋاتقاندا:

-بىزنى ئىزدىسەڭ، تەڭرىتاغلىرىدىن، تەكلىماكاننىڭ قۇملۇقىدىن، پامىرنىڭ ئېتىكى، جۇڭغارىيىنىڭ تۈزلەڭلىكى، دۈشمەننىڭ يۈرىكىدىن ئىزدە. ئەگەر بىز بىلەن داۋاملىق قارشىلىشىدىغان بولساڭ، پۈتۈن ئەجدادىڭ بىلەن بىللە قوشۇپ خەلقنىڭ سوتىغا تاپشۇرۇلىسەن! -دەپ چىقىپ كەتتىم.

دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ جاهان تىنچلىقمۇ دېسەم، گەپ يوق، دېدى. بىز ماڭايلى دەۋاتساق، هېلىقى كادىر كەينىمدىن يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ، سىلىگە بىر گېپىم بار ئىدى، دەپ ئۇلارغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى، گېپىڭ بولسا تېز دە! ئۇلار بىزنىڭ ئادەم،- دېدىم.

- مەنمۇ بىر ئۇيغۇر، مەنمۇ سىلەردەك..... گېپىنىڭ ئايىغىنى دېيەلمىدى.

- سەن نېمە دېمەكچى!

- بىز بىر كۈنى ئىككىمىز خالىي سۆزلەشسەك، مېنىڭ سىلەرگە ياردىمىم تېگىپ قالسا

www.uyghurkitap.com

تىگىدۇكى، زىيىنىم تەگمەيدۇ.

مەن تۇرۇپ كەتتىم. قانداقتۇر ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىر سەمىمىيلىك كۆرۈنۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

- نېمە ئىش توغرىلىق مەن بىلەن سۆزلەشمەكچى؟

- بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىش قىلىش ھەققىدە.

مەن ئۇنىڭ ئۇ بىر ئېغىز گېپىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلدىم، ئاخۇنوپنىڭ بىر ۋاقىتلاردا بىر ئىش توغرىلىق، «ۋاقتى كەلگەندە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانلىق بىز تەرەپتە.... بىر تەكبىر ساداسى بىلەن ھەممىسى ئۆي - ئۆيدىن قوزغىلىپ يۈگۈرۈپ چىقىدۇ!»- دېگەن گېپى يادىمغا كەلدى.

-بولىدۇ، پارول ئەرەبچە بەش، قەشقەر شەھەر خەلق مېھمانخانىسىنىڭ قارا دوسكىسىدىن خەۋەر ئال، ئەگەر بىزنى ئالداپ ساتقۇنلۇق قىلىدىغان بولساڭ، جىق زىيان تارتىسەن، بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابى تارتىسەن!-دېدىم.

- خەير خوش! گېپىمىز گەپ!- دېدىم ئايرىلىش ئالدىدا، ئاندىن يۈرۈپ كەتكەنىدۇق.

يولدا كەلگۈچىلىك بىز ئۈچەيلەن ئۇنىڭ سۆزىنى تەھلىل قىلدۇق. ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ كادىرلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ بىز تەرەپكە ئۆتكەنلىكىنى، بۇمۇ بىر ياخشى ئادەمدەك قىلىدۇ، بىزگە ساتقۇنلۇق قىلمايدۇ،- دەپ پەرەز قىلىشىپ كەلدۇق.

ئۇنىڭ سومكىسىدىكى نەرسىلەرنى خەيرۇللا كۆرۈپ، ئۇنىڭ راستتىنلا، مۇئاۋىن رەئىس مەتىمىن ئىمىنوپنىڭ قىزى ھەبىبە (ئالمۇتادىكى دولقۇن ياسىنىنىڭ ئايالى) باشلىق 16 نەپەر ئادەمنى تۇتقىلى كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ سۈرىتى ۋە گومىنداڭنىڭ تۇتۇش بۇيرۇقى ھەمدە مەزكۇرغا ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەرلىك گومىنداڭ ئورۇنلىرىنىڭ ماسلىششى تاپىلانغان بىر يۈرۈش ھۆججەتلەر بار ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئۆيى قەشقەردە بولۇپ، سىياسىي قانۇن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ سىياسىي ئىشلار بۆلۈمىگە ئىشقا ئورۇنلاشقان ئىكەن. ئۇ ھەبىبەنى تۇتۇشنى باھانە قىلىپ قەشقەرگە تۇغقان يوقلىغىلى كەلگەن ئىكەن، ھەبىبەلەر ئالىبۇرۇن غۇلجا ئارقىلىق سوۋېتلار ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن ئىدى، بىز ئۇنى تەپسىلىي بىلەتتۇق.

مەن ۋەدەم بويىچە ئادەم ئەۋەتىپ ئىككى كۈندىن كېيىن مېھمانخانىنىڭ قارا دوسكىسىدىكى خەت ـ چەك ئالاقىلىشىش سومكىسىنى تەكشۈرتسەم، خەت قالدۇرۇپتۇ،

خېتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدا بىر سەممىيلىكنىڭ بارلىقىنى تەكرار ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىگە كەلدۇق. پالانى كۈنى سائەت مانچىدا خەلق مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەيىنىڭ ئالدىغا كېلىشنى تاپىلاپ خەت ئەۋەتتىم. شۇ كۈنى مەن دېگەن يەرگە باردىم. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم.

مەن ئۇنى بارا - بارا گەپكە باھانىلاپ بىزنىڭكىلەر مەخپىي ئورۇنلاشقان ياتاقنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئۇدۇلىغا باشلاپ كېلىپ، ئالدىمنى تۈرلۈك ماللار شىركىتى تەرەپكە قىلىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى تاپشۇرۇققا بىنائەن، مېھمانخانىنىڭ دېرىزىسى تەرەپكە قارىتىپ، سۆھبەتنى ئېلىپ باردىم، بىزنىڭ سۆھبىتىمىز، مېھمانخانىدا مەخپىي لېنتىغا ئېلىنىۋاتاتتى، مېنى قوغداۋاتقان بىرتوپ كىشىلەر مېھمانخانىنىڭ ئالدى - كەينىدە، تۈرلۈك ماللار بىناسىنىڭ ئەتراپىدا، كىنوخانىنىڭ ئالدىدا، بانكىنىڭ ئالدىدا ۋە يولدىن ئۆتكەن يولۇچى سۈپىتىدە بىر تالاي ئادەملەر بار ئىدى، ئەگەر ئۇ خائىنلىق قىلىدىغان بولسا، ئالدى بىلەن ئۇ ئۆلتۈرۈلەتتى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىمۇ ھەممىسى نابۇت بولاتتى. ئۇمۇ ئۆزى سەزدى بولغاي، بەش ئادەم پات - پات مېنىڭ يېنىمدىن كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى، ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپ،«سىلەر ھەقىقەتەن مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ يامان ئادەملەر ئىكەنسىلەر»، ئاپىرىن دەپ قويغان ئىدى.

نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ گۇڭئەن خادىمى - دە! سۆھبەت ناھايىتى ياخشى ئېلىپ بېرىلدى، سورىغان سوئاللارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ئالالىدۇق، نۇرغۇن گۇمانلىق مەخپىي ئىشلارمۇ ئۇنىڭ ئېغزى بىلەن ئېنىقلاندى، راست - يالغان كىشىلەر ئېنىقلانغان ئىدى، ئاخىرىدا ئۇ كېچە بولغان ئىشنى ھېچكىمگە ئېيتمىغانلىقىنى، ئۆيىدىكىلەرگىمۇ تاپىلىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇندىن كېيىن ئۆزئارا مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالماسلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇ قورال بىلەن سومكىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى، مەن باشلىقتىن سوراپ جاۋابىنى بېرەي، دەپ ئۇنى بەزلەپ قويدۇم. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ نەرسىلىرىنىڭ قىممىتى تۆۋەن ئىدى، پۈتۈن سۈرەتلەر رەسمىگە تارتىلىپ نۇسخىسى ئېلىنغان ئىدى، ئۇنىڭ قورالىنىڭ بىزگە ئېھتىياجى يوق ئىدى، ئۇنىڭ قورالى ئۆي ئىچىدە جەڭ قىلىشقا يارايدىغان كىچىككىنە قورال ئىدى. ئۇ ئۆيىگە بېرىپ يېتىپ بولغۇچە مەن ماشىنا بىلەن بېرىپ ئۇنىڭ قورالى بىلەن سومكىسىنى دەرۋازىسىنىڭ تېگىدىن ھويلىسىغا تاشلاپ كېلىپ بولغان ئىدىم. ئۇ ئۇنى خۇشاللىق بىلەن تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدى.

ھەسەن قارى بىلەن توختىھاجىلارنىڭ ھۆكۈمىدە بۇ نەرسىلەر يوق ئىدى، مەن خۇداغا شۈكرى دېدىم، ئۇلارنىڭ بانكا بۇلىغانلىق ئىشى مېنى بىر ئىشنى ئەسلەتكەن ئىدى.

بىز بىر كۈنى مەمتېلى تۆرەخاننىڭ ئۆيىگە توپلانغان ئىدۇق، ئۇ كۈنى خەيرۇللا تۇرۇپ كېتىپ، ناھايىتى تەسلىكتە بىرئىشنى بىزگە دېدى.

— ھازىر ۋەزىيەت سەل كەسكىنلەشتى، ۋاقىت قىستاپ كېلىۋاتىدۇ، قىلىدىغان بىر قانچە ئىشلار بار ئىدى، قىلالمىدىق، پۇل يېتىشمەيۋاتىدۇ، پۇل بولمىسا جىق ئىشنى قىلغىلى بولمايدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن جىددىي تۇتۇش قىلىپ پۇل تاپساق بولاتتى، -دېدى.

- پۇل يىغساق بولامدۇ؟- دەپ سورىدىم مەن.

- كىمدىن، نەدىن پۇل يىغىمىز؟ -دېدى خەيرۇللا.

- ئادەملەردىنچۇ؟ پۇلى بار ئادەمنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن ئالامدۇق!

بىز خەلقنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرىمىز، يوقسۇزلۇقتىن قۇتۇلدۇرىمىز، خىتاي كوممۇنىستلىرىنى ۋەتەن تۇپرىقىدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز دەۋاتىمىز، خەلقىمىز نامرات تۇرسا، قايسى خەلقتىن پۇل يىغىمىز؟- دېدى خەيرۇللا نارازى بولغان قىياپەتتە.

بولدى قىلىڭلار! پۇلنى بىز ھەل قىلايلى، قانچىلىك پۇل لازىم؟- دېدى ھەسەن قارى بىلەن توختىھاجى ئىككىسى.

- پۇلنىڭ ئېزىدىن كۆپى ياخشى قانچىلىك بولسا بولۇۋېرىدۇ.

- بۇ ئىشنى بىزگە تاپشۇرۇڭلار، بۇ يەردە تالاش - تارتىش بىلەن پۇل تاپقىلى بولمايدۇ.

- بولىدۇ، -دېدى خەيرۇللا ھەسەن قارىغا قاراپ.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مەن ھەسەن قارىنى كۆرمىگەن ئىدىم. ئارىدىن خېلى زامانلار ئۆتتى، بىر يەردە يەنە بىللە بولۇپ قالغان ئىدۇق، ئۇلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سورىسام، پۇل تەپكەلدۇق دېگەن ئىدى، مەن ئارتۇق سوئال سورىمىغان ئىدىم.

بىزنى 1970 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى پەيلو مەيدانىغا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئېلىپ بارغان ئىدى.

پەيلو مەيدانىغا بارغاندىن كېيىن، بىر نەچچە يىل ئۆتكەندە باشلىقلىرىمىزدىن، ئۇلارنىڭ شۇ كەتكىنىچە ئۈرۈمچىگە بېرىپ، دادىيوپۇ، شودىيوپۇ دېگەن يەرلەردىكى خىتاينىڭ بانكىسىنى بۇلاپ نۇرغۇن پۇلنى ئېلىپ، ئۇ يەردىن يەنە شىمگو، ۋىيخۇلىياڭ دېگەن يەرلەردىكى ئاشلىق پونكىتلىرىنى بۇلاپ نۇرغۇن ئاشلىق بېلىتىنى ئېلىپ، بىيىمىنغا كېلىپ كۈپكۈندۈزدە ھەربىي رايوننىڭ ئىككى ماشىنىسىنى توسۇپ شوپۇرنى ئېتىۋېتىپ، ماشىنىنىڭ ئىشكىگە «شەرقىي

تۈركىستان قوراللىق كۈچلىرى سادىر پالۋان ئەترىتى» دېگەن خەتنى چاپلاپ قويۇپ ماشىنىنى ئېلىپ قاچقانلىقنى ئاڭلىغاندا، ھەسەن قارىنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشىنىڭ سىرىنى شۇ چاغدا ئاندىن بىلگەن ئىدىم. ئۇلار قەشقەرگە كەلگۈچە يەتتە ماشىنا ئالماشقان ئىكەن. سۈغۇنچازىدا دۈشمەنگە ئولجا چۈشكەن ئىككى چېپتا پۇل شۇ پۇل ئىكەن.

ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان 78 كىشىنىڭ ئىچىدە، بىز بىلەن بىللە قەشقەر شەھىرىنىڭ خەلق مەيدانىدىكى ھۆكۈم ئېلان قىلىش جازا مەيدانىغا بىللە چىقىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان يەتتە كىشىنىڭ ئىسمى يېزىلغان ئىدى.

ئۇلار: جېلىل قارىم، سىدىق توختى، ئابدۇكېرىم ساۋۇت، ھاۋۇت پاۋان، ئەخمەتجان مۆنىر، يۈسۈپ قادىر، بەختىيارلار ئىدى.

ئىلگىرى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدىغانلارنى بېيجىڭدىكى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى تەستىقلاپ يەرلىك سوت تەرىپىدىن ئىجرا قىلىشقا تاپشۇرۇلاتتى. 1969 - يىلىدىن باشلاپ تاكى شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىنى جىنايى جازاغا تارتقان كۈنگىچە ئۆلۈم جازاسى ھوقۇقىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسگە چۈشۈرىدىغان بولدى. يەرلىككە كەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ «ئالاھىدە ۋەزىيەت»، «مىللىي رايون ئالاھىدىلىكى».«ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشقا ئائىت ئالاھىدە تەدبىر» دېگەندەك يەرلىك سىياسەت بەلگىلەپ، پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ كۆپتۈرۈش، ساختا دېلو ياساش، ئىيدىيەدە پاكىت توقۇپ يالغاندىن تۆھمەت قىلىشتەك قەبىھ ئۇسۇللارنى ئىشقا سېلىپ، كىچىك ئىشنى چوڭايتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن خىلمۇ خىل نەيرەڭۋازلىقنى ئىشقا سېلىپ، ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلىرىمىزنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئېتىپ پىچاقتا بوغۇزلاشقا باشلىغان ئىدى.

قەشقەر شەھىرىنىڭ ھەممە يېرىدە ھەركۈنى دېگۈدەك ئۆلۈم جازاسى بېرىش ئېلانلىرى چاپلىنىپ تۇرغان ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مىجىت ساقى بىلەن مۇھەممەد ئىمىن قادىر ۋە روزى ھېكىمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىك ئېلانى كۆزىمىزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى.

بۇ ئۈچ پارچە ئېلاندا مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

مىجىت ساقى- ئەر، ئۇيغۇر، 29 ياش، قەشقەر شەھىرىدىن.

مۇھەممەد ئىمىن قادىر- ئەر، ئۇيغۇر، 24 ياش، مەكىت ناھىيىسىدىن.

روزى ھېكىم- ئەر، ئۇيغۇر، 32 ياش، مەكىت ناھىيىسىدىن.

www.uyghurkitap.com

ئەڭ ئاخىرقى قۇرلاردا جىنايىتى ئېغىر، ئەشەددىي جاھىل، ئۆزگەرمەس ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر، ئۆلتۈرمىسە خەلقنىڭ غەزىپى بېسىلمايدۇ..... مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلسۇن.....

ئاھ شۇ ئەركسىزلىك، زۇلۇم، دەھشەت، قاراڭغۇ تۈنلەر....
سېنى دەپ ئەي گۈزەل مۇقەددەس ۋەتەن،
قانچە مەرد ئوغلانلار بەردى جېنىنى.
تۆكتى تۇپرىقىڭغا قىزىل قېنىنى،
سەن جىم مۇسىبەتتە ئالدىڭ باغرىڭغا،
ئۇلارنىڭ قەھرىمان شېھىت تېنىنى!

ئاشۇ كۈنلەردە مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان بىر ساۋاقدىشىم، ئاشۇ ۋەقەنىڭ شاھىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۈنلۈك خاتىرە دەپتىرىگە مۇنداق بىر ئەسلىمىنى يېزىپ قالدۇرغان ئىكەن.

«...... 1970 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21- كۈنى قەشقەر شەھەر گۇڭشېسىغا تەۋە تۆت كوچا باشقارمىسىدىن 36 ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئاھالىلىرى، شەھەر قارمىقىدىكى ئىدارە - جەمئىيەتلەر، زاۋۇت - كارخانىلار، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى ۋە قوشنا يېزىلاردىن بولۇپ، ئونمىڭلارچە كىشىنى مەجبۇرى ھالدا خەلق باغچىسىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا توپلىغان ئىدى.

سەھنىنىڭ ئۈستى تەرەپكە تارتىلغان ئۇزۇن لوزۇنكىغا ئۇيغۇرچە، خىتايچە «ھۆكۈم ئېلان قىلىش چوڭ يىغىنى» دېگەن خەت يوغان يېزىلغان ئىدى. شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى، بانكىنىڭ ئۈستى، خەلق ئاشخانىسىنىڭ ئۈستى، شەرق تەرەپتىكى 3 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىناسى ئۈستى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئۈستى، ئېغىر پىلىموت، ئاپتومات، مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلەر بىلەن لىق تولغان ئىدى.

پاسايىر بېكەتنىڭ ئالدىدىكى يول، دۆلباغ ئەتراپى، قاتناش شىركىتىنىڭ ئارقىسىدىكى پاياپ يولى، تۈرمە ئەتراپى، پۈتۈنلەي ھەربىي ماشىنا بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. ئاشۇنداق بىر سۈرلۈك ھالەتتە يىغىن باشلاندى. سەھنىنىڭ يان تەرىپىگە، فىلىم شىركىتىنىڭ يان تەرىپىگە، يۇقىرى بېسىملىق 25 ياڭراتقۇ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ تارىختا بىز كۆرمىگەن ئۈسكۈنە ئىدى. ياڭراتقۇنىڭ يېنىغا بىرەر كىشى كېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن ئادەم قۇلىقىنى ئېتىۋالمىسا يېرىلىپ كېتەتتى. ئۇ يەردىن باشقا يەرگە ياڭراتقۇلار بېكىتىلمىگەن ئىدى.

ھاۋا سوغۇق، سۇر رەڭلىك قارا بۇلۇتلار قەشقەر ئاسمىنىنى قاپلىغان ئىدى.

جىنايەتچىلەر مەيدانغا ئېلىپ كېلىنسۇن!- دېگەن بۇيرۇق بىلەن ماشىنىلار ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كىرىشكە باشلىدى. ھەر بىر ماشىنىدا بىردىن جىنايەتچى ئېگىز ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىرىلىپ بىر توپ ئەسكەرلەرنىڭ نازارىتىدە قورال كۆچى بىلەن بەتلەپ تۇرۇقلۇق ئىدى. مەن مىجىت سىلىڭنى ئېنىق كۆردۇم. يۈزلىرىمدىن چىمدىپ ئۆتتۈۋاتقان سوغۇق ئىزغىرىن شامالنىڭ تەسىرىگىمۇ قارىماي مىجىت سىلىڭغا تازا سەپسېلىشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ چاچلىرى ئۇستىرا بىلەن ئەمدى چۈشۈرۈلگەندەك قىلاتتى. بېشىدىكى يارىسىغا يېپىشتۇرۇلغان كىچىككىنە ئاق پاختا بىلىنەر - بىلىنمەس لەپىلدەپ تۇراتتى.

ھەر بىر تۇتقۇننىڭ يېنىدا ئىككىدىن چىرايىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغان خىتاي ساقچىسى بار ئىدى. ئۇلار قانداقتۇر بىر قولى بىلەن تۇتقۇننىڭ بوينىنى يەنە بىر قولى بىلەن بېشىنى تۆۋەنگە قايرىپ تۇرۇپ قىمىر قىلغىلىمۇ قويمايتتى. ئاتالمىش «جىنايەتچى» نىڭ ئىسمى ئاتىلىپ ھۆكۈم ئېلان قىلىش ئەيىبلەشنامىسى ئوقۇلغاندا «جىنايەتچى» نى تېخىمۇ ئېگىز ئورۇندۇققا چىقىرىپ خەلقى ئالەمگە ئېنىق قىلىپ كۆرسىتەتتى.

قارىغاندا «جىنايەتچىلەر» نىڭ ھەممىسىنىڭ بوينىدا سىمدىن ياسالغان سىرتماقتەك بىر نەرسە بار ئىكەن. ئەگەر ئۇلار شوئار توۋلىسا دەرھال سىرتماق بىلەن ئۇلارنىڭ گېلى بوغۇلۇپ ئاۋازىنى چىقارمايدىكەن. ھەتتا بەزىلىرىنىڭ تىلى ئىنچىكە سىم بىلەن باغلاپ قويۇلغان ئىكەن. شۇ قېتىم مىجىت سىلىڭنى ھۆكۈم مەيدانغا ئېلىپ چىقىشنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا ناركوز ئوكۇل ئۇرۇپ مەست قىلىپ ھېچ نېمىنى سەزمەيدىغان ھالەتتە ھۆكۈم مەيدانغا ئېلىپ چىققان ئىكەن.

يۇقىرى بېسىملىق ياڭراتقۇدىن چىقىۋاتقان قۇلاقنى يارغۇدەك سەت ئاۋاز يۈرىكىمنى سىقىشقا باشلىدى. كۆز ياشلىرىم ئىختىيارسىز تۆكۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئەمما ئەتراپىمدا لىق ئادەم بولغاچقا باشقىلارغا سەزدۈرمەي يەنىلا بەرداشلىق بېرىپ تۇردۇم. شۇ ئاندا بىرنەرسىنى سەزگەندەك بولدۇمكى، كانايلاردىن چىقىۋاتقان سەت شوئارلارغا ئەگىشىپ ماسلىشىپ شوئار توۋلايدىغان ئادەملەر يوق دېيەرلىك ئىدى. پەقەت خىتايچە شوئار توۋلىغاندا سەپنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ئولتۇرغان خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن خىتاي ئەمەلدارلىرىلا قېتىلىپ شوئار توۋلىغاندەك قىلاتتى. شەھەر ئاھالىلىرى ۋە پۇقرالار جىم ئىدى.

ئەتراپىمغا بىر قارىۋېدىم ھەممە تىمتاس. ئالاق- جالاق ياڭراۋاتقان سادالار بىلەن ساراسىملىك ۋە نەپرەتكە تولغان كۆزلەر بىرى - بىرىگە ئانچە مۇنچە ئۇچرىشاتتى، چارىسىزلىق ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ جىمجىتلىق — پۈتۈن قايغۇ - ھەسرىتنى، دەرد - ئەلەمنى، ئۈنسىز كۆز ياشلىرى بىلەن قەلبىگە سىڭدۈرۈۋاتقان مىڭلارچە ئىنساننىڭ ھېسسىياتىنى تىل

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئىزھار قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلۇغ ئىستەك، ئارزۇ ئارمانلارنىڭ تىنۋىشسىز ساداسى مەيداندا ئەگىپ يۇرگەندەك قىلاتتى...

ئاھ، ئۇلار ھەتتا باشلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەزىز يۇرتىنىڭ سامالىرىغىمۇ قانغۇدەك قارىيالمىدى. پەقەت ئۇلارنىڭ جانسىز تېنى، ئوچۇق كۆزلىرى، قىپقىزىل ئىسسىق قېنى، ئۇلار ئۇچۇن سۆيۇملۇك بولغان شۇ قارا تۇپراق بىلەن بىرتەن بولماقتا ئىدى...

ئۆيگە قايتىپ كەلدىم، تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىم بىلەن قەلەمنى قولۇمغا ئالدىم ۋە بىر تېنىقتا شۇ مىسرالارنى تىزدىم.

يىغلىغىن ئانا ۋەتەن، ماتەم تۇتۇپ يىغلا بۇگۇن،
يانسۇن، ئۆرتەنسۇن دىلىڭ يالقۇنلىنىپ يىغلا بۇگۇن.
ئاقتى پەرزەنتىڭ - شېھىتلار قېنى تۇپراققا سىڭىپ،
ئەي تۈمەن دەرياسى ئەلەمدە تولغىنىپ يىغلا بۇگۇن.
ئەمدى بەرگىن خاتىمە شوخ كۈيگە ئەي تىزناپ سۈيى،
مەرسىيە ئېيت شارقىراپ، مۇڭغا تولۇپ يىغلا بۇگۇن.
ئەي گۈزەل قىرلار، ئېدىرلار، ۋادىلار، گۈلزارىلار،
كېيىنگىن قارا لىباس، ياش تۆك، بۇلۇت يىغلا بۇگۇن.
چاك ئېتىپ ياقاڭنى ئەي بۇلبۇل نادامەت ئەيلىگىن،
چۈنكى ئايرىلدىڭ گۈلۈڭدىن ئاھ ئۇرۇپ يىغلا بۇگۇن.
شائىرىم يىغلا، قەلەم - قەغەزمۇ ھەم ھەسرەتلىنىپ،
يىغلىسۇن ئىلھام پەرىسى خورلىنىپ يىغلا بۇگۇن.

1970 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەشقەر شەھىرى

شۇ كۈنلەردە بىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىدىن 100 دەك ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن ئىدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە جانابىي ئاللاھدىن جەننەتتىن ئورۇن بېرىشنى تىلەيمەن، ئامىن!.

## 4- يەكەن پەيلو مەيداندا

يەكەن پەيلو ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى بولۇپ، خىتاي دائىرىلىرى ئىچكى

قىسمىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش 2 - تارماق ئەترىتى دەپ ئاتايدۇ. بىرىنچى تارماق ئەترىتى ئۇرۇمچىدىكى باجاخۇ تۈرمىسى.

پەيلو مەيدان - جەنۇبتىكى باغۇ - بوستانلىق، مېۋە - چېۋىنىڭ ماكانى، يېشىللىقتا ئۇيغۇرىستاندىكى ھەرقانداق يۇرتتىن ئالاھىدە ئۈستۈن تۇرىدۇ. پەيلو مەيدان پۈتۈنلەي ئېھاتە ئورمىنى بىلەن پۈركۈنۈپ تۇرىدۇ. پەيلو مەيداننىڭ يالغۇز تىرەك دەرىخىنىلا قەشقەردىن ئۇرۇمچىگە ماڭىدىغان تاش يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە تۆت قاتاردىن تىزىپ ئورۇنلاشتۇرسا يېتىپ ئېشىپ قالىدۇ. باغلىرىدىكى سەرخىل مېۋىلەر ئالايىتەن يېتىشتۈرۈلۈپ، خىتاينىڭ مەركىزىدىكى باشلىقلىرىدىن ماۋغا، جۇئېنلەيگە، ئاپتونوم رايوندىكى ئەمەلدارلارغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتىپ بېرىلەتتى، ئۇ مېۋىلىك دەرەخلەر ئالاھىدە پەرۋەرىش قىلىنغان بولۇپ، ھەر تۈپ مېۋىنىڭ يېنىغا بىر قانچە ئادەم، بىر قانچە تېخنىك كۈنىگە بىر قانچە قېتىم تەكشۈرۈپ كېلىپ تۇرىدۇ، مېۋىلىرنى يەرلىك ئەمەلدارلار يېيەلمەيتتى. چۈنكى ئۇ ماۋچىلارنىڭ يەيدىغان مېۋىسى - دە!

ئاشۇ كۈنلەردە بۇ باغۇ بوستانلىق، مېۋە - چېۋىلىرىنىڭ تەمى تەرەپ - تەرەپكە داڭ كەتكەن ماكان، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە ۋىلايەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك يىغىنلىرى چاقىرىلىدىغان مەجلىسگاھىغا ئايلانغان ئىدى. ئەپسۇس ھەر بىر تۈپ مېۋە، ھەر بىر تۈپ دەل-دەرەخ، ھەر بىر تۈپ گۈل- گىياھ يەرلىك خەلقنىڭ ئىسسىق قانلىرىنىڭ بەدىلىگە يارىتىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ يەۋاتقىنى مېۋە - چېۋە، پۇراۋاتقىنى خۇش بۇي ھىد بولماستىن، بەلكى قان -ژىرىڭ ئىدى!!!

پەيلو مەيدان - يوپۇرغا تەرەپتىن ماڭغاندا مەكىتكە بارىدىغان زەرەپشان دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بىر جاينىڭ ئىسمى. تارىختىكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، مەكىتنىڭ ئامبىلى، قەشقەردىن كېلىدىغان مادوتەي دېگەن خىتاينى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، زەرەپشان دەرياسىنىڭ بويىدىن يوپۇرغا تەرەپكە ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان بىر يەرگە بىر پەيلو ياسىغان ئىكەن. پەيلو دېگىنى خىتايچە سۆز بولۇپ، مەنىسى قاناتسىز كاتتا قوۋۇق دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. ياغاچتىن ياسالغان بۇ پەيلونىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۈستىگە رەڭگا -رەڭ رەخ بىلەن يوپۇق يېپىپ ياساپ، ئاستىغا پاياندار سېلىپ، مادوتەينى پەيلودىن ئۆتكۈزۈپ، قارشى ئالغان ئىكەن، مادوتەي كەتكەندىن كېيىن ئۈستى تەرەپتىكى ۋە يان تەرەپتىكى ھەشەمەتلىك رەختلەر ئېلىپ تاشلىنىپ، پەقەت ياغىچىلا ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىپ قالغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇ يەرنىڭ ئىسمىنى پەيلو، دەپ ئاتىشىدىغان بولۇپ قالغان. پەيلو ياسالغان يەرنىڭ ئورنى يەكەنگە تەۋە بولغانلىقى ئۈچۈن بەزىلەر يەكەن پەيلو، دەپمۇ ئاتايدۇ.

www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى گۇڭگىيەنتىڭ سىياسىي باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئوبۇلقاسىم هامۇت 50 - يىللارنىڭ بېشىدا بۇ يەرگە كېلىپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى قۇرۇشقا مۇۋاپىق يەر ئىكەن دەپ قاراپ، تەستىق سېلىپ يول ئاچراتقان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەر ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى قىلىپ قۇرۇلغان ئىكەن. ئارىدىن 20 يىل ئۆتكەندە ئوبۇلقاسىم هامۇتمۇ بۇ تۈرمىگە 20 يىل كېسىلىپ كىرىپ يېتىپ، «ئۆزۈم سالغان تۈرمىگە، ئۆزۈم كىرىپ ياتتىم» دەپ، يىغلاپ هەسرەتلەنگەن ئىدى. ئەپسۇس ئۇ ئادەم ئېغىر كېسەللىك ئازابى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت تۈرمىدە يېتىپ ساقىيالماي، تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىش نامى بىلەن قويۇپ بېرىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتتى. مەزكۇرنىڭ ئۆيى قەشقەر يۇمىلاق شەهەر كۆل بېشىدا بولۇپ، ئاخۇنوپنىڭ قوشنىسى ۋە يېقىن ئادەملىرى ئىدى. ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، ئامىن!

پەيلو مەيداندا تۆت داداۋي، بىر يېڭى هايات ئەترىتى، بىر سۇ قۇرۇلۇش ئامبىرى قاتارلىق ئالتە ئۆزگەرتىش داداۋيى بار. مەن بار يىللىرى تەخمىنەن ئالتە مىڭدىن ئارتۇق تۇتقۇن بار ئىدى. هەر داداۋيدە 1500 ئەتراپىدا «جىنايەتچى» بار ئىدى.

1-داداۋي زەرەپشان دەريا بويىدىكى پەيلوغا جايلاشقان بولۇپ، ئەڭ بۇرۇن سېلىنغان تۈرما بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تۈرمىنىڭ نامى پەيلو مەيدان دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. پاختا بىلەن دېهقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ يەر تېرىيدۇ. ئايال «جىنايەتچىلەر» مۇ بۇ يەردە ئۆزگەرتىلىدۇ.
1- داداۋي جۇغراپىيىۋى جەهەتتىن يەكەننىڭ خاڭدى يېزىسىغا يېقىن. يەنە بىر تەرىپى مەكىتكە يېقىن.

4-داداۋي پەيلو مەيداننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، چاڭبۇسى(مەيدان شتابى) 4 - داداۋيگە ئورۇنلاشقان. دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئىدارە - جەمئىيەت، مەكتەپ، ماشىنا ئەترىتى، تراكتور ئەترىتى، ئۇن زاۋۇتى، قوشۇمچە كەسىپ ئەترەتلىرىنىڭ هەممىسى چاڭبۇغا جايلاشقان. بىر تەرىپى مەكىتنىڭ شېهىتدۆڭ يېزىسىغا تۇتىشىدۇ.

3-داداۋي مارالبېشىنىڭ ئاۋات يېزىسىغا يېقىن، بىنەم ئېچىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئەڭ جاپالىق.

بۇلارنىڭ ئىچىدە 2 - داداۋينىڭ دەرۋازىسى قاپقارا بولغانلىقى ئۈچۈن قارادەرۋازا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 2 - داداۋي پەيلو مەيدان بويىچە نۇقتىلىق داداۋي هېسابلىنىدۇ. بىر تەرىپى يوپۇرغىنىڭ بايئاۋات يېزىسىغا يانداش كېلىدۇ. بۇ داداۋيدە تۆت جۇڭدۈي بولۇپ:

1-جۇڭدۈيى سىياسىي جىنايەتچىلەرنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار بولۇپ،

بىنەم ئېچىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئەڭ جاپالىق.

2-جۇڭدۇي جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى جۇڭدۇيى. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ،

3- جۇڭدۇيى، مۇددەتلىك كېسىلگەن، سىياسىي ۋە جىنايى ئىشلار بىلەن كېسىلگەن خىتاي جىنايەتچىلەرنى ئاساس قىلىدۇ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

4-جۇڭدۇيى گومىنداڭنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى، ئوسمان باتۇرنىڭ مۇددەتسىز كېسىلگەن ئادەملىرى ھەمدە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى مۇددەتسىز ۋە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىشقا قالدۇرۇلغان جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى 4 - جۇڭدۇيدە بولۇپ، ئۇيغۇرىستاندىكى خەتەرلىك «جىنايەتچى» لەر مۇشۇ جۇڭدۇيدە ئۆزگەرتىلىدۇ.

مەن مۇشۇ جۇڭدۇيدە تۇرغان ئىدىم. مەن تۇرغان جۇڭدۇيدە، خوتەنلىك ئابدۇلھېكىم داموللامنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ئابدۇسەمەت داموللام، خوتەن كېرىيىلىك ئابدۇلھەيخان ھاجىم، كەلپىنلىك مامۇت ھەسەن داموللام، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى خەمىت ئارسلان، چەتئەللىك «شپىيون» لار قاتارلىق خەتەرلىك «جىنايەتچىلەر» بار ئىدى.

سىياسىي تۇتقۇنلار 1 - جۇڭدۇيى بىلەن، بىزنىڭ مۇددەتسىز 4 - جۇڭدۇي بىنەم ئېچىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئەمگەك سىجىللىقى بەك ئېغىر ئىدى. ئەتىگىنى سۇبھى بىلەن ئىشقا ماڭساق ئاخشىمى كۆز قارايغاندا ئىشتىن كېلەتتۇق. ئەتىدىن كەچكىچە جاڭگالدا قاقاسلىقتا بىنەم ئاچاتتۇق. ئىچىدىغان سۇ يوق ئىدى. ئەتىگىنى ئىشقا ماڭغاندا بىزنىڭ كەينىمىزدىن قايناق سۇ ئېلىپ يولغا چىققان كالا ھارۋىسى، چۈش بىلەن ئاران يېتىپ كېلەتتى. ئۇسسۇزلۇقتىن ئادەملەر ھالىدىن كېتەتتى. قورساق تويمايتتى، ئەتىگىنى بىر سېرىق قوناقنىڭ قاسقاندا پىشۇرغان نېنى بىلەن، بىر كورا قىزىلچىنىڭ كۆكىنى بېرەتتى. چۈشتە يەنە بىر قوناق نېنى بىلەن، بىر چۆمۈچ قىزىلچىنىڭ كۆكىنى بېرەتتى، ئاخشىمى ئۇماچ ياكى زاڭ دېگەن تاماقنى بېرەتتى. 8 - ئايدىن كېيىن قىزىلچىنىڭ كۆكىنىڭ ئورنىغا سەۋزە قايناتىپ بېرەتتى. يىل بويى ئاق ئۇننى پەقەت قۇربان ھېيتتا ھەر كۈنى بىر قېتىم، خىتايلارنىڭ باھار بايرىمىدا ھەر ئاخشىمى بىر قېتىم يەيتتۇق،

قالدى كۈنلەردە قوناق مومىسى يەيتتۇق. ئەمگەكنىڭ ئېغىرلىقىدىن، ھارغىنلىقتىن، ياداڭغۇلۇقتىن، ماغدۇرسىزلىقتىن، ھەر ھەپتىدە بىر - ئىككى ئادەم ئۆلۈپ كېتەتتى. كېسەللىكتىن ئۆلىدىغان ئادەملەرنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

www.uyghurkitap.com

بەزىلەر ئەمگەكنىڭ ئېغىرلىقىغا، ئاچلىققا، ئۇسسۇزلۇققا چىدىماي، يالغاندىن قاچقان بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلۈمگە قەستەن تۇتۇپ بېرەتتى، بىزنى قوراللىق خىتاي ئەسكەرلىرى ساقلايتتى. قاچىدىغانلار «بوگو بەنجاڭ، مەن قاچتىم!» دەپ ۋارقىراپ قاچاتتى. ئەسكەرلەر ئاگاھلاندۇرۇش قىلىپ ئاسمانغا بىر پاي ئوق ئاتاتتى، ئۇنىڭغا ئۇنىمىغانلارغا، نىشانلاپ، ئۆلىدىغان يېرىگە قارىتىپ ئېتىپ ئۆلتۈرەتتى. ياشاشنى خالىمىغانلار بۇنداق قىينالغاندىن كۆرە ئۆلگەن ياخشى دەپ، قەستەن ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرەتتى. بەزىلىرى ئىش مەيدانىدا كېتىۋېتىپ، يىقىلىپ ئورنىدىن تۇرالماي، جان ئۈزۈپ كېتەتتى. بەزىلىرى ئاخشىمى ئىشتىن كېلىپ ياتاتتى، ئەتىگىنى ئويغاتساق ئورنىدىن تۇرالمايتتى. قارىساق ھارغىنلىقتىن يۈرىكىنىڭ سوقۇشى توختاپ جان ئۈزۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىۋالاتتۇق. ئۆلگەنلەرنى تۆت مېتىر خەسە بىلەن ئوراپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ كۆمۈپ قوياتتۇق. 2 - دادۈينىڭ زاراتگاھلىقىدا مەن بىلىدىغان مېنىڭ شېرىكلىرىمدىن 106 كىشىنىڭ جەسىتى قالدى. ئۇندىن باشقا مەن بىلىدىغان باشقا جىنايەتچىلەردىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى مەن تۇرغان 10 نەچچە يىل ئىچىدە 600 دىن ئاشقان ئىدى. يەنى مەن تۇرغان 10 نەچچە يىل ئىچىدە باشقا بەش دادۈيدىمۇ ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ سانىنى مەن بىر نېمە دېيەلمەيمەن.

پەيلو مەيدانىنىڭ ھايۋانلىرىنىڭ يېمەك – ئىچمىكى، پەيلو مەيدانىدا ئۆزگەرتىلىۋاتقان «جىنايەتچىلەر» نىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىدىن ياخشى ئىدى. پەيلو مەيدانىنىڭ ئاتلىرى كۈنىگە ئالدىدىن ئاشقۇدەك قوناق يەيتتى. ئۇسسۇزلۇقىغا سوۋۇتۇلغان قارا چاي ئىچەتتى، جىنايەتچىلەر يىل بويى بىر قېتىممۇ چاي سالغان چاي ئېچىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيتتى. پەيلو مەيدانىنىڭ كالىلىرى كۈنىگە ئالدىدىن ئاشقۇدەك ھەلەپ بىلەن قوناق ئۇنىدا ئالايىتەن ئېتىلگەن پوم يەيتتى. بىچارە جىنايەتچىلەر بىر توغرام زاغرا نانغا زار بولۇپ، كۆزلىرى ئاچلىقتىن چەكچىيىپ كېتەتتى. پەيلو مەيدانىنىڭ توڭگۇزلىرىنىڭ يەيدىغان يېمىكىنى مەن نومۇس قىلىپ ئېغىزغا ئالالمايمەن، ئۇنىڭ يەيدىغان نەرسىلىرىنىڭ سانى بەكمۇ جىق ئىدى. چۈنكى ئۇلارنى خىتايلار ئۆزلىرى يەيدىغان بولغانلىقتىن، تېخىمۇ ئېسىل يېمەكلىكلەر بىلەن ئالاھىدە بېقىلاتتى. ئاچلىق ئازابىغا چىدىمىغان جىنايەتچىلەرنىڭ بەزىلىرى، ھايۋانىنىڭ ئالدىدىكى يېمەكنى تارتىپ يەپ، ئۆلگۈچە تاياق يەيتتى، بەزىلىرى ھايۋان يېمىكىنى يەۋالغان جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ، قانداقتۇر چارۋىچىلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار قاتارىدا قوشۇپ جازالىناتتى.

قورسىقى تويمىغان جىنايەتچىلەر ئالدىغا كەلگەن نەرسىلەرنى يەيتتى. مەسىلەن، قوغۇننىڭ شاپىقى، قوغۇننىڭ ئۇرۇقى، تاشلاندى ئەسكى سۆڭەك قاتارلىقلارنى قاينىتىپ



سۆيىنى ئىچەتتى. قوغۇننىڭ ئۇرۇقىنى يەپ قورسىقى ئىسسىپ، تەرەت ماڭماي، يىقىلغان جىنايەتچىلەردىن بىر قانچىسى قەرەلسىز ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى.

مارالبېشىلىق باراتباخشى دېگەن بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ «ئەكسلئىنقىلابچى جىنايىتى» بىلەن 15 يىللىق كېسىلگەن ئىدى، ئۇ ھەممىدىن ئىگىز بەست بويلۇق ئادەم بولغاچقا باشقىلارنىڭ كۆزىگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۆزى كېلىشكەن ئۇستىخانلىق، راۋۇرۇس، بەرجەس ئادەتتىكى تۆت ئادەمنىڭ ئۇستىخىنى بار ئادەم ئىدى.

رەھمەتلىك ئاچلىقتىن قوغۇننىڭ ئۇرۇقى بىلەن قوغۇن - تاۋۇزنىڭ شاپىقىنى يەپ قويۇپ قورسىقى ئىسسىپ، تەرەت ماڭماي، قورسىقى ئىششىپ كېتىپ سەكراتقا چۈشىدۇ، ياللاپ ئىشلەتكەن جىنايەتچى دوختۇرلار بۇ ئادەمنى دەرھال ئوپېراتسىيە قىلمىسا بولمايدۇ، چاڭبۇغا ئاپىرايلى دېسە، ھازىر كەچ بولۇپ كەتتى، تۈرمىنىڭ قائىدىسى بويىچە كەچ سائەت سەككىزدىن كېيىن تۈرمىدىن ئادەم ئېلىپ چىقىشقا بولمايدۇ، دەپ قەستەن ئۇنىمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن كېچىسى جان ئۈزۈپ كېتىدۇ.

جىنايەتچىلەرنىڭ قورسىقى تويماي ئاچلىقتىن، ماغدۇرسىزلىقتىن، كېسەللىك ئازابى بىلەن ئۆلۈپ تۇراتتى. كېسەل بولغانلارنى ئالۋان تەرىقىسىدە داۋالايتتى، دورىلىرى يېتەرلىك ياكى ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كېسەل بولغان ئادەم ئاساسەن ساقىيالماي تېزلا ئۆلۈپ كېتەتتى. تۈرمىدىكى كۆپ جىنايەتچىلەر بىلەن ئايرىم مۇڭداشقاندا، كۆپىنچىسىنىڭ ئوخشاشلا: «قورسىقىم تويغۇدەك بىر ۋاخ تاماق بېرىپ ئەتىسى ئېتىۋەتسە رازى بولاتتىم» دەيتتى.

مەنمۇ شۇ كۈنلەردە تۈرمىدىن ساق چىقىشىمغا كۆزۈم يەتمەيتتى، ھارغىنلىق، ئاچلىق، ماغدۇرسىزلىقتىن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەنمۇ ئۆلۈپ كېتىمەنغۇ، دەپ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ھەسرەت چېكەتتىم. مېنىڭ ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىمدىن خەۋەر تاپقان دوستلىرىم ۋە مېنى ھۆرمەتلەيدىغان پېشقەدەم ئۇستازلىرىم، ماڭا نەسىھەت قىلىپ، ئىمكان بار ھاياتلىقنى ساقلاپ قېلىشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپ تارىختىكى ئۆتكەن قەھرىمانلارنى مىسالغا ئېلىپ ئىلھاملاندۇراتتى ...

بىر كۈنى مەن خوتەنلىك مۇھەممەد روزى دېگەن مۇددەتسىز كېسىلگەن بىر كىشى بىلەن مۇڭدىشىپ قالغان ئىدىم. ئۇ تۈرمىدە ياتقىلى شۇ كۈنلەردە 33 يىل بولغان ئىكەن. ئۇ ئادەم ئادەتتە كۆپ بويى گەپ قىلمايدىغان ياكى ساراڭلىقنى ياكى ساقلىقنى بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان غەلىتە بىر شەخس ئىدى.

ئۆزىنىڭ دېيىشىچە گومىنداڭنىڭ تۈرمىسىدىن، گوڭچەنداڭنىڭ تۈرمىسىگە ئېشىپ قالغان ئادەم ئىكەن. ئۇ ھاياتىدا ئۆيلەنمىگەن، ئايال كىشى بىلەن بىر قېتىممۇ بىر يەردە بولۇپ باقمىغان ئادەم ئىكەن.

ئۇ ماڭا يىغلاپ تۇرۇپ ئاچچىقىدا: ماڭا قورسقىم تويغۇدەك بىر ۋاخ تاماق بېرىپ، قېرى بولسىمۇ ئاغزىدىن ھۆ چىقىپ تۇرىدىغان ئايال بىلەن بىر كېچە ياتقۇزۇپ ئەتىسى ئېتىۋەتسە، بۇ جاللاتلاردىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى بولاتتىم، دېگەن ئىدى. مۇنداق ئادەملەر جىق ئىدى.

يەنە بەزىلىرى تۈرمىدىن مۇددىتى توشقاندىمۇ ئۆيلىرىگە كېتەلمىگەن بولغاچقا، ئۆلۈپ كېتىشنى ئويلايتتى. چۈنكى ئۇ زامانلاردا مۇددىتى توشسىمۇ ھەرخىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن يەنىلا قويۇپ بېرىلمەيتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇددەتلىك ياتتىم 8 - 10 يىل، مۇددەتسىز ياتارمەن يەنە قانچە 10 يىل دەپ، ئۈمىدسىزلىك بىلەن شىكايەت قىلىشاتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيلو مەيدانىدا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنمىغان تۇرۇپ، ئۆزىنى قەستەن ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدىغانلارنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىسيانلار، قارشىلىقلار ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇراتتى. مەن بۇ ھەقتە بىر نەچچەيلەننىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم.

ئابدۇللا ئۆلىمانىڭ ئۆلۈمى: ئابدۇللا مۇھەممەد مەندىن بەش ياش چوڭ ئىدى. ئۇ يەكەنلىك بىر ئۆلىما كىشى بولۇپ، يېڭىساردىن تارتىپ پوسكامغىچە دىنى تەبلىغ بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى. تۈرمىگە كەلگەن كۈندىن تارتىپ بىر كۈنمۇ ئەمگەككە چىقمىغان ئىدى، ئۇ ئۆزىنى گۇناھسىز ھېسابلايتتى. مەن پەقەت بالىلارغا ساۋاتسىز قالمىسۇن ئۈچۈن ئىسلامدىن دەرس بەردىم، ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىنسانلارغا ئاللاھدىن كەلگەن دىن. مېنىڭ ئۆگەتكىنىم ئاللاھنىڭ كىتابى، ئۇنى ھەممە ئادەمنىڭ تەشۋىق قىلىش ھوقۇقى بار، نېمە ئۈچۈن مېنى سەنلەر جىنايەتچى دەيسىلەر؟ -دەيتتى.

ئېسىمدە قېلىشىچە 1973- يىلىنىڭ قىش پەسلى ئىدى، ئۇنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە قارشىلىق قىلدى، ئەمگەككە چىقمىدى، دەپ كۈرەش - پىپەنگە تارتماقچى بولۇپ، ئوتتۇرىغا سۆرەپ چىقتى. ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان «ئاكتىپلار» تارتىپ بېشىنى پەسكە قارىتىپ بېسىپ تۇردى. ئابدۇللا مۇھەممەد ئۇلارنى دۈشكەللەپ ئىتتىرىۋېتىپ يۇقىرى ئاۋازدا «يوقالسۇن پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، قانخور جاللات ماۋزېدۇڭ!» دەپ توۋلىدى.

ھەممەيلەن ھەي! -دېيىشىپ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى. بىزنىڭ جۇڭدۇينىڭ يېرىمى مۇددەتسىز

ختاي جىنايەتچى، يىرىمى ئۇيغۇر جىنايەتچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمىگەن ختاي جىنايەتچىلەر، ئۇ نېمە دېدى؟ - دەپ سورىغىلى تۇردى. كادىرلار ئۇنىڭ يەنە بىر نېمىلەرنى دەپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى باسماداپ باغلاپ، ئاغزىغا بېشىدىكى تۇمقىنى تىقىپ، ئېغىزىنى ئاچۇرماي، سۆرىگەن پېتى، قارا ئۆيگە ئېلىپ كەتتى. ھەممەيلەننى تارقىتىۋەتتى.

بىزمۇ مۇزدەك يەردە ئولتۇرۇشتىن قۇتۇلۇپ، كامېرلارغا تاراپ كەتتۇق. كەينىمدىن 4 - 5 ختاي جىنايەتچىلەر كېلىپ، مەندىن سورىغىلى تۇردى، مەنمۇ ئابدۇللا مۇھەممەدنىڭ سۆزىنى بىردىن بىر تەرجىمە قىلىپ بەردىم. ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەن يامان مىللەت ئىكەن! دېيىشتى. بىر دەمدىن كېيىن يەنە بىرى ئالايتەن كېلىپ، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى دېدىمۇ؟ ياكى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى دېدىمۇ؟ - دەپ سورىدى، مەن، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى- دېدى، دېسەم، تۇرۇپ كېتىپ، «ئۇ دىنى ئادەم ئىكەن» دېدى. شۇ ئىش بولۇپ، يەتتە كۈندىن كېيىن ئابدۇللا مۇھەممەدكە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ چاڭبۇ دا ئىجرا قىلدى.

ئىسمائىل ئەمەتنىڭ ئۆلۈمى: ئىسمائىل ئەمەت تېگى يىڭىسارلىق بىر مېيىپ بولۇپ، ئىككى پۇتى ئىچىگە كىرىشكەن ئاران - ئاران ماڭىدىغان بىر كىشى ئىدى، قەشقەر شەھىرىنىڭ كۆكتات بازىرىدا باققاللىق قىلىپ جان باقىدىغان بىر ئاجىز ئىنسان ئىدى. ئۇ ئادەمنى قەشقەرلىكنىڭ بىلمەيدىغىنى يوق ئىدى. ماۋزېدۇڭنى تىللىغىنى ئۈچۈن 20 يىللىق كېسىلىپ پەيلوغا كەلگەن ئىدى. گەرچە بىر جۇڭدۇيدە بولمىساقمۇ پات - پات كۆرۈشۈپ تۇراتتۇق. بىر كۈنى جۇڭدۇينىڭ ئىچىگە ماۋزېدۇڭنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ۋاراقلىرى توشۇپ كېتىپتۇ. ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرغان جىنايەتچىلەر ھەممە يەردە ماۋنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ چېچىلىپ ياتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، قورقۇپ يولدىن ماڭالمايدۇ، دەسسەپ قويۇشتىن قورقىدۇ. كادىرلار كىرىپ گۇمانلىق كىشىلەردىن بىر قانچىسىنى تۇتۇپ قاماپ قويىدۇ ھەمدە قىيناشقا باشلايدۇ، بۇنىڭغا چىدىيالمىغان ئىسمائىل ئەمەت ياتاقتىكى چالا يىرتىلغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىپ، سەيناغا تاشلاپ ئۆزىنىڭ قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن باشقىلار زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئىسمائىل ئەمەتنى يەتتە كۈندىن كېيىن ئوخشاشلا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ، چاڭبۇدا ئىجرا قىلغان ئىدى.

ئامانۇللانىڭ ئۆلۈمى: ئامانۇللا خوتەنلىك بولۇپ، بالا ۋاقتىدىن تارتىپ ختايلار بىلەن ئېلىشىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، «بالا جىنايەتچى» بولۇپ جازالىنىپ، يېشى توشقاندىن كېيىن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، بىز بار تۈرمىگە كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى پەتھىدىن نۇر مۇھەممەد 1954 - يىلىدىكى ئابدۇلھېكىم داموللام رەھبەرلىكىدىكى خوتەن



ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، خىتايلار تەرىپىدىن 1958 - يىلى خوتەندە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى. مەرھۇم ئەرەب، پارس تىلىنى، رۇس تىلىنى مۇكەممەل بىلىدىغان بولغانلىقتىن 43 - يىللىرىدىن 47 - يىللىرىغىچە خوتەن گېزىتىدە تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىنكى ۋاقىتدا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن ئىيسا ئەپەندى چىقىرىۋاتقان «ئەرك» گېزىتىدە بىر مەزگىل ئىشلىگەن ئىكەن.

1976 -يىلى ماۋزېدۇڭ ئۆلگەندە بىزنىڭ جۇڭدۈيدىكى مۇددەتسىز جىنايەتچىلەرنى ئىشقا ئېلىپ چىقماي، سىياسىي ئۆگىنىشكە تەشكىللىگەن ئىدى. مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر بار جۇڭدۈيلەر ئوخشاشلا ئىشقا چىقىۋەرگەن ئىدى.

بىزنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، خۇاگوپېڭغا بولغان كۆز قارىشىڭلارنى دەڭلار دەپ، سوئال چىقىرىپ مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇردى. چۈنكى ماۋزېدۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن خۇاگوپېڭ دېگىنى باشلىق بولغان ئىدى.

ئامانۇللا ئۆز سۆزىدە: «مېنىڭ بوۋامنى ستالىن ئۆلتۈرگەن، دادامنى ماۋزېدۇڭ ئۆلتۈردى. مېنى خۇا گوپېڭنىڭ ئۆلتۈرۈشى تۇرغانلا گەپ» دېدى. كادىرلار ئۇنىڭدىن گەپ سوراپ كوچىلاۋەرسە، كوممۇنىستىك پارتىيىنى، خىتاينىڭ ھەممە باشلىقىنى بىرمۇ بىر تىللىغىلى تۇردى، ئېغىزى بېسىقمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى باغلا دېسە باغلا! -دەپ، تۇتۇپ ئېلىپ ماڭدى.

ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، ئەگەر تەۋبە قىلساڭ، جىنايى جازانى ئۆزگەرتىمىز- دەپ، بىر ھەپتە سۈرۈك بەردى. ھەتتا جىنايەتچىلەردىن بىر نەچچىسىنى كىرگۈزۈپ تەۋبە قىلىشقا ئۈندىدى، ئۈنۈمى بولمىدى، بەلكى ئۇ سۆزىدە: «مېنى ئۇ دۇنيادا ھۆر قىزلار كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۆلۈمنىڭ ياخشىسى شېھىتلىك ئۆلۈمى، خىتايلارغا ئىشلىگەندىن كۆرە ئۆلگەن ياخشى......» -دەپ ئۆلۈم يولىنى تاللىۋالغان ئىدى.

ئامانۇللانى داۋىنىڭ ھويلىسىدا ھۆكۈم قىلىپ ئېتىپ ئۆلتۈردى، تارىختىن بىرى داۋىدە ئادەم ئاتمايتتى، بىر ئامانۇللانى شۇنداق قىلدى، ئاتقاندىن كېيىن مەرھۇمنىڭ جەستىنى ياتقان جايىدا قويۇپ، پۈتۈن جىنايەتچىلەرنى تەشكىللەپ، جەسەتنىڭ چۆرىسىدىن بىر كۈن ئايلاندۇرۇپ «ساۋاق» ئالدۇردى.

ئامانۇللا شۇ كۈنلەردە 22 ياشلىق ئۆيلەنمىگەن، چىرايلىق، قىز بالىدەك پاكىز بىر يىگىت ئىدى، مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، ئامىن!

يولۋاس ھەسەننىڭ ئۆلۈمى: يولۋاس ھەسەننىڭ مىللىتى ئۇيغۇر بولۇپ، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدىن ئىدى. ئۇ قەشقەر يول ئاسراش ئىدارىسىنىڭ شوپۇرى بولۇپ،

بىزنى سۈغۈنچازىغا ئېلىپ بارغان شوپۇر ئىدى. ئۇ ماڭا ئوخشاش قاراجۇلدە ئەسرگە چۈشۈپ، 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى. ئۇ پەيلو مەيدانىنىڭ 2 - دادۈيىنىڭ بىرىنچى جۇڭدۈيىدە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ جۇڭدۈيىمۇ ئوخشاشلا بىنەم ئېچىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئەمگەك سىجىللىقى بەك ئېغىر ئىدى. ئۇلارنىڭ جۇڭدۈيىدىمۇ ئوخشاشلا ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مۇددەتلىك كېسىلگەن سىياسىي جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى يولۋاس ھەسەن بار جۇڭدۈيدە ئىدى.

1974 - يىلى 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى دەل بىزنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭغا ئاتلانغانلىقىمىزنىڭ 5 يىللىق خاتىرە كۈنى ئىدى. يولۋاس ھەسەن تۈرمىدىن غايىب بولدى. ھېچكىم ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى. ئۇ تۈرمىدىن قاچقان ئىدى. پەيلو مەيدانىدا ناھايىتى بىر جىددىي ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. تەرەپ - تەرەپتىن ئەسكەر باشلىقلىرى كېلىپ تۈرمىنى قورشاپ، غادىر-ئۇسكۈن قىلىشقىلى تۇردى. يېقىن - يىراقتىكى «جىنايەتچىلەر» نىڭ ئىز دېرىكىنى قىلىشىپ، ھەممىنى تۈرمىگە سولىغىلى تۇردى.

مەن شۇ كۈنى يانتاق چېپىش ئۈچۈن جاڭگالغا كەتكەن ئىدىم. مېنىڭ كالا ھارۋام ناھايىتى قېرى كالا بولغانلىقى ئۈچۈن بەك ئاستا ماڭاتتى، كەچتە تۈرمىگە يېقىن قالغاندا بىزنىڭ جۇڭدۈيدىكى خىتاي جىنايەتچىلەر ئىچىدە مۇددەتسىز كېسىلگەن گومىنداڭنىڭ بىر گېنېرالى بار ئىدى. ئۇنى مەن ۋۇگېنېرال دەپ ئاتايتتىم. ئۇ مەندىن بەكلا مەمنۇن ئىدى. مەن ھەر قېتىم ئۇنى «گېنېرال» دەپ چاقىرغىنىمدا ئۇ كۈلۈپ كېتىپ: «ھەقىقىي گېنېرال سەن! بىزنىڭ 8 مىليون كىشىلىك ئۈستۈن ئەسكىرى كۈچ بىلەن قوراللانغان ئارمىيىمىز تۇرۇپ، كوممۇنىستلارغا زېمىنىمىزنى تارتقۇزۇپ قويدۇق. سىلەر 25 ئادەم كوممۇنىستلارنىڭ كۈچەيتىلگەن بىر پولك ئەسكىرى بىلەن ئالتە - يەتتە سائەت ئۇرۇشۇپ ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئەسكىرىنى يەر چىشلىتىپ، كوممۇنىستلارنى شەرمەندە قىلدىڭلار، سىلەردىن بىز گومىنداڭچىلار ئۆگىنىشىمىز كېرەك .... يېقىندا بىزنى ئالاھىدە كەچۈرۈم بىلەن قويۇپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ، ئەگەر تۈرمىدىن ساق چىقىپ قالسام، خوڭكوڭغا بېرىپ سىلەرنىڭ شانلىق، قورقماس، باتۇر ئىرادەڭلارنى ئەسەر قىلىپ يازىمەن» دېگەنىدى.

ئۇ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ: «سەن دەرھال تۈرمىدىن قاچ! بۇ ساڭا ئاتاپ تەييارلىغان ئۈچ نان، بىر قاپاق سۇ، 5 يۈەن پۇل، بۇ نەرسىلەر بىلەن سەن شىبەر كۆلگە يېتىشىپ بارالايسەن، ئۇ يەردىن ماشىنا توسۇپ، ئىچكىرىگە بارالىساڭ، بۇ مېنىڭ دوستۇمنىڭ ئادرېسى ساڭا ياردەم قىلىدۇ....» دەپ، ئالدىراپ تېنەپ باش ئايغى ئېنىق بولمىغان بىر يۇرۇش گەپلەرنى قىلىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭدىن نېمە بولدى؟ مەن نېمە ئۈچۈن تۈرمىدىن قاچىمەن؟

www.uyghurkitap.com

سەن بىرەر گەپ ئاڭلىدىڭمۇ؟-دەپ سورىسام، ئۇ مۇنداق ھېكايە قىلىپ بەردى:

-«يولۋاس ھەسەننىڭ تۈرمىدىن قېچىشى بىلەن ئەتىگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئاخۇنوپچىلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ قارا-قويۇق قارا ئۆيگە سولىدى، بەزىلىرىنى باشقا تۈرمىلەرگە ئېلىپ كەتتى، مەركەزدىن خەۋەر كەپتۇ، يېقىندا سوۋېتلار ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي سوقۇشىدىكەن، ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن خەتەرلىك جىنايەتچىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى تاپىلاپتۇ، شۇ سەۋەبتىن تۇتقۇن باشلاندى، سەن بولساڭ ياش، مەن سېنى چۈشىنىمەن، سەن بولساڭمۇ ساق قال...»- دېدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە زادى ئىشەنگۈم كەلمىدى. ئەگەر قاچقان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ بەرگەن نەرسىلىرى بىلەن شېكەر كۆلگە يېتىپ بېرىشىم زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يولدا ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ، قۇم بارخانلىرىنىڭ ئاستىدا قېلىشىم تەبىئىي ئىدى. شۇلارنى ئويلاپ كالا ھارۋىسىنى ھەيدەپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ تۈرمىگە يېقىنلاشتىم. ئۇ مەندىن ئاغرىنىپ خورسىنغان پېتى سەيخانىغا كىرىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ كۆكتاتلىقتا ئىشلەيتتى. مەن تۈرمىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلسەم، تۈرمىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئۈستى قوراللانغان ئەسكەرلەر بىلەن لىق تولۇپ كېتىپتۇ، تۈرمىنىڭ ئالدى - كەينى، يول بويلىرىدا ئەسكەرلەر قالايمىقان چېپىپ يۈرۈشۈپتۇ، ھېچ كىمنىڭ ھېچكىم بىلەن ئىشى يوق. ئۇياقتىن - بۇياققا ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەن ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى ئېلىشمۇ قىيىن ئىدى. دەرۋازىغا كېلىپ قاراۋۇلغا قايتىپ كەلگەنلىكىمنى مەلۇم قىلىپ تۈرمىگە كىرىپ كەتتىم. جۇڭدۇيىنىڭ ئىچىگە كىرسەم ھەممىنىڭ بېشى ساڭگىلىغان، بىر ئېغىزمۇ گەپ يوق، ھەممە تىمتاس ئىدى. پوتەيدىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانى ئادەتتىكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىدى. مەن خالاغا كىرىپ تاھارەت سۇندۇرۇپ، بىر پەس ئولتۇرسام تونۇيدىغان بىر - ئىككىسى خالاغا كىردى، ئۇلاردىن گەپ سورىساممۇ ماڭا بىر نېمە دېمىدى.

مەن زادى بۇ ئىشنىڭ تېگى تەكتىگە يېتەلمىدىم. كەچلىك تاماقنى يېدىم. ھەر ئاخشىمى يوقلىما بولاتتى. تاماقتىن كېيىن ھاپىلا-شاپىلا پۈشتەك چېلىپ ھەممىمىزنى قوروغا يىغدى. بىر توپ قوراللىق ئەسكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە كادىرلار كىرىپ كەلدى. ئادەتتە قوراللىق ئەسكەرلەر تۈرمىنىڭ ئىچىگە زادى كىرمەيتتى، بۇ قېتىم ئۇ قائىدە بۇزۇلغان ئىدى. دادۇينىڭ باشلىقى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «بۈگۈن بىر قىسىم ئۆزگەرمەس جاھىل ئۇنسۇرلارنى قايتىدىن قولغا ئالدۇق. ئۇلار قوراللىق توپىلاڭ قىلىپ، ئارمىيىمىزنىڭ قوراللىرىنى بۇلاپ، جاھان ئۆزگەرتىش خام-خىيالىدا بولغان ئىكەن، بۈگۈندىن تارتىپ ئۆگىنىش كۇرسى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەممەيلەن ھۆكۈمەتكە يېقىنلىشىپ، جىنايەتلىرىنى تاپشۇرۇپ، خىزمەت كۆرسىتىپ، جىنايىتىنى يەڭگىللىتىشى كېرەك! خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە چىقىش يولى بېرىلىدۇ!...»

مەن شۇ چاغدىلا ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەن ئىدىم. ۋۇگېنېرالنىڭ دېگەنلىرى يالغان ئىدى. مېنىڭ ئۇ ئىش بىلەن زادى ئالاقەم يوق ئىدى، ئۇ قوراللىق قوزغىلاڭنى ئۇيۇشتۇرغانلار باشقا جۇڭگودۇيدىكى بىزنىڭ شېرىكلەر ئىكەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئاخۇنوپچىلار ۋە مارالبېشىدىن كەلگەن سىياسىي جىنايەتچىلەر ۋە بىر قىسىم باشقا ئىش بىلەن تۈرمىگە كىرگەن، كېيىن «سىياسىي جىنايەتچىلەر» نىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزگەرگەن ئادەملەر ئىكەن. ئۇلار باشقا جۇڭگودۇيدە بولغانلىقتىن ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتى كەم ئىدى. پاراڭلاشقۇدەك پۇرسەت يوق ئىدى. پەقەت يولدىلا ئۇچرىشىپ قالساق سالاملىشاتتۇق، خالاس.

كېيىن بىلىشىمچە، ئۇلار قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرىدىغان بولۇپ، بىر يۈرۈش پىلانلارنى تۈزۈپ، تەشكىلى رەسمىيىتىنى مۇكەممەل تۈرغۇزغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭغا سىرتتىنمۇ ئادەملەر قوشۇلۇپتىكەن، قوراللىق قوزغىلاڭغا يېقىنلاشقاندا، سىرتتىكى چېتىشلىقى بار ئادەملەردىن بىرى يەرلىك ساقچى ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلىپ قويۇپ، تۈرمە ئىچىدە تۇتقۇن باشلانغان ئىكەن. سىرتتىكى ئىشتىن خەۋەر تاپقان يولۋاس ھەسەن ھەرىكەت پاش بولغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى پىلان بويىچە تۈرمىدىن قېچىپ كەتكەن ئىكەن.

تۈرمىدىكى تۇتقۇندا كۆپ ئادەملەر قايتىدىن قولغا ئېلىندى، قارا ئۆيلەر توشۇپ كەتتى. بەزىلىرىنى باشقا دادۈينىڭ قارائۆيلىرىگە قاماپ، سوراق سورىغىلى تۇرغان ئىدى. ھەممە دېگۈدەك جىنايەتنى يولۋاس ھەسەننىڭ بويىنىغا ئارتىپ ئۆزىنى چەتكە ئالغان ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي يولۋاس ھەسەن يوپۇرغىنىڭ بايئاۋات يېزىسىدىن تۇتۇلۇپ، تۈرمىگە ئېلىپ كېلىندى، ئۇنىمۇ ئايرىم كامېرغا قاماپ، پۇت قوللىرىغا كويزا - كىشەن سېلىپ دەھشەتلىك قىيىنغىلى تۇرغان ئىدى، ھەر كۈنى ئىككى ۋاخ قوناق مومىسى بىلەن بىر قاچا سۇ بېرىپ، ئاچلىقتىن تېخىمۇ قىينىغان ئىدى.

ئۇنىڭ دەردى پەريادىنى ئۇنىڭغا تاماق توشۇيدىغان جىنايەتچى ئاشپەزلەردىن بىلىپ تۇراتتۇق، بىزنىڭ ئامالىمىز يوق ئىدى. ھېچ كىم ئۇنىڭغا ماددىي ياردەم بېرەلمەيتتى، يېقىنلاشقانلارنى بىھۇدە قىيناپ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى سۈرۈشتە قىلاتتى.

تەخمىنەن ئۈچ ئاي بولغاندا، قارا ئۆيدىكى يولۋاس ھەسەن كامېرنىڭ ئىشكىنى ئاچماي، كادىرلارنى كىرگىلى قويماپتۇ، تاماق ياكى سۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىشنى رەت قىلىپتۇ. گۇندىپايلار قارائۆينىڭ ئىشكىنى ئاچالماي جىنايەتچىلەرنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ، جىنايەتچىلەر گەپ قىلسىمۇ كامېردىن ئاۋاز كەلمەپتۇ.

خىتاي گۇندىپايلىرى بىلەن خىتاي چىرىكلىرى كېلىشىپ ئۇنىڭغا سىرتتىن گەپ قىلسا

جاۋاب بەرمەپتۇ. مېنى تەرجىمانلىقتا چاقىرغان ئىكەن باردىم. ھەقىقەتەن كامېردا ئاۋاز يوق ئىدى. بۇيرۇقتا بىنائەن كامېرنىڭ ئىشىكىنى ئۇزۇن بىر ياغاچ بىلەن تۆتىمىز ئۇرغىلى تۇردۇق، بىر - ئىككى - ئۈچ بىلەن تەكرار ئۇرىۋەردۇق، كامېرنىڭ ئىشىكى پولاتتىن ياسالغان، قارا تۈنىكە تاختايدىن قاپلانغان، بېجىرىم ئىشىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئاسان ئېچىلمىدى، ياغاچنىڭ ئۇچىنى ھەرە بىلەن ئۇچلاپ قايتا ئۇرۇشقا باشلىدۇق، ئۇزۇن ھەپىلەشكەندىن كېيىن ئىشىكنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن كاما ئېچىلدى، يەنە ئېچىلمىدى. كامادىن قارىساق، ئادەمنىڭ بەدىنى كۆرۈندى. بىز ئۇرۇۋېرىپ ياغاچ زەربىسىدىن يولۋاسنىڭ بەدەنلىرىنى تېتىۋەتكەن ئىكەنمىز. ئۇنىڭ بىلەن بولماي، ئىشىكنىڭ يان تەرىپىدىن كېشىكىنى بۇزۇپ، ئىشىكنى ئىچىگە يىقىتتۇق. يولۋاس ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن ئىكەن. كامېرنىڭ ئىچىدە سىسىقچىلىقتا چىداپ تۇرغىلى بولمايتتي، كامېرنىڭ تاملىرىغا پوق بىلەن شوئارلار يېزىلغان ئىدى. ماۋزېدوڭدىن تارتىپ خىتاينىڭ چوڭ - كىچىك باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى يوقىتايلى! خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كەتسۇن! ياشىسۇن ئازادلىق! جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ! يا ئۆلۈم يا كۆرۈم! مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان بولمىغۇچە بىزگە ياخشى كۈن يوق! قامچا بويى خىتايلارنىڭ ھەممىسىنى زېمىنىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرايلى! دېگەندەك شوئارلار تولۇپ كەتكەن ئىدى. يەردە بىر قاچىدا يولۋاس ھەسەننىڭ تاماق يەيدىغان قاچىسى تۇرۇپتۇ، قاچىنىڭ ئىچىدە سۈيۈلدۈرۈلگەن پوق بار ئىدى، مەرھۇم يولۋاس ئۆزىنىڭ پوقى بىلەن شوئار يازغان ئىكەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ يوتقىنىنىڭ ئەستىرىنى ئىنچىكە يىرتىپ، ئارغامچا توقۇپ، ئارغامچىنىڭ بىر بېشىنى سىرتماق قىلىپ بويىنىغا سېلىپ، بىر ئۇچىنى ئىشىكنىڭ تۇتقۇسىغا ئېلىپ، بەدىنىنى ئىشىككە چاپلاپ، پۇتىنى ئۇزالتىپ، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان ئىكەن. مەرھۇمنىڭ جەستى ئىككى كۈن ئۆيدە تۇرۇپتۇ. بىز ئۈچىنچى كۈنى ئىشىكنى ئاچقان ئىكەنمىز. مەرھۇم قارا ئۆيدە ئېغىر كېسەل بولغان ئىكەن. يوتىسىنىڭ تېگى تەرىپى زىرىڭداپ، قان بىلەن زەرداپقا توشۇپ كەتكەن ئىكەن. قارا ئۆيدە ياتقاندا ئۇنى داۋالىمىغان ئىكەن. بىز شۇنداق ئىككى ئىشتىن خۇلاسە قىلغان ئىدۇق. بىرى، يولۋاس ئۆلۈۋېلىپ پۈتۈن جىنايەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ باشقىلارنى قوغداپ قالماقچى بولغان. يەنە بىرى، ئۇ كېسەللىك ئازابىدىن، ئاغرىققا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆلۈم يولىنى تاللىۋالغان.

ئەھۋال مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن، يولۋاسنى كۆمۈۋېتىشكە بۇيرۇدى. مەرھۇم مامۇت ھەسەن داموللام يۇيۇپ، كېپەنلىككە ئالدى، نامىزىنى چۈشۈرۈپ ھارۋىغا بېسىپ، زاراتگاھلىقتا مەن بىلەن ئاقچاخۇن دېگەن يەكەنلىك ئادەم ئىككىمىز باردۇق. تامدىكى شوئارلارنى



يۇيۇۋېتىش ئۈچۈن بارات ئىسىملىك 15 يىللىق كېسىلگەن، قاغىلىقلىق بىر سىياسىي جىنايەتچىنى قالدۇردى. بىز يولۋاسنى ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قۇم بارخىنىدىن يەرلىك ئېلىپ، سەۋزە ئورىسى كولاپ، يولۋاسنى ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە ئالدىن تەييارلىۋالغان تۆت تال جىگدە غولىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەرھۇمنىڭ يوتقان كۆرپىلىرىنى تاشلاپ، ئاندىن توپا بىلەن كۆمۈپ، قەبرىسىنى يوغان قىلىپ، توپا دۆۋىلەپ، سۇ چېچىپ، بېشىغا يولۋاس ھەسەننىڭ ئىسمىنى يېزىپ، دەپنە قىلىپ ئاخشىمى قاراڭغۇدا كەلدۇق.

بارات مېنى كۆرۈپ، نېمە ئۈچۈندۇر بىر يىرگىنچلىك تەلەپپۇزدا: «سىلىنىڭ شېرىكىڭلىنىڭ پوقىنى تازىلاپ ئەمدى بىكار بولدۇم. سىلەر ئاسان ئىشقا كېتىپ تېزلا قايتىپ كەلدىڭلار، مەن سېسىقچىلىقتا، ئۇنى يۇيۇپ تۈگىتەلمەي ھازىر ئاران بىكار بولدۇم»- دېدى.

مەن دەرھاللا: «سەن يولۋاسنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى يازغان شوئارلىرىنى تازىلاپ، خىزمەت كۆرسەتتىڭ، بەلكىم ئاشۇ خىزمىتىڭ ئۈچۈن سېنى بالدۇر قويۇپ بەرسە ئەجەب ئەمەس» دېدىم. مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىغان بارات ھودۇقۇپ كېتىپ، ئېغىزى كالۋالىشىپ، بىر نېمە دېيىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ئىدى. مەن گېپىمنى دەپ بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي ئۇدۇل ياتىقىمغا كىرىپ كەتتىم. ئۇ باشقا جۇڭدۇيدە بولغانلىقى ئۈچۈن كۆرۈشمىكىمىز تەس ئىدى. شۇ گەپنىڭ ئاچچىقى بىلەن ماڭا بىر ئۇزۇنغىچە ماي تارتىپ گەپ قىلمىغان ئىدى.

ئاشۇ كۈنلەردە نېمە ئۈچۈندۇر مېنىمۇ بىر مەزگىل جاڭگالغا بارغۇزماي، گومىنداڭنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى بار خىتاي جۇڭدۇيگە سولاپ قويغان ئىدى. تاماق ۋاقتى بولغاندا، تاماق يېيىش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئاشخانىسىغا بېرىپ، ئۇيغۇرلار بار يەرگە كېلىپ ئازراق مۇڭدىشىپ كېتەتتىم. باشقا ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياشايتتىم. خىتاي جىنايەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى بىزنىڭكىگە قارىغاندا بىر قەدەر ياخشى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قانچە چوڭ گېنېراللار بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان ئىدىم. ئۇلاردىن نۇرغۇن مەخپىيەتلىكنى بىلىۋالغان ئىدىم.

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانى، ئەيسا ئەپەندىنى تونۇيدىكەن، ھەتتا 1940 - يىللىرى خىتاينىڭ داگۇڭباۋ گېزىتىدە ۋە جۇڭياڭرىباۋ گېزىتىدە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ خىتايلارغا قارشى رەددىيە بېرىپ يازغان ئىلمىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇغانلىرىمۇ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بىزنىڭ تۈرك قان سىستېمىسىغا مەنسۇپ مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى بىلىدىكەن ۋە بىزنى ياخشى چۈشىنىدىكەن، ئۇلار ماڭا ۋە بىزنىڭكىلەرگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ، ساناقسىز مەدھىيە ئوقۇيتتى.



بىزنىڭ مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرۇش ئۈمىدىمىزگە چىن كۆڭلىدىن ھېسداشلىق قىلغان ئىدى. مەن تۈرمىدىن ساق چىقىشقا كۆزۈم يەتمەي ئۈمىدسىز بولغان كۈنلىرىمدە: «سىبىنىڭ 15 يىلىڭ مېنىڭ 15 كۈنلۈك دەم ئېلىشىمغا باراۋەر» دېگەن سۆزلىرى مەندە ياشاشقا ئىنتىلىش ئۈمىدىنى تۇرغۇزغان ئىدى. ئۇلار ماڭا نەسىھەت قىلىپ، سەن تۈرمىدىن ساق-چىقساڭ، دەردىڭنى خەلقئاراغا ئېيت، بۇ باندىتلار گۇرۇھى سىلەرنى دۇنيانىڭ ھەممە ئىشىدىن خەۋەرسىز قويۇۋاتىدۇ، دۇنيانىڭ ئىگىسى بار دەيتتى. مەن ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران قالاتتىم ....... قانداقتۇر ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەرگىز يالغۇز ھېسابلىمايتتى، گەرچە مۇددەتسىز كېسىلگەن بولسىمۇ، ئەتىسى تۈرمىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك چوڭ ئۈمىد بىلەن ياشايتتى. كەلگۈسىگە ئۈمىدۋار ئىدى...



# يەتتىنچى باب

# سەپداشلىرىمنى ھەسرەت بىلەن ئەسلەيمەن

## مەشھۇر قوماندان ئاخۇنوپنى ئەسلەيمەن

مەرھۇم ئاخۇنوپ قەشقەر شەھىرىنىڭ تاش بازىرىدىن بولۇپ، بىزنىڭ يېقىن قوشنىمىز ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى ئاخۇنوپ 1914 - يىلى ئاقتۇنىڭ پىلال يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، كېيىن ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگىشىپ قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەن ئىكەن.

مەن، 1950-يىللىرى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىن تارتىپ ئاخۇنوپ ئائىلىسىنى تونۇيتتىم. تاش بازىرى دېگەن مەھەللىدە تۇغمەن تېشى، يارغۇنچاق قاتارلىق بۇغداي، قوناقنى ئۇنقىلىپ پىششىقلايدىغان ھەرخىل تاشلار سېتىلىدىغان بازار بولغاچقا، قەدىمدىن تارتىپ ئۇ يەرنىڭ ئىسمى «تاش بازىرى»،- دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

ئىمىن تاشچىنىڭ ئۆيىدىن تارتىپ قادىر كاشال دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگىچە بولغان ئارىلىق تاش بازىرى دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ مەھەللىدە باراتھاجىم، تاش موللام قاتارلىق داڭقى بار ئادەملەر ياشايتتى. ھازىرمۇ قۇمدەرۋازا كوچا باشقارمىسى تاش بازىرى ئاھالە كومىتېت دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئاخۇنوپلار ئائىلىسىنىڭ ئەسلى كەسپى تاقچى. يەنى ئاتىنىڭ پۇتىغا تۆمۈردىن تاقا ئۇرىدىغان بىرخىل كەسىپ. ئاخۇنوپنىڭ ئەسلى ئىسمى ئاتاخان. كونىلار ئاخۇنوپنى ئاتاخان تاقچى دەپمۇ ئاتايدۇ. ئاخۇنوپلار ئائىلىسى قانچە ئەۋلاد تاقچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەنىكەن.

ئاخۇنوپمۇ بالا ۋاقتىدا، قۇمدەرۋازىدىكى كېرىماخۇن دېگەن ئۇستامدا شاگىرت ئىشلىگەنىدى.16 ياشلىرى بولسا كېرەك ئۇستىسى كېرىم ئاخۇن بىلەن «جەنۇبى شىنجاڭ ئاتلىق گارنىزون» نىڭ ئىچىگە ئات تاقلاش ئۈچۈن كىرگەندە مىللەتپەرۋەر ھەربىي قوماندان مەخمۇت مۇھىتىگە ياراپ قىلىپ، ئۇستازىدىن ھەربىي سەپكە سوراپ ئېلىپ قېلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشىنىڭ ئەسكەرلىك ھاياتى باشلانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ كەم كۆرۈلىدىغان ئەسكىرىي تالانتى بىلەن يارامىلىق كەسپى خادىم بولۇپ يېتىشىپ، دەسلەپتە مەخمۇت

مۇھەددىنىڭ ئاتلىق قىسمىدا، شىڭشىسەي دەۋرىدە ئۇلۇسچى خىتايلارنىڭ لەگگەردىكى ھەربىي بازىسىدا، كېيىن گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى مەشھۇر قوماندان سوپاخۇن پولكىدا، ئاخىردا شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسىدە يەنىلا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەپ ئوفىتسېر بولۇپ ئىشلىگەن...

ئاخۇنوپ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ سوپاخۇن پولكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تاجاۋۇزچى خىتاي ئارمىيىسىگە ئەجەللىك زەربە باشلاپ باي ناھىيىسىگە كەلگەندە، قول ئاستىدىكى ئادەملىرى بىلەن جۇمھۇرىيەت ئارمىيىسىگە قوشۇلۇپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنىدا كوماندىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ كېيىن مىللىي ئىستىقلالىيەت ئۇرۇشىدا كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن باتاليون كوماندىرى كاپىتانلىق ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ.

مىللىي ئارمىيە كۇنسايىن شانلىق غەلىبىلەرگە ئېرىشىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھاۋا رەڭ ئاي-يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى ئۇرۇمچى ئاسمىنىدا لەپىلدىتىپ، مىللىي مۇستەقىللىقىمىز ئۆزۈل ـ كېسىل غەلىبىگە ئېرىشىشكە ئازقالغاندا، خەلقىمىزنىڭ تارىخى دۈشمىنى، ساتقىن ستالىننىڭ بىۋاستە قول تىقىشى بىلەن مىللىي ئارمىيىمىز ماناس دەريا بويىدا بۇيرۇق بويىچە توختاپ قېلىپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ.

غەزەپ ـ نەپرىتى چېكىدىن ئاشقان ئاخۇنوپ كۆپ قېتىم ئارمىيىنى باشلاپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكچى بولغان بولسىمۇ، ستالىننىڭ ھەربىي جاسۇسلىرىنىڭ ئىسكەنجىگە ئېلىشى نەتىجىسىدە قوزغىلالمايدۇ ھەمدە، مەمتىمىن ئىمىنوپ قاتارلىق گېنېراللار قاتارىدا نەزەربەندكە ئېلىنىدۇ ....

گېنېرال مەمتىمىن ئىمىنوپ باشچىلىقىدىكى 13 ـ دىۋىزىيە قەشقەرگە يۆتكەلگەندە، ئاخۇنوپ 3 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ پولكوۋنىك ھەربىي ئۇنۋانى بىلەن قەدىناس سەپدىشى مەمتىمىن ئىمىنوپقا ئەگىشىپ قەشقەرگە كېلىدۇ ھەمدە قەشقەرنىڭ خاڭدى 3 ـ ئاتلىق پولكىدا خىزمەت قىلىدۇ.

1961 ـ 1962 ـ يىللىرىدىكى خىتاي ھىندىستان سوقۇشىدا، بۇ پولك ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، خىتاي ئەسكەرلىرى نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ ئالالمىغان، ھىندىستاننىڭ «پولات ئىستىھكام قۇم بارخىنى» دەپ ئاتالغان پوتەيلىرىنى ھەش ـ پەش دېگۈچە ئېلىپ، خىتاي ئارمىيىسىگە «شان ـ شەرەپ» كەلتۈرىدۇ. تىللاردا داستان بولغان قوماندان ئاخۇنوپ قوشۇنىنىڭ بۇ جەڭگىۋار ئۇرۇشىدىن خەۋەر تاپقان مەركىزى ھەربىي كومىتېت كاتىنۋاشلىرى

«بىز بىر توپ يولۋاسلارنى قوينىمىزدا ساقلاپتۇق. ئۇلار بىز ئۈچۈن ئەڭ ئەشەددىي تەتۈر كۈچ» دەپ قاراپ، بۇ مىللىي ئارمىيىنى بارا - بارا ھەرخىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن تارقىتىۋېتىدۇ.

شۇ قاتاردا ئاخۇنوپنى تىبەتنىڭ ئالىي رايونىدىكى ھەربىي رايونغا سىياسىي كومىسسار قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

ئالىغا بارغان ئاخۇنوپ ئىنسانىي بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىپ، تىبەت خەلقىنىڭ ھەققانىي كۈرەشلىرىنى ئۇچۇق ـ ئاشكارا قوللاپ پوزىتسىيە بىلدۈرىدۇ. تىبەت رايونىدىكى مۇستەقىللىق كۈرىشى ئۇلغىيىدۇ، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان خىتاي ئەمەلدارلىرى ئاخۇنوپنى قەشقەر تەپتىش ئىدارىسىگە باش تەپتىش قىلىپ يۆتكىۋېتىدۇ. باش تەپتىش ئاخۇنوپ، قەشقەر خەلقىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئەمەلىي خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، جىنايى ئىشلار ئەنزىسىنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىپ، خەلقنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ، بولۇپمۇ سىياسىي تۈس ئالغان ئەنزىلەرنى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىپ، جازالاش ئاز، تەربىيە قىلىپ قويۇپ بېرىش نىسبىتى كۆپ بولىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ خاتىرجەم بولالمىغان خىتاي ھۆكۈمىتى ئاخۇنوپنى قەشقەر يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش باشقارمىسىغا باشلىق قىلىپ تەيىنلەيدۇ. قەشقەردىكى قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ باشلىنىش ھارپىسىدا ئاخۇنوپ شۇ باشقارمىنىڭ باشلىقى ئىدى.

پولكوۋنىك ئاخۇنوپنىڭ ئايالى پاتىگۈل غۇلجىلىق ئايال ئىدى. ئاخۇنوپ قەشقەرگە يۆتكەلگەندە بىللە كەلگەن ئىدى. پاتىگۈلدىن ئادالەت، پەزىلەت، سەمىمىيەت، خىسلەت دېگەن تۆت قىزى ۋە ئەرتئوغۇل دېگەن بىر ئوغلىمۇ بار ئىدى. ئاخۇنوپ شۇ دەۋردە، قەشقەردىكى ئەڭ يۇقىرى تەبىقىدىكى ئەڭ باي، ئەمەلىي ھوقۇقى بار، دېگىنىنى قىلالايدىغان، قولى ھەر تەرەپكە يېتىدىغان، توققۇزى تەل، ئۆزىگە نىسبەتەن بەختلىك بىر ئائىلىنىڭ خوجايىنى ئىدى. ئۇ تەشكىلات قۇرۇۋاتقاندا، قوراللىق قوزغىلاڭنى پىلانلاۋاتقاندا، قوراللىق قوزغىلاڭغا مېڭىۋاتقاندا، مۇبادا غەلىبىگە ئېرىشەلمىسەك يا ئۆلۈمىز يا تۈرمىدە ياتىمىز دەپ بىلەتتى. ئۇ شۇلارنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا شۇ ئىشلارنى قىلالىدى؟!!!

ئۇنىڭ قەلبىدە ئاللاھ بارئىدى، ئۇنىڭ قېنى ساپ ئۇيغۇر قېنى ئىدى. ئۇ ھەر بىر سىقىم تۇپراقنى مېنىڭ ۋەتىنىمنىڭ تۇپرىقى، مېنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن مۇقەددەس جاي، ئۇنى قوغداش مېنىڭ مىللىي ۋە دىنىي بۇرچۇم دەيتتى. ئۇ دائىم: بۇ مۇقەددەس تۇپراقتا بۇ كەلگۈندىلەرنىڭ ياشاش ھوقۇقى يوق دەيتتى. ئۇ دىنىم ئۈچۈن، ۋەتىنىم ئۈچۈن، مىللىتىم ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان بېرىشكە ھەر زامان مەن تەييار دەيتتى! ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسى

www.uyghurkitap.com

مەنپەئىتىنى ھەرگىزمۇ ئويلىمايتتى. دىنىم ئۈچۈن ياشىدىم، دىنىم ئۈچۈن ئۆلىمەن، مىللىتىم ئۈچۈن ياشىدىم، مىللىتىم ئۈچۈن ئۆلىمەن، ۋەتىنىم ئۈچۈن ياشىدىم، ۋەتىنىم ئۈچۈن ئۆلىمەن، مەن ئۇلارغا بىر ئۆمۈر قەرزدارا- دەيتتى.

بىز ھايات ياشاۋاتقان ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇ ماڭغان ۋە بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن يولدا تەۋرەنمەي مېڭىشىمىز، شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالى ئۈچۈن بىر ئۆلۈش ھەسسىمىزنى قوشۇشىمىز لازىم.

مەرھۇم ئاخۇنوپ - ھەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىدىن يېنىپ، ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى سۇپىسىدا ھېيتگاھ مەيدانىدىكى جامائەتكە تويماي قارايتتى، نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىپ تۇرۇپ كېتەتتى. يېنىغا بىرەر كىشى كېلىپ سالام بېرىپ دىققىتىنى بۇزمىسىلا، ئۇزۇن - ئۇزۇنغىچە پۈتۈن خەلقنى بىردىن - بىردىن كۆزدىن كەچۈرۈپ ھەممىگە تەڭ سەپ سالاتتى. پەشتاقتىن چۈشكەندىن كېيىن خەلق كىنوخانىسىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا بېرىپ، ئەڭ قىرى، ئاجىز ساتىراشنىڭ يېنىغا بېرىپ ئاپتاپتا چاچ - ساقاللىرىنى ئالدۇراتتى، بەزىدە مىجىت ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، ئۇزۇن مۇڭدىشاتتى، بۇ ئىككى پېشقەدەم ھەربىي قوماندانلارنىڭ ساقال ئىلىش ئادىتى، نېمە ئۈچۈندۇر جۈمە نامىزىدىن كېيىن باشلىناتتى، ئاندىن ھېيتگاھ ئەتراپىدىكى يېزىدىن كىرگەن دېھقانلارنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئۇنى - بۇنى ئېلىپ كۆتۈرگىنىچە يۇملاق شەھەر تەرەپتىكى ئۆيىگە يۈرۈپ كېتەتتى.

مەن ئاخۇنوپنىڭ چوڭ قىزى ئادالەتنى ياخشى تونۇيتتىم. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ كاساپىتى بىلەن ئالىي مەكتەپكە بارالمىغان ئىدى. ئۇ قەشقەر شەھەر كومۇناسى تەۋەسىدىكى ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى سائەتچىلىك رېمونتخانىسىغا شاگىرتلىققا كىرگەن ئىدى. ئۇ دۇكاندىن قايتىپ يۇملاق شەھەر كىنوخانا ئالدىدىكى ئۆيىگە بېرىپ كەلگۈچە قەشقەرنىڭ ئۆيلەنمىگەن ياش يىگىتلىرىدىن ئۇنىڭغا ئىچپەش تارتمايدىغىنى يوق ئىدى. ئۇ قىز راستىنلا قەشقەرنىڭ گۈزىلى ئىدى، ئۇنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىغا قېتىلىپ ئۇنى تېخىمۇ نازاكەت، خانىش كۆرسىتەتتى. قەشقەرنىڭ يىگىتلىرى ئۇنىڭغا گەپ ئاچسا قاتتىق گەپ قىلماي، مەن تېخى ئوقۇغۇچى ئوقۇشۇم كېرەك، ئاللاھ نېسىپ قىلسا ئوقۇشۇمنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر نېمە دېيىشەيلى، بولسا سىزمۇ ئوقۇڭ، ئەنە شۇ ۋاقىتتا شەرتىڭىز توشىدۇ، دەيتتى. بۇ قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ھەر بىر ياش ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلماي تۇرالمايتتى.

مەن تۈرمىگە كىرىپ بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ قىز توغرىلىق باشلىقلىرىمدىن

بەزىبىر ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇ قىزنىڭ سائەتچىلىككە شاگىرتلىققا كىرىشى، پەقەت شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئىكەن. پولكوۋنىك ئاخۇنوپ بىلەن ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى مۆلچەردىكىدىن ئاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن ئالاقىلىشىش قىيىن بولغاچقا، قىزنى سائەتچىلىككە ھۈنەرگە بەرگەن بولۇپ، پۈتۈن ئالاقىسىنى قىزى ئارقىلىق ئېلىپ بارغان ئىكەن. ئاخۇنوپ قىزنى بەكمۇ ياخشى چۈشىنىدىكەن.

بىز تۈرمىگە تاشلىنىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن ئادالەتنى قەشقەرلىك بىر ياش يىگىت ئۆز نىكاھىغا ئېلىپ توي قىلغان ئىكەن. ئەپسۇس توي قىلىۋاتقان كۈنىدە ئۇ يىگىتنى خىتاي دائىرىلىرى تۇتۇپ كېتىپتۇ، توي، توي پېتى قاپتۇ، ئۇزۇن تۈرمىدە ياتقان ئۇ يىگىت، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئادالەت بىلەن بىللە ياشاپتۇ، ئۇنىڭدىن بىر نەچچە پەرزەنت كۆرۈپتۇ.

مەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن 90 - يىللاردا ئادالەتنى كۆردۈم. ئۇ ھەقىقەتەن ئانا بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ قاپقارا بوتا كۆزىدىن ھېلىمۇ كەلگۈسىگە بولغان چەكسىز ئۈمىدۋارلىق، خەلقىگە سادىق مىللىي روھ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، ئۇنىڭدا بىر يوشۇرۇن كۈچنىڭ بارلىقى مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتىم. ئۇ ئىنقىلابنى ئەرلەر بىلەن ئەمەس، بۇ قېتىم ئاياللار بىلەن قىلغۇسى بار ئىكەن. ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇغان ئىدىم. لېكىن ئۇ يەنىلا بىر نەچچە بالىنىڭ ئانىسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇنىڭ بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرۇشۇم باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قوزغايتتى، مەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭغا، سىز يەنىلا بالىلىرىڭىزنى ياخشى بېقىڭ، ئۇلارنى ئەلگە قېتىڭ، بىز ئەركەكلەرنى ئاللاھ جەڭگە ياراتقان. بىز چوقۇم بۇ مۇشكۈل سەپەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمىز، دېگەن ئىدىم. ئۇ «بىزنى ئۇنتۇماڭ. بىزنى خەلقىمىزگە تونۇتۇڭ!» دېگەن ئىدى.

مەن مۇشۇ ئەسلىمىنى يېزىۋاتقان 2005 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بىر تېلېفون كېلىپ قالدى. دەرھال تېلېفوننى ئېلىپ نومۇرغا قارىسام قەشقەردىن كەلگەن تېلېفون ئىكەن. كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا تېلېفوندا سۆزلىشىۋېتىپ، ئادالەتنىڭ مۇندىن 5 - 6 ئاي بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ، يۈرىكىم قاتتىق سوقۇپ، نەپسىم سىقىلىپ، گېپىمنى دېيەلمىدىم. جانابىي ئاللاھ مەرھۇمەنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلسۇن، ئامىن!!!

بۇ خەۋەردىن كېيىن ئۆزۈمنى كومپيۇتېرنىڭ ئۈستىگە ئېتىپ ئۇزۇن يىغلاپ كېتىپتىمەن، مەن يېقىن، بىر قورساقتىن چۈشكەن سىڭلىمدىن ئايرىلغاندەك مۇسىبەتكە چۆمگەن ئىدىم. مەن ھېلىمۇ كىشىنىڭ يۇرتىدا، بۇ شەھەردە، بۇ ئۆيدە يالغۇز ئىدىم. مەن تۇرغان شەھەردە





مەندىن باشقا ئۇيغۇر يوق ئىدى. مېنىڭ يا خوتۇنۇم، يا بالىلىرىم يېنىمدا يوق ئىدى، شۇ يىغلىغىنىمچە كومپيۇتېرنى تەكرار قىلىپ ھالسىزلىنىپ يېتىپ قاپتىمەن، ھوشۇمغا كەلسەم نەچچە كۈندىن بىرى يازغان ئەسلىمىلىرىم غايىب بوپتۇ، كومپيۇتېردىن ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى، ھەممىسى ئۆچۈپ كېتىپتۇ. مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلاپ كومپيۇتېرنىڭ نەرىنى خاتا بېسىپ سالغانلىقىمنى بىلمىدىم.

ئاخۇنوپنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ئاخۇنوپ ئالەمدىن ئۆتكەندە تېخى گۆدەك بىر بالا ئىدى. ئۇنىڭ تەققى ـ تۇرقى دەل ئاخۇنوپنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قاپتۇ، مېنىڭ ئۇنىڭغا مەسلىكىم كەلدى، باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ دادىسىنىڭ جەسىتىنى قاراجۇلنىڭ «ئېسىلغان قول» دېگەن يېرىدىن يۆتكەپ كېلىپ، قەشقەردە قايتىدىن دەپنە قىلماقچى بوپتۇ، بۇ مىش - مىش خەۋەرنى ئاڭلىغان ختاي دائىرىلىرى، ئاخۇنوپنىڭ ئوغلى ئەرتئوغۇلغا قاتتىق بېسىم ۋە ھەيۋە قىلىپتۇ. ئۇ، ئۇنىڭغىمۇ پسەنت قىلماي دادىسىنىڭ جەسىتىنى ئەكېلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان دىنى ئۆلىمالىرىمىز، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ «شېھىتنىڭ ئۆز جايىدا ياتمىقى پەرزدۇر. ئۇنى يۆتكىمەڭ!» دېگەن نەسىھەتى بىلەن توختاپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم، مەن ئۇ بالا بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىم بار ئىدى، قەشقەردە كۆپ تۇرالمىغانلىقىم ئۈچۈن بەزى مۇھىم ئىشلار بىلەن ئۇچرىشىشقا مۇيەسسەر بولالمىدىم...

قوماندان ئاخۇنوپ قورالىق قوزغىلاڭغا ئاتلىنىش پەيتىنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، پۈتۈن جەنۇبنى بىر مۇستەھكەم بازا قىلىپ قۇرۇپ چىقىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ناھىيە، يېزىلارغىچە يۇرۇشلەشكەن ھەربىي كومىتېتلارنى قۇرغان ئىدى. ئاخۇنوپ ئەۋەتكەن ئالاقىچىلار ناھىيىلەرگىچە تەكرار بېرىپ، قورالىق قوشۇن قۇرۇش ئىشىنى جىددىي ئېلىپ بارغان ئىدى. مەكىت ماراللبېشى، يوپۇرغا، يەكەن، توققۇزاق، ئاتۇش ... قاتارلىق ناھىيىلەردە قورالىق قوشۇنلار ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ، ئاخۇنوپنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدى.

پەيلو مەيدانىغا توپلانغان ئاخۇنوپچىلار بىر يەرگە جەم بولساق، بىر مۇنتىزىم ئارمىيە يېغىدىن شەكىللەنگەندەك مۇھىت يارىتىلاتتى. ناھىيىلەردىن كېلىپ كەلگەن ئەزىمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاخۇنوپقا بىۋاستە چېتىشلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدى مۇددەتسىز، ئەڭ ئاخىرى 15-، 20 يىللىق كېسىلىپ كەلگەن ئىدى، 1974 - يىلىغا كەلگەندە، پەيلو مەيداندىكى ئاخۇنوپچىلار يەنە بىر يەرگە توپلىنىپ، قورالىق قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغاندا، پاش بولۇپ قېلىپ، پۈتۈن مەيدان ھەربىي ھالەتكە ئۆتكەنىدى. ھەربىيلەر ئېغىر قوراللىرىنى



كۆتۈرۈشۈپ، ئاتلىرىغا مىنىشىپ، كېچە - كېچىلەپ سىياسىي مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن چىقارماي، پاراكەندىچىلىك بىلەن بىر نەچچە ئاينى ئۆتكۈزگەن ئىدى. قولغا چۈشكەنلەرنىڭ ھەممىسى، جىنايەتنى يولۋاس ھەسەننىڭ ئۆلۈمىگە دۆڭگەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا كۆپ ئادەمنىڭ قايتىدىن جازا مۇددىتىنىڭ ئۇزارتىلىشى بىلەن ئاخىرلاشقانىدى. شۇندىن كېيىن ئاخۇنوپچىلارنى بىر يەرگە قويماي باشقا - باشقا دادۇي ۋە ئەترەتلەرگە تارقىتىۋەتكەنىدى.

## 2- مىللىي قەھرىمان مىجىت سىلىڭنى ئەسلەيمەن

مىللىي قەھرىمان مىجىت سىلىڭ قەشقەر شەھىرىدىن بولۇپ، ساقى قاسساپ ئۇرۇقىدىن ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى ساقاخۇن بىر ئۆمۈر قاسساپلىق بىلەن قەشقەردە جاھانسازلىق قىلغان كىشى ئىدى. مىجىت ساقى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 3 يىللىق ھەربىي مەجبۇرىيەتنى ئۆتەپ، قەشقەر خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت ساقچىسى بولۇپ ئىشلىگەن، كېيىن قەشقەر شەھەرلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ ياغاچچىلىق كەسپى بويىچە بىناكارلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن. ئۇ شېھىت بولۇش ھارپىسىدا تېخى 29 ياشلاردا ئىدى.

مىللىي قەھرىمان مىجىت ساقى قەشقەر شەھىرىنىڭ ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نامى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا تېزلا تارقىلىپ، خەلق ئارىسىدا مىجىت سىلىڭ، دېگەن نام بىلەن تونۇلدى. بولۇپمۇ ئاتۇشتىن تارتىپ شىبكەر كۆل، سانساكو، مارالبېشى، ئاقساقمارال، شامال، چوڭقۇرچاق، سېرىق بويا، يېڭى ئۆستەڭ، ئاۋات يېزىلىرىدا دېھقانلار ئارىسىدا ھەرخىل سۆز - چۆچەكلەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرىدى. مىجىت سىلىڭنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئالايىتەن قەشقەرگە كەلگەن شەخسىيلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇندىن باشقا يېڭىشەھەردىن تارتىپ تاكى پوسكام، يەكەننىڭ يېزىلىرىدىمۇ مىجىت سىلىڭنىڭ سۆز - چۆچەكلىرى بۆلۈك - بۆلۈكىدا داستان قىلىنىپ ۋەزخانلارنىڭ مەركىسىگە ئايلىنىدۇ

مەن، مىجىت سىلىڭ بىلەن ئوخشىمىغان كۆز قاراشتا بولغانلىقىم ئۈچۈن ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قارشى رەقىبلەردىن ئىدۇق. ئەينى ۋاقىتتا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ خۇددى شەيتاندەك ماھارەت بىلەن 72 تۈرلۈك ھىيلە-مىكىر قوللىنىپ شەرقىي تۈركىستاندىكى مىليونلىغان ئوغلانلارنى بىر-بىرىگە ئىشەنمەس ۋە رەقىبگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئويلىسام ئىچىم زەھەر يېگەندەك ئاچچىق بولىدۇ. قاراڭ مەن شۇ چاغدا ۋاڭ ئېنماۋنى قوغدايدىغان «سانسۇ» دېگەن ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ ئىچىدىكى بىر خىزمەتچى خادىم سۈپىتىدە ۋەتەن-مىللەت ئۈچۈن ئىشلىدىم. بىز بىر - بىرىمىزنى تولۇق چۈشەنمەيتتۇق ۋە ئۆز-ئارا ئىشەنمەيتتۇق!

بىر-بىرىمىزنى كۆرسەك ئۆلتۈرۈۋېتىشتىنمۇ يانمايتتۇق. ھەر قايسىمىزنىڭ ئۆز ئالدىمىزغا تارتىۋالغان قوراللىق قوشۇنلىرىمىز بارئىدى. دۈشمەنلىك كەيپىيات تازا ئەۋج ئالغان 1968 - يىلىنىڭ ئاپرېل ئايلىرىدا، بىزنىڭ تەشكىلاتتىكىلەر مىجىت سىلىڭنى يوقىتىۋېتىش پىلانىنى تۈزۈپ بۇ پىلاننى مەن باشلىق ئابدۇرېھىم ھەسەن، ئەييوپ ئاخۇن، مەمتىلى... قاتارلىق كىشلەرنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ. بىز مىجىت سىلىڭنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئالدىن تەييارلىق قىلىپ، قەشقەر شەھىرى ئۆستەڭ بويى 2 - ئاشخانىنىڭ ئالدىدا ياكى ئاشخانىنىڭ ئىچىدە يوقىتىش مەشقىنى ئېلىپ بارغان ئىدۇق.

مەلۇم بىر كىشى مىجىت سىلىڭنى مېھمان قىلىش نامى بىلەن 2 - ئاشخانىغا ئېلىپ كەلمەكچى ئىدى، بىز ئاشخانىنىڭ ئالدىدا ھەر پەيشەنبە بولىدىغان كىچىك بازاردا، يالغاندىن تۇز ساتقان بولۇپ، بىر ھارۋىغا تۆت پارچە شور تۇزنى، يەنە بىر كالا ھارۋىسىغا بەش دانە پولۇ كاۋىسىنى باسقان بولۇپ، دېھقانچە ياسىنىپ، كورەك جۇۋىنىڭ ئىچىگە ئالدىن تەييارلىۋالغان پارتلاتقۇچ بومبا بىلەن يەڭ قوراللىرىمىزغا ئوقنى راۋۇرۇس قاچىلاپ، ساقلاپ تۇرغان ئىدۇق.

مىجىت سىلىڭنى ئېڭىكىنىڭ ئاستىدىن مېڭىسىگە قارىتىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈشنى، ئوقنىڭ باشقىلارغا تېگىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، تېببىي مەكتەپنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە ھەربىي مەشىق ئېلىپ بارغان ئىدۇق. ھازىر بۇ ئىشلارنى ئويلىسام ئۈيۈلمەن!

مىللىي قەھرىمان مىجىت ساقىنىڭ كېلىشىگە يىرىم سائەتچە قالغان ئىدى. مەمتىلى تۆرەخان ھاسىراپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ماڭا بىر پارچە خەتنى بەردى، خەت خەيرۇللانىڭ پوچېركىسى ئىدى. خەتتە «دۈشمەن ئۆز ئادىمىمىز، ھەرىكەت توختىتىلسۇن» دېيىلگەن ئىدى، مېنىڭ كاللام قوداڭشىپ كەتتى، قانداقمۇ مىجىت سىلىڭ بىزنىڭ ئادەم بولىدۇ...... مەن خەيرۇللانىڭ بۇيرۇقنى بۇزالمايتتىم. ئۇ مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇسىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆلۈمگە ماڭاتتىم.

ئادەملىرىمنى باشلاپ ھارۋىلارنى تاشلىۋېتىپ، زۇۋان سۈرمەي، قىزىل دۆۋە يولى بىلەن شامالباغ يېزىسىنىڭ ئۇجمىلىك دادۈيى ئارقىلىق ئۇن زاۋۇتىغا كىرىپ كەتتىم، مەن بىلەن بىللە بارغانلا، مەندىن گەپ سوراپ، نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سوراپ جاۋاب ئالالمىغان ئىدى. مەن كاللامدا مەن بىلەن بىللە بارغانلارغا ئەمەس «سانسو» قوماندانلىق شتابىغا باھانە كۆرسىتىشىم كېرەك ئىدى.

-قايتىپ كەپسلەرغۇ؟ نېمە بولدى؟ ئىش پۈتتىمۇ؟

-ياق! ئىچىمىزدىن خائىن چىقىپتۇ، بىرى مىجىتقا خەۋەر قىلغان ئىكەن. ئۇ بىزدىن بۇرۇن ھەرىكەتلىنىپ، ھەممە يەرگە قاراۋۇل قويۇپ، ئاسمانغا تور، يەرگە قاپقان قۇرۇپ تۇرغان ئىكەن، بىزنىڭ ئىدارىدىكى بىرى ماڭا بۇ خەۋەرنى ئېلىپ كېلىۋېدى، دەرھال قايتىپ كەلدۇق، خۇدا ساقلىدى، ئۇ بىزگە خەۋەر قىلمىغان بولسا، بىز بەشىمىز تەڭلا ئۆلەرمىزكەن....

-ئۇلار قانداق بىلگەندۇ؟ كىم ئۇلارغا خەۋەر قىلغاندۇ؟ بۇنى سىلەردىن باشقا ھېچ كىم بىلمەيتتىغۇ؟

سوراق ئۈستىگە سوراق، مۇلاھىزىلەر ئۇزۇن داۋام قىلدى، مەن زۇۋان سۇرمەي، ئۇلارنى ئىشەندۇرۇش ئۈچۈن يەنە باھانە ئىزدەۋاتاتتىم. بىرى: - ئادەملەرگە ئىشىنىپ بولمايدۇ، ھەر ھالدا سىلەر سالامەت قايتىپ كەپسىلەر. بۇندىن كېيىن مۇنداق تەۋەككۈلچىلىكنى قىلماڭلار!»،- دېدى.

بۇ ئىش شۇنداق پۈتكەندىن كېيىن، ئاخۇنوپ بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىدىن خەۋەر تېپىپ، «بۇرۇت بىلەن چوقۇرنى دەرھال بىر ئارىغا ئەكېلىپ تونۇشتۇرۇپ قويۇڭلار، بۇندىن كېيىن جىق ئىشلارنى بۇ ئىككىسى ئارقىلىق قىلغىلى بولىدۇ» دەپ، خەيرۇللاغا تاپىلىغان ئىكەن. مىجىت چوقۇر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاخۇنوپ ئۇنى چوقۇر دەپ، ئاتايىتتى، مېنىڭ تەشكىلاتتىكى لەقىمىم «بۇرۇت» بولغانلىقى ئۈچۈن «بۇرۇت» دەپ مۇئامىلە قىلاتتى. مەخپىي تەشكىلاتتا ھېچ ۋاقىت ئۆز ئىسمىمىز قوللىنىلمايتتى.

شەھەر كوممۇنىستىنىڭ ئالدىدا، ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ دەل ئۇدۇلىدا ئەمەت چۆمۈچ دېگەن بىر كىشى دوغچىلىق دۇكان ئاچاتتى، ئۇنىڭ دوغىنىڭ تەمى، ئېتىش ئۇسۇلى باشقىچە ئىدى. يازنىڭ تومۇز ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مەمتىلى تۆرەخان مېنى ئەگەشتۈرۈپ، ئەمەت چۆمۈچنىڭ دۇكىنىغا ئېلىپ كەلدى، مەن بارغىلى ئۇنىماي ئۆزۈمنىڭ ھاياتىمدىن ئەنسىرىگەن ئىدىم.

مەمتىلى كۈلۈپ كېتىپ:

-سېنىڭ ھاياتىڭغا كېپىللىك قىلىدىغان كىشىنى ساڭا ھازىر تونۇشتۇرىمىز، ئۇ كىشى سېنىڭ ھاياتىڭغا كېپىللىك قىلىدۇ، قورقما!-دېدى.

راست دېگەندەك خەيرۇللا بىلەن مىجىت سىلىڭ كۈلۈشۈپ كېلىۋاتاتتى، مەن مىجىتنى كۆرۈپلا ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەن ئىدىم.

-ئۇستام بەش موچەندىن تۆت قاچا دوغ ياسىسىلا!-دېدى، مەمتىلى تۆرەخان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمەت چۆمۈچ ھەممىمىزگە بىر قارىۋېتىپ:

-مۇندىن كېيىن مىجىت سىلىنىڭ جانابلىرى پات - پات كەپ تۇرسا بولغۇدەك، دۇكان ئېچىپ بەش موچەنلىك دوغ سېتىپ باقمىغان ئىدىم، بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ سودام بوپقالدى، ياشىسۇن مىجىت سىلىڭا!- دەپ دوغ ئېتىشكە باشلىدى.

ئۇ زاماندا دوغنىڭ بىر قاچىسى بىر موچەن ياكى بەش پۇڭلۇق ئىدى. بەش موچەنگە ھېچ كىم دوغ ئىچمەيتتى. ياشىسۇن قوماندان مىجىت! دېگەن شوئار كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى سۆزىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

دوغنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، كەسكەنيار دېگەن مەھەللىگە بېرىپ بارات ھاجى (مەرھۇم مەككىدە ۋاپات بولدى. تۈركىيە ئىستانبۇلدا ياشىغان ئىدى) نىڭ ئۆيىگە كىرىپ مۇڭدىشىپ ئۆز ئارا تونۇشۇپ، بىر - بىرىمىزنى ئۆزئارا قوغدايدىغانغا ۋەدە بېرىشتۇق ھەمدە شەرقىي تۈركىستان ئازادلىقىغا دائىر كەلگۈسى قىلىدىغان ئىشلارنى تەھلىل قىلىشتۇق.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتە ئۆتمەي، خەلق باغچىسىنىڭ ئالدىدا، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ تا ئالىي مەكتەپكىچە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم، كەسپىدىشىم مۇھەممەد روزى بىلەن مۇڭدىشىپ تۇرساق تونۇمىغان بىر توپ ئادەملەر كېلىپ مېنى تۇتۇپ كەتتى. مەن دەرھال مۇھەممەد روزىغا:

- مەمتىبلى تۆرەخانغا ئېيتىپ قوي! ئۇ ھازىر يارۋاغ كۆكتات شىركىتىدە ماشىنىغا سەي بېسىۋاتىدۇ،- دېدىم.

مېنى دەرھال قۇتۇلدۇرۇۋالمىسا، ئۇ ۋاقىتنىڭ ۋەزىيىتىدە مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ياكى مېيىپ قىلىپ قويۇش خەۋپى بار ئىدى، ئۇلار مېنىڭ بېشىمغا تاغار كىيدۈرۈپ، بىر يەرلەرگە ئېلىپ كەتتى. قارىسام مېنى ئۇلار شەھەر ئىچىدىكى بىر ئاشلىق دۇكىنىنىڭ ئىچىگە سولاپ قويغان ئىكەن. قاراڭغۇ چوشكىلى تۇردى، كەچ قالسام خەتەرلىك ئىدى. كېچىسى ئادەمنى ئادەم پەرق ئېتەلمىگەن پەيتتە ئادەم ئۇرۇش قىيىنلاش ئىشلىرى يۈز بېرەتتى. ھېچ بولمىغاندا مېنى مالىيە سودا سىستېمىسىدىكى تەشكىلاتلارغا تاپشۇرۇپ بەرگەن تەقدىردىمۇ مېنى ساق قويمايتتى. غەم بىلەن ئولتۇرسام، مىجىتنىڭ ئاۋازى چىقىپ قالدى، مۇھەممەد روزى دېگەن ساۋاقدىشىم بېرىپ مەمتىبلى تۆرەخانغا دېگەن ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن مىجىت مېنى قۇتۇلدۇرغىلى ئالايىتەن كەلگەن ئىكەن.

-سىلەر ئۇنى شەھەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن تۇتۇپسىلەر. يا ئۇنىڭ قولىدا قورال بولمىسا ياكى ئۇرۇش رايونىدىن تۇتمىساڭلا، ھازىر ئۇلارنىڭ ياڭراتقۇلىرى ئادىمىمىزنى قويۇپ

بەرمىسەڭ، سىنىڭ 10 ئادىمىڭنى تۇتۇپ ئۆلتۈرمىز دەۋاتىدۇ. ئۇنى دەرھال قويۇۋېتىڭلار، بىزگە ئىش تىرىپ بەرمەڭلار،-دېدى.

ئۇلار مېنى كوچىغا ئاچىقىپ بېشىمدىكى تاغارنى ئېلىۋېتىپ قويۇپ بەردى. مەن دەرھال يالغاندىن «سانسو» قوماندانلىق شتابىغا، ئۇلارنىڭ تېلېفونى بىلەن تېلېفون قىلىپ، مېنى قويۇپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ قويدۇم. مېنىڭ مۇنداق قىلىشىم يەنىلا مىجىت سىلىڭنى ئاقلاش ئىدى، مەن يولدا كېتىۋاتسام، بىزنىڭ تەرەپتىكىلەرنىڭ ياڭراتقۇسىدىن چىققان ئاۋازدا، ئۇلار قانداقلا بولمىسۇن بىزنىڭ ئادەمنى ساق قويۇپ بەردى. ئۇلاردا بىرىنچى قېتىم سەممىيەتنىڭ ئەكس ئەتكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق..... دېگەن تەلەپپۇزدا سۆزلەۋاتاتتى... ھۆكۈمەت ۋە خىتايلار قۇرغان قارمۇ-قارشى تەشكىلاتلاردا شەرقىي تۈركىستانچىلارنىڭ بارلىقىنى خىتاي بىلەتتى، ئەمما خىتاي تاجاۋۇزىغا قارشى مەخپىي ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىنقىلابچىلىرىمىزنى ئۆزىنىڭ قولى بىلەن يوقىتىۋېتىش تاكتىكىسىنى قوللىناتتى! ئوچۇق بىر نەرسە دېسە جەمئىيەتتە خىتايغا قارشى خەلق ئۇرۇشىنىڭ يامراپ كېتىشىدىن قورقاتتى. سەۋەب قورال-ياراقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى، خىتاينىڭ ۋەتىنىمىزدە پۇت دەسسەپ تۇرۇشى قىل ئۈستىدە تۇرغاندىنمۇ بەتتەر قىيىن ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى.

ئۇزاق يىل تاقالغان قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ يېڭىدىن ئېچىلىشىدا مىجىت سىلىڭنىڭ رولى چوڭ بولدى! بۇ كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ يىللاردا!

1966 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قەشقەردىكى بىر توپ ئالدانغان ئەسەبىي شۇمتەكلەر، «تۆت كونىنى بۇزۇش» نىقابى بىلەن قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئۈستىدىكى قۇببىلىرىنى ئۇرۇپ، چېقىپ قىسمەن بۇزغۇنچىلىقلارنى قىلغاندىن سىرت، جامەنى تاقاپ پېچەت سېلىۋەتكەن ئىدى، شۇ پېچەت سالغان پېتى جامائەت جامەنىڭ ئالدى ئىشىكىدىن كىرىپ ناماز ئوقۇيالماي يان ئىشكلىرىدىن كىرىپ ناماز ئوقۇيدىغان بولغان ئىدى.

ۋەزىيەتنىڭ جىددىي تەقەززاسى بىلەن ئاخۇنوپ كىشلەردىن پىكىر ئېلىپ، جامەنى ئېچىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلايدۇ، بۇ ئىشنى پەقەت قەشقەر شەھىرىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈۋاتقان مىجىت سىلىڭغا تاپشۇرسا ئۇنۇمىنىڭ زور بولىدىغانلىقىنى سەزگەن ئاخۇنوپ، قوماندان مىجىتنى چاقىرىپ بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا تاپىلايدۇ، مىجىت سىلىڭ ئالدى بىلەن ھېيتگاھ جامەنى گۈللەندۈرۈش كومىتېتى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا ياشلاردىن مۇھەممەد ئىمىن مىرزا، مۇھەممەد ئىلى رازىق قاتارلىق ياشلارنى سەپلەپ، تۈزۈم، نىزامنامە بېكىتىپ ئىشقا

www.uyghurkitap.com

تۇتۇش قىلىدۇ، خالا ياسىتىلىدۇ، داۋۇ - دەرەخلەر پەرۋىش قىلىنىدۇ، كۆللەر چېپىلىپ سۇ قويۇلىدۇ.

خالانىڭ كىرىم - چىقىمى ۋە باشقا كىرىم مەنبەلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابلاپ، بىر يۈرۈش پىلانلارنى قىلىدۇ، قەشقەر شەھەردىن مەلۇم مىقداردا پۇل ئاجرىتىپ قۇرۇلۇشنى باشلايدۇ. نەققاشچىلىق ئىشلىرى داڭدار ئۇستا مۇھەممەد ئىمىن نامانغا تاپشۇرۇلۇپ، جامەنىڭ ئىچى، تاملاردىكى، تۈۋرۈكلەردىكى گۈلگەرلىكى، نەققاشچىلىقى، ئالدى ئىشىكىدىكى قۇرئان يېزىقى خەتلەر، ۋىۋىسكىلار يېڭىدىن بۇرۇنقىدىنمۇ كۆركەم قىلىپ يېزىلىپ تۈزەشتۈرۈلىدۇ. «قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى يېڭىدىن ياسىلىشقا باشلىنىپتۇ، قۇربان ھېيتقا ئۈلگۈرۈپ پۈتىدىكەن» دېگەن خەۋەر تېز مۇددەت ئىچىدە ھەممە ناھىيە شەھەرلەرگە تارقىلىدۇ. 1968 - يىلى قۇربان ھېيتقا ئۈلگۈرتۈپ جامە پۈتتۈرۈلىدۇ. شۇ يىلى ناماز ئوقۇغىلى كەلگەن كىشىلەرنىڭ سانى تارىختىكى ھەرقانداق سەۋىيىدىن كۆپ بولغان ئىدى، نامازغا يېڭىشەھەر، توققۇزاق، يەكەن، يېڭىسار، پوسكام، ئاتۇش، ئاقتۇ... قاتارلىق يەرلەردىن مۇسۇلمانلار كېلىپ ناماز ئوقۇغان ئىدى. ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ يېڭىدىن ئېچىلغانلىق خەۋىرى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىغىمۇ بېرىپ يېتىدۇ. ھەمدە مىجىت سىلىڭغا بولغان خەلقنىڭ ھۆرمىتىمۇ كۈنسايىن ئاشىدۇ.

قوماندان مىجىت ساقىنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭغا قوشقان تۆھپىسى ناھايىتى زور بولدى!

شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى، قەشقەر شۆبە بيۇروسى، قەشقەردە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە جىددىي تۇتۇش قىلىنىدۇ.

قوزغىلاڭنىڭ ئىككىنچى ھەرىكەت يۆنىلىشى قەشقەر، ئوپال، تاشمىلىق، ئويتاغ، مۇجى، تاغارما، سۇۋاش داۋان، تاشقورغان، پاكىستان، ئافغانىستان، كەشمىر قاتارلىق يۆنىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. مۇبادا قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغان تەقدىردە، چېكىنىش يوللىرىنى پۇختا ھازىرلاپ، چارلاش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلەتتى.

بۇ ئىنتايىن مۇشكۈل ۋە مۇشەققەتلىك ۋەزىپە ئىدى. قوراللىق قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىش كومىتېتى، مىللىي قەھرىمان مىجىت سىلىڭنى بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، دەپ قاراپ، چارلاش خىزمىتىنى مىجىت سىلىڭغا تاپشۇرىدۇ. مىللىي قەھرىمان مىجىت سىلىڭ، ئۆزىنىڭ يېقىن ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن بىر نەچچىنى ئېلىپ، ئۆزى باش بولۇپ، ئوپال، تاشمىلىق، ئويتاغ، سۇۋاش، ھەتتا تاشقورغاننىڭ ھازىرقى قونجىراپ ئېغىزىغىچە

بېرىپ، يەرلىك خەلق بىلەن ئۇچرىشىپ، رازۋېدكا قىلىپ كېلىدۇ ھەمدە ئويتاغ، مۇجى، تاغارما دېگەن يەرلەردىكى ئاتالمىش خىتاي دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ ئورۇنلىشىش، قورال ياراق مەنبەسىدىن تارتىپ تەپسىلىي بىر قوللۇق مەلۇمات ئېلىپ كېلىپ، قوراللىق قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىش كومىتېتىغا تاپشۇرىدۇ. قايتىش سەپىرىدە تاشقورغان يولىنى ياساۋاتقان خىتاينىڭ تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىگە ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇلار بىلەن بىر قەپەس قوراللىق توقۇنۇشۇپ، خىتاي ئارمىيىسىنى ئازدۇرۇپ، ئامان ـ ئېسەن غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىدۇ. مىجىت سىلىڭنىڭ شۇ قېتىمقى ئېلىپ كەلگەن ھەربىي مەلۇماتى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

قوماندان مىجىت سىلىك ئېلىپ كەلگەن ھەربىي مەلۇمات بويىچە، قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىش لايىھە خەرىتىسى سىزىپ چىقىلغان ئىدى. بۇ خەرىتە كېيىنكى كۈنلەردە دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ، تاغارما، مۇجىدىكى ئارمىيە كاتتىۋاشلىرىنىڭ جازالىنىشقا سەۋەبچى بولغان ئىكەن.

مىجىت سىلىڭنىڭ مەكىت زەرەپشان مۇستەقىل پولكىنى تەشكىللەپ قۇرۇشتىكى رولى زور بولغان. ئاتالمىش مەدەنىيەت ئىنقىلابىي تازا يۇقىرى پەللىگە چىققاندا، مەكىتتىكى خىتاي تاجاۋۇزىغا قارشى ئىسيانچى كۈچلەر مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەرىكەتلىنىپ ئۆزىنىڭ تەشكىلى ئاساسىنى قۇردۇ.

بۇ تەشكىلات، قارشى تەرەپنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ، مەكىتتە پۇت تىرەپ تۇرالماي، قەشقەرگە چېكىنىدۇ. ئۇلارنىڭ چېكىنگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان مىجىت سىلىك، چىنىۋاغ مېھمانخانىسىدىن ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلار بىلەن ئۇزۇن مۇڭدىشىپ، قايتىدىن تەشكىللىنىپ يېڭىۋاشتىن ئىش باشلاشنى بۇيرۇيدۇ. شۇنداقلا بىر يۈرۈش قورال ياراقلارنى بېرىپ، قايتىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ئۈندەيدۇ.

مۇھەممەد ئىمىن قادىر مەكىتكە بارغاندىن كېيىن، خەلق ئاممىسىنى قايتىدىن قوزغاپ، قورال كۈچى بىلەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ، بىر قىسىم خىتاي ئەمەلدارلارنى تۇتۇپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ، دارغا ئېسىپ خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا سازايى قىلىدۇ، قالغان خىتايلار ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ يوشۇرۇنىدۇ، بەزىلىرى ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ ئۇلارنىڭ ھىمايىسىدە جېنىنى ساقلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەكىت مەخپىي قوزغىلاڭچىلار قولىغا يېڭىدىن ئۆتىدۇ.

مەكىت ۋەقەسى تېز ئارىدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە يېزىلىرىغىچە ھەتتا

تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىغىچە بېرىپ تارقىلىدۇ. بۇ ئىشتىن تولۇق خەۋەر تاپقان ئاخۇنوپ، مىللىي قەھرىمان مىجىت سىلىڭنى ئىشقا سېلىپ، ئۇ يولۋاسنى ئۇندەككە كەلتۈرۈپ، پىلانلىق ھەرىكەت قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ھەققىدە يولیورۇق بېرىدۇ. مىجىت سىلىڭ مەكىت ناھىيىسىگە بېرىپ مۇھەممەد ئىمىن قادىر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى قوللاپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۇنىڭغا ۋەتەن سۆيۈش، مىللەتپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ئېلىپ بارىدۇ، كىچىكىدىن تارتىپ ۋەتەنگە مۇھەببىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئوت يۈرەك بۇ ياش سەركەردە، پارتىيە نىزامنامىسىنى ئوقۇپ، تېز ئارىدا شەرتلەرنى قوبۇل قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىگە كىرىش ئىلتىماسىنى سۇنىدۇ.

بۇ ئىش بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ شۇ كۈنلەردە تازا قىزىغان ۋاقتى ئىكەن، ھەر ئۈچ كۈندە بىر خىتاي جىنايەتچىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ دارغا ئېسىپ تراكتور پونكىتىنىڭ دەرۋازىسىغا ئېسىپ سازايى قىلىدىكەن. ناھىيىدىكى خىتايلار كوچىغا چىقالمايدىغان، ئازراق يولى بارلىرى خوتۇن باللىرىنى ئېلىپ مەكىتتىن خىتايغا كېتىشكە باشلىغان ئىكەن. بىز ئەڭ ئاخىرقى قېتىم شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى قەشقەر بيۇروسىنىڭ سېكرېتارى ئاخۇنوپنىڭ يولیورۇقىنى ئېلىپ مەكىتكە بارغىنىمىزدا، مەكىت تراكتور پونكىتىنىڭ ئالدى دەرۋازىسىغا بىر خىتاينىڭ جەستى ئېسىقلىق ئىكەن. يۇقىرى بېسىملىق ياڭراتقۇدا ئۇ خىتاينىڭ جىنايى قىلمىشلىرى ئوقۇلۇۋېتىپتىكەن، خەلقنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرىغا بولغان ئۆچمەنلىكى ھەددىدىن زىيادە ئىكەن.

ئۇ خىتايغا بېرىلگەن ئۆلۈم ھۆكۈمنامىسىدە مۇنداق جىنايەتلەر ئېنىق يېزىلغانىكەن:

جىنايەتچى ياڭ، 1960 - يىلى خىتايدىن ئېقىپ كەلگەن بولۇپ، ئورمان مەيدانىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، كېيىن ناھىيىنىڭ ئەمەلدارى بولغان، مەدەنىيەت ئىنقىلابىي باشلانغاندىن تارتىپ كۆپ قېتىم قوراللىق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ بىزنىڭ بىگۇناھ ئادەملىرىمىزدىن 12 ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان. پاختا تەرگىلى چىققان دېھقانلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ئىپپەت نومۇسىغا تېگىپ خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان. زارات ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى بىڭتۇەن خىتايلىرى بىلەن بىرلىشىپ بىزنىڭ تۇرار جايىمىزغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرسۇن ۋە ئوسمان ئىسىملىك ئىككى ياش جەڭچىمىزنى سىرتماق بىلەن سىقىپ ئۆلتۈرگەن، ئارقىدىن تۇرار جايىمىزغا باستۇرۇپ كىرىپ نۇرغۇن ئادەمنىڭ يارىدار بولۇش ۋە ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان....... كەلتۈرگەن ئىقتىسادىي زىيىنى بەكمۇ ئېغىر.......

خەلقنىڭ جىددىي تەلىپىگە ئاساسەن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش جازاسى بېرىلدى.......

مەن، مۇشۇ ئەسلىمىلەرنى ئىنتېرنېت تور بېتىدە ئېلان قىلىۋاتقان مەزگىللەردە، بىر كىشى ماڭا تېلېفون قىلىپ تونۇشلۇق بەردى. ئۇ ئادەم مەخسۇم ئىكەن. مەخسۇم ئۇ ۋاقىتتا 14 ياشلىق بىر كىچىك جەڭچىمىز ئىدى.

مەن مەكتەپتىكى كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، تراكتور پونكىتىنىڭ ئىچىدە ھەربىي مەشىق بولغاندا ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىۋالغان قورالىنىڭ كەلەڭسىزلىكىدىن ئۇنىڭ قورالنى باشقۇرالمىغانلىقىنى سېزىپ ئۇنىڭغا باشقا بىر قورال تېگىشىپ بەرگەن ئىدىم. ئۇ تۈركلەنكە دەيدىغان، ستولى ئادەتتىكى مىلتىقتىن ئۇزۇن، ئوقىمۇ ئەڭ ئۇزۇنغا بارالايدىغان بىر مىلتىقنى ئېسىۋالغان ئىكەن، مىلتىق ئۇزۇن بولغاچقا يول ماڭغاندا يا يەرگە پاينىكى تېگەتتى يا مىلتىقنىڭ سىدوسى باشقىلارغا پۇتلىشىپ زادى ئاراملىق بەرمەيتتى. ئۇنىڭ قورالى ئادەتتە شۇ زاماندا ئىنسانپەرۋەر قورال ھېسابلىناتتى، چۈنكى ئۇنىڭدىن چىققان ئوق ئادەمنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگمىسىلا جاراھىتى تېز ساقىيىپ كېتەتتى، ئوقى ھەم ستانكىۋاي پىلىموتقا چۈشەتتى.

مەن ئۇنىڭدىن يېشىنى سورىسام، تۇرۇپ قېلىپ 17 ياش دەپ جاۋاب بەردى. مىلتىقىڭنى ماڭا بەر، دېسەم، مىلتىقنى چىڭ قۇچاقلاپ، مەن بۇ مىلتىقنى خىتايلارنىڭ قولىدىن ئالغان، بىزدە ئۆلجىنى كىم ئالسا قورال شۇنىڭ بولىدۇ، دېدى. مەن سېنىڭ قورالىڭنى تارتىۋالمايمەن، قورالىڭ ئۇزۇن كەپقاپتۇ، ساڭا يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىقتىن بىرنى بېرەي دېدىم. چۈنكى يېرىم ئاپتومات مىلتىق شۇ زاماندا بىر قەدەر ئىلغار قورال ھېسابلىناتتى. مەخسۇم ماڭا ئىشەنمىگەندەك قىلىپ ئاۋۋال مىلتىقنى بەرسىلە، ئاندىن مەن بۇ مىلتىقنى سىلىگە بېرەي، - دېدى، مەن مۇھەممەد ئىمىن قادىرغا دەپ قورال ئامبىرىدىن بىر دانە يېڭى يېرىم ئاپتومات مىلتىق ئاچىقىپ، يېتەرلىك ئوقى بىلەن ئۇنىڭ قورالىنى تېگىشىپ بەرگەن ئىدىم.

مەخسۇم كەتكەندىن كېيىن، مۇھەممەد ئىمىن قادىر ماڭا:

- ئۇ ھازىر 14 ياشتا، قورالنى تارتىۋالىدۇ دەپ يېشىنى قەستەن 17 ياش دەۋالدى،- دېگەن ئىدى.

مەخسۇمنى، مەخسۇم ھاجى دەيدىكەنمىز، ئۇ ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەن ئىكەن.

ئۇنىڭ بۇ قېتىم ئېيتىپ بېرىشىچە:

مۇھەممەد ئىمىن قادىر قەشقەردىن كەلگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن مەكتەپكە يېقىن بولغان پەيلو مەيدانىنىڭ قوراللىرىنى بۇلاپتۇ. ئۇ قېتىم قورال بۇلىغاندا مەكتەپكە كىرەلمەي، يوپۇرغا ناھىيىسىگە قاراپ مېڭىپتۇ، ئادەم جىق بولغاچقا، قوراللارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش بىئەپ

بولغاچ، دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇپ، مەكتەپكە كېتىشىنىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتسا، يوپۇرغىدا قورال - ياراقلارنىڭ بارلىقى سېزىلىپتۇ، ئۇلار ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، سېرىق بويىدىكى ئىشەنچلىك ئادىمى بولغان ئابدۇۋاھىت ئەھمەتنى چاقىرتىپ كېلىپ، يوپۇرغا ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمنىڭ قوراللىرىنى بۇلاپ ئېلىپ كېتىپتۇ، مەكتەپكە كىرىش ئىمكانىيىتى زادى بولماپتۇ، چۈنكى مەكتەپتىكى خىتايلار بىگىتۇەنىنىڭ ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپ يول توسۇپ ياتقانىكەن.

ئۇلار مەكتەپكە كىرەلمىگەندىن كېيىن يول يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ مارالبېشى تەرەپكە مېڭىپتۇ. مارالبېشىنىڭ ئاقساقمارال، سېرىق بويا، ئالاغىر، چوڭقۇرچاق، يېڭى ئۆستەڭ، ئاۋات قاتارلىق جايلىرىغا بېرىپ قوشۇن زورايتىپتۇ، سېرىق بويىنى تايانچى ئىستىھكام قىلىپ ئابدۇۋاھىت ئەھمەتنى قوماندان قىلىپ بېكىتىپتۇ.

ئۇلارنىڭ قوشۇنى ئىچىدە يوپۇرغىدىن كېلىپ قوشۇلغان ئەسكەرلەرمۇ بار ئىكەن. بۇ قوشۇن بىر مەزگىل مارالبېشى ناھىيىسىدە تۇرغاندىن كېيىن، مەكتەپتىكى خىتاي قوشۇنلىرى ساقلاۋېرىپ زېرىكىپ ئادەملىرى ئازلىغىلى باشلاپتۇ، رازۋېدكىچىلەرنىڭ ئالدىن ئىگىلىگەن خەۋىرىگە ئاساسەن، ھۇجۇم ۋاقتىنى بېكىتىپ بىر كېچىدىلا مەكتەپكە قاراپ ھۇجۇم قىلىپتۇ، تەرەپ - تەرەپتىن قىستاپ كەلگەن مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ قوشۇنىغا تاقابىل تۇرالمىغان مەكتەپتىكى خىتاي قوشۇنلىرى چېكىنىشكە باشلاپتۇ.

دۈشمەنلەرنىڭ بىر قىسمى ھەربىيلەرنىڭ گازارمىلىرىغا، يەنە بىر قىسمى زاراتتىكى بىگىتۇەن تەرەپكە قاراپ قېچىپتۇ. مۇھەممەد ئىمىن قادىر قوشۇنلىرى ھارماي ئۇرۇش قىلىدىغان روھنى جارى قىلدۇرۇپ، مەكتەپنىڭ تۆمەنتال يېزىسىغا بېرىپ، يەرلىك خەلق بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئوبۇلخان ئاكىنىڭ قوماندانلىقىدا زاراتتىكى بىگىتۇەنگە ھۇجۇم قىلماقچى بوپتۇ، زاراتتىكى بىگىتۇەن قوشۇنلىرى يېرىم ھەربىي تۈسنى ئالغان مۇنتىزىم قوشۇن، قوراللىرى خىل ۋە مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن ئەسكەر بولغاچقا ئۇلارنى ئاسان بىر تەرەپ قىلالماپتۇ.

ئۇ ئۇرۇشتا مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ يېقىن ئادىمى بولغان ھۆرمەتكە سازاۋەر، پېشقەدەم ئۇستاز ئوبۇلخان ئاكا شېھىت بولۇپتۇ، ئوبۇلخان ئاكىنىڭ ئۆلۈمى مۇھەممەد ئىمىن قادىرغا بەكمۇ تەسىر قىلغان ئىكەن، ئۆزىنى توختىتالماي، كۆزلىرىدىن شۇ كۈنى ياش چىققان ئىكەن. ئوبۇلخان ئاكىنى دەپنە قىلغاندا مۇھەممەد ئىمىن قادىر ئۆزى قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ھەممىنى يىغلىتىۋەتكەنىكەن.

مۇھەممەد ئىمىن قادىر تەقۋادار، ئىمانى كامىل، دىيانىتى كۈچلۈك مۇسۇلمان بولغاچقا پۈتۈن مەكتەپ خەلقى ئۇنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگەن، تاجى قىلىپ قىسقان ئىدى.-، دەيدۇ مەخسۇم ھاجى.

شۇ قېتىم چاسا ھەربىي مەيدانىغا بارغاندا، مەخسۇمنىڭ دېيىشىچە، مەكتەپنىڭ يېزىلىرىدىن باشقا مارالبېشىنىڭمۇ يېزىلىرىدىن ھەددى ـ ھېسابسىز ئادەم كەلگەن ئىدى، قوراللارنى توشۇش ئۈچۈن 420 ئات ھارۋىسى ھازىرلىغان ئىدۇق.-، دەيدۇ.

خىتاي جىنايەتچى قاتىللارغا ھۆكۈم ئېلان قىلغاندا، مۇھەممەد ئىمىن قادىر ئۆزى ھۆكۈم قىلىپ ئۆزى ئىجرا قىلىدىكەن، مۇبادا ئىنقىلاب مەغلۇپ بولۇپ قالسا ھەممە ئىش مېنىڭ بىلەن كەتسۇن، باشقىلار ئادەم ئۆلتۈرمىسۇن دېگەن ئىكەن. بىز ئاڭلىغان ھۆكۈمنامىدىمۇ ئىجرا قىلغۇچى:

بېۋاستە باش قوماندانى: مۇھەممەد ئىمىن قادىر، دەپ جىنايى ھۆكۈم ئېلان قىلىنغانىدى.

ئۇنىڭ ئالدىدىكى دارغا ئېسىلغان خىتايلارغىمۇ ئالدى بىلەن جىنايى قىلمىشى بېكىتىلىپ خەلقنىڭ بىردەك قوشۇلۇشى بىلەن قارار چىقىرىپ دارغا ئاسقان ئىكەن.

بىز ئېلىپ بارغان مەكتۇپتا مۇنداق قۇرلار يېزىلغان ئىدى:

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇر ئوغلانى، زەرەپشان مۇستەقىل پولكىنىڭ قوماندانى، مايور مۇھەممەد ئىمىن قادىرغا:

شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى قەشقەر شۆبە بيۇروسىنىڭ باش سېكرېتارى ئاخۇنوپ.

مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن، ئامىن!

## 3- مىللىي قەھرىمان ئوسمانجان توختى ۋە خەيرۇللا نىزامىدىنىنى ئەسلەيمەن

مەرھۇم ئوسمانجان توختى بىلەن خەيرۇللا نىزامىدىن، شەرقىي تۈركىستان يېقىنقى زامان تارىخىدا، كىشىلەر قەلبىدىن مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز ئورۇن ئالىدىغان، تىللاردا داستان بولۇشقا ئەرزىيدىغان مىللىي قەھرىمانلىرىمىزدىن ھېسابلىنىدۇ.

ئۇ ئىككىلىسى 1969-يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاتۇشنىڭ قاراجۇل يېزىسىدىكى خىتاي ئارمىيىسى بىلەن بولغان جەڭدە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان

خەلقىگە ئۆچمەس ئىز ۋە ئۈلگە يارىتىپ ئالەمدىن ئۆتكەن، مىللىي قەھرىمانلىرىمىزدۇر.

23 - ئاۋغۇستتىكى جەڭ ئاساسى جەھەتتىن ئاخىرلىشىپ، دۈشمەن ئارمىيىسى ئەسىرلەرنى تۇتۇپ، باغلاپ، قورال ياراقلارنى يىغىپ، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئۆلگەن ئەسكەرلىرىنى توشۇشقا تەمشىلىۋاتقاندا، ئوسمانجان بىلەن خەيرۇللا ئىككىيلەن يالغاندىن تەسلىم بولغان بولۇپ، بىر - بىرىنى يۆلەپ دۈشمەن ئەسكەرلىرى تەرەپكە يېقىنلىشىدۇ، بۇلارنى كۆرگەن دۈشمەن ئارمىيىسى ئۇلار ئېغىر جاراھەتلەنگەن، دەپ ئانچە ئېتىبارغا ئالمايدۇ.

ئوسمانجان بىلەن خەيرۇللا ئەڭ ئاخىرقى بىر تال قول بومبىسىنى مەخپىي تۇتۇپ دۈشمەننىڭ ئالدىغا يېقىنلىشىدۇ، بۇلارنى تۇتۇپ باغلىغىلى ۋە تەكشۈرگىلى ئالتە ئەسكەر كېلىدۇ. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئوسمانجان ۋە خەيرۇللا ئالدىن ۋەدىلەشكەن مەسلىھەتى بويىچە قول بومبىسى بىلەن دۈشمەننىڭ ئالتە ئەسكىرىنى ئۆزى بىلەن قوشۇپ پارتلىتىپ تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنى ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ.

دۈشمەنگە بېرىلگەن بۇ ئەڭ ئاخىرقى قاقشاتقۇچ زەربە، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى قاتتىق ۋەھىمىگە سالىدۇ، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، ئۆلگەن ئەسكەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولالمىغان خىتاي ئەسكەرلىرى يېڭىدىن ئۆلگەن ئالتە خىتاينىڭ جەسىتى، تىرە - پىرەڭ بولۇپ، پارچىلانغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئاتمىش جەسەت پارچىلىرىدەك كۆرۈنۈپ، قىيا - چىيا قىلىپ، ئېسەدەپ يىغلاپ، نەچچىسى قورققىنىدىن ھوشىدىن كېتىدۇ. ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقۇمنى دېگەندەك، بۇ ئېپلاس خىتايلار، ئەسىر ئالغان بىزنىڭ ئەزىمەتلىرىمىزنى قارا قويۇق دۇمبالاپ ئۆچ ئالغىلى تۇرىدۇ. شۇ قېتىمقى جەڭدە ھايات قالغان ئەزىمەتلىرىمىزدىن بەرىسىمۇ ساق قالمىغانىدى.

مەرھۇم ئوسمانجان مىللىي ئارمىيىنىڭ 3- ئاتلىق پولكىدىن كەسىپ ئالمىشىپ 1960 -يىللارنىڭ بېشىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسىغا مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ بەلگىلىنىدۇ،

مەلۇم بىر يەكشەنبە كۈنى ئوسمانجان ئائىلىسى دوست- يارى بۇرادەرلىرىنى يەكشەنبە كۈنلۈك چايغا تەكلىپ قىلىپ، ئۆيىنىڭ ئىچى تېشىنى پاكىز تازىلاپ مېھماننىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتىدۇ.

مەرھۇمنىڭ ئايالى زۇلپىيە خانىم مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ بىر توپ توخۇلارنىڭ ئۆينى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، سەت چېچىپ يېڭى تازىلانغان ئۆينىڭ گىلەملىرىدىن تارتىپ ھەممە



يەرنى توخۇ پوقىغا مىلىنىۋەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ، ئوسمانجاننىڭ خوتۇنى جىددىيلىشىپ:

-ۋاي ئاللاھ، كاللا بۇ نېمە دېگەن رەسۋاچىلىق! كىمنىڭ توخۇسى بۇ؟ ۋاي مەن ئەمدى قانداق قىلارمەن دەپ،- ئوسمانجاننى تۇۋلايدۇ. ئوسمانجان قارىسا راست دېگەندەك توخۇلار ئۆينى رەسۋا قىلىۋەتكەن. غەزەپلەنگەن ئوسمانجان ياتاق ئۆيدىكى ئېسقلىق تۇرغان تاپانچىنى ئاچىقىپ توخۇغا قارىتىپ ئوق ئۇزىدۇ، توخۇلاردىن قانچىسى ئۆلىدۇ. توخۇلارنىڭ قالغان ئىككىسى ئۇدۇل قوشنىسى لىيۇ جىڭۋېي دېگەن خىتاينىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭغان ئىكەن. كەينى - كەينىدىن ئېتىلغان ئىككى پاي ئوق بىلەن خىتاينىڭ قالغان ئىككى توخۇسىمۇ ئۆلۈپتۇ. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان خىتاي ۋە ھەقەمسايىلىرى ئۆيلىرىدىن چۇۋۇلۇپ چىقىپ يەردە ياتقان توخۇغا قاراپ ھاڭ- تاڭ قېلىشىپتۇ، ئوق دەل ئىككى توخۇنىڭ بېشىغا تەگكەن ئىكەن. لىيۇ جىڭۋېيمۇ ئۆيىدىن چىقىپ توخۇسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ھەم ئىككى توخۇنىڭ بېشىغا ئېتىلغان ئوقنىڭ دەل ئوخشاش جايغا تەگكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇجۇقۇپ كېتىپتۇ. كېلىپ كۆرۈۋاتقان ھەقەمسايىلەرگە ئۆيدىكى رەسۋاچىلىقنى كۆرسىتىپ قوشنىلىرىنى قايىل قىلىپتۇ. ئۇلار لىيۇ خىتاينىڭ ئۆيىگە كىرىپ قارىسا ئۆينىڭ ئىچىدە توخۇ كاتىكى تۇرغۇدەك، بىر تەرەپتە توخۇنىڭ يېمىكى تۇرغۇدەك، ئۆينىڭ ئېچى سېسىقچىلىقتا چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان ھالەتتە ئىكەن. ئۇ خىتاي بولسا يەتمىش يەردىن ياماق سالغان ئەسكى چاپاننى يېپىنچاقلاپ توخۇسىنىڭ ئىچى ئاغرىقىدا قاراپ تۇرغۇدەك...

ئوسمانجان ئۆينى قايتا تازىلاپ كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ بولغان ئەھۋالنى دەپ بېرىپتۇ، بولۇپمۇ ئوسمانجاننىڭ ئاتقان ئىككى پاي ئوقنىڭ دەل جايدا ئىككى توخۇنىڭ بېشىغا تەگكەنلىكى ھەممىنى قايىل قىلىپتۇ. خىتايلار نېمە دېگەن ئۇستا مەرگەن بۇ! -دېگۈدەك...

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ئوسمانجاننىڭ ئىشخانىسىغا بىر پارچە خەت كەپتۇ، ئوقۇپ قارىسا، قانۇنسىز ئوق چىقىرىپ باشقىلارنى بىئارام قىلغانلىقى ئۈچۈن قورال تاپشۇرۇلسۇن، دېگەن ئۇقتۇرۇش ئىكەن.

ئوسمانجان ئۇ خەتكە جاۋابەن- مەن بىر ھەربىي ئادەم، قورال تاپشۇرۇش دۈشمەنگە تەسلىم بولغانلىق ھېسابلىنىدۇ، مەن ھەرگىز قورال تاپشۇرمايمەن، دەپ چىقىپ كېتىدۇ.

ئوسمانجان ھېچ نېمىگە قارىماي دەرھال ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ ساقچى ئىدارىسىدىن بەرگەن ساقچى فورمىسىنى سېلىۋېتىپ، ھەربىي فورمىنى كىيىپ، قورالىرىنى ئېسىپ، ساقچى باشقارمىسىنىڭ ماشىنا شوپۇرىنى چاقىرىپ ماشىنىنى ھەيدە!- دەپ شەھەردىن چىقىپ

يارۋاغ كۆۋرۈكىگە قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. يارۋاغ كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە خاڭدى تەرەپكە ھەيدە- دەپتۇ! شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇل خاڭدى 3 - ئاتلىق پولكقا قاراپ مېڭىپتۇ. ئاتلىق پولكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ختاي شوپۇرنى ھەيدىۋېتىپ، ئۆزى پىيادە پولك دەرۋازىسى ئالدىغا كەپتۇ. ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولغاچقا پوستتا تۇرغان ئەسكەرلەر ئوسمانجانغا ھەربىيچە سالام بېرىپ دەرۋازىدىن كىرگۈزۈۋېتىپتۇ...

مەرھۇم ئوسمانجان شېھىت بولۇشنىڭ ئالدىدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇ ئاخۇنوپ بىلەن بىللە، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى مىللىي ئارمىيىسىدە خىزمەت قىلغان، كۆپ قېتىم ئۇرۇشقا قاتناشقان، پېشقەدەم ئوفىتسېرلىرىدىن ئىدى.

تەشكىلات ئىچىدە، قوزغىلاڭنىڭ ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى ۋە ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇ بىر قېتىم بىزگە پارتىزانلىق دەرسى ئۆتكەندە، ئاجايىپ قىزىقارلىق، كىشىنى قايىل قىلىدىغان مەزمۇندا دەرس ئۆتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۆتكەن دەرسلىرى ھېلىمۇ يادىمدا، ھەرقېتىم ئويلىسام ئۇ ئادەمگە ئىچ - ئىچىمدىن ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمەن.

ئادەم ئۆلتۈرۈش دۇنيادا ئەڭ ئاسان ئىش، - دەپ دەرس باشلىغان ئىدى مەرھۇم ئوسمانجان،- پەقەت سەندە ئادەم ئۆلتۈرىدىغان كۈچلۈك ئىرادە، قورقماس يۈرەك بولسىلا كۇپايە. بۇنىڭ ئەكسىچە ھايۋان، ئۇچار قۇشلارنى ئۆلتۈرمەك بەك قىيىن، ياكى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

مەسىلەن، ساڭا بىر قۇشقاچنى كۆرسىتىپ، مۇشۇ قۇشقاچنى ئۆلتۈر، دەپ ۋەزىپە قىلسام، سەن ئۇنى مەڭگۈ ئۆلتۈرەلمەيسەن، بەلكىم باشقا بىر قۇشقاچنى ئۆلتۈرۈشنىڭ مۇمكىن. چۈنكى قۇشقاچلارنىڭ رەڭگى ئوخشاش، ئۇلارنىڭ مۇئەييەن ياشاش شارائىت قانۇنىيىتى يوق. ئۇ نەدە كەچ بولسا شۇ يەردە ياشايدۇ، نەدە دان بولسا شۇ يەرگە بېرىپ جان ساقلايدۇ، بۈگۈن بۇ يەردە بولسا ئەتىسى ئۇ يەردە بولىدۇ. ياۋايى ھايۋانمۇ شۇنداق. ساڭا مەلۇم بىر ياۋايى ھايۋاننى كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا بەلگە سېلىپ ئاشۇ ياۋايى ھايۋاننى ئۆلتۈر، دېسەم سەن بىر ئۆمۈر ئۇنى ئۆلتۈرەلمەيسەن. بەلكىم باشقىسىنى ئۆلتۈرۈشۈڭ مۇمكىن.

ئادەم ئۆلتۈرۈشچۇ؟ بۇ بەكلا ئاددىي. پەقەت سەندە قورقماس ئىرادە بولسىلا كۇپايە! مەن ساڭا مەلۇم بىر شەھەردىكى ئادەمنى ئۆلتۈر، دەپ ۋەزىپە قىلسام سەن ئۇنى ئۆلتۈرەلەيسەن. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى بولىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ياشايدىغان مۇئەييەن بىر تۇرالغۇسى

بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىش ئورنى، كەسپى، تەققى-تۇرقى قاتارلىق بەلگىلىرى بولىدۇ، سەن شۇ قانۇنىيەت ئارقىلىقلا ئۇ ئادەمنى تاپالايسەن ۋە مەن تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇندىيالايسەن.

ئەمما، بىز ھازىرقى بۇ شارائىتتا ئادەم ئۆلتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانمايمىز، بىز ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ھاكىمىيىتىمىزنى تىكلىگەندىن كېيىن، قانۇن ئارقىلىق خەلق دۈشمەنلىرىنى ۋە مىللىي مۇناپىق، ۋەتەن خائىنلىرىنى جازالايمىز، بۇ ئايرىم بىر ئەھۋال.

بەلكىم بىز ۋەتەنىنىڭ ئېھتىياجى، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن جازالىمىسا بولمايدىغان ۋەتەن خائىنلىرى، مىللىي مۇناپىق... قاتارلىق دەلىل ـ ئىسپاتى تولۇق بولغان جىنايەتچىلەر بولىدىكەن، ئۇنى جازالىشىمىز مۇمكىن، بۇ بەك ئاددىي، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا خائىنلىق بەلگىسى سېلىش، يەنى بىر تال كۇمۇش يىڭنە بىلەن ئۇلارنى ساراڭ قىلىۋېتىش. بىر تال كۇمۇش يىڭنە بىلەن ئۇلارنى گاس قىلىۋېتىش. بىر تال كۇمۇش يىڭنە بىلەن ئۇلارنىڭ كۆزىنى كۆرمەس، قۇلىقىنى ئاڭلىماس قىلىۋېتىش. ياكى گاچا قىلىۋېتىش. ۋاقتى كەلگەندە ئىنشائاللاھ ئۇلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىزمۇ مۇمكىن،-دېگەنىدى

ئۇ، يەنە ھەر خىل قوراللارنى ئىشلىتىش، قۇراشتۇرۇش، قورال ئوقلىرىنى يۆتكەپ ئىشلىتىش، ئوقنىڭ خۇسۇسىيىتى قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئىخلاس بىلەن ئۆگەتتى. ئۇندىن باشقا دالادا ئۇرۇش قىلىش، ئورمانلىقتا ئۇرۇش قىلىش، تاغدا ئۇرۇش قىلىش، تۈزلەڭلىكتە ئۇرۇش قىلىش، دۈشمەن كۈچلۈك بىز ئاجىز ئەھۋالدا، دۈشمەن بىلەن بىر تەرەپتىن ئۇرۇش قىلىپ بىر تەرەپتىن چېكىنىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىق ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئەمەلىي مەشىق بىلەن ئۆگەتكەنىدى.

بىر قېتىم بىز بىر نەچچە ئادەم ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ قاراغۇل دېگەن يېرىگە بېرىپ ھەربىي مەشىق ئېلىپ بارغان ئىدۇق، شۇ قېتىمقى ھەربىي مەشىقتە بىز قارىغا ئېتىشنىڭ ھەرخىل ئۇسۇل ماھارەتلىرىنى پۇختا ئۆگىنىۋالغان ئىدۇق.

قاراجۇلدىكى جەڭدە مەرھۇم ئوسمانجان دۈشمەن ئارمىيىسىنى ئەڭ كۆپ چىقىمغا ئۇچراتقانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن، ئامىن!

مەن ئوسمانجاننىڭ بۇ دەرسلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم بەكمۇ ئاشقان ئىدى، نەدە كۆرسەم بىردەم پاراڭلىشىۋالغۇم كېلەتتى، ئەپسۇس ئۇ ئادەم كۆپ بويى بەك ئالدىراش ئىدى، مەرھۇمغا جانابىي ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمەن، ئامىن!

مەرھۇم خەيرۇللا نىزامىدىن، ئاتۇشنىڭ بويامەت يېزىسىدىن بولۇپ، ئالىي مەكتەپنى باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانى بىلەن پۈتتۈرگەن ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بىرىنچى قارار ستۇدېنتى ئىدى، ئۇ

ئۈنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاتۇش ئوبلاستلىق 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇ شېھىت بولۇشىنىڭ ئالدىدا قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ كادىرى ئىدى.

ئۇ خۇش چاقچاق، ئادەملەر بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كېتىدىغان، ئولتۇرۇش قوپۇشى بار، ناخشا مۇزىكىغا ھېرىسمەن، دوستلىرى كۆپ بىر ئىنسان ئىدى. مەن ئۇزۇندىن بىرى ئۇنى تونۇيتتىم ھەمدە بىر كەسىپتە، بىر تارماقتا بىر مەزگىل بىللە ئىشلىگەن ئىدىم.

ئۇنىڭ ماڭا تەسىر قىلىدىغان تەرىپى، ئەتراپلىق پىكىر قىلالىشى، يىراقنى كۆرەلىشى، مەلۇم بىر ئىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بولىدىغان ياخشى-يامان تەرەپلىرىنى ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلالىشى ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن بىر سىياسىيون ئىدى. ئۇنىڭ مۇندىن 30 يىل بۇرۇن ماڭا دېگەن تەسەۋۋۇرلىرى دەل بۈگۈنكى كۈندە رېئاللىققا ئايلىنىۋاتىدۇ.

مەن خەيرۇللا نىزامىدىن بىلەن داۋاملىق ئۇچرىشىپ تۇراتتىم، ماڭا تاپىلايدىغان ئىشى بولسا مەن بېجىرىپ قوياتتىم. ئۇ كۈندۈزلىرى تالا تۈزگە چىقمايتتى. سىياسىي قانۇن ئورۇنلىرى ئۇنى تۇتۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى. شۇڭلاشقا بەزى بىزنىڭكىدە، بەزىدە مەمتىلى تۆرەخاننىڭ ئۆيىدە، بەزىدە باشقىلارنىڭ ئۆيىدە مەخپىي تۇراتتى. قەيەرگە بارسا بىز ئۇنى قوراللىق قوغدايتتۇق. ئۇ بىزگە ۋەزىپە تاپشۇرغاندا ئىخلاس بىلەن تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇراتتى، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش بېجىرسەك ئىشىمىزدىن زادى چاتاق چىقمايتتى.

1969 - يىلىنىڭ ياز پەسلى ئىيۇل ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ھاۋا بەك ئىسسىق بىر كۈن ئىدى، مېنى خەيرۇللا چاقىرغان ئىكەن، مەن مەمتىلى تۆرەخان نىڭ ئۆيىدە خەيرۇللا بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ مېنى چاقىرىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتتى، قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىش لايىھە خەرىتىسىنى سىزماقچى ئىكەن. سىزماقچى بولغان خەرىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە مەقسىتى ھەققىدە ماڭا تەپسىلىي چۈشەنچە بەردى ھەمدە خەرىتىنى بار مەسلىھەت قىلىپ، بىللە سىزماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. مەن خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن خەرىتە سىزىشقا لازىملىق سايمانلارنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش لايىھىلەش ئىنستىتۇتىدىن، چىرتيوژ سىزىشقا ئىشلىتىدىغان كۋادرات تاختاي، ھەرخىل سىركۇل، ئۈچ بۇلۇڭلۇق سىزغۇچ، ئۈچ قىرلىق ماسشتاب سىزغۇچ، 45 گرادۇسلۇق سىزغۇچ، ھەرخىل رەڭلىك قارا قەلەم، كۇنۇپكا مىخ قاتارلىق چىرتيوژ سىزىشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر يۈرۈش ئەسۋاب ئېلىپ كەلدىم ھەمدە قەشقەر ۋىلايەتلىك يەر ئۆلچەش ئىدارىسىدىن قەشقەر ۋىلايىتىگە تەۋە ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ يۈرۈشلەشكەن توپوگراپىك خەرىتىسىنى ئېلىپ كەلدىم.

ئىش تەقسىماتى بويىچە مەن قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىش خەرىتىسىنىڭ دەسلەپكى لايىھىسىنى سىزىشقا كىرىشتىم.

خەرىتە ئىككى چوڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بىرى: دۈشمەننىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى ۋە زەربە بېرىدىغان تۈزسىزىقلىق مۇساپىسى. ئىككىنچىسى: قوراللىق قوشۇننىڭ چېكىنىش يوللىرى ۋە جان ساقلىغىلى بولىدىغان مۇھىم جايلار.

خەيرۇللا ئىش تەقسىماتى بويىچە، مىجىت سىلىڭ ئېلىپ كەلگەن ھەربىي ئاخبارات بويىچە خەرىتىنىڭ يول مۇساپىسى، خىتاي ئارمىيىسىنىڭ قەشقەردىن پاكىستانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئورۇنلىشىش ئەھۋالى ۋە تەكشۈرۈش پونكىتلىرى، ساقچىخانىلار ... قاتارلىق جايلارنى شەرتلىك بەلگە بىلەن ئىزاھلاپ، خەرىتىگە رەڭ بېرىپ پىشلىدۇرۇش ئىشىنى قىلماقچى بولدى. مەن قەشقەر ۋىلايەتلىك يەر ئۆلچەش ئىدارىسىدىن ئېلىپ كەلگەن توپوگرافىيەلىك خەرىتىنى ئاساس قىلىپ، تىك بۇلۇڭلۇق كوئوردېنات سىستېمىسى بويىچە، تەكشىلىك خەرىتىسىنى سىزىپ، ئۇنىڭ كوئوردېنات نۇقتىسىنى بېكىتىپ، قەشقەردىن تارتىپ سوۋېت چېگراسىغىچە ھەمدە ئافغانىستان، پاكىستان، كەشمىر چېگرىلىرىغىچە بولغان يەر شەكلى، يول خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتىم.

يەنە بىرى قەشقەردىن تارتىپ قاراجۇلگىچە بولغان يول مۇساپە خەرىتىسى ئىدى، بۇ خەرىتىمۇ ناھايىتى تەپسىلىي سىزىلغان ئىدى، خەرىتە مىجىت سىلىڭ ئېلىپ كەلگەن ھەربىي ئاخبارات بويىچە تەپسىلىي سىزىلغان ئىدى. قوراللىق قىسىم چېكىنىشكە توغرا كەلگەندە قانداق چېكىنىش؟ نەگە بېرىپ ماكانلىشىش، قەيەردە ئۆڭكۈر بار؟ قەيەردە جان ساقلىغىلى بولىدىغان ياۋا مېۋىلەر بار؟ قەيەردە سۇ بار؟ قايسى يول بىلەن قەيەرگە چېكىنىپ چىقىپ كەتكىلى بولىدۇ....؟ ھەممىسى تەپسىلىي خەرىتىگە ئىلىنىپ شەرتلىك بەلگە بىلەن ئالاھىدە ئىزاھلانغان ئىدى. ھەتتا تارىختىن بىرى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ماڭغان كېيىن تاشلىنىپ قالغان، ئوۋچى يولى، كارۋان يولى، چىغىر يوللارمۇ خەرىتىگە ئىلىنغان ئىدى.

خەرىتە پىلانلانغان مۇددەت ئىچىدە سىزىلىپ، رەڭ بېرىلىپ پۈتتى. خەرىتىنىڭ ئىزاھلانغان قىسمىغا مەرھۇم خەيرۇللا ئۆز قەلىمى بىلەن ناھايىتى چىرايلىق قىلىپ، «ئىستىقلال يولى»، دەپ يېزىپ قويغانىدى.

بىز بىر نەچچە كۈن ئۇخلىماي ياكى چالا ئۇيقۇدا بۇ خەرىتىنى سىزىپ چىققان ئىدۇق، مەرھۇم مەمتىلى تۆرەخان بىزگە كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنى ئۆزۈلدۈرمەي ئەكېلىپ بېرەتتى، ئۇسساپ كەتتىڭلار دەپ چاينى ئاغزىمىزغا ئەكېلىپ كىچىك بالىغا چاي

www.uyghurkitap.com

ئىچكۈزگەندەك ئىچكۈزۈپ قوياتتى. ئۆي بەك ئىسسىق ئىدى، تەرلەپ كەتكەندە بىزنى يەلپۈپ سەگىتىدەتتى. مەرھۇم مەمتىلى تۆرەخان ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن، مىللىتىنىڭ بەخت - سائادىتىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن ھېچ نېمىسىنى ئايىمايتتى، بىز ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشۈپ تۈرمىگە تاشلانغاندىمۇ، ئۇ خەلقنى قايتىدىن ھەرىكەتلەندۈرۈپ قوراللىق قوزغىلاڭنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇپ، ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ قەشقەرنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتكەن ئىكەن، مەن تۈرمىدە ئۇنىڭ ئەيىبلەشنامىسىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ئىدىم. ئۇنىڭغا 20 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن پەيلو مەيدانىغا ئېلىپ كەلگەن ئىدى، كېيىن كېسەل بولۇپ، ياش ئالەمدىن ئۆتتى، مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، ئامىن!

خەيرۇللا نىزامىدىنىدىن بىزنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭىمىزنى خەلقئارادا قوللايدىغان بىرەر مەملىكەت بارمۇ؟ ياكى يەككە - يېگانە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتامدۇق؟ دەپ سورىغىنىمدا:

- بىزنىڭ بۇ قېتىمقى قوراللىق ھەرىكىتىمىز يەككە - يېگانە ئەمەس، ۋەتەن سىرتىدىكى بىر نەچچىلىگەن تەشكىلات ۋە دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە ئورناتتۇق. ئۇلار بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكىتىمىزنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللايدۇ. بولۇپمۇ سوۋېتلار ئىتتىپاقى بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكىتىمىزنى قوللاش يۈزىسىدىن، بىزگە ئاغزاكى ۋەدە بېرىپلا قالماستىن، كېلىشىمنامىمۇ يازدۇق، كېلىشىمنامىدە مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىز مۇبادا 10 يىل داۋام قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار بىزنى قورال كۈچى، قوراللىق قوشۇن، ھەربىي مۇلازىمەت، يېمەك - ئىچمەك، ئوق - دورا قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ ئۇرۇشقا ئاتلانغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ يەيدىغان ئۇن - گۈرۈچ، ياغ، كىيىدىغان كىيىم كېچەك، ھەممىسىنى تەمىنلەيدۇ، ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ مىللىي مۇستەقىللىقىمىز ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بەدىلىگە، كانسۇنىڭ 2 - سەرتاشتىكى ئوران (ئوران - ئاتوم بومبىسى ياساشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىمىيىۋى ئېلېمېنت) تېغىنى بىر يىل ئېچىۋېلىشقا بېرىدىغان بولدۇق. مانا بۇ بىزنىڭ كېلىشىمنامىمىزنىڭ كۆپەيتىلگەن بىر نۇسخىسى - دەپ ماڭا كۆرسەتكەن ئىدى، خەيرۇللا يەنە:

-بۇ قېتىم بىزنى سوۋېتلار ئىتتىپاقىنىڭ «يۇرتنى قايتۇرۇۋېلىش ئارمىيىسى» كۈتۈۋېلىپ بىزگە ئەمەلىي ياردەم قىلىدۇ، بىز پەقەت مەلۇم بىر چېگرادىن ئېغىز ئېچىپ، ئۇلارنىڭ ئۆتۈپ كىرىشىگە سىياسىي جەھەتتىن شەرت ھازىرلاپ بەرسەكلا بولىدۇ-، دېگەن ئىدى.

شۇ ۋەجدىن بىزنىڭ سىزغان خەرىتىمىزمۇ، ئىككى نۇقتىنى ئاساس قىلغان ئىدى.

بىرى زەربە بېرىدىغان نىشان، ئىككىنچىسى، قوغدىلىدىغان رايون.

زەربە بېرىدىغان نىشان، خىتاي ئارمىيىسىنىڭ ئورۇنلىشىش جايى، يەنى قەشقەردىكى خىتاي ئارمىيىسىدىن تارتىپ تاكى تاشقورغان ۋە قونجىراپ ۋە چېگرا رايونىدىكى ئەسكەرلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش جايى، تاشقورغانغا قارايدىغان مۇجى، تاغارما، ئويتاغ قاتارلىق جايلاردىكى خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش جايى، يول توسۇش پونكىتلىرى، پەيچۇسولار، يۇلتۇز بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىپ، شەرتلىك بەلگە قويۇلۇپ ئىزاھلانغان ئىدى.

قوغدىلىدىغان رايون، قەشقەر ھېيتگاھ مەسچىتىدىن تارتىپ، ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلار، مەكتەپلەر، دوختۇرخانا، باللار يەسلىسى، مازارلار، خىتايسىز رايونلار بولۇپ، بۇلار شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بايرىقى بىلەن ئىپادىلىنىپ، شەرتلىك بەلگە قويۇلۇپ ئىزاھلانغان ئىدى.

خەرىتە پۈتكەندىن كېيىن، خەيرۇللا تاشقورغانىنىڭ سۇۋاش داۋىنى بىلەن، ئاتۇشنىڭ قاراجۇلگە ئالاھىدە ئىزاھات بېرىپ، كۆتۈۋېلىش ۋە ئۇچرىشىش نۇقتىسى قىلىپ بەلگە سالغان ئىدى ۋە بۇ نۇقتىلاردىن خىتاي ئارمىيىسىنىڭ ئورۇنلىشىش جايىغا ماسشتاب بويىچە مۇساپىسىنى ھېسابلاپ، تۈز سىزىق بويىچە يول ئارىلىقىنى ئېنىق ئىپادىلىگەن ئىدى.

مەن 1995 - يىلى 5 - ئاي مەزگىللىرىدە تاشكەنتتىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ پائالىيىتىگە قاتنىشىش پۇرستىگە ئىگە بولدۇم. ئۇ قېتىمقى پائالىيەت ناھايىتى كاتتا ئېچىلغان بولۇپ، ۋەتەندىن چىققان رابىيە قادىر خانىم بىلەن ئاتاقلىق ئارتىس ئايتىللا خالىق قاتارلىق كۆپ كىشىلەر قاتناشقان ئىدى. پائالىيەت جەريانىدا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بىلەن تونۇشتۇم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەينى ۋاقىتتا يۇرتنى قايتۇرۇۋېلىش ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى بولغان ئابدۇرەھىم ئاقۋاش دېگەن مويسىپىت كىشىمۇ بار ئىدى. ئۇ كىشى تاشكەنتنىڭ يۇنۇس ئاباد دېگەن يېرىدە ياشايدىكەن. مەن ئۇ كىشىگە تونۇشلۇق بەرگەندىن كېيىن، بىز يېقىن دوستلاردىن بولۇپ كەتتۇق. بارا - بارا سىردىشىپ، ھەر قېتىم ئۇچراشقىنىمىزدا كونا ئىشلارنى ئەسلەپ ھەسرەتلىنىدىغان بولدۇق.

بىزنىڭ بىر قېتىملىق سۆھبىتىمىز 1969 - يىللىرىدىكى ئاخۇنوپنىڭ قاراجۇلدىكى ئۇرۇشىغا كىرىپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە يۇرتنى قايتۇرۇۋېلىش ئارمىيىسى راستىنلا كاتتا تەييارلىق قىلىپ، نەچچە قېتىم ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىپ، ئىچكى جەھەتتىكى كۈچلەرگە ماسلاشماقچى ئىكەن. سوۋېتلار ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن،

www.uyghurkitap.com

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى غېنى باتۇر، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋنىكى مۇھەممەدجان يۈسۈپ، پودپولكاۋنىكى ھاشىر ۋاھىدى، تونۇلغان يازغۇچى يۈسۈپ بەگ مۇخلىسى قاتارلىقلار سوۋېت ھۆكۈمىتىگە بىر قانچە قېتىم ياردەم سوراپ تەلەپ ۋە تەكلىپ نامىلەرنى يېزىپ ئەۋەتكەن ئىكەن.

1968 - يىلىغا كەلگەندە غېنى باتۇر باشلىق ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ۋەكىللىرىدىن 27 كىشى قول قويغان چوڭ ھەجىملىك مەكتۇپنى شۇ چاغدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرىنچى رەھبىرى بېرژنېۋغا ئەۋەتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى بۇ تىرىشچانلىقلار ئىشقا ئېشىپتۇ. سوۋېت ھۆكۈمىتى مۇھاجىر بولۇپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن قۇتقۇزۇش باتالىيونلىرىنى تەشكىل قىلىشقا رۇخسەت قىلىپتۇ. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ۋەتەنپەرۋەرلەر دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ مىللىي ئارمىيىنىڭ گېنېرالى زۇنۇن تېيىپ بىلەن مەرھۇم ئىسھاقوپلارنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئارمىيىسىنى قۇرۇپ ھەربىي تەييارلىقلارنى باشلاپتۇ.

ۋەتەننى قۇتقۇزۇش رادىئوسىنىڭ ئاڭلىتىشلىرىمۇ ھاۋا دولقۇنلىرىدا ياڭراشقا باشلاپتۇ. ۋەتەن ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى بىلەن ئالاقە باغلاپ ھەرىكەتنى تازا جانلاندۇرۇپتۇ. ئۆزئارا بىر يۈرۈش كېلىشىمنامىلەر ئىمزالىنىپتۇ.

ئەپسۇس 1969 - يىلى 10 - ئايغا كەلگەندە ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن، شۇ كۈنلەردە ئالدىنقى سەپكە قاراپ ماڭغان قوشۇن توختىتىلىپ قويۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغىنىمدا:

بىرى: ئىچكى جەھەتتىكى كۈچلەر، يەنى شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى خەلقئارادا بىرەر تەسىر كۆرسىتەلمەپتۇ.

ئىككىنچى سەۋەب: شۇ چاغدىكى ھاكىمىيەت بېشىدىكى بېرژنېۋ، تۈركىيەدە تۇرۇۋاتقان ئىيسا ئەپەندىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ، ھۆكۈمەت تەشكىللەپ، يۇرتنى قايتۇرۇۋېلىش ئارمىيىسىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى تاپىلىسا، كېلىشنى رەت قىلىپ، قىزىل كوممۇنىستلارنىڭ ئاخىرقى بىر قېتىم مېنى يوقىتىشتىكى نەيرىڭى دەپ ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىگىسىز قالغان بۇ ئارمىيە ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلالماي، ئالغا ئىلگىرىلەشتىن توختاپتۇ.

شۇ چاغدىكى ھەربىي قوماندانلاردىن بىرى، ئۆز ئالدىغا ئەسكەر تارتىپ، ۋەتەنگە قاراپ

ماڭغان ئىكەن، ئۇنى قولغا ئېلىپ جازالاپتۇ. كېيىن مەن ئۇ كىشى بىلەنمۇ بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن تونۇشۇپ قالغان ئىدىم. ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئىلەم تۇركىستانى ئىكەن. 1999 - يىلدىن تارتىپ 2000 - يىلى 3 - ئايغىچە ئۇنىڭ بىلەن تاشكەنت، پەرغانە، قوقەنت تەرەپلەردە بىللە بولدۇم. ئىلەم تۇركىستانى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتۇلۇق ئۇيغۇر بولۇپ، شۇ دەۋردە يۈرتنى قايتۇرۇۋېلىش ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋنىكى ئىكەن. ئۇ شۇ كۈنلەردە ئۆز ئالدىغا ئەسكەر تارتىپ تۇركىستان ئۈچۈن ئالغا! دەپ شوئار توۋلاپ ماڭغان ئىكەن. سوۋېتلار ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي باشلىقلىرى كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ، قوشۇنىنى ئارقىغا چېكىندۈرۈپ، ئىلەمنى ھەربىي سوتقا تاپشۇرۇپ 5 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، ئارمىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان ئىكەن. ئۇنىڭ لەقىمىنىڭ تۇركىستان دەپ ئاتىلىشى، «تۇركىستان ئۈچۈن ئالغا!» دەپ شوئار توۋلىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلار ئۇنى «تۇركىستان» دەپ ئاتايدىغان بولغان ئىكەن.

## 4 - مىللىي قەھرىمان مەريەمنى ئەسلەيمەن

يېتىپتۇ قىپقىزىل قانغا بوييۇلۇپ،
چاچلىرى چۇۋۇلغان مەسۇمە بىر قىز.
مۇشتۇمى تۈرۈلگەن قەھرى غەزەپتىن،
كۆكسىدە قالغاندۇر پىلىموتتىن ئىز.
ئەنە ياش باللار، قاۋۇل يىگىتلەر،
يېتىپتۇ تۇغۇلغان يېرىنى قۇچاقلاپ.
ئاقساقال بوۋاي ۋە مەزلۇم مومايلار،
يىغلايدۇ ساقال ۋە چاچنى تۇتاملاپ.

* * * * * * * * *

يېقىنقى زامان شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا يۇقىرى باھا بېرىپ، تىللاردا داستان قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئوت يۈرەك، باتۇر ئايال قەھرىمانىمىزدىن بىرى دەل مەريەمدۇر.

مەريەم 1969 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاتۇشنىڭ قارا جۇلدىكى كەڭرال يۇلغۇنلۇقىدا دۈشمەن بىلەن قانلىق جەڭ قىلىپ شېھىت بولغان ئىدى.

ئۇنىڭ شېھىت بولغان ۋاقتى دەل ئۇنىڭ 22 ياشقا توشقان كۈنى ئىدى.

ئاخۇنوپ باشچىلىقىدىكى قوراللىق قىسىم 23 - كۈنى ئەتىگىنى سۇبھى بىلەن ئاتۇشنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قاراجول يېزىسغا بېرىپ ئورۇنلاشتۇق.

كەلگۈسى قىلىدىغان خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، دەم ئېلىشقا باشلىغاندا، قاراۋۇللۇق نۆۋىتى مىجىت سىلىڭغا كەلگەن ئىدى، يول ئۈستىدە چارچاپ كېسەل بولغان مىجىت سىلىڭنىڭ ھالىدىن خەۋەردار بولغان مەريەم، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مىجىت سىلىڭنىڭ قاراۋۇللۇق نۆۋىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، سائەت ئىككى دىن تۆت گىچە پوستتا تۇرماقچى بولىدۇ. پوستتا تۇرۇش جەريانىدا يول بويى ھاۋانىڭ ئىسسىقىدا كىرلىشىپ كەتكەن پايپاق، ياغلىق قاتارلىق نەرسىلىرنى يۇيۇپ يۇلغۇننىڭ شېخىغا ئارتىپ قويىدۇ.

ئارقىمىزدىن قوغلاپ، ئىزدەپ كېلىۋاتقان دۈشمەن قوشۇنلىرى، يىراقتىن دۇربۇن بىلەن يۇلغۇنغا ئېسىقلىق تۇرغان رەڭگارەڭ كىيىملەرنى كۆرۈپ، دەل مەريەم بار يەرگە يېقىنلىشىپ كېلىدۇ.

مەريەم ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن بىزدىن خېلى يىراق يەردە پوستتا تۇرۇپ دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىكەن. يۇلغۇن شاخلىرىنىڭ شىرىلدىغان ئاۋازىنى تۇيغان مەريەم ئادەم كەلدى، دەپ ئورنىدىن تۇرىدۇ، قارىسا خىتاي ئەسكەرلىرى ئىكەن.

مەريەم دەرھال يېنىدىن تاپانچىسىنى ئېلىپ دۈشمەنگە قارىتىپ ئوق چىقىرىدۇ، نەق مەيداندا دۈشمەننىڭ ئىككى ئەسكىرى ئۆلۈپ، ياڭ پەيجاڭى ئېغىر يارىدار بولىدۇ، بىللە كەلگەن دۈشمەن ئەسكىرى مەرھۇم مەريەمگە قارىتىپ ئوق چىقىرىپ مەريەمنى شېھىت قىلىدۇ.

بىز ئىككى كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماي ياكى بىر نەرسە يېمەي يول ماڭغان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، مەريەمنىڭ تاپانچىسىدىن چىققان ئوقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماي پەقەت دۈشمەننىڭ 56 لىك ئاپتوماتىدىن ئۈزۈلمەي چىققان ئوقنىڭ ئاۋازىدىنلا ئويغانغان ئىكەنمىز، مەريەم باتۇرلارچە شېھىت بولدى. بىزنىڭ زەربىمىزدىن دۈشمەن ئەسكەرلىرى قېچىشقا باشلىدى، ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ، تازىلاش بولغاندا دۈشمەن ئەسكەرلىرى: «ئەگەر مۇشۇ خوتۇن ئوق چىقىرىپ سەپداشلىرىغا خەۋەر بەرمىگەن بولسا ۋە بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرمىگەن بولسا، بىز مۇنچىۋالا چىقىم تارتمايتتۇق، مۇنچىۋالا ئادىمىمىز ئۆلمەيتتى، بۇلارنى تىرىك قولغا چۈشۈرەتتۇق» دەپ، مەريەمنىڭ جەسىتىنى پارچە ـ پارچە قىلىپ تاشلىغاندىن كېيىنمۇ يەنە ئۆچىنى ئالالماي، مەرھۇمنىڭ قولىنى كېسىپ يۇلغۇننىڭ شېخىغا قارىتىپ ئاتىدۇ، قول يۇلغۇننىڭ شېخىغا ئارتىلغان پېتى قېلىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھازىرغىچە ئۇيەرنىڭ ئىسمى خەلقنىڭ ئاغزىدا«ئېسىلغان قول» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

مەرھۇم مەريەمنىڭ مىللىتى تۇڭگان ئىدى، ئۇ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بىڭتۇەنگە قاراشلىق ساۋخۇ مەيدانىنىڭ ئىشچىسى ئىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بىڭتۇەندىن ئىسيان كۆتۈرۈپ قەشقەرگە قېچىپ كەلگەن ئىسيانچىلاردىن ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ياخشى كۆرىدىغان ئېرى ئىسلام بىلەن، قەشقەردىكى ھازىرقى «دوستلۇق» سودا سارىيىنىڭ كونا ئورنى ساۋخۇ مېھمانخانىسى بولۇپ، شۇ يەردە تۇرغان ئىدى. 1966 - يىلى 11 - ئاي مەزگىللىرى ئىدى، ساۋخۇ مېھمانخانىسىدا مەرھۇم مەريەمنىڭ ئېرى ئىسلام، ختايلار تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە قىيناپ ئۆلتۈرۈلدۇ.

ئۇنىڭ ئېغىز ـ بۇرنىغا ئەسكى پايپاق تىقىپ، ئىككى قولىدىن تۈڭلۈككە ئېسىپ قويۇپ ئۆلتۈرگەن ئىكەن. ئېرىنىڭ داۋاسىنى قىلغان مەريەم، ئايلاپ ساقچى ئورۇنلىرىغا بارسا ئۇنىڭ جاۋابى«مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى ئاممۋى ھەرىكەتتە بولغان ئەگرى ـ توقايلىق» دېگەن يەكۈن بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئېرىنىڭ ئىچ ئاغرىقىغا چىدىمىغان مەريەم، كوچىغا چىقىپ ختاينى كۆرسە تىللاپ، قوغلايدىغان ئادەتنى ھەركۈنى دېگۈدەك قىلىدۇ. مەريەمنىڭ ئىشى كەڭ جامائەتچىلىككە مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان جامائەت ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىدۇ، ئەمما، تۈپ ئامالىنى قىلالمايدۇ، ھوقۇق يەنىلا ختاي كوممۇنىستلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيە تەشكىلاتى، مەريەمنى يېنىغا تارتىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، تۇرمۇش يولىنى ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۆستەڭ بويىدىكى «ساۋخۇ ئاشخانا» سىغا ئاپىرىپ، ئىبراھىم گوشۇڭ دېگەن كىشىگە تاپشۇرىدۇ ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئىبراھىم گوشۇڭمۇ بىزنىڭ تەشكىلاتنىڭ ئادىمى ئىدى، (مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن، ئامىن!) مەريەم ئاشخانىدا كۈتكۈچىلىك قىلغاچ تەشكىلاتنىڭ ئالاقىلىشىش ئىشىنى بېجىرىدۇ، تەدرىجىي ھالدا پارتىيىگە قوبۇل قىلىنىدۇ.

ۋەتەننىڭ ھەر قايسى يېرىدىن كەلگەن تەشكىلات ئەزالىرى ساۋخۇ ئاشخانىسىغا كېلىپ مەريەم بىلەن كۆرۈشۈپ ئاندىن ئاخۇنوپ بىلەن كۆرۈشىدىغان بولىدۇ. بۇ ئىش ئۇزۇنغا بارمايدۇ، ھىيلىگەر دۈشمەن ئاللىبۇرۇن مەريەمنى نىشانغا ئېلىپ، زەربە بېرىشكە كىرىشمەكچى بولىدۇ، مەريەمنىڭ بىخەتەرلىكىگە كۆڭۈل بۆلگەن تەشكىلات رەھبەرلىرى، مەريەمنىڭ خىزمەت ئورنىنى ئۆزگەرتىپ، چەتئەل بىلەن ئالاقىلىشىش بۆلۈمىگە يۆتكەپ ئېلىپ كېلىپ، رادىستلىق ئىشىغا مەسئۇل قىلىدۇ، مەريەم شۇندىن باشلاپ، رادىستلىقنى ئۆگىنىپ، چەتئەل بىلەن بولىدىغان پۈتۈن ئالاقە ئىشىنى مەريەم قىلغان ئىدى. (مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، ئامىن!)

www.uyghurkitap.com

مەن پەيلو مەيداندىكى ۋاقتىمدا بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەرنى ئاقسۇدىن ئېلىپ كېلىپ، بىر قانچىسىنى مەن بار ئەترەتكە سولاپ قويدى، ئۇلار بىلەن بارا - بارا تونۇشۇپ سىردىشىدىغان بولدۇق. ئۇلار مېنىڭ كىملىكىمنى بىلگەندىن كېيىن، مېنى تونۇۋاپتۇ، چۈنكى، ختايلار 70 - يىلدىن 75 - يىلغىچە، ئۇيغۇرىستاننىڭ ھەممە ۋىلايەت، شەھەرلىرىدە ئاخۇنوپچىلارنى داغدۇغا بىلەن كۆرگەزمە قىلغان ئىكەن، كۆرگەزمىدە بىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىمىز، بىز ئىشلەتكەن قوراللارنىڭ بىر قىسمىنى، دۇربۇن، قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ خەرىتىسى، شېھىت بولغان بەش كىشىنىڭ كەيندىن تارتىلغان رەسىمى، ئىككى تاغار پۇل، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايرىقى، ئىستىقلال گېزىتىنىڭ بىر قانچە نۇسخىسى، سەپەرگە ئاتاپ ئىلىۋالغان كىيىم - كېچەكلىرىمىز ..... ھەمدە مەرھۇم مەريەمنىڭ ئىشلەتكەن س س س ر ماركىلىق رادىئو ئالاقىلىشىش ئاپپاراتىنى ئۇزۇن يىل كۆرگەزمىگە قويغان ئىكەن...

مەرھۇمغا جانابىي ئاللاھدىن جەننەت تىلەيمەن، ئامىن!

## 5-مەرھۇم نىزامىدىننى ئەسلەيمەن

مەرھۇم نىزامىدىن قەشقەر شەھىرىدىن بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سابىق ۋالىيسى ئابدۇرەھىم پەتەكنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ 1969 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاتۇشنىڭ قاراجۇلدىكى جەڭدە دۈشمەن تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان ئەڭ ياش جەڭچىمىز ئىدى. ئۇ شېھىت بولغاندا تېخى 18 ياشقا توشمىغان گۆدەك، سەبىي بىر بالا ئىدى.

ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇرەھىم ئىمنوپ مەرھۇم ئاخۇنوپنىڭ يېقىن سەپداشلىرىدىن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزى بىيۇرونىڭ ئەزاسى، قەشقەر شۆبە بىيۇرونىڭ ئالاھىدە تەپتىشى ئىدى. نىزامىدىن دادىسىنىڭ ئالاقە ئىشلىرىنى قىلىدىغان مەخسۇس ئالاقىچىسى ئىدى. دادىسىنى ختاي ئەسكەرلىرى 1969 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تۇتقىلى كىرگەندە ئۇ ئۆيدە ئىكەن. دادىسىنىڭ تۇتۇلۇش ۋاقتىدىكى دۈشمەننىڭ دادىسىغا قىلغان مۇئامىلىسى ياش نىزامىدىننىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئۆچمەنلىكنى قوزغايدۇ، شۇ ۋەجىدىن بىزنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭغا ئۈزلۈكسىدىن تەلەپ قىلىپ قاتنىشىپ، دادىسىنىڭ قىساسىنى ئالماقچى بولىدۇ.

نىزامىدىن ئائىلىسى تارىختىن بېرى ختاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى قوزغالغان تارىخى ھەرىكەتلەردە ئاكتىپ ئىپادە كۆرسىتىپ، ھېچ نېمىسىنى ئايىمىغان شەرەپلىك ئائىلە ھېسابلىنىدۇ. قۇمۇلدىن قوزغالغان 32 - يىللىرىدىكى خوجا نىياز ھاجى قوزغىلاڭچىلىرى

قەشقەرگە كەلگەندە نىزامدىنىنىڭ بوۋىسى، نۇرغۇن پۇللارنى ئىئانە قىلىپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى بۇ بۈيۈك ھەرىكەتكە بىر ئۆلۈش ھەسسىسىنى قوشىدۇ. دۈشمەنگە چىش تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرىدىغان بۇ ئائىلە پەرزەنتى ئۆزىنى بۇ قېتىمقى مۇستەقىللىق ئىنقىلابىغا ئاتاپ، باتۇرلارچە شېھىت بولغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى جان ئۈزۈۋاتقان ھالىتىنى ھېلىمۇ يادىمدىن چىقىرالمايمەن. ئۇ مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان ئىدى. مەرھۇم ئاخۇنوپ ئۇنىڭدىن:

— سېنى بۇيەرگە كىم ئېلىپ چىقتى؟- دەپ ئىككى كۈن بۇرۇن سورىغاندا، «مېنى ۋىجدانىم ئېلىپ چىقتى»، دېيەلىگەن ئىدى.

ئۇ يەنە قانداقتۇر ئاخۇنوپتىن خاپا بولغان ئاھاڭدا دادامنى دۈشمەنلەر تۇتۇپ كەتكەن تۇرسا، مەن دادامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالمامتىم؟! دەپ دومسىيىپ قاراپ قويغان ئىدى. مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، ئامىن!

## 6-مىللىي قەھرىمان مۇھەممەد ئىمىن قادىرنى ئەسلەيمەن

مەرھۇم قەھرىمانىمىز مۇھەممەد ئىمىن قادىر مەكىت ناھىيىسىدىن بولۇپ، مەكىت ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقتىدا، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى سۆز ۋە ھەرىكەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن مەكتەپتىن ھەيدىلىنىپ، بىر مەزگىل نازارەتتە تۇرغان ئىكەن.

ئوت يۈرەك، ياش مۇھەممەد ئىمىن قادىر، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يەنىلا خىتايلارنىڭ ھاقارەتلىشى ۋە كەمسىتىشىگە ئۇچراپ، مەكىتتە تۇرالماي قەشقەرگە چېكىنىپ كەلگەن ئىدى. قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، تەشكىلاتىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر يۈرۈش قوراللارنى ئېلىپ تەكرار مەكىتكە بېرىپ، خەلقنى قايتىدىن تەشكىللەپ، مەكىتنىڭ ھوقۇقىنى قورال كۈچى بىلەن تارتىۋېلىپ، مەكىتتە يېڭى بىر ۋەزىيەت ياراتقان ئىدى، مەكىتتىكى ئۆزگىرىشتىن خەۋەر تاپقان قوشنا ناھىيىلەرمۇ مۇھەممەد ئىمىن قادىردىن ئۆگىنىپ، قورال كۈچى بىلەن ھوقۇق تارتىۋېلىش كۆرۈشىنى باشلىغان ئىدى.

مۇھەممەد ئىمىن قادىر يالغۇز مەكىت ناھىيىسىدە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دولان تەۋەسىدە «مۇستەقىل بىر دۆلەت» قۇرغاندەك كەيپىيات يارىتالىغان ئىدى. چوڭدىن كىچىكىگىچە خەلقنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئۆزىنىڭ قەدىردان داھىيسىدەك ئاتاپ، ھەممە يەردە«ياشىسۇن مۇھەممەد ئىمىن قادىر!» دەپ شوئار توۋلايدىغان بىر كەيپىيات ئىستىخىيىلىك ھالدا شەكىللەنگەن ئىدى. مەن بىر قانچە قېتىم مەكىت ناھىيىسىگە بارغان ئىدىم، چۈنكى مېنىڭ

مەكتتكە بېرىش شارائىتىم ياخشى ئىدى. ئۇ زامانلاردا ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار تۈپەيلى، پۈتۈن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يوللىرى توسۇلغان ئىدى، مەن ھەر قايسى ناھىيىلەرگە بەخىرامان بېرىپ كېلەلەيتتىم. شۇ ۋەجدىن مۇھىم ئىش بولسا، تەشكىلات مېنى ئەۋەتەتتى.

مەن دەسلەپكى قېتىمدا مارالبېشى تەرەپتىن بارغىنىمدا سېرىق بويا، چوڭقۇرچاق، يېڭى ئۆستەڭ، ئاۋات قاتارلىق يېزىلاردىكى يېڭىدىن بازار ئاچقان كىچىك ـ چوڭ تىجارەتچىلەر ماللىرىنى ساتقاندا، «ياشىسۇن مۇھەممەد ئىمىن قادىر!» دەپ تووۋلاپ سېتىشىدىكەن. مەن ئۇنى كۆرۈپ، ھەيران قالغان ئىدىم. چۈنكى ئۇ زاماندا، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ كاساپىتىدىن ھەممە ئادەم مەجبۇرى ھالدا بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە «ياشىسۇن ماۋجۇشى!» دەپ كۆرۈشەتتى. ئۇنداق دەپ كۆرەشمىسە، ماۋجۇشىغا سادىق ئەمەس، دەپ خاپىلىق تارتاتتى. كىشىلەرنىڭ مۇھەممەد ئىمىن قادىرنى ياشىسۇن! دەپ تووۋلاشلىرى، دەل خەلقنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرىغا بولغان قارشىلىق ئىپادىلىرىنىڭ ئاددىي بىر قىسمى ئىدى.

بولۇپمۇ، مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ مەكتتىنىڭ چاسا بۇدۇينىڭ قورالل‌رىنى بۇلاش، پوسكام كۆۋرۈكىنى ساقلاۋاتقان خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قورالل‌رىنى بۇلاش، مەكىت ناھىيە ئىچىدىكى قەشقەرگە كېتىۋاتقان خىتاي ئارمىيىسىنىڭ قورالل‌رىنى بۇلاش قاتارلىق ۋەقەلىك، كەڭ خەلق ئاممىسىغا تارقالغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ داڭقى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىغىمۇ بېرىپ يەتكەن ئىدى.

كىشىلەر ئاغزىدا، مەكتتە «دولان ھۆكۈمىتى» قۇرۇلۇپتۇ، دېگەن پاراڭ كەڭ تارقالغان ئىدى. مەكتتە ئۆز ئالدىغا قانۇن تۈرغۇزۇپ، جىنايى ئىشلار جىنايىتىنى جازالايدىغان ئىشلار تېز ئارىدا يىراق ـ يېقىنغا تارقالغان ئىدى، مۇھەممەد ئىمىن قادىر تۇرۇۋاتقان تراكتور پونكىتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا، خىتايلارنىڭ جەسەتى پات ـ پات ئېسىلىپ تۇراتتى. ياڭراتقۇلاردىن خىتايلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى خەلق ئاممىسىغا ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆز ئالدىغا قانۇن چىقىرىپ، جىنايەتچىلەرنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرەتتى. مەن بارغان بىر قېتىمدا بىر خىتاينىڭ دارغا ئېسىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇلاردىن سورىسام ھەر قېتىم خىتايلارنى دارغا ئېسىپ جازالاش ئېلىپ بارغاندا ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا خەلققە بىلدۈرىدىكەن.

مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ قوشۇنى تەرتىپكە سېلىنىپ، ھەربىي تۈزۈم بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىن، ھەممە ئىشلار ئۆز رېتىمىغا چۈشكەن ئىدى. ئاخۇنوپ مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش تەرەققىياتىغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ھەر قېتىم ئادەم



ئەۋەتىپ ئالاھىدە خىزمەت تاپىلايتتى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بارغىنىمدا بىرى مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ ئانىسىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئانىسى مۇھەممەد ئىمىن قادىرنى بىر كېلىپ كەتسۇن دېگەن ئىكەن. مۇھەممەد ئىمىن قادىر يېنىمدا مېھمان بار، دەپ بېرىشنى رەت قىلغان ئىدى، ئۇقسام مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ ئانىسى تۇغقان ئىكەن، شۇ ۋەجىدىن بالام كېلىپ ئات قويۇشقا قاتنىشىپ بەرسۇن دەپ چاقىرغان ئىكەن.

مەن بېرىشنى تەۋسىيە قىلدىم. مۇھەممەد ئىمىن قادىر بارىدىغان بولدى. بىز يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئالدىن ئەۋەتىلگەن ئادەم يوللارنى چارلاپ بارسا بولىدۇ، دېگەن خەۋەرنى بەردى، بىز بىر قانچىمىز مۇھەممەد ئىمىن قادىرغا ھەمراھ بولۇپ، بىللە باردۇق. ئالدى ـ كەينىمىزدە بىر قانچە قوراللىق جەڭچىلەر بىزنى ئالاھىدە قوغداپ ماڭاتتى. ئۆيگە كىرىش بىلەن، مەرھۇمنىڭ ئانىسى قىلىدىغان ئىش تاپالماي، بەكمۇ خۇرسەن بولۇپ كەتتى، داسقاننى ناھايىتى كەڭ سالدى، بىز ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن جىم ئولتۇردۇق، كۈتۈلمىگەن يەردىن:

— سەن مېنى چاقىرىپتىكەنسەن، ھە! بىز كەلدۇق، نېمە مۇھىم ئىشىڭ بار ئىدى؟- دەپ سورىدى، مۇھەممەد ئىمىن قادىر.

— بالام! مەن تۇغقىلى بەش كۈن بولاي دەپ قالدى. ئەسلىدە ئۈچ كۈن ئىچىدە ئات قويۇش كېرەك ئىدى، سەن بالىنىڭ چوڭى، سەن ئات قويۇشقا قاتنىشىپ بېرىشىڭ كېرەك ئىدى، شۇڭا سېنى چاقىرغان ئىدىم،- دېدى، ئانىسى.

— ئىسمىنى مۇھەممەد ئىمىن قوي!

بالام! بۇ نېمە دېگىنىڭ. سېنىڭ ئىسمىڭ مۇھەممەد ئىمىن تۇرسا، يەنە نېمىگە سېنىڭ ئىسمىڭنى قويىمەن.

— مەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ بالىسى، مېنى سەن ۋەتەنگە ئاتىۋەتكەن، ئۇنىڭ ئىسمىنى مۇھەممەد ئىمىن قويساڭ بولىدۇ،- دېدى، دە ـ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي، قادىراخۇن ئاكىمىز بىر دۇئا قىلىپ بەرسۇن دەپ، دۇئاغا تەكلىپ قىلدىم. ئايىغىدا قۇرۇت ئۆلمەيدىغان، سېخى - ساخاۋەتلىك قادىر ئاخۇن ئاكىمىز ئۇزۇن بىر سۈرىنى ئۇنلۇك ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— ئىھا رەببىم، مەن سەندىن داۋاملىق ئوغۇل پەرزەنت بېرىشنى تىلەيتتىم. سەن ماڭا ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلدىڭ. قىلغاندىمۇ تۈزۈك بىر پەرزەنت ئاتا قىلغان ئىكەنسەن، مەن سەندىن ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيا رازى. مەن ئوغلۇم مۇھەممەد ئىمىننى ساڭا تاپشۇردۇم. ئۆز

www.uyghurkitap.com

پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر، دېدى، دە ـ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ بۇقۇلداپ يىغلىغىلى تۇردى، بىزمۇ بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنالمىدۇق، بىر پىيالە چايمۇ ئىچمەستىن داسقاندىن تۇردۇق. بۇ ئىش ماڭا بەكمۇ تەسىر قىلغان ئىدى، يول بويى بىر - بىرىمىز بىلەن گەپلەشمەي كەلدۇق.

مەن ھازىرمۇ شۇ كۈندىكى بولغان گەپلەرنى ئۇنتۇيالمايمەن. قانداق كەلگەنلىكىمنىمۇ ھازىرغىچە ئەسلىيەلمەيمەن. يولدا پەقەت ئالدى ـ كەينىمىزدىكى قوراللىق ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئايىغىنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھېچ بىر نېمە ئاڭلانمايتتى. ھېلىغىچە ئاشۇ گەپلەرنى ئويلىغىنىمدا، ئىچ ـ ئىچىمدىن مۇھەممەد ئىمىن قادىردەك بىر ئۇيغۇر ئوغلانىمىزنىڭ بۇ دۇنيادا بولۇپ ئۆتكەنلىكىدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن.

مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ ئانىسى نۇسرەت سەمەر، مەكتە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ، ئاياللا ھاكىمى ئىدى.

مەن ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم، 1969 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاتۇشنىڭ ھەربىي رايون تۈرمىسىدە كۆرگەن ئىدىم. دەسلەپتە ئۇ مېنى تونۇمىدى، چۈنكى مېنىڭ بېشىمغا نەچچە مېتىر داكا تېڭىلغان ئىدى. ئاۋازىمنى ئاڭلاپ مېنى تونۇپ، ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ، مەن ئۈچۈن خىتايلارنى بىر قەپەس تىللاپ، ئۇرۇشۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋىدالىششىمىز بولغان ئىكەن.

1970 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنىمۇ ياكى باشقا كۈنىمۇ، شۇ كۈنلەردە مەن تازا ساراسىمىدە ئىدىم، ئېسىمدە قالماپتۇ، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، مەكتىتە ئىجراقىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، بەكمۇ قايغۇردۇم، ئۇنى ئۇزۇن ئەسلىدىم. قاچانمۇ ئاشۇنداق بىر ئەزىمەت يەنە دۇنياغا كېلەر؟- دەپ كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىدىم.

ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقى بىر كۈن بۇرۇن ئۇقتۇرۇلغان ئىكەن، ئۇ كېچىچە شوئار توۋلاپ تۈرمىدىكىلەرنى ئۇخلاتماپتۇ، خىتاي ئەسكەرلىرى ئۇنىڭغا گەپ قىلسا، يامان بولساڭ مېنىڭ قېشىمغا چۈش، سەن بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلىشىمىز،- دەپتۇ، خىتاي ئەسكەرلىرى ياكى باشقا گۇندىپايلارنىڭ ھېچ قايسىسى يېنىغا كىرەلمەپتۇ، ئەتىسى ئۆلۈم مەيدانىغا ئېلىپ چىققاندا، يەنىلا شوئار توۋلىغان ئىكەن، بوينىغا سىرتماق سېلىپ ئاۋازىنى چىقارغىلى قويماپتۇ.

مەرھۇمنى زەرەپشان دەريا بويىدىكى جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىقىپ ئېتىپ شېھىت قىلىپتۇ، مەرھۇم شۇ يىلى 23 ياشلاردا ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن قادىرغا جازا بەرگەن كۈنى

روزى ھېكىمگىمۇ جازا بەرگەن ئىدى، ھەر ئىككىلىسىنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىققاندا ئاغزىغا ئېغىزدۇرۇق سېلىپ، بويىنىدىن ئىنچىكە سىمدا سىرتماق سېلىپ ماڭغان ئىكەن، روزى ھېكىمنى ماشىنىغا باسقاندىلا خىتايلار ئۇرۇپ دەسسەپ، قولىدىكى قاتىللىق قورالىرىنى ئىشقا سېلىپ قىيناپ ئۆلتۈرۈپ بولغان ئىكەن، جازا مەيدانى زەرەپشان دەريا بويىغا چىققاندا ئۇنى ماشىنىدىن چۈشۈرسە ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن ئىكەن، رەسمىيەت يۈزىسىدىن بىر پاي ئوق چىقىرىپ ئىشنى تۈگىتىپتۇ.

نۆۋەت مۇھەممەد ئىمىن قادىرغا كەلگەندە، ماشىنىدىن سۆرەپ چۈشۈرۈپ بىرىنچى پاي ئوقنى ئوڭ قولىغا، ئىككىنچى پاي ئوقنى سول قولىغا، ئۈچىنچى پاي ئوقنى پۇتىغا، شۇنداق قىلىپ ھەر بىر پاي ئوق چىققاندا مەرھۇم سەنتۈرۈلۈپ دۈشمەنگە ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىدىكەن، دۈشمەن كەينىگە سىلجىپ قاچىدىكەن، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 16 پاي ئوق بىلەن قيىناپ ئۆلتۈرگەن ئىكەن.

جازا مەيدانىغا بارغان خىتاي باشلىقلىرى ۋە ئۇنىڭ رەقىبلىرى قاقاقلاپ كۈلۈپ تاماشا قىلغانلىقىنى نەق مەيداندا بولغان كىشىلەر ئېيتىپ بەرگەن ئىدى، ئۇ كۈنى پۈتۈن مەكىت خەلقىنى مەجبۇرى ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنىغا ئېلىپ چىققان ئىكەن. مەرھۇمنىڭ قان كېيىملىرىنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلىغان ئانىسى نۇسرەت سەمەر كېيىنكى كۈنلەردە خېلى ئاۋارىچىلىك تارتىپتۇ، ئۇنىڭ ئۇكىسىغا راستىنلا مۇھەممەد ئىمىن دەپ ئات قويغان ئىكەن.

كېيىنكى كۈنلەردە باشقىلار ئۇنى مەمەت دەپ چاقىرىدىغان بوپتۇ، ئىنشائاللاھ بەلكىم مەرھۇمنىڭ ئۇكىسى مەمەت، ھازىر ھاياتلا بولسا 44 ياشقا كىردى. مەن مەرھۇم مۇھەممەد ئىمىن قادىرغا جانابىي ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمەن! ئامىن! ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا سەۋرى تاقەت تىلەيمەن. ئالىي ھۆرمىتىمنى بىلدۈرىمەن!

## 7 ـ مەرھۇم يۈسۈپ قادىر داۋۇتنى ئەسلەيمەن

مەرھۇم يۈسۈپ قادىر داۋۇت مەكىت ناھىيىسىدىن بولۇپ، مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىغۇچىسى ھەمدە زەرەپشان مۇستەقىل پولكىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ 1970 - يىلى 5 - ئاي ئۆپچۆرىسىدە مەكىتنىڭ زەرەپشان دەريا بويىدا قەتلە قىلىنغان ئىدى.

مەرھۇمنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېلىشكە بارغان ئاتا - ئانىسى ۋە ئاكا ـ سىڭىللىرى، مەرھۇمنىڭ جەسىتىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزىنى تۇتالماي، ھۆركىرەپ يىغلاپ كېتىدۇ،





ئۇنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرى تىتما - كاتاڭ بولۇپ، ساق يېرى قالمىغان ئىكەن. جاراھەت ئىزنى كۆرگەن ئاتا - ئانىسى، ئاكا - ئۇكا، سىڭىللىرى مەرھۇمغا چىدىماي يىغلاپ ھوشىدىن كېتىشىدۇ. 14 ياشلىق سىڭلىسى يىغلىغان پېتى جەسەتنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ جان ئۈزۈپ كېتىدۇ، مەرھۇمنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېتىشكە كەلگەن يۈسۈپ قادىر ئائىلىسى، جەسەتنى ئىككى قىلىپ ئېلىپ كېتىدۇ. مەرھۇم شۇ يىلى 22 ياشلاردا ئىدى.

مەن يۈسۈپ قادىر داۋۇت بىلەن مەكتەپتە تونۇشقان ئىدىم. ئۇ چەبدەس، قولىدىن ئىش كېلىدىغان يارامىلىق بىر يىگىت ئىدى، مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ ھەممە ئىشىغا دېگۈدەك ھەمكارلىشىدىغان جەسۇر ئەزىمەت ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن قادىردىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمايتتى. ئۇ قورالغا بەكمۇ ھېرىسمەن ئىدى، قورالنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى تالالاپ ئېسىۋالاتتى. بوش ۋاقىتلىرىدا ھەربىي مەشىقنى قولدىن بەرمەي ئۇنى بۇنى ئېتىپ ئۆز ماھارىتىنى ئۆستۈرەتتى. ئۇ دۈشمەننىڭ 20 ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ بۇ ئالەمدىن كەتسەم كۆزۈم يۇمۇلاتتى دەيدىغان. دەرۋەقە ئۇ دۈشمەن ئەسكىرىدىن راستتىنلا خېلى ئۆلتۈرگەن ئىكەن. مەن ئۇنىڭ ھۆكۈم نامىسىنى كۆرگەندە ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇغان ئىدىم.

مەن ئۇنىڭ بىلەن قەشقەردىكى«ئۆگىنىش كۇرسى» دا بىر كامېردا بىر قانچە كۈن بىللە بولغان ئىدىم. ئۇ كۈنلەردە مەن «ساراڭ» ئىدىم. ئۇ مەن بىلەن بىر نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن مېنىڭ قېشىمدىن مەكتەپكە ئېلىپ كېتىلگەن ئىدى. ئۇ ماڭا نۇرغۇن ئىشلارنى دەپ بەرگەن ئىدى. ئۆزۈن قالماي ئۇنىڭ شېھىت بولغانلىق خەۋىرى كەلدى، ھۆكۈمنى بىزنىڭ كامېرغا چاپلاپ قويغان ئىدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمىدە: بىر قانچە خىتاي باشلىقلارنى ئۆز ئالدىغا سوراق قىلىپ ئۆلتۈرگەنلىكى يېزىلغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى بىلەتتى. بىر كۈنى ماڭا: مەن ھامان ئۆلىمەن. ئەمما بىر ئەۋلاد قالدۇرالمىدىم-، دېگەن ئىدى. ئۇ شۇ چاغدا تېخى ئۆيلەنمىگەن بىر بالا ئىدى.

مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، ئامىن!

## 8- مەرھۇم ئابدۇكېرىم ساۋۇتنى ئەسلەيمەن

مەرھۇم ئابدۇكېرىم ساۋۇت (لەقىمى لەڭزا)، ئەسلى يۇرتى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ خان ئېرىق يېزىسىدىن بولۇپ، كېيىنكى مەزگىللەردە قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشقان ئىدى. مەن مەرھۇمنى بۇرۇندىنلا بىلەتتىم. ھازىرمۇ قەشقەر شەھىرىدە ھاشماجى سائەتچى،

ئىمىنجان دودەي دەيدىغان ئىنىلىرى بار. مەرھۇم ئابدۇكېرىم ساۋۇت 1970 - يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدىكى ھۆكۈم ئېلان قىلىش چوڭ يىغىنىدا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ئىجرا قىلىنغان ئىدى. جازا ئېلان قىلىش مەيدانىغا بىللە چىقتۇق. ئەمما ئۇ ئاخىرەتكە سەپەر قىلىپ كەتتى. بۇ كۈن شەرقىي تۈركىستان تارىخىدىكى ئېغىر مۇسىبەت كۈنى بولۇپ، شۇ كۈنى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان بويىچە 78 كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، بىرلا ۋاقىتتا ھەر قايسى شەھەر ۋە ۋىلايەتلەردە ئىجرا قىلىنغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ئىدى.

مەن ئابدۇكېرىم ساۋۇت بىلەن تا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشقا چىققانغا قەدەر بىر كامېردا ياتقان ئىدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشىغا زادى ئىشەنمەيتتى ۋە بىلمەيتتى. «مەن گۇناھسىز، مېنىڭ ھېچ قانداق گۇناھىم يوق، مەن پەقەت قەشقەرگە كېتىۋېلىش ئۈچۈن مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ ماشىنىسىغا چىقىۋالغان ئىدىم» دەيتتى. ئۇ مەكىتتىن كەلگەن مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ ماشىنىسى بىلەن سۇغۇنغا كېلىپ ئەسىرگە چۈشكەن ئىدى.

ھۆكۈم ئېلان قىلىش چوڭ يىغىنىغا چىققاندا، ھەممىمىزنى ۋىلايەتلىك تۈرمىنىڭ ھويلىسىغا يىغىپ، پۇت ـ قوللىرىمىزغا كويزا - كىشەن سېلىپ، ئۈستىلەپ قاتتىق باغلاپ جازا مەيدانىغا ئېلىپ ماڭغان ئىدى. ئۇنىڭ بېشىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان كىشىلەرگە كىيگۈزۈلىدىغان كۈلانى كەيدۈرگەندىمۇ بىر نېمىنى ھېس قىلمىغان ئىدى، پەقەت ئالدىدىكى ماشىنىدىكى كىشىلەرنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈلگەن ئۆلۈم جازاسى تاختىيىنى كۆرگەندىلا، ئۆزىنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئاندىن ئۆزىنىڭمۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى بىلگەن ئىدى.

ئۇ گەرچە نارازىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ ھېچ كىم ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمەيتتى. باسماداپ ئېلىپ ماڭغانلارنىڭ ھەممىسى خىتاي ئەسكەرلىرى ئىدى. مەن ئۆلۈم مەيدانىدا نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ ئاڭلاپ تۇردۇم.

- سوۋېت شيۇجېڭجۇيى خائىنلار گۇرۇھى بىۋاستە پىلانلىغان ئاخۇنوپ باشچىلىقىدىكى قەشقەردىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ شېرىك جىنايەتچىسى ئابدۇكېرىم ساۋۇت، تەركىبى پومېشچىك، بۇزۇق ئۇنسۇر قالپىقى بىلەن كۆپ قېتىم تۈرمىگە كىرىپ جازالانغان، زامان ئۆزگەرتىش خىيالىدا بولغان. مەكىتتىكى مۇھەممەد ئىمىن قادىرغا مەسلىھەت كۆرسىتىپ، مەكىت ناھىيىلىك سودا كوپېراتىپىنىڭ ماگىزىنىغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ، نۇرغۇن ئىقتىسادى زىيان سالغان. تىزناپ دەرياسىنىڭ سۇيىنى قويۇپ بېرىپ،

www.uyghurkitap.com

مەكتەپ ناھىيىسىنى سوغا باستۇرماقچى بولغان، كۆپ قېتىم قورال ياراق بۇلاشقا قاتنىشىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ شان - شەرىپىگە داغ چۈشۈرگەن. خەلقنىڭ غەزىپى كۈچلۈك ئۆلتۈرمىسە بولمايدىغان جاھىل جىنايەتچىدۇر...... دېگەندەك جىنايەت بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى.

كېيىن پەيلو مەيدانىغا بېرىپ، باشقىلاردىن ئۇقسام، ئۇ ھەقىقەتەن باتۇرلۇق بىلەن خىزمەت كۆرسەتكەن، كۆپ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ ئاجايىپ پىداكارلىقلارنى كۆرسەتكەن ئىكەن.

مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، ئامىن!

## 9 - مەرھۇم سىدىق توختىنى ئەسلەيمەن

مەرھۇم سىدىق توختى مەكىت ناھىيىسىدىن ئىدى. 1969 - يىلى 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مەكىت زەرەپشان پولكى بىلەن بىللە، سوغۇنچازىدا دۈشمەن تەرىپىدىن ئەسىرگە چۈشكەن جەڭچىلەردىن ئىدى.

1970 - يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قەشقەردىكى ھۆكۈم ئېلان قىلىش چوڭ يىغىنىدا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان يەتتە كىشىنىڭ بىرى ئىدى. شۇ كۈنى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە ۋىلايەت ۋە شەھەرلىرىدە بىرلا ۋاقىتتا 78 كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، ئىجرا قىلىنغان ئىدى. بۇ كۈن شەرقىي تۈركىستان تارىخىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ئېغىر مۇسىبەت كۈنى بولۇپ خاتىرىلەنگۈسى.

مەن مەرھۇم بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك تۈرمىدە بىر يىلدەك بىللە ياتقان ئىدىم. بىر - بىرىمىزدىن ھال سورۇشۇپ تۇراتتۇق. مەن ئۇ كىشىنى«بوۋايى قەمبەر» دەپ چاقىراتتىم. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزىگە يارىشىملىق قاپقارا ساقىلى بار ئىدى. گەپ - سۆزلىرىمۇ دىنى ئۆلىمالاردەك ناتىق ئىدى. مەن مەرھۇمنىڭ قەھرىمانلىقى ھەققىدە كۆپ پاراڭلارنى ئاڭلىغان ئىدىم. مەرھۇم پېشقەدەم ئەسكەرلەردىن بولۇپ، مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ پولكىغا ئۆزلۈكىدىن كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرۇپ ئەسكەر بولغان ئىكەن. ئۇ پولكنىڭ ئاتاقلىق پىلىموتچىسى ئىكەن. كۆپ ئۇرۇشلاردا دۈشمەننىڭ ئەسكىرىنى پىلىموتنىڭ زەربىسىدىن باش كۆتۈرگۈزمەي، قىسمىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن يول ئاچقان ئىكەن. بولۇپمۇ مەكىتنىڭ چاسا بۇدۇيىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، قورالللىرىنى بۇلىغاندا، خىتاي ئارمىيىسىنىڭ باشلىقلىرىنى ئۇندەككە كەلتۈرۈشتە، جەسۇرلۇق كۆرسەتكەن ئىكەن. مەرھۇم ئالەمدىن ئۆتكەندە 55 ياشتا ئىدى. مەن ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازانىڭ سەۋەبىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ تۇرغان ئىدىم.

قورال ياراق بۇلىغان، بىگۇناھ خەنزۇ ئىشچى خىزمەتچىلىرىنى ئۆلتۈرگەن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ كادىر - ئوفىتسېرلىرىنى ھاقارەتلىگەن ۋە ئۆلتۈرگەن..... دېگەندەك جىنايەتلەرنى ئۇنىڭغا ئارتقان ئىدى. ئەمما كىمنى ئۆلتۈردى؟ نەچچىنى ئۆلتۈردى؟ تەپسىلىي ئېيتمىغان ئىدى.

مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، ئامىن!

## 10-مەرھۇم ئەخمەتجان مۇنىرنى ئەسلەيمەن

مەرھۇم ئەخمەتجان مۇنىر 1970 - يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قەشقەردە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان 7 كىشىنىڭ بىرى ئىدى. شۇ كۈنى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە ۋىلايەت، شەھەرلىرىدە بىرلا ۋاقىتتا 78 كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا ئېغىر مۇسىبەت كۈنى بولغان ئىدى. مەن ئەخمەتجان مۇنىرنى بىرىنچى قېتىم ۋە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قەشقەر ۋىلايەتلىك تۈرمىنىڭ ھويلىسىدا، ئەتىگەن سائەت ئالتىدە ھۆكۈمگە ئېلىپ چىقىدىغان مەھبۇسلارنى بىردىن - بىردىن باغلاپ، پۇت - قوللىرىمىزغا كويزا - كىشەن سېلىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدىغانلارنىڭ بېشىغا كۆلا كىيدۈرۈپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلارغا ئاسىدىغان قىزىل كۆپەيتىش بەلگىلىك تاختاينى ئاسقاندا، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدىغانلار بىردىن - بىردىن ئايرىم ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇلۇپ، 10 ئەسكەرنىڭ نازارىتى بىلەن جازا مەيدانىغا ئېلىپ ماڭغاندا كۆرگەن ئىدىم.

ئۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋە بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم شۇنداقلا ۋىدالىشىشىم ئىدى. ئۇ ئۆلۈم مەيدانىغا ئېلىپ مېڭىشىنىڭ ئالدىدا، باغلاۋاتقاندا قانداقتۇر يۇقىرى ئاۋازدا دېكلاماتسىيە ئاھاڭىدا «شەرقىي تۈركىستان... يولۋاس.... مەرد ...» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغان ئىدى، خىتاي ئەسكەرلىرى ئاغزىغا بىرنېمىلەرنى تىقىپ سۆزلىگىلى قويمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىتى ھېلىمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇ ئۆلۈم مەيدانىغا ئەمەس، بەلكى تويغا كېتىۋاتقاندەك غەيرەتلىك، جەسۇر، ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى، خىتاي ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ شىللىسىدىن بېسىپ تۇرغان بولسىمۇ، پەسەنت قىلماي، مەغرۇر قىياپەتتە ھەممە تەرەپكە تەڭ قاراپ، كىشىلەر بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.

بىزنى ۋىلايەتلىك تۈرمىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئېلىپ چىقىپ، ھېيتگاھ تەرەپتىن يارۋاغ تەرەپكە ھەيدەپ، ئۇيەردىن تۆشۈك دەرۋازا ئارقىلىق تۇمەن كۆلىنىڭ ئالدى بىلەن ئايلاندۇرۇپ، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدى، خەلق مەيدانىغا ئېلىپ كېلىپ، رەئىس

مۇنبىرىنىڭ ئالدىدا چوڭ يولدا ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئۆرە تۇرغۇزۇپ، بىردىن - بىردىن ھۆكۈم ئېلان قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈمنامە ۋە ئەيىبلەشنامىدە:

- سوۋېت شىيۇجېڭجۇيى خائىنلار گۇرۇھىنىڭ قەشقەرگە قاققان قوزۇقى، ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، پرولېتارىيات دىكتاتورىلىقىدىكى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرماقچى بولغان، تۈرمىدىكى ئۆزگەرتىش جەريانىدا، ئۆزگەرتىشكە قارشىلىق قىلىپ، جىنايەتچىلەرنى قۇترىتىپ، يەنە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغان...... دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان ئىدى.

ئەخمەتجان مۇنىر غۇلجا ۋىلايىتىنىڭ چاپچال ناھىيىسىدىن ئىدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىزمەت تەقسىماتى بىلەن قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان ئىدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مەزگىللەردە، ئۇنىڭ قەشقەردىكى تەسىرى خېلىلا چوڭ بولغان ئىدى. مېنىڭ زامانداش دوستلىرىمدىن ئاڭلىشىمچە، ئەخمەتجان مۇنىر قەشقەر ياشلىرىغا شۇ زاماننىڭ ئۆزىدە، شىمالنىڭ مەدەنىيىتىنى تارقىتىپ، ئولتۇرۇش - قوپۇش، ئويۇن تاماشالاردا كۆپ ياشلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، چوڭ سورۇنلارنى ھاسىل قىلغان ئىكەن.

ئۇنىڭ بىلەن باردى-كەلدى قىلىدىغانلارنىڭ سانى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ، قەشقەردە ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىدىغانلارنىڭ سانى مەلۇم دەرىجىگە يەتكەن ئىكەن. كېيىن ئۇ ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنغاندا، ئۇنىڭ بىلەن باردى-كەلدى قىلغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قولغا ئېلىنىپ، جازالانغان ئىدى، ئۇنىڭ سورۇنى ئادەتتىكى سورۇن بولماستىن مۇستەقىللىقنى تەرغىب قىلىدىغان سىياسىي سورۇن بولغان ئىكەن. مەرھۇم شۇ ئىش بىلەن 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ئۇچراپ، پەيلو مەيدانىغا بارغاندىن كېيىن، تۈرمىدىكى سەپداشلار ئىچىدە كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، «دەھشەتلىك بوران پارتىيىسى» قۇرۇپ، پەيلو مەيدانىدا قايتا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ تەشكىلاتىغا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ سانى جىق بولۇپ، تەسىر دائىرىسىمۇ چوڭ بولغان ئىكەن. «دەھشەتلىك بوران پارتىيىسى» نىڭ قاتناشقۇچىلىرى ئىچىدە، مەرھۇمنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىسى، پەيلو ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى «جىنايەتچى» لەرنى قوراللىق قوغداش باتالىيونىنىڭ پەيجاڭى پالتا مۇھەممەد ئىمىنمۇ بار بولۇپ، دەھشەتلىك بوران پارتىيىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ھەمدە قوراللىق قوزغىلاڭغا كېرەكلىك بولغان قوراللارنى تەمىنلەشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىكەن.

مەرھۇم سېيىت نىياز دەھشەتلىك بوران پارتىيىسىنىڭ تەشكىلات ئىشلىرىغا مەسئۇل

بولغان ئىكەن. قوراللىق قوزغىلاڭغا ئاتلىنىش پەيتى يېقىنلاشقاندا، ساتقۇننىڭ خائىنلىقى بىلەن پاش بولۇپ، پۈتۈن پەيلو مەيدانىدا ھەربىي ھالەت ئىجرا قىلىنىپ، تۇت - تۇت بولۇپ كېتىپ، نەچچە يۈزلىگەن مەھبۇس قايتىدىن جىنايى جازاغا تارتىلىپ، ئەخمەتجان مۇنىرگە ئۆلۈم جازاسى، سىيىت نىيازغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىلدىن كېيىن ئىجرا قىلىدىغان، پالتا مۇھەممەد ئىمىنغا 20 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ ئەنزىنى ياپقان ئىدى.

بىز پەيلو مەيدانىغا بارغاندا ھېلىمۇ ئەخمەتجاننىڭ تەسىرى تۈگىمىگەن ئىكەن. خىتاي كادىرلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي سەھنىسىدە ئىككىنچى بىر ئەخمەتجاننىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىككى جىنايەتچى بىر يەرگە كەلسە، سوراق سوراپ، نېمە دېيىشتىڭ؟- دەپ گۇمان قىلىدىكەن. ئەخمەتجان قاتارلىقلار 1965 - يىلى پەيلو مەيداندا قايتا قولغا ئېلىنغان پېتى 1970 - يىلىغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك تۈرمىدە قاماقتا تۇتۇپ تۇرۇلۇپ، بىز بىلەن بىللە جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىقىلىپ، ئۇ ئالەمگە كەتكەن ئىدى.

ئەخمەتجان ئالەمدىن ئۆتكەندە تېخى ئۆيلەنمىگەن ئىدى...

بىز بىر قانچىمىز جازا مەيدانىدىن قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، مەن سىيىت نىياز بىلەن بىر كامېردا ياتقان ئىدىم. كېيىن پەيلو مەيدانىدىمۇ بىر ئەترەتتە بىر قانچە يىل بىللە بولغان ئىدىم. سىيىت نىيازنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە:

ئەخمەتجان مۇنىر قەشقەر ۋىلايەتلىك تۈرمىدە تۇرغان مەزگىلدە، ئاخۇنوپ، مىجىت سىلىڭ ۋەقەسىنى ئاڭلىغان ئىكەن. ئۇ ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىغا ئىنتىلىۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مەن ھامان ئۆلۈپ كېتىمەن، مەن ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ۋەتەن يەنىلا بىر كۈن مۇستەقىللىققا ئېرىشىدىكەن، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ باشلىقلىرىدىن تارتىپ، قەشقەرنىڭ دوتەي، ھاكىملىرىغىچە، خىتايغا قارشى تەشكىلاتقا ئۇيۇشقىنىدىن قارىغاندا، بىزنىڭ ئىنقىلابىمىز ھەققانىي ئىنقىلاب ئىكەن، خەلق ئويغىنىپتۇ، مۇستەقىللىقنىڭ يۇرىقى دىمىغىمغا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق. بىرسىمىز ئۆلسەك مىڭىمىز بۇ يولنى داۋاملاشتۇرىدىكەنمىز، دېگەن ئىكەن!

ئەخمەتجاننىڭ شېرىكلىرىدىن كۆپ قىسمى تۈرمىدە ئالەمدىن ئۆتتى. ئاز بىر قىسمى جازا مۇددىتىنى تۈگىتىپ قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پالتا مۇھەممەد ئىمىن قەشقەردە قاسساپلىق بىلەن جان ساقلاۋېتىپتۇ. ئەسقەرجان قاتارلىق بىر نەچچىسى ھەرخىل يول تۇتۇپ، جان بېقىپ ھازىر قەشقەردە ياشاۋېتىپتۇ. ئەلھەمدۇ لىللاھ!

مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، ئامىن!

ئاللاھغا شۈكرى! سىيىت نىيازمۇ تۈرمىدىن ساق چىقتى. ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىدە خېلى جىق ئىشلارنى قىلدى، ئۇ ئۇرۇمچىدىكى نەنمېن مەسچىتىدە بىر مەزگىل مۇئەززىنلىك ھەم خوجىدارلىق ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. ئۇ مەزگىلدە ۋەتەندە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن چەت ئەلدىكى تەشكىلاتلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ، نۇرغۇن مۇھىم قىممىتى بار ئاخباراتلار بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. مەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋاقتىمدا مەلۇم بىرى ئارقىلىق سىيىت نىياز بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرغان ئىدىم. كېيىن مەن پاسپورت ۋە ئىقامەتسىزلىك كاساپىتىدىن كۆپ قېتىم خاپىلىق تارتىپ، بىر يەردە مۇقىم تۇرالماي ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى، كېيىنكى كۈنلەردە ۋەتەندىن چىققان بىرسىدىن مەرھۇمنىڭ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، بەكمۇ قايغۇردۇم.

مەرھۇمغا جانابىي ئاللاھدىن جەننەتتىن يەر بېرىشىنى تىلەيمەن، ئامىن!

## 11-مەرھۇم جېلىل قارىمنى ئەسلەيمەن

مەرھۇم جېلىل قارىم 1970 - يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قەشقەردە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان يەتتە كىشىنىڭ بىرى ئىدى. مەن جېلىل قارىمنى 21 - ئاۋغۇست كېچىسى، قەشقەردىن چىققان قوماندانلىق شتابىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، بىر ماشىنا بىلەن سۇغۇنغا بارغاندا، ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا كۆرگەن ئىدىم.

مەرھۇم كېلىشكەن، ئۇزۇن بويى، كالتە ساقال، يادائىغۇ كەلگەن، گەپ ـ سۆزىدىن تەقۋادار مۇسۇلمانلىقى چىقىپ تۇرىدىغان، سالاپەتلىك بىر ئىنسان ئىدى. قاراجۇلگە يېتىپ بارغان كۈنى ئەتىگەندە بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، دۇئاغا تۇرغاندا ھەممىمىزنى يىغلىتىۋەتكەن ئىدى. ئەسلى ئىسمى ئابدۇللا قارى ئىكەن. يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە بۇ كىشىگە پومېشچىك ئۇنىۋانى قالپىقى كىيدۈرۈلگەن بولغاچقا، نازارەتتىن قېچىپ، بىر ئۆمۈر ئۆز يۇرتىدا سەرگەردان، سەرسان بولۇپ، قېچىپ يۈرگەن كىشى ئىكەن.

ئىسمىنى ئۆكسىنىڭ نامىغا ئۆزگەرتىپ جېلىل قارىم نامى بىلەن ئۇرۇمچى، غۇلجا، كۇچار... قاتارلىق يەرلەردە ھۈنەر - كەسىپ بىلەن جاھانسازلىق قىلىپ يۈرگەن ئىكەن.

ئۇ زامانلاردا پومېشچىك قالپىقى بار ئادەم بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە بېرىشقا توغرا كەلسە، چوقۇم گۇڭشېنجۇنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشى كېرەك ئىدى. شۇ ۋەجىدىن مەرھۇم ئۆكسىنىڭ نامىدا ھايات ساقلىنىپ كەلگەن ئىكەن. مەرھۇم مەركىزى بيۇرونىڭ قەشقەرگە ئەۋەتكەن ئالاھىدە ئالاقىچىسى بولۇپ، مۇھىم ئىشلار جېلىل قارىم ئارقىلىق مەركىزى بيۇروغا مەلۇم

قىلىناتتى. مەرھۇم قاراجۇلدىكى جەڭدە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، دۈشمەننى كۆپ ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ بىرى ئىدى. مەن مەرھۇم بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك تۈرمىدە بىر نەچچە كۈنلا بىللە بولۇشقا نېسىپ بولغان ئىدى. ئۇ كىشىدىن كۆپ دىنى بىلىملەرنى ئۆگىنىۋالغان ئىدىم. مەرھۇمنىڭ ئېيتىشىچە ياقا يۇرتتا 20 يىلدەك سەرگەردان بولۇپ، مەخپىي ھايات كەچۈرگەن ئىكەن. جازا مەيدانىغا بىللە چىقتۇق. ئەمما ئۇ كىشى ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالدى. جېلىل قارىم داۋاملىق قولىدا تەسۋىر سىيرىپ ئاسمانغا قاراپ قانداقتۇر بىرنېمىلەرنى دەيتتى، ئەمما، باشقىلار گەپ سورىسا دەرھال جاۋاب بېرەتتى.

بىر كۈنى مەن جېلىل قارىمدىن سورىدىم، سىللە ئەتىدىن كەچكىچە ئاسمانغىلا قاراپلا تۇرىدىكەنلا، ئاسماندا بىر نېمىنى بايقاۋاتاملا-ياكى كۆزلىرىگە بىر نېمە كۆرۈنىۋاتامدۇ؟-دەپ سورىدىم:

-بۇ پەسكەش دۇنياغا كۆز تىككەندىن كۆرە، ئاللاھغا سېغىنىپ ئاسمانغا قارىسام كۆڭلۈم يورۇپ قالىدۇ.- دېگەنتى.

- ھەپتىدە بىر ئېغىز گەپ قىلىدىكەنلا، ئانچە - مۇنچە باشلىرىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى دەپ بەرمەملا؟،- دېسەم، ئارتۇق گەپ ئېشەككە يۈك، ئاللاھ نېسىپ قىلسا، سۆزلەيدىغان مۆرتى كەلگەندە پۇخادىن چىققۇدەك سۆزلەپ قورسىقۇمنى بوشىتىۋالسام ئۆزۈمنى ھارغىنلىقتىن قۇتۇلدۇرغاندەك ھېس قىلىمەن....!،- دەيتتى.

ھەي رەھىمسىز دۇنيا! ھەي رەھىمسىز خىتاي كوممۇنىستلىرى. جېلىل قارىمنىمۇ ئاخىرى يەپ كەتتىڭ! بۇ قىساسنى ئاخىرى بىر كۈن ئالىمىز. ئىنشا ئاللاھ!

مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، ئامىن!

## 12 - مەرھۇم ھاۋۇت پاۋاننى ئەسلەيمەن

مەرھۇم ھاۋۇت پاۋان (مەرگەن) مەكىت ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1970 - يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان يەتتە كىشىنىڭ بىرى ئىدى. مەن مەرھۇم بىلەن بىللە جازا مەيدانىغا بىللە چىققان ئىدۇق. ئەمما ئۇ كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ئۇ ئالەمگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋىدالىشىشىمىز بولغان ئىدى.

مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، ئامىن!

مەرھۇم 85 ياشلىق، ئاپئاق ساقال، پەرىشتە سۈپەت بىر ئىنسان ئىدى. مەرھۇم مەكىت

www.uyghurkitap.com

ناھىيىسىدە بىر ئۆمۈر مەرگەنلىك بىلەن ئوۋ ئوۋلاپ، چۆل ـ جەزىرىلەردە ھاياتى ئۆتكەن، خىتاينىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق سىياسەتلىرىدىن قىلچە خەۋىرى يوق، تەركى دۇنيا بولۇپ كەتكەن قارا تۈرك بىر ئىنسان ئىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىي يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، ئىسيانچىلار باشلىقى مۇھەممەد ئىمىن قادىر مەكتىنىڭ ھوقۇقىنى قورال كۈچى بىلەن تارتىۋېلىپ، مەكىت خەلقىگە مۇراجىئەتنامە چىقىرىپ ئەسكەرلىككە تىزىمغا ئالدۇرۇش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چىقارغاندا، مەكىت خەلقىنىڭ ئازادلىققا چىققانلىقىنى ئاڭلىغان ھاۋۇت پاۋان، جاڭگالدىكى ئوۋچىلىق كەسپىنى تاشلاپ، پىداكارلىق بىلەن مەكىت ناھىيىسىگە كېلىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، ئەسكەرلىككە تىزىملاتقان ئىكەن.

ھاۋۇت پاۋاننى كۆرگەن مۇھەممەد ئىمىن قادىر ئۇ كىشىگە ئۆز قولى بىلەن بىر دانە بەش ئاتار مىلتىق بىلەن يۈز تال ئوق بەرگەن ئىكەن. ئۇ كىشىنىڭ مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەسكىننىشانچىلىقنى (يىراقتىن قارىغا ئېلىپ ئاتىدىغان ئاتۇچى) قىلىدىكەن. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، «كۆزۈمگە ئىلىنىشقان نەرسىنى سوقۇۋېتەلەيمەن» دەيتتى.

مۇھەممەد ئىمىن قادىر بەرگەن مىلتىق بىلەن ھەر قېتىمقى جەڭدە بىر نەچچە دۈشمەننى يەر چىشلەتكەن ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ دېيىشىچە، «بىلىپ تۇرۇپ يىراقتىن ئون ئىككى خىتاينى يەر چىشلەتتىم، يەنە قانچىسى يەر چىشلىدى بىلمەيمەن»، دەيدىغان. ئەمما ھۆكۈمنامىسىدە «بىگۇناھ بىر نەچچە خەنزۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى ئۆلتۈرگەن» دەپ ئەيىبلىگەن ئىدى. باشقىلارنىڭ دەپ بېرىشىچە: «بۇ ئادەم خىتايغا بەك ئۆچ ئىدى، خىتاينى كۆرسىلا، ئۇنىسىنى بۇنىسىنى سۈرۈشتە قىلماي ئېتىۋېتەتتى» ـ دېگەنىدى.

مەن بىر قېتىم چاقچاق قىلىپ، راست نەچچەيلەننى ئاتقانتىلە؟ دېسەم، «ئاللاھ بىلىدۇ ئۇنىڭ ھېسابىنى، كىم ئۇلارنى بىزنىڭ ۋەتەنگە كەلسۇن دەپتۇ!» ـ دېگەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەرجىمھالى ھەققىدە ھېچ كىمگە بىر نېمە دېگەن ئەمەس، ئۇ راستىنلا بىر سىرلىق ئىنسان ئىدى.

مەرھۇمغا جانابى ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمەن. ئامىن!

مەن بۇ ئەسلىمىلىرىمنى، مەرھۇم ئۇستازىمىز ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئىز» دېگەن شېئىرى بىلەن تاماملاشنى لايىق كۆردۈم.

**ئىز**

ياش ئىدۇق مۇشكۇل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز.<br>
ئەمدى ئاتقا مىنگۈدەك بوپقالدى ئەنە نەۋرىمىز.

ئاز ئىدۇق مۇشكۇل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز.
قالدى ئىز چۆللەر ئارا گاھى داۋانلاردا يەنە،
قالدى نى - نى ئارسلانلار دەشتى چۆلدە قەبرىسىز.
قەبرىسىز قالدى دېمەڭ يۇلغۇن قىزارغان دالادا،
گۈل - چېچەككە پۈركىنۇر تاڭنا باھاردا قەبرىمىز.
قالدى ئىز، قالدى مەنزىل، قالدى يىراقتا ھەممىسى،
چىقسا بوران، كۆچسە قۇملار ھەم كۆمۈلمەس ئىزىمىز.
توختىماس كارۋان يولىدىن گەرچە ئاتلار بەك ئورۇق،
تاپقۇسى ھېچ بولمىسا بۇ ئىزنى بىركۈن، نەۋرىمىز يا چەۋرىمىز.
كىتاب تۈگىدى.

ھۆرمەت بىلەن: ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى

*****

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# شەرقىي تۈركىستاندا 60- يىللاردىكى قورallıق قوزغىلاڭنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە مەغلۇپ بولۇشى

## (تارىخى ئەسلىمە)

### يۇنۇس ھاجىم قەشقىرى

تۆۋەندە يۇنۇس ھاجىم قەشقىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ھەققىدىكى ئەسلىمىسىنى، تولۇقلىما ماتېرىيال سۈپىتىدە ھوزۇرۇڭىزلارغا سۇنماقچىمەن.

-ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى

مەن ئەسلىدە بۇ ۋەقەلىكنى يېزىپ چىقىشنى ئويلىمىغان ئىدىم. مۇشۇ يولدا قەتلىئام قىلىنغان تۈرمىدە جىسمانىي ئىسكەنجە سەۋەبىدىن ئۆلتۈرۈلگەن قەھرىمانلارنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەلىك ۋاپاتى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئاجايىپ پائالىيەتلىرىنى يېزىپ چىقىشنى مۇۋاپىق كۆردۇم. ئۇ، قەھرىمانلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنىڭ 40 يىل مابەينىدە تارتىۋاتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم. بىرگە ئۆتكەن، بىللە ھەرىكەت قىلغان، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولغان دوست - بۇرادەرلىرىم پاجىئەلىك ھالدا ھاياتىدىن ئايرىلدى. مەن بولسام ھايات قالدىم، بۇنداق ھاياتلىقنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى، ئۇلار ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ قويۇش ئىستىكى يۈرىكىمنى ئازابلاپ كەلدى...

بۇ ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتىنى ئاتمىز ئاخۇنوپ باشچىلىقىدىكى بىر قانچە كىشى تولۇق بىلەتتى. ئەپسۇسكى: بۇلار ئەينى چاغدىلا قازاغا ئۇچراپ ئۇ ئالەمگە كەتتى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋىرى بار يانا بىر ھايات سەپدىشىم:«قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى مەن قەلەم بىلەن خاتىرىلەپ كېتەلمەيمەن، شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ قىسقىغىنە بىر نەرسە يېزىپ قالدۇرۇپ قويۇشلىرىنى سورايمەن. بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقان ئىكەنمىز ۋە تەشكىللىگۈچىلەر قاتارىدا ئىكەنمىز ئۇنى ئۆزىمىز بىلەن بىرگە ئېلىپ ئۇ دۇنياغا كەتسەك بولماس»- دېدى.

شۇڭلاشقا غەيرەتكە كېلىپ بۇ ۋەقەلىكنى قۇربىتىمنىڭ يېتىشىچە  يېزىپ چىقىشقا نىيەت قىلدىم. مەن يازىدىغان بۇ ۋەقەلىك: قەشقەر شەھىرى، مەكىت ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ بىر قىسمى، يەكەن، تاشمىلىق، بارىن قاتارلىق جايلاردىكى قوراللىق تەشكىلاتلارنىڭ دەسلەپتە قۇرۇلۇشى، كېيىن ھەرىكەتكە ئۆتۈشى، ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى جەنۇبى تەڭرىتاغ بىيۇروسى بىلەن بىرلىشىش قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىندۇ.

مەن ئەسلى يازغۇچىمۇ ئەمەس، ئالاھىدە بىلىملىك كىشىمۇ ئەمەس، پەقەتلا تاجاۋۇزچى، ئالدامچى ۋە كاززاپ خىتايلارنىڭ زۇلۇمىنى يەتكۈدەك تارتقان ساۋاتى بار بىر كىشى.

مەن قەلەمگە ئالغان ھادىسلەر كېيىن ۋەتەنپەرۋەر ياخشى بىر ئىلىم ئىگىسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ مەڭگۈلۈك تارىخ سۈپىتىدە خاتىرىلىنىپ قالسا ئەجەپئەمەس.

قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتناشقان سەپداشلار ئىچىدە ۋەتەن يولىدا قۇربان بولغانلار بولسۇن، ياكى ھايات قالغانلار بولسۇن ھەممىسى ياخشى كىشىلەر ئىدى. تەقدىر قىسمەت شۇنداقمۇ ۋە ياكى رىزقى شۇنچىلىكمۇ ئۇلار بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلدى. بۇ سەپداشلارنىڭ كۆپ قىسمى قۇربان بولۇپ كەتتى. يانا بىر قىسمىنىڭ بېشى چوڭقىيىپ  كەتتى. قۇربان بولغان، ۋاپات بولغان، ھايات قالغۇچىلارنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتلىرى خائىنلار، مۇناپىقلار تەرىپىدىن ئۇزۇن مۇددەت كەمسىتىلىشكە ئۇچرىدى...

بىچارە نارەسىدە مەسۇم باللار، ئۆزلىرىنىڭ ئاتىلىرىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەر نامىزىدا شۇلار ئۈچۈن دۇئا -ئىبادەتتە بولسۇن ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى چۈشەندۇرۇشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەينى چاغدا تۈنتۇقۇندا دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشكەن يۈسۈپ سەھىدى، تۇردى ئىلى، ئابدۇرېھىم ئەيىوپ، ئابدۇرېھىم ئەمەت، ئابدۇغىنى، ئابدۇرېھىم سالى، يار مۇھەممەت ئاكا قاتارلىق كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن بۇ ۋەقەلىكنى يېزىپ قالدۇردۇم. ئۇلار مېنى ئاسراپ قالمىغان بولسا بۇ ۋەقەلىكنى يېزىپ قالدۇرالمىغان بولاتتىم. يازغانلىرىم تولۇق بولۇپ كېتىشى ناتايىن.  قېرىنداشلىرىمنىڭ ئەپۇ قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

تۆۋەندە مۇشۇ ھەرىكەتكە قاتناشقان سەپداشلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى چۈشەندۇرۇپ ئۆتىمەن.

* * * * * * * * *

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



## مەشھۇر قوماندان ئاخۇنوپ ئەمەت

ئاخۇنوپ ئەمەت شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى جەنۇبىي تەڭرىتاغ بىيۇروسىنىڭ باش سېكرېتارى. قوراللىق قوزغىلاڭغا مەسئۇل باشقوماندان.

ئاخۇنوپنىڭ ئەسلى يۇرتى، ئاتتۇ ناھىيىسىنىڭ فىلال يېزىسىدىن بولۇپ، كېيىن قەشقەر شەھىرىنىڭ تاش بازىرى دېگەن مەھەللىدە ئولتۇرغان. قۇمدەرۋازىدىكى كېرىم ئاخۇن دېگەن ئۇستامدا تاقچىلىق كەسپىنى ئۆگەنگەن. 16 ياشلىرى بولسا كېرەك ئۇستىسى كېرىم ئاخۇن بىلەن «جەنۇبىي شىنجاڭ ئاتلىق گارنىزون» نىڭ ئىچىگە ئات تاقىلاش ئۈچۈن كىرگەندە مەخمۇت مۇھىدىنگە ياراپ قېلىپ، ئۇستازىدىن ھەربىي سەپكە سوراپ ئېلىپ قالغان.

شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشىنىڭ ھەربىيلىك ھاياتى باشلانغان. كەسپى ھەربىي خادىم. (دەسلەپتە مەخمۇت مۇھىدىننىڭ ئاتلىق قىسمىدا، شىڭشىسەي دەۋرىدە لەڭگەردىكى ھەربىي قىسمىدا، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ سوپاخۇن پولكىدا، گۇچۇڭدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىدە ئىشلىگەن...)

شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسى بۇيرۇق بويىچە جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ بايغا كېلىدۇ.

ئاخۇنوپنىڭ بايدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئۇنى ئىزدەپ تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىدۇ. مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىدىن ئەزىز قاسىمغا ئۇچراپ قالىدۇ. ئەزىز قاسىم «سالام! پەيجاڭ»،- دەپ ھەربىيچە سالام بېرىدۇ. ئەزىز قاسىمنىڭ مىللىي ئارمىيە كىيىمىنى كىيىپ ئاخۇنوپقا سالام بەرگىنىدىن ئۇنىڭ مىللىي ئارمىيىگە ئۆتكەنلىكىنى پەرەز قىلىدۇ. ئەزىز قاسىم گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ گۇچۇڭدىكى قىسمىدا ئاخۇنوپنىڭ قول ئاستىدىكى بەنجاڭ ئىكەن. ئەزىز قاسىم مىللىي ئارمىيە ھەققىدە سۆز ئېچىپ سوپاخۇن پولكىنىڭ ئاللىبۇرۇن مىللىي ئارمىيىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، مىللىي ئارمىيە ۋە سوپاخۇن پولكىدىكىلەردىن بىر مۇنچە ئادەمنىڭ ئاخۇنوپنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ «مېنىڭ تەلىيىم بار كەن سىللە ماڭا ئۇچراپ قالدىلا»، - دەيدۇ.

ھەمدە سوپاخۇن پولكوۋنىكنىڭ يېنىغا باشلاپ بارىدۇ. سوپاخۇن ئاكا بىر رۇس ھەربىي كوماندىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئەزىز قاسىم بىلەن بىللە كىرىپ كەلگەن ئاخۇنوپنى كۆرگەن سوپاخۇن پولكوۋنىك دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئاخۇنوپ بىلەن قىزغىن كۆرۈشىدۇ ھەمدە رۇس كوماندىرىغا ئاخۇنوپنى ماختاپ چۈشەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاخۇنوپ شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مىللىي ئارمىيىگە ئۆز قول ئاستىدىكى مىللىي ئەسكەرلىرىنى

باشلاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئاخۇنوپ مىللىي ئارمىيە تەرەپتىن ئەسىر ئېلىنغان گومىنداڭ ئوفىتسېرلىرى ئىچىدە يارمۇھەممەت ئاكىنى تونۇپ قىلىپ، ئۇنىمۇ ئازاد قىلىپ سەپكە قېتىۋالىدۇ.

سوپاخۇن پولكى بۇيرۇق بويىچە غۇلجىغا قايتىدۇ. مۇزداۋانغا بارغاندا، بۇ قىسىمنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ساقلاپ تۇرۇۋاتقان قاسىمجان قەمبىرى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوفلار بار ئىكەن.

مىللىي ئارمىيە پولكى بايدىن ئايرىلغاندىن كېيىن باينى قايتا

«تازىلاش» بىلەن پىتراپ يۈرگەن گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ يەنە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ خەلققە ئېغىر زۇلۇملارنى سېلىپ، مىللىي ئارمىيىگە ھېسداشلىق قىلغان مۇنەۋۋەر ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەرنى قىرغىن قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان بىر قىسىم مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلىرى كەينىگە قايتىپ گومىنداڭ قىسىملىرىغا قايتا ھۇجۇم قىلىپ ئەدىپىنى بېرىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

قاسىمجان قەمبىرى دەرھال غۇلجىغا قايتمىسا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە سوپاخۇن پولكىنىڭ بايغا تەكرار ھۇجۇم قىلىش پىكرىگە قوشۇلمايدۇ. شۇ سەۋەب بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا جىددىي تالاش تارتىش بولىدۇ. سوپاخۇننى قايىل قىلالمىغان قاسىمجان قەمبىرى گېپىنى ئۆتكۈزۈلمەي سوپاخۇننى قاتتىق تەنقىدلەيدۇ. ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ھەر ئىككىيلەننى مۇرەسسە قىلىپ مۇنداق قارار ماقۇللايدۇ.

قاسىمجان قەمبىرى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف قىسىم بىلەن مۇزداۋاندىن قوزغالمايدىغان، ئاخۇنوپ باشلىق 30 ئەسكەر بايغا بېرىپ دۈشمەننىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قايتىپ كېلىدىغانغا كېلىشىدۇ.

ئاخۇنوپ ئۇلار بەرگەن 30 ئەسكەرنى باشلاپ بايغا قاراپ يولغا چىقىدۇ، يول ئۈستىدە ئەسكەرلەرنىڭ قورال تۇتۇش ماھارىتىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن بىر نەچچە ئەسكەرگە ئوق ئېتىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنىڭ تېخى قورال تۇتۇشنى تازا ياخشى بىلمەيدىغان يېڭى ئەسكەرلەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئاخۇنوپ ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى سۈرۈشتۈرىدۇ، ئەسلىدە ئۇلار بۇرۇتى خەت تارتمىغان گۆدەك ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئارمىيىسىگە يېڭىدىن ئۆزىنى تىزىملىتىپ كەلگەنلەردىن ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

ئاخۇنوپ بەختكە يارىشا يارمۇھەممەت ئاكىنى بۇ 30 يېڭى ئەسكەرگە قېتىپ ئېلىپ



www.uyghurkitap.com

قالغان ئىكەن. يارمۇھەممەت ئاكا ئۇلارغا قورال تۇتۇش ئىشلىتىش، گراناتا ئېتىش قاتارلىق ھەربىي مەشقنى قىلدۇرۇپ بىر قەدەر ياخشى ئۆگەنگەندىن كېيىن ئاندىن يولغا چىقىدۇ.

ئاخۇنوپنىڭ 30 نەپەر بۇ قوراللىق قىسمى باي ناھىيىسىگە يېقىن بىر يەرگە كېلىپ سۆگەتلىكتە ئارام ئاپتۇ. ھەممە ھارغىنلىقتىن قاتتىق ئۇيقۇدا ئىكەن. ئاخۇنوپ يېرىم كېچە بولغاندا بىر چۈش كۆرۈپتۇ-دە دەرھال ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا تەرەپ - تەرەپتىن راستىنلا دۈشمەن ئەسكەرلىرى قىستاپ كېلىۋاتقۇدەك، ئاخۇنوپ دەرھال مىلتىقتىن ئوق چىقىرىپ ئەسكەرلەرنى ئويغىتىپ دۈشمەنگە زەربە بېرىشكە بۇيرۇق قىلىپتۇ. دۈشمەنلەر ئاخۇنوپ قىسمىغا بەك يېقىن بولغان بىر سەيخانىغا كېلىپ بولغان ئىكەن. ئەسكەرلەرنىڭ ئاتقان ئوقلىرىدىن قورققان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئالدى كەينىگە قارىماي كەلگەن يېرىگە قاراپ قېچىپ كېتىپتۇ.

دۈشمەن قاچقاندىن كېيىن ئاخۇنوپنىڭ ئايىغى ئاغرىغاندەك ھېس قىلىپتۇ، قارىسا كاسىسىغا ئوق تەگكەن ئىكەن، يارمۇھەممەت ئاكا ئاخۇنوپنىڭ يارىسىنى تېڭىپ، ئۇنى يۆلەپ ئەسلىدىكى پىلان بويىچە باي ناھىيىسىگە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. ئاخۇنوپ قىسملىرى باي ناھىيىسىگە كىرىپ ئورۇشنى داۋاملاشتۇرىدىكەن، كېچىسى ئېلىپ بېرىلغان ھۇجۇمدا دۈشمەنلەر پاتپاراق بولۇپ قالايمىقان بىرمەھەل ئوق چىقارغان بولسىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي باي ناھىيە بازىرىنى تاشلاپ قېچىشقا باشلاپتۇ. دۈشمەننىڭ بىر قىسمى تاغ تەرەپكە قاچسا، يەنە بىرقىسمى ئاقسۇ تەرەپكە قېچىپتۇ. ئاخۇنوپ قوشۇنى دۈشمەن ئورۇنلاشقان چوڭ گازارمىغا بۆسۈپ كىرىدۇ. دۈشمەنلەر قورال - ياراق، ئوق -دورا، ھەربىي ئاپتوموبىل ۋە ھەربىي ئاتلارنى، شۇنداقلا مول مىقداردىكى گۈرۈچ، ئۇن، ياغ قاتارلىق يېمەك ئىچمەكلەرنى تاشلاپ قاچقان ئىكەن.

## بىر ئائىلىنىڭ ئاخۇنوپقا بولغان ساداقىتى

جەنۇبى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىدە، مەرھۇم ئاخۇنوپنىڭ قول ئاستىدا ئاتلىق پولكىدا ھەربىي سەپتە ئىشلىگەن ئىبراھىم ئاكا دېگەن بىرىكىشى بولىدىغان. بۇ ئادەم ناھايىتى مۇلايىم، تەقۋادار، كىشىگە ئازار بېرىشنى گۇناھ دەپ بىلىدىغان ساپ دىل ئاق كۆڭۈل كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلى ئايشەمخان مەرھۇمەمۇ تولىمۇ ۋىجدانلىق يۈرەكلىك مەرد بىر يەڭگە ئىدى.

ئاتىمىز ئاخۇنوپلار قازاغا ئۇچراپ ئۇ ئالەمگە كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ

قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ نەزىر قىلغان. بۇنى سىزىپ قالغان ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ قاراكۆچلىرى ئايشەم يەڭگىنى ئۇرۇپ قوۋۇرغىلىرىنى سۇندۇرۇپ قىينىغاندا،- «ئاخۇنوپلار ياخشى ئادەملەر ئىدى، شۇنداق قەھرىمانلارغا نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزمەي كىمگە نەزىر قىلىمىز؟»،- دەپ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرغان. خىتايلار ئۇنى بىر قانچە ۋاقىت قاماپ قويۇپ ئاندىن قويۇپ بەرگەن. بىۋاستە تۇغقانچىلىقى يوق، بىر ئايالنىڭ ئۇنداق ھېسداشلىق قىلىشى خەلقنىڭ ئىنقىلابچىلارنى نەقەدەر قوللىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

سەپدىشىمىز قۇربان بەگنىڭ ئايالى خەيرىنىساخان يەڭگىمىز ئۇرۇمچىدىن چېكىنىپ قەشقەرگە كەلگەن شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ يوشۇرۇن ئەزالىرىنى ئۆيىدە مەخپىي ساقلاپ  ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئاش تامقىنى تەييارلاپ، كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ تاكى ئۇلار قاراجۇلگە ئاتلانغۇچە خىزمىتىنى قىلغان...

مەرھۇم قوماندانىمىز ئاخۇنوپ قاراجۇلدىكى جەڭدە ئوق - دورا تۈگەپ كېتىپ دۈشمەننىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈشنى نومۇس بىلىپ ئەڭ ئاخىرقى بىر تال ئوق بىلەن ئۆزىنى ئېتىۋالغان. ھايات ۋاقتىدا قوراللىق قوزغىلاڭنى ئويۇشتۇرۇش ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇشتا ئالاھىدە تۆھپىلەرنى قوشقان. ئاخۇنوپ جەسۇر، ۋۇجۇدىدىن قەھرىمانلىق ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ۋەتەننىڭ ساداقەتمەن ئوغلانى ئىدى. ئۇ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تولۇقى بىلەن بەجانىدىل ئورۇندىغان كىشى. جەننەت ماكان ئاتىمىزنىڭ ئاخىرەتلىكى خەيرلىك بولسۇن، ئامىن!

مەرھۇم ئالەمدىن ئۆتكەن 1969 - يىلى 53 ياشتا ئىدى...

* * * * * * * * *

## تۇردى ئىلى ھەققىدە

تۇردى ئىلى. ئەسلى يۇرتى ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيىسىدىن، كېيىنكى ئولتۇرۇشلۇق جايى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئائىلىلەر قورۇسىدا بولغان. مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان، ئۆتمۈشتىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى يەر ئاستى تەشكىلاتلارغا قاتناشقان.

شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى جەنۇبى تەڭرىتاغ بىيۇروسىنىڭ 1 - مۇئاۋىن سېكرېتارى، دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ ئويۇشتۇرغۇچىلىرىدىن بىرى. شۇ ۋاقىتتا 51 ياشتا ئىدى. دەسلەپتە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات يېزىسىدا خىزمەت

www.uyghurkitap.com

قىلغان، كېيىن ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلغان. 11 يىلدىن كېيىن غۇلجىغا بېرىپ مائارىپ ساھەسىدە خىزمەت قىلغان. 1949- يىلدىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىدە ئىشلىگەن.

1998-يىللىرى ئالەمدىن ئۆتتى. مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن چۈشكەن رەسىمنى ئەۋەتتىم ئەسەرگە قويۇپ قويىسىلىرى بولىدۇ.

* * * * * * * * *

## يۇسۇپ سەھىدى ھەققىدە

يۇسۇپ سەھىدىنىڭ ئەسلى يۇرتى قەشقەر شەھىرى قۇمدەرۋازا، كېيىنكى ئولتۇراقلاشقان جايى، چاسا كوچا باشقارمىدىكى بىر شەخسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغان. شۇ ۋاقىتتا 53 ياش ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى جەنۇبى تەڭرىتاغ بيۇروسىنىڭ 2 - مۇئاۋىن سېكرېتارى ئىدى. قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ تەشكىللىگۈچى مەسئۇللىرىدىن ئىدى. نۇرغۇن قېتىم مىجىت ھاجى، مىجىت ساقى ۋە مەكتەپتىكى روزى ھېكىم، مۇھەممەد ئىمىن قادىر، ئابدۇرېھىم ئەمەت، ئابدۇرېھىم سالى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن مەخپىي سۆھبەتتە بولغان. قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ جەنۇبى تەڭرىتاغ بيۇروسى بىلەن بىرلىشىپ كېتىشىگە ئالاھىدە خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن كىشى. 1973 - يىل ۋىلايەتلىك تۈرمىدە خىتايلار تەرىپىدىن تاياق يەپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ زاتمۇ ئارزۇ ئارمانلىرىغا يېتەلمەي ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتتى.

* * * * * * * * *

## سىدىق شىرىپ ئاكا ھەققىدە

سىدىق شىرىپ ئاكىنىڭ ئەسلى يۇرتى ئۇستۇن ئاتۇش، كېيىنكى ئولتۇرۇشلۇق ئورنى ئۆستەڭبويى ساندۇق بازىرىنىڭ ئىچىدىكى كوچىدا ئىدى. ئەسلىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ تاشقورغاندىكى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋە كاتىپى بولغان. 1949- يىلدىن كېيىن يېڭىسار ۋە قەشقەر شەھەرلىك ساقچى ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقى بولغان. يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەشتە قالپاق كىيدۈرۈلۈپ قەشقەر كۆنتۈپخانىسىغا

چۇشۇرۇۋېتىلگەن.

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ سېكرېتارى بولغان. بۇ ئىككى پارتىيە (شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى) بىرلەشكەندە ئۇنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان.

بۇ كىشى بىر تارىخى ئىنقىلابچى بولۇپ، دۇنياغا كېلىپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇقى بىلەن بېجىرگەن زات ئىدى.

بۇ كىشى ۋەزىپە بېجىرىۋاتقان مەزگىلدە مىجىت ساقىلارنىڭ تەشكىلاتىغا قوبۇل قىلىنىشىنى ھاۋالە قىلغان. كېيىن سالامەتلىكى يار بەرمەي ئۆزى ئۆتەۋاتقان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىنى مەرھۇم ئەخمەد زىيائى جانابلىرىغا، مۇئاۋىنلىق ۋەزىپىسىنى ئابلىمىت ئەينەككە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. بۇ پېشقەدەم ئىنقىلابچىمىز ئارزۇ ئارمانلىرىغا يېتەلمەي 40 ياش ئەتراپىدا ياش تۇرۇپلا ۋاپات بولدى.

ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، ئامىن!

* * * * * * * * *

## خەيرۇللا نىزامىدىن ھەققىدە

خەيرۇللا نىزامىدىن ئاتۇش ناھىيە بويامەت يېزىسىدىن، مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر مائارىپچى مەمتېلى ئەپەندىنىڭ (تەۋپىق) ئاكىسى نىزامىدىن ئەپەندىنىڭ كىچىك ئوغلى، يېشى 31 ياش ئىدى. ئاتۇش ئوبلاستلىق 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سابىق ئوقۇتقۇچىسى، شەرقىي تۈركىستان ياشلار پارتىيىسى تەشكىلاتىنىڭ جەنۇبى شەرقىي تۈركىستان شۆبە تەشكىلاتى سېكرېتارى، كېيىن شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى جەنۇبى تەڭرىتاغ بيۇروسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، تەشۋىقات باشلىقى، قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ باش قوماندانى ئاخۇنوپنىڭ ياردەمچىلىكى ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئىنقىلابقا باشتىن ئاخىر مەسئۇل بولغان، جاسارەتلىك كىشى ئىدى. ئۇ كىشىگە تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان بولسىمۇ ئاجايىپ پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. نۇرغۇن ئەزا قوبۇل قىلغان، مۇشكۇل ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئەسلىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاماملىغاندىن كېيىن ئاتۇشتا بىر مەزگىل مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن ۋالىي مەھكىمىگە يۆتكىلىپ ستاتىستىكا باشقارمىسىدا ئىشلىگەن ھەمدە تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ياپچان يېزىسىغا سۈرگۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىلىنغان.

مەرھۇم خەيرۇللا نىزامىدىن قاراجۇلدىكى جەڭدە قورال- ياراق، ئوق دورا تولۇق كىيىپ ئەڭ ئاخىرقى بىرتال گرانىتنى ساقلاپ قىلىپ يېقىنلاپ كەلگەن دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پارتلىتىپ بويىچە ھەرىكەت قىلىپ ختاي ئەسكەرلىرى بىلەن ئۆزىنى ۋە سەپدىشى ئوسمانجانلارنى قوشۇپ پارتلىتىپ ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتى تارىخىغا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان.

مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن. ئامىن!

* * * * * * * * *

## ئابدۇرېھىم ئەييۇب ھەققىدە

ئابدۇرېھىم ئەييۇبنىڭ ئەسلى يۇرتى كونا شەھەر ناھىيە، بەشكېرەم يېزىسىنىڭ بەشتوغراق كەنتىدۇر. شىڭشىسەينىڭ ساقچى مەكتىپىدە ئوقۇپ، شىڭشىسەينىڭ ژاندارمىسىدا كوماندىر بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدە ئىشلىگەن. مىللىي ئىنقىلاب پارتلىغاندىن كېيىن ھەققەتكە قايتىپ، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىگە ئۆتۈپ كەتكەن.

ئونبىر ماددىلىق بىتىمدىن كېيىن قاسىمجان قەمبىرى بىلەن غۇلجىدىن قەشقەرگە كېلىپ ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ساقچى ئىدارىسىگە باشلىق، قەشقەر ساقچى باشقارمىسىغا باشلىق بولغان ھەمدە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومغا باش كاتىپ بولغان. كېيىن قەشقەر شەھىرىنىڭ ۋىلايەتلىك ماددىي - ئەشيالار شىركىتىنىڭ ئائىلە قورۇسىدا ئولتۇرغان. ئەينى يىللاردا، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ باش كاتىپى، ۋىلايەتلىك ماددىي - ئەشيالار شىركىتىنىڭ بىرىنچى قول باشقارما باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

تەشكىلاتتىكى ۋەزىپىسى، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى جەنۇبى تەڭرىتاغ بيۇروسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، تەشكىلات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. ئابدۇرېھىم ئەييۇب ئاكىنىڭ قەشقەردىكى تەسىرى چوڭ شەخسى بولۇپ جامائەت ئىززەت ئىكرامىنى قىلىدىغان كىشى ئىدى. گومىنداڭ تۈرمىسىدىمۇ ۋەتەن مىللەت داۋاسى ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەت يېتىپ 20 يىللىق كېسىلگەن. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا، ختاي بىلەن بولغان بىتىمدىن كېيىن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن. ھەمدە مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىلىدىكى قىسمىغا بېرىپ شۇ يەردە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1969 - يىلى 8 - ئاينىڭ

18 - كۈنى قەشقەردە تۇتقۇن قىلىنىپ 20 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن قەشقەر شەھرىدە خىتاينىڭ قاتمۇ قات ئېغىر بېسىمدا مۇدھىش يامان ھاياتنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى....

ئۇلۇغ ئۇستاز ئابدۇرېھىم ئەييۇب ئاكا ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا پەرىشتە سۈپەت ئاپئاق ساقىلى بىلەن قەشقەرنىڭ ھېيتگاھ جامەسىگە نامازغا ماڭغاندا، نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر ياشلىرى تەبەسسۇم بىلەن سالام قىلىپ مەرھۇمغا ئۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسىنىڭ بارلىقىنى ئىزھار قىلىشار ئىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى قەشقەر خەلقىدە غايەت زور تەسىر قوزغىدى، نەچچە مىڭلىغان كىشى جىنازا نامىزىغا كېلىپ خىتاي دائىرىلىرىنىڭ چۆچۈپ ئۈركۈشىگە سەۋەب بولدى. قاتمۇ قات ساقچى ماشىنىلىرى جىنازا جامائىتىنى توسۇپ ھېچ بىر ئامال قىلالمىدى پەقەت بىر قانچە ياشلارنى تۈرمىگە بىر مەھەل سولىۋېلىپ، تۈك ئۈندۈرەلمىگەندىن كېيىن ئىلاجسىزلىقتىن قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى، ئۇنى خەلقىمىز ھەر ۋاقىت ياد ئېتىدۇ. مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن. ئامىن!

* * * * * * * * *

## ئوسمانجان توختى ھەققىدە

ئوسمانجان توختى ئەسلى يۇرتى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئاغۇ يېزىسىدىن. كېيىنكى ئولتۇرۇشلۇق جايى، قەشقەر شەھىرى ئۆستەڭ بويىدا ئىدى.

ئوسمانجان توختى شېھىت بولۇشىنىڭ ئالدىدا، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قەشقەر شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، گەزدەريا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

1940 - يىللىرى مىللىي ئارمىيىدە كېيىن ئۆزگەرتىلگەن خىتاي ئارمىيىسىدە پولكوۋنىك دەرىجىلىك ھەربىي ۋەزىپىدە بولغان، كېلىپ چىقىشى ھەربىي خادىم.

قاراجۇلدىكى جەڭدە خەيرۇللا بىلەن بىللە بىر گېراناتتا ئۆزىنى دۈشمەن ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇپ پارتلىتىپ ئۇيغۇر تارىخىغا ئۆچمەس ئىزلار قالدۇرغان....

تەشكىلات ئىچىدىكى ۋەزىپىسى مەخپىي بولۇپ ھەربىي ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، مىڭلىغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى قورال - ياراق تۇتۇشنى ئىشلىتىشنى مەرھۇمدىن ئۆگەنگەن ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەرھۇمغا جانابىي ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمىز. ئامىن!

* * * * * * * * *

## ئابدۇكېرىم ھامۇت ھەققىدە

ئابدۇكېرىم ھامۇت قەشقەر شەھىرى ئۆستەڭبويى باشقارمىسى تەۋەلىكىدىكى تاغارچى كوچا ئاھالىلەر كومىتېتىدا ئولتۇرۇشلۇق، يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. شۇ چاغدا تېخى 28 ياش ئىدى.

تەشكىلاتتىكى ۋەزىپىسى، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى جەنۇبىي تەڭرىتاغ بىيۇروسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر شەھەرلىك پارتكومىنىڭ سېكرېتارى، ياشلار كومىتېتى سېكرېتارى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەردە بولغان. ئاخىرقى باشچىلىقىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ھەربىي يۈرۈش قىلىپ قاراجۇلغا قاراپ ماڭغاندا، جەنۇبىي تەڭرىتاغ بىيۇروسىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى ئابدۇكېرىم ھامۇتقا يۈكلەنگەن ئىدى.

ئابدۇكېرىم ھامۇت ھاياتىدا ۋەتەن-مىللەتنى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ مىللىي تۆھپە ياراتقان ھايات شاھىتلاردىن بىرىدۇر. ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ شەخسى تىرىشچانلىقى بىلەن مىللەتكە ئاخىرقى ھېسابتا بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش نىيىتىدە شەخسى دوختۇرخانا ئېچىپ كېسەل داۋالاپ تاپقان پۇل بەدىلىگە مەھەللىسىگە بىر مەسچىت سېلىپ بەردى... ھېلىمۇ خەلق ئارىسىدا يۈكسەك ئىناۋەتكە ئىگە كىشىلەرنىڭ بىرى!

* * * * * * * * *

## مىللىي قەھرىمان مىجىت سېلىك ھەققىدە

مىجىت ساقىنىڭ ئەسلى يۇرتى قەشقەر شەھىرىدۇر. ئۆستەڭ بويى ئاھالىلەر كومىتېتى ياغاچ كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان.

شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىنغان. قوراللىق قوزغىلاڭنى ئۇيۇشتۇرغۇچىلارنىڭ بىرى. مىجىت ساقىنىڭ ئانىسى تۇرسۇن خېنىم ۋەتەنپەرۋەر ئايال ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ تەشكىلاتقا قاتنىششىنى قوللىغان. قۇمدەرۋازا موپاڭ مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق مەمەت يولۋاس دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە (مەمەت قاسساپمۇ دەپ ئاتايدۇ قەشقەر خەلقى - ت) ئاخۇنوپ بىلەن ئۇچرۇشۇپ:

-مەن بالامنى سىلەردەك ياخشى كىشىلەرگە تاپشۇردۇم، ۋەتەن مىللەت يولىدا ئۆلۈپ كەتسە ئارمىنىم يوق،- دېگەنىدى.

مەرھۇم مىجىت ساقى تەشكىلاتقا ئەزا بولغان كۈنىدىن تارتىپ تەشكىلاتنىڭ نىزامنامىسىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، ساداقەتمەنلىك ۋە بەجانىدىللىق بىلەن كۈرەش سېپىمىزدە مۇستەھكەم تۇرغان. قاراجۇلدىكى جەڭدە دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشۈشنى نومۇس دەپ بىلىپ ئۆزىنى ئېتىۋالغان بولسىمۇ، ئوق مېڭە قىسمىنىڭ يان تەرىپىگە تېگىپ مەجرۇھلۇنۇپ سېزىمچانلىقنى يوقىتىپ گەپ قىلالماس ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. خىتاي دائىرىلىرى جەنۇبى شىنجاڭ ھەربىي دوختۇرخانىدا ئۇنى ئۇزۇن مۇددەت داۋالاپ سۆز ئالالماي شۇ پېتى مەرھۇمغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ 1970 - يىل 1- ئايدا قەتلى قىلدى.

شەرقىي تۈركىستان خەلقى شىر يۈرەك بۇ پەرزەنتىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ!

مەرھۇمغا جانابىي ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمىز. ئامىن!

* * * * * * * * *

## ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى ھەققىدە

ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى («قاراجۇلدىكى جەڭ» دېگەن كىتابىنىڭ ئاپتورى) ئۆز ۋاقتىدا 26 ياش ئىدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلىگەن بولۇپ قەشقەردە ئابدۇرېشىت فەيىي (تەرجىمان-ت) دېيسە تونۇمايدىغىنى يوق ئىدى.

جەنۇبى شەرقىي تۈركىستان ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى ئىدى. خەيرۇللا نىزامىدىنگە ياردەملىشىپ نۇرغۇن مەخپىي پائالىيەتلەرنى قىلغان. قاراجۇلدىكى جەڭدە قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ نام چىقارغان. ئاخۇنوپ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ كېيىن دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشۈپ قالغان. تۈرمىدىكى مۇددىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىر مەھەل ۋەتەندە ياشىغان ئىدى. دۈشمەننىڭ تەكرار زىيانكەشلىكى تۈپەيلى چەتئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ھازىرمۇ يەنە خەلقىمىزنى ئۇنتۇماي بىز بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، ئىنقىلابى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ھازىر ۋەتەندە ئۇنىڭ ئايالى ۋە ئوماق باللىرى بار. ئەپسۇس خىتاي كوممۇنىست غالچىلىرى ئۇنىڭغا ئارام بەرمەي زىيانكەشلىكنى توختاتقىنى يوق. ھايات قەھرىمانىمىز ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى ھېلىھەم ھەر تۈرلۈك بېسىملارغا پىسەنت قىلماي كۈرەشنى توختاتقىنى يوق!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرى ۋەتەنىنىڭ بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرىدا داستان بولۇپ تارىلىپ يۈرمەكتە. بۇ كىشىدىن ۋەتەن ئىچىدىكى كىشىلەر رازى بولدى، كۆرەشنى توختاتمىدى. بۇ كىشىنىڭ پۈتۈن ھېسسىياتى ۋەتەن ئىشتىياقىدا بولدى. شەخسى تۇرمۇشنى قىلچە ئويلىمىدى. ۋەتىنىنىڭ ھەقىقىي جەسۇر ئوغلانى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. بۇ كىشىدىن ۋەتەندىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز رازىمەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈپ مەمنۇن بولماقتا ۋە ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇماقتا. بۇ كىشىنىڭ ئىشلىرىنىڭ يەنىمۇ ئوڭۇشلۇق بۆلىشىنى جانابىي ئاللاھدىن تىلەيمىز. ئامىن!

* * * * * * * * *

## يار مۇھەممەد ئاكا ھەققىدە

يار مۇھەممەد ئاكىنىڭ ئەسلى يۇرتى يېڭىسار ناھىيىسىدىن بولۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۆستەڭبويى باشقارمىسىدا ئولتۇرغان ئىدى.

گومىنداڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ بايدىكى قىسمىدا دېۋىزىيە كوماندىرى بولۇپ ئىشلىگەن. مىللىي ئارمىيىنىڭ سوپاخۇن پولكى ئاقسۇغا كەلگەندە مىللىي ئارمىيىگە ئۆتۈپ كەتكەن. مىللىي ئارمىيە غۇلجىغا ماڭغاندا بىللە كەتكەن. مىللىي ئارمىيىنىڭ 13 - دېۋىزىيىسى قەشقەرگە كەلگەندە بىللە كېلىپ داۋاملىق ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن. كېيىن كەسىپ ئالماشىپ پەيزىۋات ناھىيىسىدە ئىشلىگەن. «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەش» تە، يەرلىك مىللەتچى قالپىقى كىيدۈرۈلۈپ جىق خاپىلىق تارتقان.

يارمۇھەممەت ئاكا - شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، قوراللىق قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇرغۇچىلارغا يېقىندىن ماسلاشقان پېشقەدەم مىللىي ئارمىيە كوماندىرلىرىدىن بىرى ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتىكى قوراللىق قوزغىلاڭچىلار بىلەن باشقا بىر قانچە تەشكىلاتلارنى خىزمەت ئىشلەپ يېقىنلاشتۇرۇپ بىرلىك سەپنى كۈچەيتىپ قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ غەلبە قازىنىشى ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن. ئۇ جەڭگەرلىك، قورقماس يۈرەك، ساپ دىل، سادىق كىشى ئىدى. ئاخۇنوپ باشلىق قوراللىق قوزغىلاڭچىلارنىڭ مەسئۇللىرى يارمۇھەممەد ئاكىنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى ھەم ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى.

قاراجۇلدىكى جەڭدە ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسەتكەن ئىدى.

كېلىپ چىقىشى ھەربىي خادىم كوماندىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئاتقان ئوقى زايە كەتمىگەن ئىدى.

مەرھۇم تۇرمىدىن بوشىنىپ چىققاندىن كېيىن 10 بالىسىنى بېقىش ھەلەكچىلىكىدە ئاز بولمىغان جاپا - مۇشەققەتنى تارتتى، ئات ھارۋا ھەيدەپ قىش توشۇپ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى توشۇپ جان بېقىپ كەلگەن ئىدى. ئاخىرقى ھېسابتا، بالىلىرىنى چوڭ قىلىپ ئالدى نان تېپىپ يېگۈدەك بولغاندا قەرەلسىز ئالەمدىن ئۆتتى. 10 ئۇيغۇر بالىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە قوشقان قەھرىمان دادا - يارمۇھەممەد ئاكا ئۇ ئالەم! بۇ ئالەم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات!

جانابىي ئاللاھ مەرھۇمغا جەننەت مەرھەمىتى ئاتاقىلسۇن. ئامىن!

* * * * * * * * *

## قورallıق قوزغىلاڭنىڭ ئۇيۇشتۇرغۇچىلىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان

قوراللىق قوزغىلاڭنى ئۇيۇشتۇرغۇچى 3 نەپەر كىشى كېيىن قېتىلغان 2 نەپەر كىشى جەمئىي 5 نەپەر كىشى بولۇپ بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى يېزىپ قالدۇرىمەن. بۇلار روزى ھېكىم، مىجىت ھاجى، مۇھەممەد ئىمىن قادىر، ئابدۇرېھىم ئەمەت، ئابدۇرېھىم سالى. بۇ 5 نەپەر كىشى ئۆلۈم كۆرۈمدە بىللە بولىمىز، ھەرقانداق ئىشنى مەخپىي ساقلايمىز،- دەپ ئۆز-ئارا قەسەم بېرىشكەن ئىدى.

* * * * * * * * *

### روزى ھېكىم ھەققىدە

روزى ھېكىم قەشقەر ۋىلايىتى، مەكىت ناھىيىسىدىن بولۇپ 29 ياش ئىدى. مەكىت كىنو فىلىم شىركىتىنىڭ كادىرى ئىدى. قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىدىن ئاممىنى قوزغاش، قورال - ياراق ھازىرلاش، خىتاي ئەسكەر قوراللىق قوشۇنلىرىنىڭ قوراللىرىنى بۇلاپ تارتىۋېلىش قاتارلىق ئەمەلىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا جەنۇبىي تەڭرىتاغ بىيۇروسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن پىلانلىق، سىستېمىلىق ھەرىكەت ئېلىپ بارغان. مىجىت ھاجى، خەيرۇللا نىزامىدىن، مىجىت ساقىلار مەكىتكە قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشكە بارغاندا، ھەرىكەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا يېقىندىن ماسلىشىپ ئۆزىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ساداقەتمەنلىك ئىپادىسىنى بىلدۈرگەن...

مەرھۇم روزى ھېكىم 1970 -يىلى خىتاي مۇستەمچىلىكلىرى تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ قەتلە قىلىندى. روزى ھېكىم ۋەتەن مىللەت ئالدىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى قىلالىدى. غەلىبە قىلىش مەغلۇپ بولۇش ئۇرۇشتا بولۇپ تۇرىدىغان ئىش.

ئۇ، ھاياتلىقىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، ۋەتەن مىللەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى. بۇ قەھرىمانىمىزنىڭ ھاياتلىقىدىكى ئىش - ئىزلىرى ھېلىھەم ۋەتەن خەلقى ئارىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا داستان بولۇپ تارالماقتا!

مەرھۇمغا جانابىي ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمىز. ئامىن!

* * * * * * * * *

## مىجىت ھاجى ھەققىدە

مىجىت ھاجىنىڭ ئەسلى يۇرتى ئاتۇش. ئۇ ئاتۇش ئازاق تۆۋەن شىتاچىدىن، كېيىنكى ئولتۇرۇشلۇق جايى قۇمدەرۋازىدا. قەشقەر شەھىرىدە ياشاۋاتقانلىقىغا 50 يىلدىن ئاشتى.

قوراللىق قوزغىلاڭنى ئۇيۇشتۇرغۇچىلارنىڭ بىرى، خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، قوراللىق قوزغىلاڭنى نۇرغۇن ئىقتىسادى ياردەم بىلەن تەمىنلىگەن ۋەتەنپەرۋەر باي كىشى. باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىدىغان، باشقىلارنىڭمۇ ھۆرمىتىگە سازاۋەر كىشى ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا 29 ياشلار چامىسىدا ئىدى. دەسلەپتە بىيۇرو بىلەن قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ مەسئۇللىرىنى بىر ئارىغا يىغىپ بىرلىششكە ئالاھىدە كۈچ چىقارغان كىشى ئىدى. كېيىن خەيرۇللا، مىجىت ساقىلارنى مەكتەپكە باشلاپ ئاپىرىپ قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ پۇختا تەييارلىقلارنى قىلغان. قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ ۋاقتىنى مۇزاكىرە قىلغان ھەم ئەمەلىي ئىشلارنى قىلغان كىشى. ھازىر ھايات ئەمما، تەن سالامەتلىكى بەكلا ناچار شۇنداق بولسىمۇ مىللىي مۇستەقىللىقتىن ئۈمىدىنى ئۈزمەي قولدىن كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ.

ئەينى زاماندا شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى، يېڭى شەھەر تاشمىلىقتىكى پائالىيەتلىرىگە مەسئۇل بولۇپ نۇرغۇن پىداكارلىقلارنى كۆرسەتكەن.

ئۇ قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ياتقان ئاشۇ مۇدھىش زىنداندا سەپداشلىرى بىلەن كۈرەشنى توختاتماي ئابدۇرېھىم ئەمەت، مەمتىلى تۆرەخان، ئەخمەتجان خۇدابەردىلەر بىلەن بىللە



«نۇرلۇق چىراغ» دېگەن تەشكىلاتنى قۇرۇپ مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرغان.

ئاللاھ مەزكۇرنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىپ، دۈشمەنگە قارشى جاسارەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

* * * * * * * * *

## قوماندان مۇھەممەد ئىمىن قادىر ھەققىدە

مۇھەممەد ئىمىن قادىر مەكىت ناھىيە ئىچىدىن. 19 ياشلىق ئوقۇغۇچى ئىدى. ئۆزى بەكمۇ جاسارەتلىك، قەيسەر، مىللىي قەھرىمان دېيىشكە بولىدۇ. روزى ھېكىم بىلەن بىللە قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇپ نۇرغۇن قورال ياراق توپلاپ قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ غەلىبىسىگە ئاساس سالغان سەركەردە ئىدى. ئالىي غايىلىك، ئۆتكۈر پىكىرلىك گېپىدىن يانمايدىغان قابىل يىگىت ئىدى.

قاراجۇلگە يۈرۈش قىلىش جېڭىدە سۇغۇنچازا دېگەن جايدا دۈشمەننىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ قىلىپ قولغا ئېلىنغان. 1970 - يىلى 1 - ئايدا مەكىتتە ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىنىپ شېھىت قىلىندى.

مەرھۇمغا جانابىي ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمىز. ئامىن!

مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ شەرەپلىك نامى تىلغا ئېلىنىدىكەن مەكىت ناھىيىسىدىكى 7ياشتىن 70 ياشقىچە ئىنسانلارئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش- ئىزلىرىنى مەدھىيىلىشىدۇ. قەھرىمانىمىز گەرچە دۇنيانىڭ ھېچ قانداق خورلۇقىنى كۆرمەي ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ۋەتەن - مىللەتكە بولغان مەجبۇرىيىتىنى تولۇقى بىلەن ئادا قىلدى.

* * * * * * * * *

## ئابدۇرېھىم ئەمەت ھەققىدە

ئابدۇرېھىم ئەمەتنى قەشقەر خەلقى ئابدۇرېھىم بۇرۇت دەپ ئاتايدۇ. قەشقەر خەلقى ئىچىدە يۈكسەك ئابرۇيى بار، كېلىشكەن ساقال سۇمباتلىق، مەرد كىشى ئىدى.

ئەسلى يۇرتى ئاختۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدىن بولۇپ جەنۇبى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ خادىمى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئاخۇنوپ، خەيرۇللا ئەپەندىلەر بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچۇرۇشۇپ پىكىرلىشىپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرمىگىچە ۋەتەننىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ؛ -دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرغان قەھرىمانلىرىمىزدىن ئىدى.

خەلق ئىنقىلابى پارتىيىگە ئەزا بولغان، قوراللىق قوزغىلاڭنى ئۇيۇشتۇرغۇچى 5 نەپەر سەركەردىنىڭ بىرى ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا 36 ياش ئىدى. ئۆزى تېگى تېگىدىن قەيسەرلىكى چىقىپ تۇرىدىغان، دېگەن سۆزىدىن يانماس، باتۇر، ساداقەتمەن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ دوست- يار-بۇرادەرلىرى كۆپ بولغاچقا قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتنىشىدىغان ئادەملەرنىڭ سانىنى تولۇقلاپ بېرىشتە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن ئىدى.

تاشمىلىق ۋە بارىنغا بېرىپ يەرئاستى تەشكىلات قۇرۇپ ئادەم توپلاپ، بارىندىكى مەمەت ئىيسا، يولۋاسلارنى ئۆزىگە تارتىپ زور قوشۇن ھاسىل قىلغان. تاشمىلىقتىن ئابدۇرېھىم سالى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىمىر ھاجى يۇسۇپ، تۇرسۇن ئەبەي، ئەيسا قاسىم قاتارلىق كىشىلەرنى يېنىغا تارتىپ ئۇلارغا قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتنىشىش پۇرستىنى يارىتىپ بەرگەن.

ئابدۇرېھىم ئەمەت ئاكىمىز تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن قەدىناس ئايالى ئۆلۈپ كەتتى. يالغۇز قالغان ئابدۇرېھىم ئاكا تۈرمۈش غۇربەتچىلىكىدىن ئىككى كۆزى ئەما بولۇپ قىلىپ ئاتا ماكانى بولغان ئاختۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىغا كېتىپ شۇ يەردە ھايات كۆچۈرۈۋاتىدۇ.

ھازىر ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ئەما بولسىمۇ قۇلىقى ئاڭلىغاچقا ھەركۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىيەسىنىڭ رادىئو پروگراممىلىرىنى ئاڭلاپ، ئاڭلىغانلىرىنى يېقىنلىرىغا يەتكۈزۈپ ئۇلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ ئۇلاردىن مۇكاپات ئېلىپ ياشاۋاتىدۇ.

ئابدۇرېھىم ئەمەت ئاكا:

- مىنىڭ كۆزۈم كۆرمەس بولۇپ قالدى. كۆزى كۆرمىگەن كىشى ۋەتەن سۆيمىسۇن دەپتىمۇ؟ ھاياتلا بولىدىكەنمەن مىللىتىم ئۈچۈن، ۋەتىنىم ئۈچۈن قىلالىغان ئىشىمنى قىلىپ ئۆلۈپ كەتسەم كۆزۈم ئاندىن يۇمۇلىدۇ.- دەيدۇ.

ئاللاھ مەزكۇرغا ئۇزۇن ئۆمۈر سالامەتلىك يار بەرگەي. ئامىن!

* * * * * * * * *

## داڭلىق ئالىم ئەھمەت زىيائى ھەققىدە ئەسلىمىلەر

ئەخمەت زىيائى ئۇلۇغ ئالىم، شائىر، تىلشۇناس، دراماتورگ، ئەدىب، قەشقەر شەھىرىنىڭ



شامالباغ يېزىسىدىن بولۇپ، ئۆمۈر بويى يېزىچىلىق ئىلمى تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ۋەتەن ئىچى ۋەتەن سىرتىدا تونۇلغان شەخسىدۇر.

گومىنداڭ دەۋرىدە قەشقەر گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. گوڭچەنداڭ دەۋرىدىمۇ يەنىلا قەشقەر گېزىتخانىسىدا باشلىق بولۇپ ئىشلىگەن يازغۇچى، شائىر ناتىقلىق بىلەن داڭ چىقارغان بىر ئىنسان ئىدى.

1968 - يىللىرى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنى قۇرۇپ تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللۇق خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. كېيىن شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيىسى بىلەن بىرلىشىپ شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ تەركىبىدە دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش تەرەپدارلىرىدىن بىرى بولىدۇ ۋە قوراللىق قوزغىلاڭغا ئاكتىپ تەييارلىق قىلىدۇ.

1970 - يىلى 20 يىللىق قاماق جازاسى بىلەن پەيلو مەيدانىغا ئەۋەتىلىدۇ. مەرھۇم تۈرمىدە ئەمگەك قىلالماي باشقا جىنايەتچىلەرنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ خارلىنىدۇ. مەرھۇمنىڭ بەختىگە يارىشا ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتاتغۇبىلىك» ۋە مەخمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسەرلىرىنى يېڭىدىن نەشر قىلىش ئۈچۈن مەرھۇمنى تۈرمىدىن ئارىيەت ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ ئېلىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەرھۇم ئىلمى تەتقىقات خىزمىتىنى يېڭىدىن باشلايدۇ ۋە ئىككى كىتابنىڭ نەشرىدىن چىقىشىغا ئالاھىدە زور تۆھپىلەرنى قوشىدۇ.

مەرھۇمنىڭ جازا مۇددىتى ئۈرۈمچى پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە تاماملىنىدۇ.

تۈرمىدىن بوشانغان ئەخمەت زىيائى ئاكىمىز ئۆز ئىجادىيىتى بىلەن داۋاملىق مەشغۇل بولىدۇ، «رابىيە- سەيدىن» دېرامىمىسىنى باشقىلارنىڭ ئىشلەپ سەھنىلەشتۈرىشىگە ياردەم قىلىدۇ. بىر قاتار ئىلمى ماقالىلەر يېزىپ خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرىدۇ.

مەرھۇم ئەرەبچە، پارسچە، ئوردۇچە تىللارنى مۇكەممەل بىلەتتى ھەمدە چاغاتاي يېزىقىنىمۇ ياخشى ئۆزلەشتۈرگەن بولۇپ كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان.

مەرھۇم 2000- يىللىرى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئارزۇسى بويۇنچە ھەج پائالىيىتىنى تاماملاپ 2001- يىلى ئالەمدىن ئۆتتى.

مەرھۇم بىزگە قىممەت باھالىق بىباھا ئەسەرلىرى قالدۇرۇپ بۇ رەزىل دۇنيادىن كەتتى.

www.uyghurkitap.com

مەرھۇمغا جانابىي ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمىز. ئامىن!

ئۇندىن باشقا نۇرغۇن سەپداشلىرىمىز ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى، مىللەتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. نۇرغۇنلىرى ئالەمدىن ئۆتتى. مەن پەقەت ئېسىمدە قالغان ناھايىتى ئاز بىر قىسىم سەپداشلىرىمىنىڭلا نام شەرىپىنى يېزىپ سىزلەرگە تونۇشتۇردۇم. ھەممىنى يېزىش توغرا كەلسە بىر قانچە كىتاب بولۇشى مۇمكىن

## مىللىي ئىنقىلابچى مامۇت كەنجى ھەققىدە ئەسلىمىلەر

مەرھۇم مامۇت كەنجى قەشقەر شەھىرىدىكى ھەممىگە تونۇشلۇق پېشقەدەم مىللىي ئىنقىلابچىلىرىمىزدىن ئىدى. ئۇ تارىختىكى مىللىي ئىنقىلابلارغا قاتنىشىپ كۆپ قېتىم خىتاي زىندانلىرىدا يېتىپ پىشىپ يېتىلگەن تەجرىبىلىك، قايىل قىلىش كۈچى يۇقىرى، ناتىق سەپداشلىرىمىزدىن ئىدى.

ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ بىر مەيدان خەلق ئىنقىلابى ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەشەببۇسىنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇپ ياشلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە تەشكىللەش خىزمىتىدە ئاجايىپ كۈچ چىقارغان چوڭلىرىمىزدىن ئىدى.

مەرھۇم بالا تەربىيەلەشتىن ئىبارەت ئائىلە تەربىيىسىگە بەكمۇ ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى. ئۇ مىللىي ئىنقىلابنى ئۆز ئائىلىسىدىن باشلىغان ئىدى. مەرھۇم بالىلىرىنىڭ ھەممىسىنى يېمەي، ئىچمەي ئوقۇتۇپ ۋەتەن مىللەتكە يارامىلىق ئىقتىدارلىق كىشىلەردىن يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا بەل باغلىغان كىشى ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ بالىلىرى ھەقىقەتەن مەرھۇم ئۈمىد قىلغاندەك مىللەتكە، ۋەتەنگە يارامىلىق كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. چوڭ قىزى تاڭنۇر خانىم ۋەتەندە تونۇلغان ئەدىبلەردىن بولسا، ئۇنىڭ ياستۇقدىشى ۋەتەن ئىچى ۋە ۋەتەن سىرتىدا تونۇلغان داڭلىق يازغۇچى، دىرامتورك، شائىر، پروفېسسور مەمتىلى زۇنۇندۇر.

ئىككىنچى قىزى ئايشەم مامۇت بولسا مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا تارتمىغان ئازابلىرى قالمىغان، كېيىمگەن سەت قالپاقلىرى قالمىغان، ۋەتەن مىللەتكە يارامىلىق بالا تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن ھازىر ئامېرىكىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا تونۇشلۇق بولغان داڭلىق ئادۋوكات - نۇرى تۈركەلنىڭ ئانىسىدۇر.

شۇنداقلا يالقۇن ھاجى مامۇت، ئەركىن ھاجى مامۇت قاتارلىق بالىلىرىمۇ ۋەتەن ئىچى ۋە ۋەتەن سىرتىدا مىللەت ئۈچۈن ۋەتەن ئۈچۈن ئاجايىپ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئاتا

ئارزۇسىنى، ئانا سۈتىنى ئاقلىماقتا!

ئەسلى مەن مەرھۇم ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى يېزىشنى ئويلىغان ئىدىم، نۇرغۇن ئىش ئىزلىرىنى ياخشى بىلەتتىم، چۈنكى مەرھۇم بىلەن بىر ئىدارىدە ئۇزۇن مۇددەت بىللە ئىشلىگەن تاكى قورال، لىق قوزغىلاڭغا ئاتلىنىش ھارپىسىدىمۇ بىللە بولغان ئىدىم. ئەپسۇس، مەن ئۇنىڭ ھازىر چەتئەلدە تۇرۇۋاتقان پەرزەنتلىرىدىن بەزى ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ تولۇق بىر ماتېرىيال توپلاشنى ئويلىسام، ئۇلار مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلمىدى. ھەمدە دادىسى توغرىلىق ھازىرچە بىر نېمە يېزىشنىڭ ۋاقتى ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ ۋەتەندىكى ھايات ياشاۋاتقان پەرزەنتلىرىنىڭ بىخەتەرلىك ۋە ئامانلىقىنى ئېسىمگە سالدى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇندىن كۆپ يېزىشنى توختاتتىم.

مەرھۇم، باللىرىغا شۇنداق ۋەسىيەت قىلىپ: «ۋەتەن ئازاد بولۇپ شەرقىي تۈركىستان بايرىقى ۋەتىنىنىڭ زېمىنىغا قادالسا، دادا! ۋەتەن ئازاد بولدى!،- دەپ مېنىڭ تۇپراق بېشىمغا چىقىپ يۇقىرى ئاۋازدا توۋلاپ قويۇڭلار!»- دېگەن ئىكەن.

1968- يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە، مىجىت ھاجى بىلەن مىجىت ساقى قەشقەر مىللىي شىپاخانىدا ئارام ئېلىشنى باھانە قىلىپ يالغاندىن داۋالىنىپ ياتقان ئىدى. مىجىت ساقىنىڭ ئىدارىسىدە بىللە ئىشلەيدىغان پېشقەدەم ئىنقىلابچى مامۇت كەنجىمۇ بىللە يېتىپ داۋالانغان ئىدى. مامۇت كەنجى بولسا بۇ ئىككى ياشقا ئۆزىنىڭ ئاتالمىش«ئازادلىق» تىن ئىلگىرى يەر ئاستى تەشكىلاتقا قاتنىشىپ نۇرغۇن تاياق يەپ، ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتقانلىقىنى، گومىنداڭ سوراق جەريانىدا بىرلا قېتىم قاتتىق قىين قىستاققا ئېلىپ بەكمۇ ئازابلىغانلىقىنى (جازالاش ئۇسۇلىنىڭ قەبىھلىكىنى، بۇرنىغا لازا قويۇش، ئەرلىك جىنسى ئەزايىغا قىل تىقىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللانغانلىقىنى، بىرقېتىملىق سوراققا بەرداشلىق بېرىپ ئىقرار قىلماي چىڭ تۇرۇۋالسا قايتا سوراق سورىمايدىغانلىقىنى، گومىندىپايلارغا پۇل بەرسە، تۈرمىنىڭ ئىچىدە پىكىرداشلار ئارا يىغىن ئاچقىلى بولىدىغانلىقىنى، قىمار ئويناپمىز، دەپ بىر قانچەيلەن بىرئۆيگە كىرىۋېلىپ قىمارنى باھانە قىلىپ ئىنقىلابى ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغىلى بولىدىغانلىقىنى، پۇل بېرىپ ئۆيدىن تاماق ئەكەلدۈرۈپ يېيىشكە بولىدىغانلىقىنى) سۆزلەپ بېرىپ بىزنى زېرىكتۈرمەيتتى...

بىز بىر- بىرىمىزگە يېقىنلاشقانسېرى مامۇت كەنجى بىزگە، ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىنقىلاب قىلىشنىڭ تازا ياخشى پۇرستى ئىكەنلىكىنى، مۇنداق پۇرسەتنىڭ قايتا كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىزنى تەشكىللىنىپ خەلق ئاممىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ

www.uyghurkitap.com



قوراللىق قوزغىلاڭغا ئاتلىنىشقا چاقىرغان ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، مىجىت ھاجىلارنىڭ تەشكىللىنىپ بولغانلىقى مامۇت كەنجىگە نامەلۇم ئىدى.

قەشقەر مىللىي شىپاخانا شۇ زاماندا، بىزنىڭ بىر ئارىغا كېلىپ چوڭ ئىشلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان«مەجلىسخانىمىز» ئىدى. ئۇ يەرگە مەكتەپتىن روزى ھېكىم، مۇھەممەد ئىمىن قادىرلار كېلىپ مىجىت ھاجى، مىجىت ساقى، ئابدۇرېھىم ئەمەتلەر بىلەن پات- پات كېلىپ سۆزلىشىپ تۇرۇشاتتى.

دەل شۇ پەيتتە، قەشقەرنىڭ باش ۋالىيسى ئىمىنوپ ھامىت «كۆرەش، پىپەن» دېگەنلەردىن قورقۇپ مىللىي شىپاخانىغا كىرىپ داۋالىنىشنى باھانە قىلىپ يېتىۋالغان ئىدى. ئۇ كىشى بەكمۇ قورقۇپ كەتكەن بولۇپ، كۆرەش قىلغۇچىلارنىڭ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدىن قورققانىكەن. شۇ سەۋەبتىن داۋاملىق يىغلاپ بىزنى بىئارام قىلاتتى. مامۇت كەنجى بىلەن ئۇ كىشىنىڭ يېقىن تونۇشلۇقى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىمىنوپنى «كۆرەش - پىپەن» قىلىشقا كەلگەنلەرگە مىجىت ساقىنىڭ گەپ - سۆز قىلىپ قويۇشىنى ھاۋالە قىلىپتۇ. مىجىت ساقى ئىمىنوپنى ئېلىپ كېتىپ كۆرەش قىلىمىز دېگۈچىلەرنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ«سەنلەر بېرىپ دىۋىيدىكى مېڭشۈلىننى كۆرەش قىلىش، بۇ ئۇيغۇر تۇرسا بۇنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلەتتى»- دەپ كۆرەش- پىپەن قىلغۇچىلارنى ھەيدىۋەتكەن ئىكەن.

مىجىت ساقى: «ماڭا تەھدىت خېتى يازغانلار مۇشۇلاردۇر، بەلكىم، بۇ بولمىغاندا مۇشۇ كىشىنىڭ سەپداشلىرىدۇر. بۇلار مۇشۇنداق يىغلاپ تۇرسا قولىدىن نېمە ئىشلار كېلەر؟»،- دەپ، مىجىت ھاجى، مامۇت كەنجىلەرگە سۆزلەپ بەرگەن ئىكەن. ئۇ يانا: مۇنداق ئۆز ھەلەكچىلىكىدە قالغان كىشىلەر باشقىلار ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىپ بېرەر،- دېگەن ئويى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن مىللەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە سۆزلەشمىگەن. ئۇ ئىككى ياش، ئۇنداق ئادەملەردىن ئۈمىد كۈتۈشنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن.

* * * * * * * * *

## قۇربان بەگ ھەققىدە

قۇربان بەگ، قەشقەر شەھىرى قۇمدەرۋازا كوچا باشقارما، پاختا بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق قايىل بەگ دېگەن كىشىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى. قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان شىمالدىن چېكىنىپ كەلگەن پىداكار جەڭچىلەرنىڭ ئالدىغا

چىقىپ ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرغان، ئاخۇنوپ بىلەن ۋالىي ئىمىنوپ، ئابدۇرېھىم پەتەك قاتارلىق بىيۇرونىڭ كاتتىۋاشلىرى ئوتتۇرىسىدا ئالاقىچىلىك ئىشلىرىنى قىلغان.

* * * * * * * * *

## روزى ھېكىم ھەققىدە تەتۈر بايان

روزى ھېكىم يۈرەكلىك ھالەتتە مەكىت ۋە مارالبېشىنىڭ قىسمەن يەرلىرىدە ئوغۇشلۇق ھەرىكەت ئېلىپ باردى. ئادەتتىكى تەشكىللىنىش، قورال ياراق توپلاش، قورال بۇلاپ كۈچ زورايتىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى.

تاشمىلىقتىكى سەپداشلارمۇ تاشمىلىقنىڭ ئادەملىرىدىن باشقا ئويتاغلىق بىر قانچە قىرغىز مەرگەننى باشلاپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ ئۇلارنىڭ روھىدىن ئىلھاملاندۇق. ئۇلار قاچانلا بولمىسۇن ئۆزلىرىنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭغا قېتىلىشقا ھەرزامان تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى.

مەكىت ناھىيىسىدە، تاشمىلىقتا، بارىنلاردا خەلققە يامانلىق قىلغان خىتاي ئەمەلدار ناھىيىدىن ۋە باشقا يۇرتلاردىن قوغلاپ چىقىرىلدى. گوياكى بۇ ئىنقىلابچىلارنىڭ قەدىمى يەتكەنلا يەردە ئازادلىق شوئار ياڭراپ خەلق بىر مەھەل بولسىمۇ خىتايسىز ئازاد رايون قۇرۇپ ئەزگۈچىلەردىن قۇتۇلغاندەك ھېس قىلىپ ئارام خۇدا ياشاش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

غەيرەتلىك روزى ھېكىم، 1968 - يىلى 12- ئايدا قەشقەردە بىر مەھەل تۇرۇپ، قورال ياراق توپلاش ئۈچۈن قەشقەرگە بىر قانچە يۈز كىشىنى باشلاپ كەلدى. بۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك خىراجىتىدىن مجىت ھاجى خەۋەر ئالدى. ئۇلار قەشقەر چىنىۋاغ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى.

نەزەرباغ باغئېرىقدىكى ھەربىيلەرنىڭ تۇرالغۇسىغا كېچىدە باستۇرۇپ كىرىپ قورال ئېزدىگەن بولسىمۇ، ئۇيەردە قولغا چىققۇدەك قورال تاپالمىدى. قەشقەر شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىگە باستۇرۇپ كىرىپ قورال بۇلاشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇيەردىمۇ قورال چىقمىدى. قەشقەر ئەتراپىدا قورال تاپالمىغاندىن كېيىن مەكىت، يوپۇرغا، مارالبېشى قاتارلىق ناھىيىلەرگە بېرىپ قورال تاپالماي كېلىشتى، ھەر قېتىمقى ھەرىكەتتە مجىت ھاجى، مجىت ساقى، روزى ھېكىم، ئەبەي تۇردى ۋە ئىمىن گۈيخۇۋالار بىللە بولغان ئىدى.

ئۇلار قەشقەر شەھىرىدىن قورال ھەل قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ يەتكەنىدى.

بىر كۈنى مىجىت ھاجى روزى ھېكىمدىن، ئىمىن گۈيخۋانى نېمىشقا بۇ ئىشقا ئېلىپ كەلگەنلىكىنى سورىسا:-«ئىمىن گۈيخۋانىڭ تەسىرى بار شەخسى، قولىدا نەچچە يۈزلىگەن چاپارمەنلىرى بار، ئازدۇر كۆپتۇر قورallىرىمۇ بار، تەشكىلاتقا قېتىۋېلىشى ئۈچۈن خىزمەت ئىشلەش يۈزىسىدىن بىللە ئېلىپ كەلدىم، ئەگەر بىزگە قېتىلسا ياخشى، ئەگەر قېتىلماي بىزگە خائىنلىق قىلىدىكەن دەرھال يىغىشتۇرۇۋېتىمىز،- دېگەن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ئىمىن گۈيخۋامۇ بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولغان ئىكەن. قەشقەردىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن روزى ھېكىم قەشقەردىن يۆتكىلىپ خوتەن تەرەپكە قاراپ پائالىيىتىنى يۈزلەندۈرگەن ئىدى. خوتەندە يېقىندىن باش كۆتۈرگەن تۇرغۇن دېگەن بىرى بار ئىدى. ئۇ روزى ھېكىمنىڭ ئۈرۈمچىدە تونۇشۇپ قالغان دوستى بولۇپ، ئۇنىڭ خوتەندە ئۇستۇن ئەسكىرى كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش ۋە ھەمكارلىشىش مەقسىتىدە خوتەنگە قاراپ يولغا چىقىدۇ.

روزى ھېكىم، غېنى ئابدۇللانى ئېلىپ خوتەنگە بارىدىغان، مەمەت كېرىم باشقا قېرىنداشلارنى باشلاپ ھازىرچە مەكىتكە قايتىدىغانلىقنى قارار قىلىپتۇ.

مىجىت ھاجى، ئابدۇرېھىم ئەمەتلەر تاشمىلىققا بېرىپ ئۇيەردە قوشۇن زورايتىپ ئابدۇرېھىم سالى، ئىمىرھاجى يۈسۈپ، تۇرسۇن ئەبەي، ئەيسا قاسىم قاتارلىق كىشىلەرنى تەشكىلاتقا قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ قورالىق قوزغىلاڭغا قاتنىشىش ھەققىدىكى ئىرادىسىنى يېتىلدۈرگەن.

تاشمىلىق ۋە بارىن يېزىسىدىكى ئادەملەر تارىختىن بىرى كۆپ ئىنقىلابنى بېشىدىن كۆچۈرگەن تەجرىبىلىك كىشىلەر يېتىشىپ چىققان يەر بولغاچقا، ئۇيەردىكى كىشىلەر مىجىت ھاجى باشلىق قورallىق قوزغىلاڭغا ئادەم ئىشتىراك قىلىش سەپەرۋەرلىكىگە تېزدىن ئىپادە بىلدۈرۈپ، بىر قورallىق كىچىك قوشۇن بارلىققا كەلگەن ئىدى.

سەپدىشىمىز روزى ھېكىم، كېيىنكى بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشتا خوتەن ھەققىدىكى سەپىرى ھەققىدە توختىلىپ:

«مەن خوتەنگە زور ئۈمىدلەر بىلەن بارغان ئىدىم. ئەپسۇسكى، بۇ ئۈمىدلىرىم سۇغا چىلاشتى. مەن خوتەنگە بارسام تۇرغۇن دېگەن مەن بىلەن بىر مەقسەت بىر نىيەتتىكى دوستۇم قولغا ئېلىنغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئورنىغا ئامىقى تەشكىلاتنىڭ مەسئۇللۇقىغا ئابلىز دېگەن بىرى تەيىنلەنگەن ئىكەن. مەن غېنى ئابدۇللا بىلەن ئىككىمىز ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرۇپ كېلىش مەقسىتىمىزنى ئابلىزغا چۈشەندۈردۇق. ئابلىز بىزنى دەسلەپكى كۆرۈشكىنىمىزدە

قىزغىن قوبۇل قىلدى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا كەلگۈسى ئېلىپ بېرىلىدىغان قوراللىق قوزغىلاڭ ھەققىدە كەسكىن پىكىر لايىھەمىزنىڭ بارلىقىنى ئېيتقاندا: مەن ھەرگىزمۇ ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەتتە بولمايمەن، سىلەرنىڭ ئۇنداق نىيىتىڭلار بولسا مەندىن ياخشىلىق كۈتمەڭلار!» - دەپ رەڭگى روھىدا تىز ئۆزگىرىش پەيدا بولغان- دېگەن ئىدى.

تەجرىبىلىك روزى ھېكىم دەرھال گېپىدىن يېنىۋېلىپ، يالغان ياسىما گەپلەر بىلەن بىز ئۆزلىرىنى تۇرغۇننىڭ ئورنىغا باشلىق بوپتۇ، دەپ ئاڭلاپ، بۇنى تەبرىكلەپ ئازراق بولسىمۇ سىلىگە بىردانە ئىلغار تىپتىكى تاپانچا، بىر دانا ماشىنا ئالغاچ كەلگەنتۇق، - دەپ ئاران قۇتۇلۇپ مەكتىكە قاراپ يول ئالغانىكەن.

روزى ھېكىم شۇنداق دەيدۇ:«ھازىر ھەممە ئادەم ئويغانغاندەك، ئۇيغۇرلاردا كۆتىرلىش كەيپىياتى يېتىلگەندەك بىلىنسىمۇ، جەمئىيەتتە خائىن، خىتاي پەرەس ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەسكەن.... پۇرسەت تاپسام ئۇ مەلئۇننى چوقۇم يوقىتىۋېتىمەن، ئۇنداق بىر خائىننى يوقاتمىغۇچە بىزنىڭ ئىشلىرىمىزدا مۇۋەپپەقىيەت بولمايدۇ»،- دېگەن ئىدى. ئەپسۇس روزى ھېكىم كېيىنكى كۈنلەردە قورالىق قوزغىلاڭغا تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن جىددىيلىشىپ ئۇ مەلئۇننى يوقىتىدىغانغا ۋاقتى چىقماي قالغان ئىدى. مەرھۇمنىڭ ئارزۇ ئارمانلىرىنى كېيىنكى سەپداشلىرىمىز ئەمەلگە ئاشۇرسا ئەجەب ئەمەس.

روزى ھېكىم بىلەن غېنى ئابدۇللا ماشىنا ۋە ياخشى قورالدىن ئايرىلىپ قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ مەكىت تەرەپكە كىتىۋاتسا پوسكام كۆۋرۈكىنى ساقلاۋاتقان بىر تۇركۈم خىتاي ئەسكەرلىرىگە كۆزى چۈشىدۇ. ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ قورال ياراق، ئەسكىرى كۈچىنى مۆلچەرلەپ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىش نىيىتىگە كېلىدۇ. مەكىتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرھال ئابدۇسەمەت ئوبۇل باشچىلىقىدا بىر بۆلۈك كىشىلەرنى ئەۋەتىپ پوسكام كۆۋرۈكىنى ساقلاۋاتقان خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ پۈتكۈل قوراللىرىنى بۇلاپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مەكىتكە قايتىپ كېلىدۇ.

بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن روزى ھېكىم، مۇھەممەد ئىمىن قادىرلار بىر مەزگىل مەكىت مارالبېشى ئەتراپىدا قورال ياراق توپلاش ئادەم مەشىق قىلىش پائالىيىتى بىلەن جىددىي تۇتۇش قىلىۋاتاتتى. شۇ مەزگىللەردە توپلانغان قورال ياراق سانى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. بار بولغان قورال بىلەن نىشانلانغان مەقسەتكە ئاسانلىقچە يەتكىلى بولمايتتى.

تەشكىلاتقا مىجىت ساقىنىڭ قاتنىششىدا مىجىت ھاجى، ئابدۇرېھىم ئەمەتنىڭ رولى بار ئىدى. 3- دىن، ئاخۇنوپىنىڭ مىجىت ھاجىنى سالامەت ئېلىپ كېلىشى ھەققىدە مىجىت

www.uyghurkitap.com

ساقىگە بەرگەن يولىيورۇقى بار ئىكەن. ئۇندىن باشقا سەپداش مىجىت ھاجى تاشمىلىققا خىزمەت ئېھتىياجى ئۈچۈن بارغان بولغاچقا ھەممەيلەن جىددىيلىشىپ كەتكەن ئىكەن.

* * * * * * * * *

ئابدۇرېھىم پالۋاننىڭ يارىسى خىلى ياخشى بولۇپ ماڭغۇدەك بولغاندا قايتىشقا توغرا كەلدى. قايتىش يولىنى ئۆزگەرتىپ ئاختۇ ناھىيىسى بارىن يېزىسى، ساۋخۇ يولى بىلەن قايتىپ كېلىشكە توغرا كەلدى. چۈنكى، بۇلاقسۇ بىلەن ماڭىدىغان يولغا ساقچى ۋە ھەربىي ئەتلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى.

تاشمىلىقتىن ئابدۇرېھىم سالى بىر ماشىنا ئادەم بىلەن بىللە قەشقەرگىچە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن يولغا چىقتى. بارىنغا كەلگەندە ماشىنا لايغا پېتىپ قىلىپ ماڭالمىغاندا بارىندىكى مەمەت ئېيساغا خەۋەر قىلغان ئىكەن، 150 دەك ئادەمنى ئېلىپ كېلىپ ماشىنىنى پاتقاقتىن چىقىرىپ مىجىتھاجىلارنى دوختۇرخانىنىڭ ئىچىگە باشلاپ، بىر نەچچە قوي ئۆلتۈرۈپ زىياپەت بېرىپ ئۆزىتىش تەييارلىقىنى قىلغان. بارىنغىمۇ ج خ ساقچى ئەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىكەن.

گەرچە ئۇ يەردىمۇ ئادەم بولغان بىلەن ئۇ ۋاقىتدا خەۋەرلىشىش ئۇسكۇنىلىرىنىڭ ناچارلىقىدىن مىجىت ھاجىنىڭ سالامەت قايتىپ كېلىشىنى توسۇپ قالالمىغان. (مىجىت ھاجىنى تونۇيدىغان بىر ج خ رازۋېدكىچى شۇ يەردە ئىكەن). ئابدۇرېھىم سالى قەشقەر شەھىرىگىچە ئەكېلىپ قويۇپ قايتىپ كەتكەن. قەشقەر شەھىرىگە كىرگەندىن كېيىن ساقچىلارنىڭ بىر نېمە دېيىشىگە ھەققى يوق ئىدى.

ئېلىپ كەلگەن شوپۇر سۇ ئىدارىسىنىڭ ياغاچقا بارغان شوپۇرى ئىكەن، ئۇنى باشلاپ كەلگەندە مىجىت ھاجى: «سېنىڭ نېمە ئادەم بولۇشۇڭدىن قەتئىي نەزەر، بىزنى سالامەت قەشقەرگە ئېلىپ بارسەن، يولدا ئاسىيلىق قىلساڭ، ھاياتىڭ بىلەن ئويناشقان بولىسەن!»- دەپ راست گەپنى قىلىپ، قورالنى كېپىنىكىگە يوشۇرۇپ، يولغا چىققان. شوپۇرمۇ يامان ئەمەس ئادەم ئىكەن، يول بويى دىققەت قىلىپ ماشىنىنى ھەيدەپ، توساقلاردىن ئارامخۇدا ئۆتكۈزۈپ قەشقەرگە ساق سالامەت ئېلىپ كەلگەن.

ئەمدى بىز يەنە 1969 -يىل 12- ئايغا قايتىپ كېلىپ سۆزىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى

قەشقەر شەھىرىدە، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن 4 تەشكىلات بىر بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچى مۇشۇ مەزگىلگە كەلگەندە بىرلىشىپ كەتكەن ئىدى. بىرسلام ئايرىم پائالىيەتتە ئىدى. ئۇ

بولسىمۇ قوراللىق قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇش تەرەپدارلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى مەكتەپ، مارالبېشى، يەكەن تەرەپتە، بىر قىسمى قەشقەر شەھىرى، تاشمىلىق، بارىن تەرەپلەردە جىددىي ھەرىكەتتە ئىدى.

بىرلىشىپ بىر گەۋدە شەكىللەندۈرگەن 3 تەشكىلات مەسئۇللىرى بىرلىككە كېلىپ بۇلارغا قول سېلىپ بېقىشقا ئۇرۇنغان. سىدىق شىرىپ ئاكا، ئاخۇنوپ باشلىق ئاكىلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بوشلۇققا ئەھمىيەت بېرىدىغان خەيرۇللا نىزامىدىن ئەپەندى، ئابدۇرېھىم ئەمەتنىڭ ھېسسىياتچانلىقىدىن پايدىلىنىپ شۇ يەرگە قول سالغان.

دەسلەپتە، يوشۇرۇنۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئابدۇرېھىم ئەمەتنىڭ ئۆيىدە پاناھلىنىپ، ئاندىن ئۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئابدۇرېھىم ئەمەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇ ئارقىلىق مىجىتھاجىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان. بىرلەشكەن تەشكىلات ئىچىدىكى سەپداشلار ئاساسى جەھەتتىن جەمئىيەتتىكى كادىرلار، باشلىقلاردىن تەركىب تاپقان يۇقىرى مەنسەپتىكى كىشىلەر ئىدى. ئۇ دەۋردە، ئۇلاردىن ھۆكۈمەتمۇ بىزار بولغانلىقتىن ئۇلار خالىغان ۋاقىتتا تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش - پىپەن قىلىنىپ كوچىلاردا سۆرەپ يۈرۈپ «سازايى» قىلىنىۋاتقان كىشىلەر ئىدى.

ئۇلارنىڭ ھېچ قانداق ئەمەلىي ھوقۇقى يوق ئىدى. كىشلەرنىڭ نەزىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېچ قانداق ئىش كەلمەيدۇ، دەپ قارىلاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاتىمىز ئاخۇنوپ، خەيرۇللا نىزامىدىنلەر ئالاھىدە شەخسىيلەردىن ئىدى. كىشلەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغان ھۆرمەتكە سازاۋەر ئوغلانلاردىن ئىدى.

خەيرۇللا نىزامىدىن ئۆتكۈر پىكىرلىك، تىرىشقاق، سەۋىيىسى يۇقىرى، ناتىق زات، يۈسۈپ سەھىدىمۇ ئۆتكۈر پىكىرلىك، كەمتەر، باشقىلار بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كېتەلەيدىغان يۇقىرى بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە ناتىق زاتلاردىن ئىدى.

مەكتىتىكىلەرنى تەشكىلاتقا قوشۇۋېلىش ئۈچۈن مىجىت ھاجىنى ئاخۇنوپ يېنىغا تارتىپ مەقسەتنى ئېيتقاندىن كېيىن، مىجىتھاجى دەرھال مەكتەپكە ئادەم ئەۋەتىپ روزى ھېكىم، مۇھەممەد ئىمىن قادىرلار بىلەن خەت ئالاقە قىلىپ ئۇلاردىن ئېنىق بىر جاۋاب ئالغاندىن كېيىن ئاخۇنوپقا خەۋىرىنى بەرگەن ئىدى.

ئەمما، شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مەكتەپ، مارالبېشى، قەشقەر، تاشمىلىق قاتارلىق جايلاردىكى قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ ئىشتىراكچىلىرى، «بىز ھېچ قاچان سىرىتنىڭ ھامىيلىقىدا ئىش ئېلىپ بېرىشنى خالىمايمىز، ساپ ۋىجدانىمىز بىلەن قوراللىق قوزغىلاڭ قىلىمىزكى چەتئەلگە باغلىنىپ قىلىشنى خالىمايمىز، بىز قوراللىق قوزغىلاڭنى

باشلىغاندا ياكى مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە بىزنى قوللايدىغان دۆلەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ پوزىتسىيە بىلدۈرسە ئۇنىڭغا قاراپ ئىش تۇتايلى...،»- دېيىشكەن ئىدى.

يارمۇھەممەت ئاكا كېلىپ مىجىت ساقىنى تەشكىلاتقا ئەزا قىلىش ھەققىدە ئاخۇنوپ، يۈسۈپ سەھىدىلەرنىڭ پىكرىنى مىجىت ھاجىغا يەتكۈزگەن.

مىجىت ساقى يەنى مىجىت سىلىڭنى تەشكىلاتقا قوبۇل قىلىش جەريانىدا كۆپلىگەن پىكىر ئىختىلاپلار مەيدانغا چۈشكەن، چۈنكى ئۇ دەۋردە مىجىت ساقى ھۆكۈمەت تەرەپتىن گۇمانلىق ئۇنسۇر دەپ ھەرتەرەپتىن گۇمانلىنىپ تۇرۇۋاتقان، ھەمدە خەلق ئارىسىدىمۇ داڭقى چىققان مىللىي قەھرىمان ئىدى. لېكىن ئۇنى نىمە دەپ ئەزا قىلىش كىم ئارقىلىق ئۇنى ئۇندەككە كەلتۈرۈش ئىشى، كاللا قاتۇرىدىغان ئىشلاردىن ئىدى.

شۇ ۋەجىدىن مىجىت ساقىنى تەشكىلاتقا ئەزا قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنى بىر سىناپ بېقىش مەقسىتىدە بىرپارچە خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى تەشۋىقات ۋارىقى تەييارلاپ، مىجىت ساقىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويىدىغان، ئەگەر ئۇ تەشۋىق ۋارىقىنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە بەرسە ئۇنىڭغا ئېقىنلاشمايدىغان، ئەگەر تەشۋىق ۋارىقىنى ئوقۇپ مەزمۇنى بويىچە بىزنى ئىزدىسە ئۇنىڭ بىلەن ئاشكارا سۆزلىشىدىغان ئۇسۇلنى قوللانغان، شۇنداق قىلىپ مىجىت ساقى ئۆزلۈكىدىن تەشكىلاتنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ، تەشكىلاتنىڭ نىزامنامىلىرىنى ئوقۇپ چۈشىنىپ ئاكتىپ ھالدا رەسمىي ئەزا بولدى.

جەنۇبى تەڭرىتاغ بېيۈروسى بىر قاتار ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، مىجىت ساقى، مىجىت ھاجى، ئابدۇرېھىم ئەمەت، ئابدۇرېھىم سالى قاتارلىق دوستلار ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئورۇنلار، مەسىلەن ـ قەشقەر شەھىرىدىكى قورال‌لىق كۈچلار، تاشمىلىق، بارىن، بۇلاقسۇدىكى كۈچلارنى ئۆز ئىختىيارىغا ئالغاندىن كېيىن بىر قەدەر خاتىرجەم بولۇپ قوشۇننىڭ زورايغانلىقىدىن مەمنۇن بولغان ئىدى. مەكتىتىكى دوستلار ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى پارتىيىسىگە ئەزا ئاخۇنوپ باشچىلىقىدىكى بىر قوشۇن ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، كونكرېتنى ئىشلار ھەققىدە تېخى يېتەرلىك مەلۇماتقا ۋە تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس ئىدى.

شۇ ۋەجىدىن بۇ ئىشنىڭ نەدىن- نەگىچە ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىش مەقسىتىدە مۇھەممەد ئىمىن قادىر قەشقەرگە ئالاھىدە كەلگەن ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن قادىر قەشقەرگە كېلىپ مىجىت ھاجى ۋە ئابدۇرېھىم ئەمەتلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى تولۇق ئۇقتى. ھازىرغىچە بىر قانچە قېتىملىق سۆھبەتنىڭ يۈزە ھالدا پارتىزانلىق ھەرىكىتىدەك



ئاددىيراق بولۇۋاتقانلىقىنى مىجىت ھاجى چۈشەندۈرگەن بولدى. مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ قەشقەرگە كېلىشىدىمۇ يەنە ئۆزىنىڭ ھاياتلىقىدا بىر توي قىلىپ ئاتا پەرزىنى ئادا قىلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى، ئەمما كىم بىلەن قاچان توي قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. گەرچە تويغا كېرەك بولغان نەرسە كېرەكلەرنى ئازدۇر كۆپتۇر سېتىۋالغان بولسىمۇ، توي ۋاقتىنى ۋە نەدە قىلىدىغانلىقىنى سىر تۇتۇپ بىر نېمە دېمىگەن ئىدى.

40 -يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە پارتلىغاندا قەشقەرنىڭ ئوپال، تاشمىلىق، تاشقورغان، ئويتاغ ئەتراپلىرىدا پارتىزانلىق ھەرىكىتى كەڭ ئەۋج ئالغان، تاشقورغاندا شېرىن بەگ، سىدىق شىرىپ، ئوپالدا ئەنجان باي، تاشمىلىقتا يۈسۈپ ۋاگان (مەرھۇم قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ ئەزاسى ئىمىر ھاجى يۈسۈپنىڭ دادىسى) قاتارلىقلار گومىنداڭغا قارشى قاقشاتقۇچ قوراللىق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان ئىدى.

بۇ ئىنقىلاب كېيىنكى ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىدەك «ئۇلۇغ دۆلەت» بۇ زېمىننىڭ تەقدىرىنى گومىنداڭدىن گۇڭچەنداڭغا سېتىپ بەردى. بۇ زېمىن قولدىن قولغا ئۆتۈپ زالىملارنىڭ زۇلۇم قىلىدىغان مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى.

خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇرىستان زېمىنىدا بۇرۇن خىتايغا قارشى چىققان ئۇيغۇرلارنى بولۇشىغا جازالىدى. قەشقەردە خىتاي تەرىپىدىن جازالانغانلارنىڭ سانى ھەددى ھېسابسىز بولدى. خىتاينىڭ زالىملىق دەرىجىسى تارىختا ئۆتكەن ھەرقانداق بىر ھاكىمىيەتتىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى.

باشقىلار جانىنى ئاغرىتىدىغان قاسساپ بولسا كوممۇنىستلار يالغان ياۋىداق سۆز سىياسىي ھەرىكەتلەر بىلەن ئاۋام خەلقىنى قان چىقارماي باستۇردى، شۇڭلاشقا قەشقەر خەلقى زالىملارنىڭ زۇلۇمىدىن زار قاقشىغاچقا ھازىرمۇ كۆرەشلەر توختىماي داۋاملىشىۋاتىدۇ.

بۇ زېمىن شۇنداق ئەزىز زېمىن ئىكەنكى- ئابدۇقادىر داموللامدەك ئالىم، ئىنقىلابچى تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى تەربىيىلىگەن بولسا، كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ يەنە ئەنجانباي، يۈسۈپ ۋاگان، ئاخۇنوپ، خەيرۇللا، ئوسمانجان، مۇھەممەد ئىمىن قادىر، روزى ھېكىم، مىجىت ساقى، ئابدۇكېرىم لەڭزا، نىزامىدىن ئابدۇرېھىم، مەريەم، جېلىل قارى، يۈسۈپ قادىر داۋۇت، ھاۋۇت پاۋان، سىدىق توختى قاتارلىق مەرھۇم ئىنقىلابچىلارنى ۋە تۇردى ئىلى، سىدىق شىرىپ، يۈسۈپ سەئىدى، ئابدۇرېھىم ئەييۇپ، ئابدۇكېرىم ھامۇت، سىدىق ھاجىم سائەتچى، مىجىت ھاجى، ئابدۇرېھىم بۇرۇت، ئابدۇرېھىم سالى، ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى، مەمەت

ئىلى تۆرەخان، مەمەت ئەلىخان ئاكا، قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈپ ختاي هاكىمىيىتىگە قارشى كۈچ هازىرلاپ بەردى.

ئالاھىدە ئىنقىلابچىلاردىن يەنە ئابلىمىت داموللام هاجىم، رەھمىتۇللا قارىهاجىملار تا هازىرغىچە كۈرەشنى بوشاشتۇرماي ۋەتەن مىللەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى توختاتقىنى يوق!...

گەرچە بۇ زېمىندا ياخشى كىشىلەر هېسابسىز نۇرغۇن بولسىمۇ يەنە بەزى ئىنسانلار باركى، ئۇلار كۈن ئۆتكۈزۈش كويىغىلا كىرىۋالغان، بۇرۇنقى ئىشلاردىن نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن ھەممىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، پەقەتلا مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلسامىلا بولدى، ناماز ئوقۇپ، باللارنى ئوقۇتۇپ ئۇلار بىلەن بىر كۈن بولسىمۇ خاتىرجەم ئۆتسەم مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە دەيدىغان كويغا كىرىۋالغان.

مەسىلەن ئۇلار كىمنى كۆرسە: «نامازنى ئوقۇياللىمۇ؟ تاھارەتلىرى بارمۇ؟ ناماز ۋاقتى بوپ قالدى، ئائىلىمىزدە ئاتا-ئانىمىزنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىۋاتىمىز»، - دەپ ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ،- دەيدىغان كوچىغا كىرىۋالغان.

ئۇلار هازىر چەتئەلدە ياشاۋاتقان خوتۇن باللىرىدىن ئايرىلىپ يەككە يېگانە ياشاپ بارلىقىنى ۋەتەن مىللەتنىڭ ئازادلىقىغا ئاتىغان ساناقسىز ئابدۇرېشىت هاجى كېرىمدەك ئىنقىلابچىلارنى ئەستىن چىقىرىپ قويىدى...

ئۇلار قانداقتۇر كىچىككىنە تۇرمۇش هالاۋىتىدىن ھەممىنى ئۇنتۇپ ئۆزلىرىنى «بەختىيار» ياشاۋاتقاندەك هېس قىلغان بولىشى مۇمكىن.

ھەرقانداق ئادەم، چوڭ بىر زالىمنىڭ قولىدا تۇرۇۋاتقاندا ئۆز خەلقىنى تېخىمۇ ئۇنتۇماسلىقى لازىم، چۈنكى ئۇلارمۇ سېنىڭ مىللىتىڭ. سېنىڭ خەلقىڭ، سېنىڭ قان - قېرىنداشلىرىڭ! ئۇلار چەككەن ئازاب، سېنىڭ ئازابىڭ، ۋەتەن ئازاد بولماي تۇرۇپ سېنىڭ يېگەن ھەر بىر شېرىن نەرسەڭمۇ سەن ئۈچۈن زەھەردۇر!

ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ مۇجادىلە ئۇزۇن مۇددەت بولغان بولسىمۇ بوشاپ قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، بەلكى هوشيار تۇرۇش كېرەككى بۇ ۋەتەن ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنى هامان بىركۈن ئازادلىققا ئېرىشىدۇ!

* * * * * * * * *

## ئەمدى قوراللىق قوزغىلاڭغا ئائىت ئىشلار ھەققى توختىلىپ ئۆتىمىز

1969 -يىلى 4 - ئاي مەزگىللىرى بولسا كېرەك، ئاتىمىز ئاخۇنوپ يارمۇھەممەت ئاكا ئارقىلىق مىجىتھاجىنى چاقىرتىپتۇ. مىجىتھاجى ئاتىمىز ئاخۇنوپنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئۇكىشىنىڭ كەيپىياتىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى سەزگەن ھەمدە بىرەر مۇشكۈل مەسىلىگە دۇچ كەلگەندەك قىياپەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. مىجىتھاجىنى كۆرگەندىن كېيىن يۇرىكىدىكى سۆزىنى قىلغان «بىزنىڭ سەپداشلىرىمىز ئىچىدە ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىكى مامۇتجان ھەققىدە ئوخشىمىغان پىكىر قاراشلار بار، پىكىرلەر بىرىيەرگە كېلەلمەيۋاتىدۇ، بەزىلەر مەخپىي جازا بېرەيلى دېسە، بەزىلەر تولۇق تەكشۈرۈپ ئاندىن بىر نېمە دەيلى دەيدۇ، جازا بېرىشتە چىڭ تۇرغانلاردىن خەيرۇللا بەكرەك تەكىتلەۋاتىدۇ، مېنىڭ كۆز قارىشىمۇ تەكشۈرۈپ ئاندىن بىر تەرەپ قىلساقلار»- دەيدۇ. مىجىتھاجى ئاخۇنوپنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ ئالدىن تەكشۈرەيلى، راستىنلا جازا بېرىشكە تېگىشلىك بولسا جازا بېرىش تەس ئەمەس، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەمدۇق، ياكى پۇت قولىنى كېسىۋېتىپ ناكا قىلىپ قويامدۇق ئۇ بىر ئاددىي ئىش دەپ تەسەللى بېرىدۇ.

قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ مەكتەپتىكى كۈچلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن خەيرۇللا ئەپەندى مەكتەپكە بارىدىغان بولۇپ جەنۇبىي تەڭرىتاغ بىيۇروسى تەرىپىدىن ماقۇللانغان ئىدى. ئەمما، خەيرۇللا ئەپەندى شۇ كۈنلەردە خىتاي ساقچى دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان ئالاھىدە شەخسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى قانداق قىلىپ مەكتەپكە ساق سالامەت ئاپىرىش مەسىلىسى بەك مۇھىم مەسىلە ئىدى. شۇ ۋەجىدىن خەيرۇللا ئەپەندىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن بىر گۇرۇپپا قوراللىق كىشىلەر تەيىنلەندى. بۇ ئىشقا مىجىت ھاجى باشتىن ئاياغ خەيرۇللا ئەپەندىنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولىدىغان بولدى. خەيرۇللا ئەپەندى توپىدا تۇرۇپ تۇرىدىغان، مىجىت ساقى يول ئۈستىدىكى بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولۇپ قوراللىق قوغدايدىغان بولدى. چۈنكى شۇ كۈنلەردە مىجىت ساقىنىڭ قەشقەردىكى ئابرۇيى چوڭ، ئاممىۋى تەشكىلات ئىچىدىكى نوپۇزى يۇقىرى ئىدى.

مىجىت ھاجى بىلەن مىجىت ساقى چىنۋاغ مېھمانخانىسىنىڭ يېنىدىكى يولدا مەرھۇم يولۋاس ھەسەننىڭ ماشىنىسىغا چىقىپ، ئابدۇرېشىت ئىسمائىلنىڭ ھەمراھلىقىدا خەيرۇللا تۇرۇۋاتقان يەرگە باشلاپ ئاپاردى. خەيرۇللا ئەپەندى تۆشۈكدەرۋازىدىكى يارىبشىغا چىقىپ كېتىدىغان يولنىڭ ئېغىزىدىكى سىيىت ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ سارىيىنىڭ 2- قەۋىتىدە ياتقان ئىكەن.

ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى بىلەن مەمەتئىلى تۆرەخان بىللە ئىكەن. بىز ماشىنىغا چىقىپ يولغا ماڭغاندا باشقىلار قايتىپ كېتىشتى ئەمما، ئۇلار بىزنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى بىلمەيتتى.

گەرچە ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى، مەمەتئىلى تۆرەخانلار بىلەن بىز بىر ئىدارىدە ئىشلىگەن بولساقمۇ ئۇلارنىڭ بۇ تەشكىلاتتا بارلىقىنى زادى بىلمەيدىكەنمىز.

بىز يولغا چىقىپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمىنىڭ خەيرۇللانىڭ مۇئاۋىنى ئىكەنلىكىنى، مەمەتئىلى تۆرەخاننىڭ تەشكىلاتتىكى يەنە بىر مۇھىم شەخسى ئىكەنلىكىنى خەيرۇللانىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئىدۇق. شۇندىن كېيىن مىجىت ھاجى ۋە مىجىت ساقىلار ئابدۇرېشىت ھاجى بىلەن مەمەتئىلى تۆرەخانلارغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان بولغان.

بىز مەكىتكە ماڭغان 3 نەپەر كىشى يولغا چىقىپ قەشقەر ئايدرومغا بارغاندا ماشىنىدىن چۈشۈپ بىرمەھەل قورال ئېتىپ قوراللىرىمىزنى سىنىۋالدۇق ۋە ئازراق ھەربىي مەشىق قىلىۋالدۇق. تاپانچىلىرىمىزدىن چىققان ئوق دەل نىشانغا تېگەتتى يولۇچىلارمۇ بىزگە مىيىقىدا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ تاماشا قىلاتتى...

بىز شۇ كۈنى يولبويى ئالدىرىماي يول يۈرۈپ كەچ سائەت يىگىرمە يېرىمدا سانساكوغا يېتىپ باردۇق. مارالبېشىغا قاراپ كېتىۋاتقىنىمىزدا يولدا بىر بۆلۈك كىشىلەر يولىمىزنى توسۇپ قورال تەڭلەپ ئالدىمىزغا چىقتى. مىجىت ساقى دەرھال ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇلاردىن سەنلەر كىمنىڭ ئادىمى؟ نېمە دەپ بىزنىڭ يولىمىزنى توسىشىسەن دېگەندە، بىرى دەرھال مىجىت ساقىنى تونۇۋېلىپ، ۋاي بۇ مىجىت سىپىلىڭ كەن!، دەپ ۋارقىراپ دەرھال يولنى بوشاتقان.

ئەسلىدە ئۇلار مارالبېشىدىكى تاغتۇرا ئىمىن گۈيخۇا دېگەن ئادەمنىڭ ئەسكەرلىرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەسكەر باشلىقى قارى دېگەن بىر تاجىك يىگىتى بولۇپ كېيىنكى كۈنلەردە قەشقەر شىپىڭ گوڭسىدا ئىشلىگەن ئىدى. ئۇ مىجىت سىلىڭنى باشلاپ، ئىمىنگۈيخۇانىڭ ئاشلىق ئىدارىسىدىكى تۇرارىغا باشلاپ ئاپاردى. ئىمىن گۈيخۇا دەرھال بىر تۈركۈم ئەر ئاياللارنى مىجىت سىلىڭنىڭ خىزمىتىگە سەپ قويۇپ ئۆزى غىمسىسىدا تۇمشۇق تەرەپكە قېچىپ كەتكەن.

شۇ كېچىنى مارالبېشىدا ئۆتكۈزۈپ ئەتىسى سېرىق بويىغا قاراپ يولغا چىققان. سېرىق بويىغا كەلگەندە، سېرىق بويىدىكى ئامىۋى تەشكىلاتنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ئاخۇن بۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالغان ھەمدە كېچىسى سازەندىلەرنى چاقىرتىپ ساز



چېلىپ بەزمە قىلىپ، راسا مېهماندارچىلىقتا بولغان، ئەتىسى بىلقىز خانىم دېگەن دوختۇر ئايال بۇلارنى مېهماندارچىلىققا چاقىرىپ پۇتۇن قويلارنى كاۋاپ قىلىپ كاتتا ھەشەمەت بىلەن مجىت سىلىڭنىڭ شەرىپىگە دوسقان سالغان.

گەرچە شۇ كۇنلۇك مېهماندارچىلىقتا شۇنچە چوڭ داستىخان سېلىنغان بولسىمۇ ئاز بىر قىسىم كىشىلەر شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ مىللىي قەھرىمانى مجىت سىلىڭنى كۆرۈش شەرىپىگە ئېرىشكەن، مېهماننىڭ شەرىپى ئۈچۈن نەدىندۇر ئەنجۇر تېپىپ كېلىپ ئەنجۇردە مېهمان قىلغان. مېهماندارچىلىق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قايتىش سەپىرىدە، بىلقىز خانىمنىڭ 8 ئايلىق مائاشىنى ئىمىن گۇيخۇانىڭ بەرمىگەنلىكىنى بىلگەن مجىت سېلىڭ ئۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ.

ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەن، مەكتىتىكى روزى ھېكىملار سېرىق بويىغا كېلىپ خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قورالىرىنى بۇلاپ قايتىش سەپىرىدە، روزى ھېكىمنىڭ بۇ بىر يۈرۈش ئەسكەرلىرىنى بىلقىز خانىم كاتتا مېهمان قىلىپ ئۆزىنىڭ ئۇلارنى قوللايدىغانلىقىنى ئىزھار قىلغان ئىكەن. ئىمىن گۇيخۇا بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بىلقىز خانىمنىڭ 8 ئايلىق مائاشىنى بەرمىگەن ئىكەن.

مجىت سېلىڭ دەرھال ئابدۇكېرىم ئاخۇننى چاقىرتىپ«مەن مۇشۇ يەردىن كەتكۇچە ماۋۇ خانىمنىڭ 8 ئايلىق مائاشىنى ئەكېلىپ بېرىڭلار »،- دەيدۇ. ئابدۇكېرىم ئاخۇن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ بىلقىز خانىمنىڭ 8 ئايلىق مائاشىنى ئەكېلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدىكى، مجىت سىلىڭنىڭ مارالبېشى تەۋەسىدە ئابرۇيى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى.

ئۇلار مېهماندارچىلىقتىن قايتىپ يولغا ماڭايلى دەۋاتسا، ئىمىن قۇشلار ئاكا - ئۇكا مجىت سىلىڭنى مېهماندارچىلىققا تەكلىپ قىلىپ زادىلا ئۇنىمايدۇ. مجىت سېلىڭ، مجىت ھاجى، خەيرۇللا ئەپەندىلەر سېرىق بويىدا يەنە بىرنەچچە سائەت تۇرۇپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەكتىكە بارغۇچە يول بويى مجىت سىلىڭنى كۆرىمىز دېگۈچىلەر ۋە ئۇنى مېهمان قىلىۋالايلى دېگۈچىلەرنىڭ سانى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بارغان، شۇنداق قىلىپ يول مېهماندارچىلىقى بىلەن ئەسلىدىكى مەكتىكە يېتىپ بېرىش پىلانىدىن ئۆزىرىپ كەتكەن، مەكتىتىكى سەپداشلار ئۇلارنىڭ شۇ چاققىچە يېتىپ كېلەلمىگەنلىكىدىن ئەنسىرەپ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتكەن. يولبويىدىكى سان ساناقسىز ئۇيغۇر دېهقان، قىز يىگىتلىرى «ياشىسۇن مجىت سېلىڭ!» دەپ شوئارلار توۋلىغان...

مەكتەپتىن كەلگەن ئالاقىچى دەرھال يول باشلاپ بۇلارنى مەكتەپكە ئېلىپ كەتكەن، يەنە ئاز بولمىغان ئۇيغۇر قىز-يىگىتلىرى مەجىت سىلىڭنى كۆرەلمىگەنلىكىدىن ھەسرەتلەنگەن...

مەكتەپكە بارىدىغان چاغدا ئاتىمىز ئاخۇنوپ، مەجىت ھاجىغا مەكتەپنىڭ سەپداشلىرىغا ئازراق پۇل ئىلىشىۋېلىڭلار دەپ تاپىلايدۇ، مەجىت ھاجى ئۇلاردا پۇل كۆپ، ئازراق تىللا ئىلىشۋالايلى، دەپ ئون سوملۇق تىللادىن 15 دانە ئىلىشۋالىدۇ. بۇنى روزى ھېكىمگە «ئاخۇنوپنىڭ سوۋغىتى» دەپ، بەرگەندە، روزى ھېكىم ئۇ تىللانى ئالماي، بۇنى مۇھەممەد ئىمىن قادىرغا بېرەيلى، قىيىنچىلىقى بار يىگىتلەرگە بەرسۇن، دەپ ئالغىنى ئۇنىمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىز ئويلىغاندەك ئۇلارنىڭ پۇلى يوق ئىكەن. تۇرمۇشى ئاران ئۆتەۋاتقان ھالەتتە ئىكەن. پەزىلەتلىك روزى ھېكىم، خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قورالىرىنى بۇلاپ قورال تۆپلىغانىكى ھېچ قاچان پۇل تۆپلىغان ئەمەس ئىكەن.

روزى ھېكىم ئۆزى تۇتۇۋاتقان بىر 54 لىك تاپانچىنى مەجىت ھاجىغا سوۋغا قىلىپ بېرىپتۇ. مەجىت سىلىڭغا بىر دانە ئاپتومات سوۋغا قىلىپ بېرىپتۇ. ئابدۇكېرىم ئاخۇنمۇ مەجىت سىلىڭغا ناھايىتى جىق ئوق سوۋغا قىلىپتۇ.

مەكتەپتىن قايتىپ كېلىشىدە سېرىق بويىغا كەلگەندە مەجىت سىلىڭنىڭ قوغدۇغۇچىسى باتۇرنىڭ تاپانچىسىدىن ئوق چىقىپ كېتىپ قېلىپ، يوتىسىنى زەخىملەندۈرۋالىدۇ، باتۇرنى سېرىق بويىدا دوختۇرخانىغا قالدۇرۇپ قالغانلار قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ.

قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن خەيرۇللا ئەپەندى ۋە مەجىت ھاجىلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەكتەپتىكىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى، قورال ياراقلارنىڭ سەپلىنىش ئەھۋالى، ئەسكەرلەرنىڭ روھى ھالىتى، ئىنتىزامچانلىقى، جەڭگىۋار روھى... قاتارلىقلارنى ئېگەللىگىنىچە دوكلات قىلىدۇ...

مەجىت ھاجىنىڭ دوكلاتىدا، روزى ھېكىملەر «ئومۇمىي يۈزلۈك قوزغىلاڭ قىلىپ 50-60 مىڭ ئادەم بىلەن چىقىپ كېتىپ پارتىزانلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بارايلى، ئەگەر مەغلۇپ بولساقمۇ نامىمىز تارىخ سەھىپىسىدە قالسۇن»، - دېگەنلىكى ھەققىدىكى مەزمۇنلار يەر ئالغانىكەن. تەييارلىقلارمۇ ئاساسى جەھەتتىن پۈتۈپ قالغان ئىدى شۇنىڭ بىلەن ئاخۇنوپمۇ روزى ھېكىمنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدۇ.

دەل شۇ پەيتتە، ئۈرۈمچىدىكى مەركىزى بىيۇرودىكى بەزى باشلىقلار قولغا ئېلىنىپ كېتىپ يېڭى باشلىق ئوتتۇرىغا چىققان، پىكىر ئىختىلاپلار تازا ئەۋج ئالغان ۋاقىت ئىكەن. توختى قۇربان، نىياز ئۆمەر، ئىدرىس، مۇتەللىپ قاتارلىقلار قولغا ئېلىنىپ ئىسمائىل ئىبراھىم

بۆرتالا يولى بىلەن چەتكە قاچقان ۋاقىت ئىكەن.(ئىسمائىل ئىبراھىم گەرچە سالامەت چەتكە چىقىپ كېتىپ ئالمۇتاغا ئورۇنلاشقان بولسىمۇ، كېيىن جۇڭگو - سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋىتى نورماللىشىپ قالغاندا، جۇڭگونىڭ جاسۇسلىرى بىلەن سوۋېتنىڭ جاسۇسلىرى بىرلىشىپ مەرھۇمنى ئۆز ئۆيىدە بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈپ سۇغا تاشلاپ قويغان ئىكەن. ۋەتەندىن چىققان بىر ياش زىيالىي ئىسمائىل ئىبراھىمنى سورىغاندا، يۇرۇك ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ پەتىلەپ كېلەيلى،- دەپ ئۇنىڭ ئۆلۈش پاجىئەسىنى سۆزلەپ بەرگەن. مەرھۇم ئىسمائىل ئىبراھىم خىتايلارنىڭ قولىدىن قېچىپ كېيىن شۇلارنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.)

قەشقەردىكى ئاخۇنوپتىن باشقا كىشىلەرنىڭ مۇنداق بىر چوڭ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا قوشۇلماسلىقىدا مۇنداق بىر سەۋەب بارئىدى.

ئۇلار باشقىلارنىڭ كاساپىتىگە كەتمەستىن تىنچ ئامان چېگرادىن ئوغرىلىقچە چىقىپ كېتىشنى ئويلايتتى. ھەرگىزمۇ يۇقىرىقىدەك چوڭ قوزغىلاڭغا قوشۇلمايتتى. ئاقىۋەت شۇنداق بولدى. جەنۇبىي تەڭرىتاغ بىيۇروسىنىڭ يىغىنىدا ئاخۇنوپ ئومۇمىي يۇزلۈك قوزغىلايلى، مەكىت، تاشمىلىقتىكى مەسئۇل خادىملارنىڭ شۇنداق تەلىپى باركەن، بىز پەقەت تۇرۇپلا بەرسەك بولىدىكەن دېسىمۇ، باشقا گۇمانلىق كىشىلەر يالغاندىن ئۇرۇمچىدىكى رەھبەرلىكتىن رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ ئۇنداق چوڭ ھەرىكەت قىلالمايمىز،- دەپ قوشۇلمىغان...

يولغا چىقىشتىن بىر قانچە كۈن ئىلگىرى ئاتىمىز ئاخۇنوپ، مىجىت ھاجى، ئابدۇرېھىم ئەمەتنى چاقىرتىپ: «مەن گەرچە بىرىنچى قول رەھبەر بولسامۇ، سان جەھەتتىن باشقىلار كۆپ ساننى ئىگىلەپ كەتتى، ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلماي ئىلاجىم يوق، ھازىرچە بىرىنچى تۈركۈمدە پاش بولۇپ قالغان سەپداشلار مۇھاسىرىدىن بۆسۈپ چىقىپ كېتىدۇ، قالغانلار ئىككىنچى تۈركۈمدە چىقىدۇ،- دەپ قارار قىلدۇق، مەن ئامالسىز قوشۇلدۇم، ئىلاجى بولمىدى... سىلەر مەكىتتىكى سەپداشلار بىلەن ھوشيار تۇرۇپ، بىز يېتىپ بارغۇچە جىم تۇرۇپ بىزنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىك خەۋىرىمىز بىلىنگەندىن كېيىن ئومۇمىي يۇزلۈك قوزغىلىپ چىقىڭلار، جەنۇبىي تەڭرىتاغ بىيۇروسىنىڭ خىزمىتى ھازىرچە ئابدۇكېرىم ھامۇتقا تاپشۇرۇلدى، يېقىندىن ياردەمدە بولارسىلەر،-دېگەن ئىدى.

1969 -يىلى 08-ئاينىڭ 21-كۈنى شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى قەشقەر بىيۇروسىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قەشقەردىن ۋە مەكىتتىن بولۇپ ھەرقايسى ئۆرۈش لىنىيىدىكى بىر قىسىم شەخسلەر ئايرىم- ئايرىم ھالدا يولغا چىقىدۇ.

بۇلار ئەسلىدىكى پىلان ئۈچرىشىش نوختىسى سۇغۇن چازىغا كەلگەندە دۈشمەننىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قاتمۇ-قات مۇھاسىرىسىگە ئۇچراپ بىر قەپەس ئىلىشقاندىن كېيىن ئامالسىزلىقتىن ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. قەشقەردىن كەلگەن ئاخۇنوپ باشچىلىقىدىكى قوشۇن دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ تاققا قاراپ يول ئالىدۇ. ماشىنىنى تاشلاپ پىيادە يولغا چىققان ئاخۇنوپ قوشۇنىدىكىلەر ئىككى كېچە بىر كۈندۈز يول يۈرۈپ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن بىرئۆلەپ بىر تېرىلىپ ئاران دېگەندە ئاتۇشنىڭ ئارپىلىق كەنتىدىن ئۆتۈپ قاراجۇلنىڭ كەڭرال دېگەن يېرىگە بېرىپ ئورۇنلىشىدۇ.

قەشقەردىن بىرگە يولغا چىققان قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى تەمبۇرچى خالىق ھاجى يولدىن ئادىشىپ قوشۇننى تاپالماي، كاتتايلاقنىڭ بىر قانچە ئوتتۇنچىغا ئۇچراپ ئۇلارغا ئەگىشىپ قەشقەرگە كېلىۋالىدۇ. ئەمما ماشىنىدا ئۇنىڭ تەمبۇرى قېلىپ قالغاچقا ئۇنىمۇ قەشقەردىن تۇتۇپ تۇرمىغا تاشلايدۇ.

ئاخۇنوپ باشچىلىقىدىكى قوشۇن ئاتۇشنىڭ قاراجۇل يېزىسىغا يېتىپ بارغۇچە، قوشۇننى ئىزدەپ يۈرگەن خىتاي ئەسكەرلىرى يەرلىك مىللىي مۇناپىقلارنىڭ ئەقىل كۆرسىتىپ يول باشلىشى بىلەن ئاخۇنوپلار يەرلەشكەن يۇلغۇنزارلىق كەڭرالغا كېلىپ قوراللىق ئېتىشىش بولىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم چىقىم بولىدۇ. تەپسىلاتىنى ھازىر چەتئەلدە تۇرۇۋاتقان شۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان تىرىك شاھىت ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى تولۇق مەلۇمات بېرەلەيدۇ...

ئۇرۇش مەيدانىدا مەريەم شېھىت بولىدۇ. 16 ياشلىق نىزامىدىن دۈشمەن ئوقىدا شېھىت بولىدۇ. ئاتمىز ئاخۇنوپ ئۆزىنى ئۆزى ئېتىپ ئۆلۈۋالىدۇ. مىجىت ساقىمۇ ئۆزىنى ئېتىۋالغان بولسىمۇ ئاتقان ئوق دەل جايىغا تەگمەي، مېڭە قىسمىنىڭ بىر تەرىپىنى ئېغىر زەخىملەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىجىت ساقىنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارى يوقىلىدۇ. 1970-يىلى 7-ئايدا شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا 78 ئادەمنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ ئاتقاندا مەرھۇم مىجىت ساقىمۇ شۇ قاتاردا شېھىت بولىدۇ، توختى قۇربان، نىياز ئۆمەرلەرمۇ شۇ قاتاردا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى.

خەيرۇللا ئەپەندى بىلەن ئوسمانجان ئاكا ئەڭ ئاخىرقى بىرتال گىراناتنى پارتلىتىپ دۈشمەننىڭ ئالتە ئەسكىرى بىلەن بىللە ئالەمدىن ئۆتتى، پارتلىغان گىراناتتا خەيرۇللا بىلەن ئوسمانجاننىڭ كۆكرەك قىسمى بىلەن بىردىن قولى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشكەن...

ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن «ئەسىرلەر» نى ئاتۇشتىكى بىر تۈرمىگە ئېلىپ كېلىپ ناھايىتى رەھىمسىزلەرچە قىينىغان، ھەتتاكى ئوق تېگىپ ھوشسىز ياتقان مىجىت ساقىنىڭمۇ

مەيدىسىگە دەسسەپ ئازابلىغان. دۈشمەن غالجىرلىشىپ پۈتۈن قەشقەرنى ۋەھىمە قاپلىغان، قىيا چىيالار شەھەرنى بىرئالغان. دوستلار قايغۇغا چۆمگەن بولسا، دۈشمەنلەر بايرام قىلىشقان، مەكتەپتە بىر قانچە دېۋىزىيە قورالىلىق ئەسكەر يۆتكەپ قاتمۇ - قات مۇھاسىرىگە ئالغان.

روزى ھېكىمنى تۇتۇپ ماڭغاندا خەلق قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتسە، روزى ھېكىم بىلەن سۆزلىشىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار، دەپ ئالدامچىلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تۇتۇپ كەتكەن. ئۇندىن كېيىن ئابدۇغېنى ئابدۇللا قاتارلىق دوستلارنى قولغا ئېلىپ قەشقەر ۋىلايەتلىك تۈرمىغا ئېلىپ كەلگەن.

قەشقەر شەھىرىدىن ئاخۇنوپلار مېڭىشتىن بۇرۇن تاشمىلىقتىكى ئابدۇرېھىم سالى 30دەك ئادەمنى قورال- ياراقلىرى بىلەن باشلاپ قەشقەرگە كەلگەندە قەشقەردە چاتاق چىققانلىقنى ئەسكەرتىپ ئابدۇرېھىم سالىنىڭ قوشۇننى قايتۇرۇۋەتكەن. تاشمىلىقتىكى قوشۇننىڭ مەسئۇللىرىدىن ئابدۇرېھىم سالى، ئىمىر ھاجى يۈسۈپ قولغا ئېلىنىپ قالغانلار ساقلىنىپ قالغان.

ۋىلايەت ۋە شەھەردىن بولۇپ نۇرغۇن ئادەملەر كەينى كەينىدىن قولغا ئېلىندى. «جەنۇبى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى» گە نەچچە يۈزلەپ ئادەمنى سولاپ ئېغىر قىيىن قىستاقتىن كېيىن مەمەترېھىم گودەيزى، مىجىت ھاجى، ئابدۇرېھىم ئەمەت، ئابدۇرېشىت ئىسمائىل قاتارلىق 4 نەپەر كىشىنى قولغا ئېلىپ تۈرمىغا تاشلىغان ئىدى، بۇ تەخمىنەن 1969 -يىلى 08 - ئاينىڭ 27 - كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

شۇ مەزگىلدە قەشقەردىكى تۈرمىلەر توشۇپ كېتىپ ناھىيىنىڭ تۈرمىلىرى، مەكتەپلەر، كىنوخانىلار، تۇتۇلغان ئادەملەرگە توشۇپ كەتكەن. نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۇرۇپ قىيناپ پۇت - قوللىرىنى سۇندۇرۇۋەتتى.

2-قېتىمدا قەشقەرنىڭ ۋالىيسى ئىمىنوپ ھامىتنى، ئابدۇكېرىم ھامۇت، ئابلا ئىمىن، مەمەت ئىمىن سايىت، ئوبۇلقاسىم ھامۇت قاتارلىق نۇرغۇن سەپداشلىرىمىزنى قولغا ئېلىپ تۈرمىغا تاشلىدى. 1970-يىل 1- ئايدا قەشقەردە مىجىت ساقى،7- ئايدا جېلىل قارى، ئابدۇكېرىم لەڭۋازا، مەكتەپتە روزى ھېكىم، مەمەت ئىمىن قادىر، سىدىق توختى، يۈسۈپ قادىر داۋۇت قاتارلىق سەپداشلىرىمىز قەتلە قىلىندى.

ئۇلار ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن تۈرمىلەرگە تاشلاندى. يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان قولغا ئېلىنغان سەپداشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يۇقىرى تۈرمۈش سەۋىيىسىدە ياشاۋاتقان

www.uyghurkitap.com

ھېچ نېمىدىن قىسىنچىلىقى يوق ئىنسانلار ئىدى. ھەتتاكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى كاتتا مەنسەپدار ھوقۇق تۇتۇۋاتقان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار شۇ دەۋردە ئۆزىنى ئويلىمىدى، بالىلىرىنى ئويلىمىدى، پەقەت ئەزىز ۋەتىنىنىڭ ھۆررىيىتىنى، ئۇيغۇر خەلقىنى ۋە ئۇلارنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئويلىدى!

بىر كىشى مىجىت ھاجىدىن:

- ئاڭلىسام ھازىر سىللىنىڭ تۇرمۇش شارائىتلىرى ناچار ئىكەن، ئۆتمۈشتە ئىنقىلاب يولىدا نۇرغۇن ئىقتىسادنى بەرگەن ئىكەنلا، ھازىر سىللىگىمۇ ياردەم قىلىدىغان بىرەر كىشى بارمىدۇ؟- دەپ سورىغان.

مىجىت ھاجى:

- تۇرمۇشنىڭ ياخشى يامان ئۆتۈشى چوڭ ئىش ئەمەس، مەن پۇلۇم بارچاغدا ئىنقىلابچىلارغا ياردەمدە بولدۇم، ئۆز ۋاقتىدا 20 ئورۇندىن ئۆي زېمىن سېتىۋالغۇدەك پۇل بىساتىم بار ئىدى، بۇ پۇللارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىنقىلاب يولىغا سەرپ قىلدىم، كېيىنكى كۈنلەردە بالىلىرىم ئۈششاق بولغاچقا تۇرمۇشتا قىينالدىم، ھەتتاكى ئۆيدىن - ئۆيگە كۆچۈپ يۈردۈم، تاماكا سېتىۋالغۇدەك پۇلغىمۇ ئېرىشەلمەيدىغان كۈنلىرىممۇ بولدى، ئەمما، مەن ئۆتمۈشۈمگە قىلچە پۇشايمان قىلمايمەن، ھازىر بەزى ئىنقىلابچىلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىقنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئېزىلىپ كېتىدۇ، ئۇلارغىمۇ ئاخىرى بىر كۈن ئاللاھ مەدەتكار بولغۇسى، ئۇلارنىڭمۇ بېشىنى سىلايدىغان ئادەم چىقار دەپ ئويلايمەن...

مۇندىن كېيىنمۇ ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن يۇرت كاتتىلىرى ئىنقىلاب يولىدا قۇربان بولغان سەپداشلىرىمىزنىڭ بالا - چاقىلىرىغا شەپقەت قولۇڭلارنى سۇنۇڭلار، ئۇلار 42 يىلنى غۇربەتچىلىك بىلەن ئۆتكۈزدى، يانىمۇ غېرىبچىلىقتا ئۆتمىسۇن، قېرىنداشلار يۇرت ئايرىماڭلار! مەزھەپچىلىك قىلماڭلار! ھوقۇق تالىشىش تۈپەيلى ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرگە ئازار يېتىپ قالمىسۇن! خائىن، مۇناپىق بولمىغان كىشىلەرگە زىيان سالماڭلار! تەربىيىسىز قالغان نارەسىدە بالىلارنى تەربىيەڭلەرگە ئېلىڭلار! ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ئۈچۈن ھوقۇق لازىم بولمايدۇ. چاكارلىق، غېرىبلىق، ھەممىدىن ئەۋزەلدۇر!

بۇ زېمىنىنىڭ پەزىلەتلىك كىشىلىرى ئۆزىنىڭ ياخشى تۇرمۇشلىرىدىن كېچىپ ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن جانلىرىنى تەسەددۇق قىلدى، ئۇلارنىڭ ئەخلاقى جەھەتتىكى نۇقسانلىرىنى ئىزدىمەڭلار! دوستلارنىڭ دىلىغا ئازار بەرمەڭلار! ئۇلار ھاياتىنى ۋەتەنگە تەقدىم قىلدى، مۇشۇلارمۇ ئازلىق قىلارمۇ؟! ئۇلار ئۈچۈن پەخىرلىنىڭلار! شۇنداق قىلساڭلار ئاللاھمۇ،

خەلقڭلارمۇ سىلەردىن خۇرسەندە بولىدۇ، پەزىلەتلىك كىشىلەر ھەرگىزمۇ ياخشىلارنىڭ دىلىغا ئازار يېتىدىغان گەپ سۆزلەرنى قىلمايدۇ!

ۋەتەن مۇستەقىللىقى ئېرىشكەن كۈنلەردە مۇشۇ زېمىنغا ئاتا بولغانلار مۇشۇ زېمىننىڭ ۋىجدانلىق ئوغلانلىرى ختاي مۇستەبىتلىرىنى مۇشۇ زېمىندىن پاك - پاكىز ھەيدەپ چىقىرىڭلار! ئۇلارنىڭ بىزگە سالغان زۇلۇمىنى، مىللەتچىلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭلار! ئۆلەرگە رەھىم شەپقەت قىلماڭلار! تاجاۋۇزچىلارغا سېتىلىپ ئۆز خەلقىگە ساتقۇنلۇق قىلغانلارغىمۇ قىلچىمۇ رەھىم شەپقەت قىلماڭلار! ھايات قالغانلىرىنى دارغا ئېسىڭلار! ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرىنى يەردىن تارتىپ چىقىرىپ مېيىت كۆيدۈرۈش ئورنىغا ئاپىرىپ كۆيدۈرۈپ تاشلاڭلار! ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىگىمۇ ئانا تۇپراقتىن ئورۇن بەرمەڭلار! ئۇلارنىڭ كۈللىرىنى ختاي زېمىنىغا ئاپىرىپ چېچىۋېتىڭلار! خائىن مۇناپىقلارنىڭ سۆڭەك كۈللىرى خوجايىنلىرى بىلەن بىللە كەتسۇن! پەخەس بولۇڭلار، ھوشيار بولۇڭلار. ختايلار تەرىپىدىن ھەرگىز ئالدانماڭلار!

بۇ قېتىمقى تۇتۇش، قاماش ئىشىگە قاتناشقانلار، بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقان ۋە ھېسداشلىق قىلغانلارنى پاك - پاكىز تۈتقاندىن باشقا ئازابلاشمۇ بەك رەھىمسىزلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئازابلاش قىيناشلار تۆپەيلى سەپداشلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى مېيىپ بولۇپ قالدى. ھۆكۈمەتكە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئۆزىنىڭ مالايلىرىنىمۇ بوش قويۇۋەتكىسى كەلمىدى، چۈنكى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە گۇمانلىق «دۈشمەن»،- دەپ قارالغان ئىدى.

ھەممىمىزگە مەلۇم، قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كاللا كېسەر، مۇناپىق مامۇتجان بىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز بولۇپ ھەممىمىز ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنەتتۇق. بىزنىڭ تەشكىلاتىمىزنىڭ بەزى ئىشلىرىنىڭ پاش بولۇپ قىلىشىدا ئۇنىڭ رولى خېلى چوڭ بولغان ئىدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق ختاي جاللات ھاكىمىيىتى مامۇتجاندىن گۇمانلىنىپ، بىزنىڭ ئادەملىرىمىزدىن مامۇتجاننىڭ مەسلىسىنى«پاش» قىلسەن،- دەپ مىجىت ھاجى، ئابدۇرېھىم ئەمەت قاتارلىق سەپداشلىرىمىزنى قىيناپ، قوراللىق قوزغىلاڭچىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرى باردەپ قاتتىق ئۇردى. مىجىت ھاجىنى ئېغىزى بۇرنى قانغا بويالغىدەك ئۇرۇپ مەجبۇرى ئىقرار قىلدۇرماقچى بولغان بولسا، ئابدۇرېھىم ئەمەت ئاكىنىمۇ بوش قويۇۋەتمىدى. ئۇنى قىيناپ تولا سوراق قىلىپ كېچىلىرىمۇ ئارام خۇدا ئۇخلىغىلى قويماي بۇرۇتلىرىنى يۇلۇپ قان چىققۇچە ئۇرۇپ زەخىملەندۈردى.

ختاي مۇستەملىكىچى ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىدىن ئوخشاشلا گۇمانلىنىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىنىڭ ئەزاسى دەپ قارىغان ئىدى. دېمىسىمۇ شۇ يىللاردا ئاشۇنداق بىر ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدى.

* * * * * * * * *

## مەمەت كىرىم ھەققىدە

مەمەت كېرىم- مەكىت ناھىيىسىدىن بولۇپ، ناھىيىلىك باج ئىشلىرى ئىدارىسىدە ئىشلىگەن.

شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ مەكىتتىكى ئالاھىدە ۋەكىلى، جەنۇبىي تەڭرىتاغ بىيۇروسىغا بىۋاستە قاراشلىق «زەرەپشان مۇستەقىل پولكى» نىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان. روزى ھېكىم، مۇھەممەد ئىمىن قادىرلارنى «يۈگەنلەپ» تۇرىدىغان ئاقىل مەسلىھەتچىسى بولۇپ، مۇھەممەد ئىمىن قادىر ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ پارتىيىگە كىرىشىدە تونۇشتۇرغۇچى بولغان، ئۇلارنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتنىششىغا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن ئىدى.

مەمەت كېرىم- كەم سۆز، پەم - پاراسەتلىك، يىراقنى كۆرەلەيدىغان، سىياسىي سەۋىيىسى يۇقىرى، باشقىلار بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كېتەلەيدىغان، تەشكىللەش ئىقتىدارى يۇقىرى، ھەربىي ئىشلاردىن مەلۇماتى يېتەرلىك كىشى ئىدى.

مۇھەممەد ئىمىن قادىرلار قاراجۇلگە يۈرۈش قىلغاندا پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئىشلىرى ۋە تەقدىرى مەمەت كېرىمنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئىدى.

خىتاي ئەسكەرلىرى مەكىتنى قورشاۋغا ئېلىپ ئاقتېرورلۇق يۈرگۈزگەندە، خەلقنى تەشكىللەپ قوراللىق قوشۇنغا سىياسىي يېتەكچىلىك قىلىپ دۈشمەن ئارمىيىسىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەنىدى.

1970 - يىلدىكى «بىرگە زەربە بېرىپ، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدە قولغا ئېلىنىپ تۈرمىغا تاشلانغان. تۈرمىدە ۋەتەن مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق يولىدىكى كۈرىشىنى توختاتمىغان، ئاخۇنوپ ۋە خەيرۇللا قاتارلىق كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولغان سەپداشلىرىنى ساتمىغان، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بولۇپمۇ خىتاينىڭ ئاتالمىش پارتىيە- ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى ئادەملەرنىڭ ھايات قىلىشىغا سەۋەبچى بولغان.

مەمەت كېرىم، مەكىتتىكى ۋە قوشنا ناھىيىلەردىكى شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى

پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىنىڭ سانى ۋە ئىسمىلىكىنى تولۇق بىلەتتى. ئۇلارنىڭ ئارخىپى مەمەت كېرىمنىڭ قولىدا ئىدى. مۇتلەق كۆپچىلىكى مەمەت كېرىمنىڭ ئاقىلانە ئىش كۆرگەنلىك سەۋەبى بىلەن تۈرمىغا تاشلانمىغان. ئۇ 20 يىل تۈرمىدە يېتىپ تۈرمىدىن ساق چىققاندا مەكتە خەلقىنىڭ بولۇپمۇ ئەينى زاماندىكى ھايات قالغان كىشىلەرنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن.

مەمەت كېرىم تۈرمىدە ئۇزۇن مۇددەت يېتىپ كېسەل بولۇپ تۈرمىدىن چىققاندا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمىدى، ئۇ تۈرمىغا كىرگەندە 27 ياشلاردا ئىدى. تۈرمىدىن چىقىپ ئارانلا 3يىل ئۆمۈر كۆرەلىدى.

مەرھۇمغا جانابىي ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمىز. ئامىن!

* * * * * * * * *

## مەمتىلخان ئاكا ھەققىدە

مەمتىلخان ئاكىنى قەشقەر خەلقى «مەمەت ئىلى كوڭزى» دەپ ئاتىشىدۇ.

چۈنكى خىتايلار ئىچىدە كوڭزى دېگەن بۇ ئادەم خىتاي مىللىتى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ دەسمى. ئۇنىڭ يازغان كىتابلىرى ۋە قىلغان ئىشلىرى خىتاي مىللىتى ئىچىدە چوڭ تەسىر ۋە يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە.

مەمتىلخان ئاكامۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تېپىلغۇسىز بىر ئاللاھىدە ئىنسان، ئۇنىڭ خەلقىمىز ئىچىدە ئىززەت ئابرۇيى بەكلا چوڭ، قىلغان ئىشلىرى ۋە سۆز ئىبارىلىرى ھېلىمۇ ھەم قەشقەر خەلقى ئىچىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرمەكتە. ئۇ خۇشچاقچاق، زۇۋانداراز، ئويۇنغا ھېرىسمەن، ئولتۇرۇش قوپۇشىدا باشقىلارنى كۈلدۈرۈپلا يۈرىدىغان، سورۇندارلىقى بار ئىنسان. ئۇنىڭسىز قەشقەر خەلقى ئارىسىدا سورۇن تۈزۈلمەيدۇ، ئۇ بولمىسا سورۇن قىزىمايدۇ.

مەمتىلخان ئاكا ئاخۇنوپ ۋە خەيرۇللا ئەپەندىلەرنىڭ يېقىن ئادىمى ئىدى، پارتىيىگە بۇرۇنلا ئەزا بولغان، «قورال ئىلىق قوزغىلاڭ قىلمىغۇچە ۋەتەننىڭ ئىشى ھەل بولمايدۇ»، دەپ چىڭ تۇرغان كىشىلەردىن ئىدى.

ھازىرمۇ خىتاينىڭ ھىيلە مىكىرلىرىگە پىسەنت قىلماي، ئۆزىنىڭ يولىنى تېپىپ مېڭىۋاتقان ھايات سەپداشلىرىمىزدىن بىرى، ئۇ ھازىر گەرچە يېشى 90 غا يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىدىن ئۈمىدىنى ئۈزمەي، ۋەتەن ئازادلىقىنى تەشنالىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ...

ئاكىمىز مەمتىلىخانغا جانابىي ئاللاھ ئۇزۇن ئۆمۈر بەرسۇن، ۋەتەن ئازادلىقىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر ئەيلىسۇن. ئامىن!

* * * * * * * * *

## ئابلىمىت ئوسمان ھەققىدە

ئابلىمىت ئوسمان، قەشقەر شەھىرىدىن بولۇپ، مەرھۇم مىجىت سىلىڭنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى ۋە ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئىدى.

قەشقەر شەھەرلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ تامچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان.

مەدەنىيەت ئىنقىلابى تازا ئەۋجگە چىققان كۈنلەردە قۇم دەرۋازا نىڭ تاش بازىرى، پاختا بازىرى قاتارلىق مەھەللىرىدە خىتاينىڭ 2- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ خىتايلىرى قالايمىقانچىلىق چىقىرىپ ئۇيغۇرلارنى ئۇرۇش، ھەتتا ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ زوراۋانلىق قىلىش ئەھۋاللىرى يۈز بەردى. ئابلىمىت ئوسمان «قەشقەر شەھەر كومۇناسى ئىسيانچىلار باش قوماندانلىق شتاۋى» نىڭ قارارى، مىجىت سىلىڭنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قۇمدەرۋازا باشقارمىسى تەۋەسىدە ياشلاردىن تەركىب تاپقان قوراللىق ئەترەت تەشكىللەش ۋەزىپىسى بىلەن مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنى قۇرۇپ ئۇنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

2- ئوتتۇرا مەكتەپتىكى خىتايلارنىڭ يول توسۇپ ئادەم ئۇرۇش، تاپانچا، قولبومبىلىرى قاتارلىق قوراللار بىلەن بىگۇناھ خەلقنى قورقۇتۇپ بوزەك ئېتىشتەك ھەرىكەتلىرىگە زەربە بەردى.

خىتايلار شۇندىن باشلاپ بۇ مەھەللىلەرگە ئۇسسۇپ كىرىپ يەرلىك ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى بوزەك قىلالمايدىغان بولدى.

شۇنىڭ بىلەن ئابلىمىت ئوسماننىڭ خەلق ئىچىدە ئابرۇيى كۆتۈرۈلدى ۋە ئۇ تەشكىللىگەن قوراللىق ئەزىمەتلىرىمۇ خەلق ئىچىدە تونۇلۇشقا باشلىدى.

شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى تەشكىلاتى، ئابلىمىت ئوسماننىڭ بۇ پائالىيىتىدىن خۇشاللىنىپ بارا- بارا ئۇنى تەشكىلاتقا يېقىنلاشتۇرۇپ ئۇنى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇنىنى تەشكىلاتقا قوشۇۋالدى. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ

ھەربىر قەدىمى تەشكىلاتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويۇنچە ھەرىكەت قىلىدىغان بولدى.

كېيىنكى كۈنلەردە تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مەكتىتىكى زەرەپشان مۇستەقىل پولكىغا بېرىپ تەشكىلات ئورۇنلاشتۇرغان خىزمەتلەرنى بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇنلاپ مۇھەممەد ئىمىن قادىر بىلەن شەخسى دوستلۇق ئورنىتىپ ۋەتەنىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن بىر يۈرۈش ئىشلارنى قىلغانىدى.

1970 - يىلدىكى«بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى» تۈرۈش ھەرىكىتى باشلانغاندا، مەرھۇممۇ تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان ئىدى. تۈرمىدىكى ئۇ مۇدھىش قىيىن قىستاق، ئازاب ئوقۇبەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ ۋەتەنگە مىللەتكە خائىنلىق قىلماي ئۆزىنى پاكىز ساقلاپ قالالىغان ئىدى.

تۈرمىدىكى سەپداشلىرىدىن ئايمىنىسا ھىلىم، ماھىرە ئابدۇرسۇللارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە مەرھۇمنى خىتاي دائىرىلىرى تۈرمىدە بەك قىينىغان بولۇپ تاياق ئازابى ئۇنىڭ ئىچكى ئەزايىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ تۈرمىدىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەي بىئەجەل ئاللانىڭ دەرگاھىغا كەتتى.

مەرھۇمغا جانابىي ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمىز.ئامىن!

* * * * * * * * *

## مەتىمىن قاراقاش (مەتىمىن تۇرسۇن) ھەققىدە

مەتىمىن قاراقاش بولسا، مىجىت سىلىڭنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىغۇچىسى ۋە مەسلىھەتچىسى ئىدى. مىجىت سېلىڭ بىلەن بىللە ئىشلىگەن بىر ئىدارىنىڭ ئىشچى خىزمەتچىلىرىدىن ئىدى. ھايات - ماماتتا بىللە بولۇشقا قەسەمىياد قىلغان سەپداشلاردىن ئىدى. پارتىيىگە بىللە كىرگەن قوراللىق قوزغىلاڭغا بىللە قاتناشقان، مەكتىتىكى زەرەپشان پولك جەڭچىلىرىنى مەكتىتىن باشلاپ كەلگەن ۋە ئاخۇنوپىنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ بارغان سەپدىشىمىز ئىدى. سۈغۈنچازىدا مۇھەممەد ئىمىن قادىرلار بىلەن بىللە ئەسىرگە چۈشكەن ئىدى.

20 يىللىق كېسىلىپ تۈرمىدىن ساق چىققان بولسىمۇ قەشقەردە ئۇزۇن تۇرالماي ئامالسىزلىقتىن شىمالغا كەتكەن ئىدى. شىمالدىكى ھاياتىمۇ ئوڭۇشسىز بولدى. خىتاي

غالچىلىرى ھە دېسە، ئۇنىڭغا كۆز قۇلاق بولۇپ بىر قەدەم ئىلگىرىلىيەلمىدى. ئامالسىزلىقتىن «مەمتىمىن قاراقاش ئۇرۇمچىدە، قورۇلۇشقا جا باغلاۋاتقاندا يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ»،- دېگەن گەپنى تارقىتىپ، ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ تۇرپانغا كېتىپ شۇ يەردىن ئۆيلىنىپ بىر مەزگىل جان ساقلىغان ئىدى، شۇم پېلەك مەرھۇمغا قىسقىغىنە ئۆمۈر ئاتا قىلغان ئىكەن. تۈرمىدىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. ئۇنىڭ دۇتتىرىنىڭ شوخ ئاۋازى بىلەن ۋەتەن مىللەتكە بولغان ساداقەتمەن تەسراتى خەلق ئارىسىدا قېپقالدى، خالاس.

مەرھۇمغا جانابىي ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمىز. ئامىن

* * * * * * * * *

تۆۋەندە ئىنقىلابنىڭ قىزغىن ئىشتىراكچىلىرىدىن تۇردىناسىر سادىق ئوغلىنىڭ شۇ دەۋرگە ئاتاپ يازغان شېئىرلىرىدىن بىرقانچىنى سەمىڭلارغا سالىمەن.

## تۇردى ناسىر سادىق ئوغلى ھەققىدە

تۇردى ناسىر سادىق ئوغلى ئاتۇش ئازغانلىق ھېزىمباي دېگەن كىشىنىڭ تۆتىنچى ئەۋلادى. ئۇ شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، ئوت يۈرەك ئىنقىلابچى، روزى ھېكىم ۋە مۇھەممەت ئىمىن قادىرلار بىلەن بىر سەپتە كۈرەش قىلغان ياراملىق ئەسكەر.

ئۇنىڭ بۇيۇك بوۋىسى ھېزىمباي ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر كىشى بولۇپ، ئاتۇش كېچىكىزدىن كاتتايلاق چۈشۈرگە كەنتىگىچە شەخسىي خىراجىتى بىلەن قانال قېزىپ سۇ باشلاپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ھازىرمۇ ئۇ قانال ۋە شۇ سۇدىن بەھرىلىنىدىغان يۇرت ھېزىم ئېرىقى دەپ ئاتىلىدۇ.

تۇردى ناسىر سادىق ئوغلى ئىنقىلاب مەغلۇپ بولۇپ قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى يەرلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولغان. ئىنقىلاب سەۋەبىدىن 15 يىللىق تۈرمىگە تاشلىنىپ كۆرمىگەننى كۆرۈپ 11 يىلدا تۈرمىدىن ئازاد بولغان.

يەكەن پەيلو تۈرمىسىدە شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ يەر ئاستى پائالىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان «دەھشەتلىك بوران پارتىيىسى» نىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن خىتاي مۇستەبىتلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەقىب ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەلگەن. ئۇنىڭ سىياسىي تەسىرىگە ئۇچرىغان ئابلىكىم دېگەن بىر ئىنىسى 34 ياشتا، ھەبىبۇللا قارى دېگەن بىر ئوغلى 23 ياشتا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

تۇردى ناسىر سادىق ئوغلى ھازىر ھايات بولىشى مۇمكىن قەيەردىلىكى مەلۇم ئەمەس!

تۆۋەندە بىز ئۇنىڭ دوستلىرى ۋە سەپداشلىرىنىڭ قولىدا ئېقىپ يۈرگەن بىر قانچە پارچە شېئىرىنى كىتابقا قىستۇرۇپ ئۆتىمىز.

**ۋەتەن قەھرىمانلىرىنى ئەسلەپ**

كۆكرەك كېرىپ جەڭ قىلغان
ئىشغالىيەتچى قاباھەتكە.
باشلاش ئۈچۈن مىللەتنى،
ئاسايىشلىق ئادالەتكە.

خائىن - مەلئۇنلار تۈپەيلى
باتۇرلار قالدى ئېغىر تالاپەتكە.
جاندىن ئايرىلدى نەچچە ياش
ئېرىشمەيلا سائادەتكە.

1985 - يىل، 12-ئاي ئۇيغۇرىستان

**يول باشچىمىز ئاخۇنوپقا**

سەركەردىمىز گېنېرال تاۋلىنىپ پىشقان،
ئاخۇنوپ ئىدى يېشى 50 دىن ئاشقان.
جەڭلەردە ئارسلاندەك نۇسرەت قۇچقان،
مىخ بولۇپ دۈشمەننىڭ كۆزىگە پاتقان.

ئاخۇنوپ ئىرادەڭ خۇددى ئۇيۇلتاش
ئوت يۈرەك باتۇر ئىدىڭ ئۆزۈڭ تېخى ياش.
ئىشغالىيەتچى خىتايلار رەھىم قىلماستىن،
ھاياتىڭنى نابۇت قىلدى، بولغاچ باغرى تاش.

1987- يىل، 7-ئاي ئۇيغۇرىستان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

**ئۇيغۇرنىڭ قەھرىمان پەرزەنتلىرى**

خەيرۇللا، ئوسمانجان ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى،
نىزامىدىن ھەم مەريەم مەزلۇملارنىڭ باھارى.
ۋەتەن-مىللەت دەپ توۋلاپ ئۆتتى ھايات،
مەردلەرچە قۇربان بولدى بۇ تەقدىرنىڭ قارارى.
ۋەتەننىڭ ئوت يۈرەك باتۇر ئوغلانلىرى،
روزى ھېكىمدۇر، شۇنداقلا مىجىت ساقى.
ئۇنتۇمايمىز تا ئەبەد، روھۇڭلار مەڭگۈ ھايات،
ئىنتىقام ئالىمىز، بۇ ھايات ئەمەستۇر بىزگىمۇ باقى.

سەركەردىلەرنىڭ سەردارى ئوسمانجان،
ھەي قىران بۈركۈت كەبى خەيرۇللا.
ۋاقىتسىز باتۇرلارچە قۇربان بولدۇڭلار،
جەننەتتىن ئورۇن بەرگەي ياراتقان ئاللاھ.

مەمتىمىن، جېلىل قارى، ئابدۇكېرىم لەڭۋازا،
بىزلەر تىرىك دۇزاقتا، سىلەر شېھىت روھى شاد.
ئەسلەيمەن سىلەرنى روھىڭلارغا قايىلمەن،
شۇ روھ بىزگە بايراق بوپ، ۋەتەننى قىلار ئازاد!

1989 - يىل، 9-ئاي ئۇيغۇرىستان

**يېشىلمەس سىر يوق**

سەن ئۆزۈڭنى بىر قابىل ئەر ساناپ
يۈرۈش قىل ئازادلىق ھۆرلۈككە قاراپ.
شېھىتلەرگە بەرمەدەت بولسۇن ساۋاب
ئالىملارنى ئەسلىگىن دىلىڭدىن قىلغىن تاۋاپ.

چىققاندا ئەجدادتىن مۇتەپەككۇر ئالىملار،
جاھالەت بەربات بولغان، پايغان ئىدى زالىملار
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەخمۇت قەشقىرى.
تەپەككۇرى بۇ يولغا تا ئەبەدكە نۇر چاچار،

ئىز بېسىپ ماڭساق ھامان ھەق سۆيەر باتۇر كەبى
بىلىم بېغى ياشناپ، چېچەك ئاچار ئەۋلادلىرى،
روناق تاپسا بۇ مىللەت تەڭ ئېچىلسا گۈللىرى
يېشەلمەي ئامال يوق تىلسىماتنىڭ سىرلىرى.

1991 - يىل 11- ئاينىڭ 12 – كۈنى ئۇيغۇرىستان

**پەخىرلەن ئۇيغۇر قىزى**

ئۇنتۇما ئەسلى نەسلىڭنى،
پەخىرلەن ئۇيغۇر قىزى.
گۈزەللىكتە نامىڭ بار،
سەن مىللەتنىڭ ئەركىسى.

ئۇنتۇما ئەسلى نەسلىڭنى،
پەخىرلەن ئۇيغۇر قىزى.
قامىتىڭ شۇنداق گۈزەل،
بال كەبى شېرىن سۆزى.

قامىتىڭ شۇنداق زىبا،
پەخىرلەن ئۇيغۇر قىزى.
كىرپىكىڭ ئوقيا كەبى،
لالىزار ئايدەك يۈزى.

بوستان كەبى چاچلىرىڭ،
ئەسلىدىن ئۇيغۇر قىزى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىي تادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىرقاراپ مەست قىلغۇدەك،
سېھىرگەر شەھلاكۆزى.

ئۇنتۇما ئەسلى نەسلىڭنى،
مەجنۇن تالدەك چاچلىرىڭ.
پەرىلەرمۇ قايىلدۇر،
بەرگى قىياقتەك قاشلىرىڭ.

پەخرىلەن ئۇيغۇر قىزى،
ناز كەرەشمە بەللىرىڭ.
زوق بېغىشلار كىشىگە،
پىستە بادامدەك لەۋلىرىڭ.
ھەمراھىڭ شەرمى ھايا،
ھەي گۈزەل ئۇيغۇر قىزى.
پەخرىلەنسۇن ئەجدادىڭ،
بول ئەخلاقنىڭ غۇنچىسى.

1997- يىل 07 - ئاينىڭ 10 – كۆن ئۇيغۇرىستان
* * * * * * * * *

**موللاخۇنكام قۇربان ھەققىدە**

مەرھۇم مولاخۇنكام قۇربان، قەشقەر شەھرىدىن بولۇپ، تەقۋادار مۇسۇلمان، كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، ئىنسانىيەتكە جۇملىدىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ياخشى تەسىر قالدۇرۇپ ئەۋلاد تەربىيلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن كىشى ئىدى.

تەشكىلات خىزمىتىگە كۆپ ئەجىر سىڭدۇرگەن، قوراللىق قوزغىلاڭغا ياردەم قولىنى سۇنغان، ئەقىلگە مۇۋاپىق پىكىر تەكلىپلەرنى بەرگەن، ياشلار ئوتتۇرىسىدىكى چىقىشالماسلىقتەك كېسەللەرنى ئىلمى ئۇسۇلدا ھەل قىلىپ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان كىشى ئىدى.

مەرھۇم مولاخۇنكام قۇربان، ئەسلى ئاتۇشنىڭ ئازاق يېزا، مېيى كەنتىدىن ئىدى.

مەرھۇمغا جانابىي ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمىز، ئامىن

* * * * * * * * *

## ياقۇپ ئەيسا ھەققىدە

ياقۇپ ئەيسا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەرناھىيىسىدىن ئىدى. كەسپى دوختۇر. شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەشتە ئالاھىدە كۈچ چىقارغان، ۋەتەن مىللەتنىڭ ئىستىقلالىيىتى ئۈچۈن ھارماي تالماي كۈرەش قىلغان شەخسى ئىدى.

مەرھۇممۇ ئۆز ۋاقتىدا ۋاپات ئەتكەن ئىدى، مەرھۇمغا جانابىي ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمىز، ئامىن!

* * * * * * * * *

## دوختۇر ئەخمەتجان ئىسلام ھەققىدە

دوختۇر ئەخمەتجان ئىسلام قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ توققۇزاق ناھىيىسى زەمىن يېزىسىدىن بولۇپ، 1962- يىلى تىببىي ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ قاتناش نازارىتىدە دوختۇرلۇق قىلغان، شۇ يىلى سوۋېتلار ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىپ 1969 - يىللىرى ۋەتەن مىللەتنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ۋەتەنگە كىرىپ ئىنقىلابى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى بىلەن سوۋېتلار ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا ئالاقىچىلىك خىزمىتىنى قىلغان، كۆپ قېتىم چېگرادىن كىرىپ چىقىپ تۇرغان، 1969 -يىلى ئۈرۈمچىدىكى تۇتقۇندا باشقىلار تەرىپىدىن پاش بولۇپ قالغان.

ئەسلىدە مەركىزى بيۇرونىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ ئاخۇنوپ بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ، مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەكتەپتىكى زەرەپشان پولكىدىكىلەر بىلەن 1969 - يىلى 08 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مەكتەپتىن يولغا چىقىپ سوغۇنچازىغا كەلگەندە دۈشمەن مۇھاسىرىسىدە قىلىپ ھايات قولغا چۈشكەن.

1970 -يىلى 7- ئاينىڭ 18 - كۈنى قەشقەردە 20 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن تاكى ھازىرغىچە قەشقەر شەھىرىدە دوختۇرلۇق كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ.

جانابىي ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، ئامىن!

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىتى ئادرېسى



* * * * * * * * *

## پالتا مەتىمىن ھەققىدە

پالتا مەتىمىن قەشقەر شەھىرىدىن بولۇپ، 1962 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بىر سىنىپتىكى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى سىنىپ بويىچە ھەربىي سەپكە قوبۇل قىلىنغان ھەمدە پەيلو ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا جىنايەتچىلەرنى ساقلاش ئىشىغا مەسئۇل بولغان. ھەربىي ئۇنۋانى پەيجاڭ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مۇئەللىمى ئەخمەتجان مۇنىر سىياسىي جىنايەت بىلەن 15 يىللىق كېسىلىپ پەيلو مەيدانىغا بارغان ھەمدە پالتا مەتىمىننىڭ نازارىتىدە بولغان.

مۇئەللىمى بولغان ئەخمەتجان مۇنىرنىڭ تەسىرى بىلەن «دەھشەتلىك بوران پارتىيىسى» گە ئەزا بولۇپ تۈرمىدىكى جىنايەتچىلەرنى قوزغاپ قوراللىق قوزغىلاڭ قىلماقچى بولغان ھەمدە دەھشەتلىك بوران پارتىيىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ قورال ياراق تاپلاش ئىشىغا مەسئۇل بولغان، خائىننىڭ ساتقۇنلۇقى بىلەن پاش بولۇپ قىلىپ قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغان. پالتا مەتىمىنگە 20 يىللىق قاماق جازاسى بەرگەن.

تۈرمىدىن ساق چىققاندىن كېيىن ھازىرغىچە ئاتا كەسپى قاسساپلىق قىلىپ تۇرمۇشىنى قامداپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ كىشىنىمۇ جانابىي ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، ئامىن!

* * * * * * * * *

## ياسىن قارىھاجى ھەققىدە

ياسىنقارىھاجى قەشقەر شەھىرىدىن، ھۈنەرۋەن كاسىپ، ئاشپەزلىك ۋە كاۋاپچىلىق بىلەن تۇرمۇشىنى قامداپ كېلىۋاتىدۇ، مىللەتنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ياردەم قولىنى سۇنۇپ كېلىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر كىشىلىرىمىزنىڭ بىرى.

جانابىي ئاللاھ مىللىي ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىزگە جاسارەت كۈچ قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

* * * * * * * * *

## مەتېلى ھاجى ھەققىدە

مەتېلى ھاجى قەشقەر شەھىرىدىن، «خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ قوراللىرىنى



بۇلغان»،- دېگەن تۆھمەت بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ 2 يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشقا قالدۇرۇلغان. تۈرمىدە باتۇرلۇق بىلەن مەردلەرچە بەدەل تۆلەپ خىتاي ئەمەلدارلىرىنى مات قىلىپ تۈرمىدىن ساق چىقتى.

ھازىر ئاللاھ خالىسا كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قامداپ كىشىلەرنىڭ قولىغا قاراپمۇ قالماي جان ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.

ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەمچى بولسۇن. ئامىن!

* * * * * * * * *

## سىدىق ھاجى كىران ھەققىدە

ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ سائەتچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىناتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيىسىنىڭ چەتئەل بىلەن بولغان ئالاقىچىلىكىنى قىلاتتى. مەرھۇم ئاخۇنوپنىڭ يېقىن سەپداشلىرى ۋە ئىشەنچلىك ئادەملىرى ئىدى. ئۇزۇن يىل تۈرمىدە يېتىپ چىققاندىن كېيىن ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتتى.

ئاللاھ ياتقان يېرىنى جەننەتتىن قىلسۇن. ئامىن!

* * * * * * * * *

## پاتىمە مەتنىياز ھەققىدە

پاتىمە مەتنىياز قەشقەر شەھىرى زەرگەلى كوچىسىدىن ئىدى. ئەينى يىللىرى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. مەرھۇم تۇردى ئىلى، قۇربانوپلارنىڭ ھەمسۆھبەتدىشى ئىدى. پارتىيە ئىچىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىغان ئىدى. ئېغىر - ئازاب ئوقۇبەتلەر تۈپەيلى كېسەللىكتىن خالىي بولالماي بالدۇرلا ئالەمدىن ئۆتتى.

مەرھۇمغا جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمىز. ئامىن!

* * * * * * * * *

## رابىيە مۇھەممەت ھەققىدە

رابىيە مۇھەممەت قەشقەر شەھىرى جانان كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىدى. قەشقەر

www.uyghurkitap.com



شەھەرلىك يېمەك - ئىچمەك ئىستېمال شىركىتىنىڭ كادىرى ئىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى، جاپا- مۇشەققەتكە چىدىغان مەرد ئاياللاردىن ئىدى. مەرھۇممۇ جىق خاپىلىق تارتىپ قەرەلسىز ئۆ ئالەمگە كەتتى.

ياتقان يېرى جەننەتتىن بولسۇن. ئامىن!

* * * * * * * * *

## ھامۇت ھاجىم ھەققىدە

ھامۇت ھاجىم قەشقەر شەھىرى جان قورغاندا ياشايدىغان 11 بالىنى چوڭ قىلىپ مىللەتكە ھەسسە قوشقان، جاپا مۇشەققەتتە پىشىپ يېتىلگەن ئادەم ئىدى. تەشكىلاتچىلىقتا نۇرغۇن كىشىلەرنى يېنىغا تارتىپ ئەزا قوبۇل قىلغان، ۋەتەن ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن ئىشلىگەن كىشى ئىدى. مەرھۇممۇ خاپىلىق ئۈستىگە خاپىلىق تارتىپ ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتتى.

مەرھۇمغا جانابىي ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمىز. ئامىن!

* * * * * * * * *

## ئابدۇكېرىم ئوسمان ھەققىدە

ئابدۇكېرىم ئوسمان ئاتۇش ناھىيە ئازاق يېزا مىيى كەنتىدىن ئىدى. ئەينى يىللىرى قىزىلسۇ ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيىسى ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان ئىدى.

كېسەللىك سەۋەبى بىلەن قەرەلسىز ئالەمدىن ئۆتتى.

مەرھۇمغا جانابىي ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمىز. ئامىن!

* * * * * * * * *

## ئەخمەتجان خۇدابەردى ھەققىدە

ئەخمەتجان خۇدابەردى ئەسلى يۇرتى ئاتۇش بولۇپ، قەشقەر 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى، قەشقەرگە تونۇلغان ھۆسنخەت ئۇستىسى ئىدى. ئۇنىڭ يازغان ھۆسنى خەت ئەسەرلىرى ھېلمۇھەم قەشقەرنىڭ مۇزېيلىرىدا ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ.

شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ ئورگان گېزىتى بولغان«ئىستىقلال» گېزىتىنى چىقىرىپ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا تەسىر قوزغىغان ئىدى.

مەرھۇم 8 يىل تۈرمىدە يېتىپ چىققاندىن كېيىن كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ياقا يۇرتتا ئالەمدىن ئۆتتى.

مەرھۇمغا جانابىي ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمىز. ئامىن!

* * * * * * * * *

## توختى ياقۇپ ھەققىدە

توختى ياقۇپ، ئەسلى يۇرتى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ تۆگۈرمەت يېزىسىدىن. مىللىتى قىرغىز، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى تاماملاپ قەشقەر 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە ماتېماتىكا دەرسى بېرەتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ ئاكتىپ ئەزاسى، مىللەتكە، ۋەتەنگە ئاز بولمىغان تۆھپە قوشقان جەڭچىمىز ئىدى. ئۇزۇن مۇددەت تۈرمىدە يېتىپ سالامەت قايتىپ چىقتى. ھازىر دەم ئېلىشتا. شۇ يىللىرى 23 ياشتا ئىدى.

ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن. ئامىن!

* * * * * * * * *

## ئەمەت يۇسۇپ ھەققىدە

ئەمەت يۇسۇپ قەشقەر شەھىرى ئازاد كوچىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىدى. ئەينى يىللىرى يېڭىشەھەر بانكىنىڭ كادىرى ئىدى. شۇ يىللىرى 35 ياشلاردا ئىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى ئۈچۈن ئاز بولمىغان پىداكارلىقلارنى كۆرسەتكەن كىشى ئىدى.

ھازىر ھايات ياشاۋېتىپتۇ، ئەمما سالامەتلىكى بەكلا ناچار ئىكەن، ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن. ئامىن!

* * * * * * * * *

## مەمەت زۇنۇن ھاجىم ھەققىدە

مەمەت زۇنۇن ھاجىم قەشقەر شەھىرى ئۆستەڭبويىدا ئولتۇرۇشلۇق روزى بانكا دېگەن



www.uyghurkitap.com

كىشىنىڭ ئوغلى. ئەينى يىللىرى قەشقەر شەھەرلىك بىناكارلىق شىركىتىنىڭ مانتىيورلۇق كەسپىنى قىلاتتى، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ بىر يۇرۇش ياخشى ئىشلارنى قىلغان. تۈرمە ھاياتىنى بېشىدىن كۆچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ھازىر ئۆز غېمى بىلەن ھايات ھەلەكچىلىكىدە جان ساقلاۋاتىدۇ.

ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن. ئامىن!

* * * * * * * * *

## ھەسەن توختى ھەققىدە

ھەسەن توختى قەشقەر شەھىرى چاسا مىللىي شىپاخانىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ ئاكتىپ ئەزاسى ئىدى. ئەينى يىللىرى قەشقەر شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرى ئىدى. شۇ يىللىرى 25 ياشلاردا ئىدى، ھازىر ھايات.

* * * * * * * * *

## ئىمىر ھاجىم يۈسۈپ ھەققىدە

ئىمىر ھاجىم يۈسۈپ ئولتۇرۇشلۇق ئورنى تاشمىلىق يېزىسىدىن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسى يۈسۈپ ۋاگاننىڭ ئوغلى. توققۇزاق ناھىيە سۇ ئىدارىسىنىڭ تاشمىلىق سۇ پونكىتىدا ئىشلەيدىغان كادىر ئىدى. شۇ يىللىرى 35 ياشلاردا ئىدى، تاشمىلىقتىكى يەر ئاستى تەشكىلات قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ باشلامچىلىرىدىن ئىدى. تۈرمىدىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتتى. مەرھۇمغا جانابىي ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمىز. ئامىن!

* * * * * * * * *

## تۇرسۇن ئەبەي ھەققىدە

تۇرسۇن ئەبەي مەكىت ناھىيىسىدىن بولۇپ ناھىيە بازىرىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ سادىق ئەزاسى مۇھەممەد ئىمىن قادىر، روزى ھېكىملارنىڭ سەپداشلىرىدىن ئىدى. تۈرمىدە 21 يېشىدا خىتايلار تەرىپىدىن ناھەق

ئۆلتۈرۈلدى.

مەرھۇمغا جانابىي ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمىز. ئامىن!

* * * * * * * * *

## ھاشىم قۇش ۋە ئىمىن قۇش ئاكا- ئۇكا قۇشلار ھەققىدە

ھاشىم قۇش ۋە ئىمىن قۇش ئاكا- ئۇكا قۇشلار مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا يېزىسىدىن. كېلىپ چىقىشى دېھقان، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ سېرىقبويىدىكى جەڭگىۋار جەڭچىسى ئىدى. مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا مەھكۇم قىلىنغان. روزى ھېكىم، مۇھەممەد ئىمىن قادىر، مجىت سىلىڭلارغا يېقىندىن ماسلاشقان، قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان ۋە ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشقان، جىق قوراللارنى خىتاي قولىدىن تارتىۋېلىپ قوراللىق قوزغىلاڭغا ھەسسە قاتقان. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ھازىرغىچە يەنىلا دېھقانچىلىق ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. جانابىي ئاللاھ ئۇلارغا يار بولسۇن. ئامىن!

* * * * * * * * *

## ئابدۇغېنى ئابدۇللا ھەققىدە

ئابدۇغېنى ئابدۇللا مەكىت ناھىيىسىدىن بولۇپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. مەكىتتىكى قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىلىرىدىن بىرى ئىدى. شۇ يىللىرى 24 ياشتا ئىدى. تۈرمىدىن چىقىپ 96 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. مەرھۇمغا جانابىي ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمىز. ئامىن

* * * * * * * * *

## ئابدۇكېرىم ئاخۇن ھەققىدە

ئابدۇكېرىم ئاخۇن مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا يېزىسىدىن ئىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ ئاكتىپ ئەزاسى ئىدى. سېرىق بويا تەمىنلەش كوپېراتىۋىدە كادىر ئىدى. ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن قىلىدىغان ئىشلارنى تولۇقى بىلەن ئورۇندىغان كىشى ئىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
كىتاب تورىبكتى

شۇ يىللىرى 29 ياشتا ئىدى. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ھازىرغىچە ئۆز يۇرتىدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

* * * * * * * * *

## ئابدۇۋاھت ھەققىدە

ئابدۇۋاھت مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزىسىدىن بولۇپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. 23 يېشىدا شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىگە ئۆزلۈكىدىن ئەزا بولغان، روزى ھېكىم، مۇھەممەد ئىمىن قادىر، مىجىت سىلىڭلار چوڭقۇرچاققا بارغاندا ئالدىغا چىقىپ ھەربىيلەرنىڭ قورال ئامبىرىنى ئىگىلەپ قورال توپلاش ئىشلىرىغا ئاكتىپ كۈچ چىقارغان.

ئۇزۇن مۇددەت تۈرمىدە يېتىپ چىققاندىن كېيىن ھازىر ئۆز يۇرتىدا يەنىلا دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

جانابىي ئاللاھ مەزكۇرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن. ئامىن!

* * * * * * * * *

## ئابدۇرېھىم سالى ھەققىدە

ئابدۇرېھىم سالى، ئوقۇغۇچى، 19 ياش، كونا شەھەر ناھىيىسى تاشمىلىق يېزىسىدىن. قوراللىق قوزغىلاڭنى ئۇيۇشتۇرۇش تەرەپدارلىرىنىڭ ئاكتىپ تەرغىباتچىسى، خەيرۇللا ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن خەلق ئىنقىلابى پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن. تۈرمىگە قامالغان بولسىمۇ ئۆزىنى ۋە دوستلىرىنى ساتماي، پاش قىلماي، ئىقرار قىلماي دۈشمەن قولىدىن ساق چىققان.

قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىق پائالىيەتلىرى ئۈچۈن تاشمىلىق تەۋەلىكىدە كۆپ كۈچ چىقارغان.

تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئوقۇپ خەلقنىڭ سايلىشى بىلەن بىر مەزگىل تاشمىلىق يېزىسىغا باشلىق بولۇپ سايلانغان، كېيىن ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتقا پۇل ئاجراتتى دېگەن «جىنايەت» بىلەن قولغا ئېلىنىپ 2 يىل ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلىپ

تۇرمىدىن چىقتى.

ھازىر تاشمىلىقتا ھاياتلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئاللاھ ئۇ كىشىنىمۇ ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە نېسىپ ئەيلىسۇن، ئامىن!

* * * * * * * * *

## ئابلىمىت ھاجىم قادىر (ئابلىمىت ئەينەك) ھەققىدە

ئابلىمىت ئەينەك دېسە، قەشقەردە جۇملىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە يېرىدە نامى تىلغا ئېلىنىدىغان داڭلىق شەخسلەرنىڭ بىرىدۇر.

مەرھۇم ئابلىمىت ئەينەك 1940- يىللىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيە خىزمەت قىلىپ ۋەتەن مىللەت يولىدا پىداكارلىق بىلەن ئىشلىگەن پېشقەدەم ئىنقىلابچى ۋە ئۇستازلىرىمىزدىن بىرى ئىدى.

مەرھۇم ئابلىمىت ئەينەك 1960 –يىللىرىدىكى«ئىستىل تۈزىتىش ۋە ئوڭچى يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى» تۈرۈش كۆرۈشىدە مىللەتچى قالپىقىنى كىيىپ تارتمىغان ئازابلىرى قالمىغان، ئۇ خىزمەتتىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ خىتاي ھاكىمىيىتىگە تەن بەرمەي مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەپ، ماشىنا رېمونتچىلىق، رەسىمچىلىك، ئەينەكچىلىك كەسپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كۆپ ياشلارغا ھۈنەر - كەسىپ ئۆگىتىپ ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، تەربىيلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى پارتىيىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنى بىرلەشتۈرۈشتە ئاكتىپ تۆھپە ياراتقان ئىدى. قورallىق قوزغىلاڭنىڭ پارتلىتىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ئىدى. ئۇ تۈرمىغا 15 يىللىق كېسىلىپ كىرگەندىن كېيىنمۇ تۈرمىدە خىتاي ژاندارمىلىرى بىلەن ئېلىشىپ بەشۋاق نامىزىنى قازاقلماي ئورۇنلاپ كەلگەن ئىدى.

بىر قېتىم پەيلو مەيدان 1- دادۈينىڭ باشلىقى لىيۇ زىداۋيۈەن دېگەن خىتاي مەرھۇم ناماز ئوقۇپ سەجدىگە باش قويغاندا، بېشىغا دەسسەپ «قېنى سېنىڭ خۇدايىڭ مېنىڭ پۇتۇمنى سېنىڭ بېشىڭدىن ئالسۇن»،- دەپ زوراۋانلىق قىلغاندىمۇ مەرھۇم ئۇنىڭ پۇتىنى غەزەپ بىلەن سىلكىپ تاشلىۋېتىپ نامىزىنى داۋاملاشتۇرغان ئىدى...

ئۇ تۈرما ھاياتىدىمۇ مەھبۇسلارغا دىنىي ئېھتىقات، دىنى تەلىم تەربىيىنى ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ بېرىپ تۈرمداشلار ئىچىدە يۈكسەك ئابرۇي ۋە ئىشەنچىگە ئېرىشكەن ئىدى.

1969 -يىلى 8- ئاينىڭ 18 - كۈنى قەشقەردىكى چوڭ تۇتقۇندا ئاخۇنوپ باشلىق بىر تۈركۈم شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ مەسئۇللىرىنى تۇتقاندا، ئاخۇنوپ تۇتقۇندىن قېچىپ كېچىسى ئابلىمىت ئەيىنەكنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، دەرھال ئىشىكنى ئېچىپ ئاخۇنوپنى يوشۇرۇپ، پىنھان يەرگە يۆتكەپ قويغان ئىدى.

قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ ئۇنۇملۇك ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن مەرھۇم قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ئىشنى بەجانىدىللىق بىلەن قىلالىغان ئىدى. مەرھۇم شۇ چاغدا 53 ياشلاردا ئىدى.

مەرھۇم تۈرمىدىن چىقىپ ئوغلى بەختىيارنىڭ بالىلىق ياردىمى بىلەن تۇرمۇشنى نورمال قامداپ كېتەلىگەن ئىدى. ھەمدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئۆز ئىرادىسى بويىچە ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتتى.

مەرھۇم ئابلىمىت ھاجىمغا جانابىي ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمىز. ئامىن!

* * * * * * * * *

## ئابدۇراخمان بۇلاق ھەققىدە

ئابدۇراخمان بۇلاق قەشقەر شەھرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئەسلىدىن يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بىر ئۆمۈر تارقىتىش خىزمىتى بىلەن قەشقەر گېزىتخانىسىدا ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن ئىدى. ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرى داۋاملىق ئېلان قىلىنىپ تۇرۇلاتتى. شېئىرى ۋە نەسرىي بىلەن ئۇيغۇر جامائىتىگە تونۇشلۇق ئەرباب ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ جەڭگىۋار ئەزاسى ئىدى. مەرھۇم ئاخۇنوپچىلارغا يېقىندىن ئەگىشىپ تاپشۇرۇلغان خىزمەتلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئورۇنلىغان ئىدى. 15 يىل تۈرما ھاياتىنى بېشىدىن كۆچۈرۈپ، ئېغىر مۇدھىش ھايات ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتتى. مەرھۇم شۇ يىللىرى 53 ياشلاردا ئىدى.

مەرھۇمغا جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمىز. ئامىن!

* * * * * * * * *

## قۇربانوپ قۇربان ھەققىدە

قۇربانوپ قۇربان ئەسلى يۇرتى ئاتۇشنىڭ ئازاق يېزىسىدىن بولۇپ قەشقەر پېداگوگىكا

ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. مەرھۇم تۇردى ئىلغا يېقىندىن ياردەملىشىپ شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەمدە بولغان ئىدى. جەنۇبىي تەڭرىتاغ بىيۇروسىدىمۇ مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

15يىل تۈرما ھاياتىنى بېشىدىن كۆچۈرۈپ تۈرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئاز بولمىغان خاپىلىق تارتىپ قەشقەردە تۇرۇش ئىمكانىيىتى بولماي قاراشەھەردىكى تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ - شۇ جايدا ئالەمدىن ئۆتتى.

مەرھۇمنىڭ ئۆلۈمى بىز ئۈچۈن بەكمۇ قايغۇلۇق ئۆلۈم بولدى.

مەرھۇمغا جانابىي ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمىز. ئامىن!

* * * * * * * * *

## ناسىر سەمەت ھەققىدە

ناسىر سەمەت مەكىت ناھىيىسىدىن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى، زەرەپشان پولكىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ... قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. زەرەپشان پولك جەڭچىلىرىنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم- كېچەك، يول خىراجىتى قاتارلىق چىقىملارنى ھەل قىلىپ قورallıق قوزغىلاڭنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا ئىقتىسادى جەھەتتىن كۆپ ياردەملەرنى كۆرسەتكەن كىشى ئىدى.

«بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى» تۇرۇش ھەرىكىتىدە، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ 20 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن قەرەلسىز ئالەمدىن ئۆتتى.

مەرھۇمغا جانابى ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمىز. ئامىن!

* * * * * * * * *

## مەمەت ھاۋۇت ھەققىدە

مەمەت ھاۋۇت مەكىت ناھىيىسىدىن بولۇپ، مەكىت ناھىيىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. مەكىت ناھىيىسىدىكى داڭدار ھۆسنە خەت ئۇستىسى ئىدى. ئۇنىڭ شۇ زاماندا يازغان ھۆسنە خەتلىرى ھازىرمۇ مەكىت ناھىيىسىدە ئارخىپ بولۇپ ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com



شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى بولۇپ، زەرەپشان پولكىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان ئىدى.

«بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى» ھەرىكىتىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. تۈرمىدىكى رەھىمسىزلەرچە قىيىن –قىستاقتا قەرەلسىز ئالەمدىن ئۆتتى.

مەرھۇمغاجانابى ئاللاھدىن جەننەت مەرھەمىتى تىلەيمىز. ئامىن!

* * * * * * * * *

## ياسىن بارات ھەققىدە

ياسىن بارات مەكىت ناھىيىسىدىن بولۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە كادىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ ئەزاسىدى.

قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئىقتىسادى جەھەتتىن كۆپ ياردەملەردە بولغان. مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانىغا يېقىندىن ياردەملىشىپ ئەمەلىي ھەرىكەتتى بىلەن قوللىغان...

«بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى» تۈرۈش ھەرىكىتىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ قولغا ئېلىنىپ 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى.

مەرھۇم تۈرما ئازابىدا ئالەمدىن ئۆتتى. مەرھۇمنىڭ ياتقان يەرلىرى جەننەتتە بولسۇن. ئامىن!

* * * * * * * * *

## تۇردى ئېلى، ئابدۇرېھىم ئەييۇپ، ئابدۇرېھىم ئىمىنوپلارنىڭ قورساق سوقۇشى

مىجىت ھاجى شۇنداق بايان قىلىدۇ:

بۇ ئۈچ نەپەر كىشىنىڭ نىمە ئۈچۈن زىددىيەتلىشىپ قالغانلىقىدىن زادىلا خەۋىرىم يوق ئىكەن.



ئوغلۇم ئابدۇۋەلىنىڭ تويىنى قىلىدىغان بولۇپ تۇردى ئىلگە باغاق بەرسەم، تۇردى ئىلى شۇنداق دېدى، ئابدۇرېھىم ئەيىپ بىلەن ئىمىنوپ ئابدۇرېھىم تويغا كەلسە مەن بارمايمەن.- دېدى.

تۇردى ئىلىنىڭ گېپى بىلەن ئۇ ئىككىيلەننى تويغا ئېيتمىدىم. تۇردى ئىلى تويغا كېلىپ بۇ ئوتتۇرىدىكى زىددىيەتنى ماڭا چۈشەندۇرۇپ بەردى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا چەتئەلنىڭ بېسىمى ۋە ئىچكى ئىشلاردىكى نارازىلىقلار تۇپەيلى، خىتاي دۆلەت رەئىسى خۇياۋباڭ 1979 -يىلى9- 10 ئاي مەزگىللىرى:

شىنجاڭدا ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات يوق، ئۇ بولسا بىر سىياسىي ۋەقە، ئۇلار ئەينى زاماندىكى خاتالىقلىرىنى تونۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيىسى دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، بىز ھېچ ۋاقىت ۋەتەننى پارچىلاش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان ئەمەس ھەم ئۇنداق نىيىتىمىزمۇ يوقتى.... دېسە، ئۇلارنىڭ دېلوسىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى خاتالىقنى تونۇپ تەۋبە قىلسىلا، ئۇلارنى تۈرمىدىن بوشۇتۇپ چىقىش يولى بەرسە بولىدۇ»،- دېگەن ئىكەن.

تۇردى ئىلى گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئاتالمىش سىياسەتنى ئەمىيلىلەشتۇرۇش ئىشخانىسىدىن بىر گۇرۇپپا ئادەملەر پەيلو مەيدانىغا كېلىپ، مەن بىلەن سۆزلەشتى. ئۇلار مەندىن،

«ئەگەر شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى دېگەن يوق نەرسە دېسەڭ، بىز سىلەرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىمىز»،- دېدى. مەن ئۇلارغا مەن تەشكىلاتنى يوق دېسەم، تەشكىلات يوقىلىپ كەتمەيدۇ، تەشكىلاتنىڭ بىر يۇرۇش پروگراممىلىرى بار، سىلەر نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنى تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى ئۇنى قىلغان، مۇنى قىلغان دەپ ئۆلۈم جازاسى بەردىڭلار، ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدىڭلار، ئۇلارنىڭ ئىشىنى قانداق بىر تەرەپ قىلغىنى بولىدۇ؟ بۇ نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن مەن ئۇنداق دېيەلمەيمەن،- دېگەن.

ئابدۇرېھىم ئەيىۋپ بىلەن، ئىمىنوپ ئابدۇرېھىملار تۇردى ئىلىنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ تۇردى ئىلىنى جاھىل، ھەممىمىزنىڭ ئېشىغا توپا چاچتى، بىزنى قويۇپ بېرىمىز دەۋاتسا نېمە ئۈچۈن «يوق. ھە ئە شۇنداقتى» دەپ جاۋاب بېرىپ قۇتۇلمايدۇ..... دېگەن، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇرەسسە قىلغىنى بولمايدىغان زىددىيەت چۈشكەن!

ئابدۇرېھىم ئىمىنوپ بىلەن ئابدۇرېھىم ئەيىۋپقا ئازراقتىن تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

«رازى قىلغان». تۇردى ئىلگە ھېچقانداق تۇرمۇش پۇلى ياردەم بەرمىگەن. تۇردى ئىلى يېڭىشەھەرلىك تىجارەتچى ھوشۇر ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنىڭ پوپايكا زاۋۇتىغا ياردەمچى دىرېكتورى بولۇپ ئىشلەپ تۇرمۇشنى قامدىغان.

كېيىنكى كۈنلەردە تۇردى ئىلى ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىمىنوپ ھامىت بىلەن كۆرۈشكەندە، «مەن بۇ ئىشقا ئارىلاشسام بولمايدۇ، سەيپۇللايوپ بىلەن كۆرۈشسىڭىز»،- دېگەن. سەيپۇللايوپنىڭ يېنىغا بارسا باشلىقلار بىلەن بىر ئارىغا كېلىپ ئاران تەستە ھەرئايدا 300يۈەن تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىدىغانغا تايىن تاپقان.

كېيىن قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى چوڭ ھاجىم يۈقرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، مەكتەپنىڭ فىرما كىرىمىدىن توپلانغان پۇلدىن ھەر ئايدا 300يۈەن پۇل بېرىدىغان بوپتۇ، كېيىنكى كۈنلەردە فىرمىدىن كىرىم بولىدىغان پۇل يېتىشمىگەنلىكتىن ئۇ 300 يۈەن پۇلمۇ توختاپ قالغان.

بۇلارنىڭ شەخسى زىددىيىتى ئەنە شۇنداق باشلانغان، شۇنداق داۋاملاشقان، زادى كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتا مەن بىر نېمە دېيەلمىدىم.

## قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ قۇربان بولغان ئىنقىلابچىلىرىمىز ئۈچۈن ئەرز شىكايەت بار

ئەسلىدە قورالىق قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى ئاخۇنوپ بىلەن ئالاقە باغلىغاندىن كېيىن چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا بولىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى. لېكىن ئۇلار چەتئەلگە چىقىپ كېتىپ ھەرىكەت قىلىش پىلانىنى ئورتىغا قويغاندا، مەكىت، قەشقەر، تاشمىلىقتىكى ۋەتەنداشلار بۇنىڭغا ئۇنىمىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ۋەتەن ئىچىدە ئومۇمىي يۈزلۈك قورالىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ئىشقا جەنۇبى تەڭرىتاغ بىيۇروسىدىكى بىر قىسىم قورقۇنچاقلار قوشۇلماي، چەتئەلگە چىقىپ كېتىش پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالغان ئىدى.

روزى ھېكىم باشلىق مەكىتتىكى قورالىق كۈچلار، ھازىر قولىمىزدا 60 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى كۈچ بار، قوراللىرىمىزنىڭ سانىمۇ نەچچە مىڭ تالدىن ئاشىدۇ، ھازىرقى بار كۈچىمىز بىلەن ئومۇمىي يۈزلۈك قورالىق قوزغىلاڭنى باشلىساق، قورال كۈچىمىز بىلەن يەنە نۇرغۇن قوراللارنى خىتاي ئارمىيىسىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئالالايمىز، كۈچىمىز يەتمىسە



چېگرانى بۇزۇپ چىقىپ كەتسەكمۇ كېچىككەن بولمايمىز،- دەپ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرىدۇ.

مەرھۇم قوماندان ئاخۇنوپمۇ ئۇلارنىڭ پىكرىگە تامامەن قوشۇلىدۇ. جەنۇبىي تەڭرىتاغ بىيۇروسىدىكى بىر قىسىم توخۇيۇرەك قورقۇنچاق كىشىلەر، قانداقتۇر: مەركىزى بىيۇرونىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ مۇنداق چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلساق بولمايدۇ،- دەپ ئۇنىمىغان.

كېيىن مەلۇم بولدىكى ئاشۇ كۈنلەردە مەركىزى بىيۇرودىكى باشلىقلاردىن بىرىنچى تۈركۈمدە توختى قۇربان خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان ئىكەن، ئىككىنچى تۈركۈمدە نىياز ئۆمەر، مۇتەللىپ، ئىدرىس، ئىسمائىل ئىبراھىم، قاسىم پەرسا قاتارلىق مەسئۇل كىشىلەر ئاللاھ بۇرۇن تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان ئىكەن. «يۇقىرىدىن سورايلى»، دېگەن سۆز ئادەم ئالدايدىغان كاززاپلارنىڭ سۆزى ئىكەن.

بۇ كاززاپلار ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈنلا ئازغىنە ئادەمنى تەشكىللەپ چەتئەلگە چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىغان ئىكەن. ئۇلار چەتئەلگە چىقىپ كېتىش پىلانىنى ھەتتا روزى ھېكىمدىنمۇ يوشۇرۇپ، پەقەت مۇھەممەد ئىمىن قادىرنىلا 400 دەك ئەسكەر بىلەن يەڭگىل قوراللارنى ئېلىپ يولغا چىقىشنى ئورۇنلاشتۇرغان ئىكەن. گەرچە شۇنداق تەنتەكلىك قىلغان بولسىمۇ ئاخىرى بۇ قورقۇنچاقلار ئوخشاشلا چەتئەلگە چىقىپ كېتىشكە ئازقالغاندا يەنىلا قولغا ئېلىندى.

ئەھۋال مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئامال بولمىغان ئاخۇنوپ ئازغىنە ئادەم بىلەن جىددىي تۇتۇش قىلىپ قورالىق قوزغىلاڭغا بۇيرۇق بەردى، ھەرقايسى ئۇرۇش رايوندىكىلەر كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۇرۇشقا ئاتلىنىپ باتۇرلۇق كۆرسىتىپ بىر تەرەپتىن دۈشمەن ئارمىيىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ، بىر تەرەپتىن چېكىنىپ نىشانلانغان ئاخىرقى رايون ئاتۇشنىڭ قاراجۇل يېزىسغا توپلاندى.

ئاخىرقى ئۇرۇش مەيدانى قاراجۇل يېزىسى بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا ئازغىنە ئادەم بىلەن ئۇرۇش قىلغان ئاخۇنوپ باشلىق قەھرىمانلار 5 نەپەر ئادەمنى چىقىم قىلىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە نۇرغۇن خىتاي ئەسكەرلىرىنى يەر چىشلىتىپ ئوخشىمىغان دەرىجىدە جاراھەتلىنىپ دۈشمەن قولىغا ئەسىرگە چۈشكەن بولدى. بۇ ئۇرۇشتا ھايات قالغان سەپداشلىرىمىزنىڭ بىرقىسمى دۈشمەن تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بولسا يەنە بىر تۈركۈمى ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ تۈرمە ئازابىنى تارتىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇلار ھەسرەت نادامەت بىلەن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى «شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» ئارزۇسى ئىشقا ئاشمىدى. توخۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يۈرەك كىشىلەرنىڭ ئالدىمىغا چۈشكەن بۇ قەھرىمانلىرىمىزنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلماي ئۇ دۇنياغا كەتتى.

ئەگەر روزى ھېكىمنىڭ پىكرىگە قوشۇلغان بولسا، 70مىڭ- 80 مىڭ قوراللىق قوشۇن بىلەن دۈشمەن ئارمىيىسىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان بولسا، ھېچ بولمىغاندا 40 مىڭ ئادەم ئۇرۇشتا قۇربان بولسىمۇ قالغان ئادەملەر بىلەن ۋەتەننىڭ تەقدىرىدە ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق چوڭ ئۆزگىرىش بولغان بولاتتى.

ھېچ بولمىغاندا ھايات قالغان 40 مىڭ ئادەم مۇرىنى – مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلالىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ۋەتەن مۇستەقىل سۈپىتىدە كۆپ تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولاتتى، چەتئەلدىكى كۈچلەرمۇ قاراپ تۇرمايتتى. مەسىلىسىدە زور ئۆزگىرىش پەيدا بولغان بولاتتى.

شۇ يىللاردىن ئېشىپ ھايات قالغان سەپداشلىرىمىز بىر يەرگە جەم بولساق، شۇ ۋەقەنى ئەسلەپ كۆز يېشى قىلىشىمىز، يۈرەكلىرىمىز پۇچۇلۇنۇپ قانغا تولۇپ كېتىدۇ. ئۇ دۇنياغا بارغاندا ھەسرەتتە پۈت - قولى باغلانغان قويدەك ئۆلۈپ كېتىۋاتقان قەھرىمانلىرىمىزنىڭ ئالدىغا قايسى يۈزىمىز بىلەن بارىمىز،- دەپ يىغا زارى قىلماقتىمىز.

بۇ دەۋانى قىيامەتكە ئېلىپ كېتەمدۇق؟ ياكى ۋەتەننىڭ رەھبەرلىرى سوراپ، ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىپ شېھىت كەتكەن قەھرىمانلارنىڭ روھىنى ئەمىن تاپتۇرامدۇ؟ ئۇلارمۇ سورىمىسا ئاللانىڭ ئالدىدا بىر ئادىل سوراقچى ئالدىدا دەرد - ئەھۋالىمىزنى ئېيتارمىز،- دەپ تۇردۇق خالاس!

ۋەتەن خىتايدىن ئازاد بولۇپ، يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا بۇ دەۋاگەرلەرمۇ ۋاپات بولۇپ كەتسە، كېيىنكىلەر بۇ دەۋانىڭ ئادەملىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماي، تارىخ بېتىگە يېزىشى، ئۇلار ئۆچۈن بولسىمۇ خاتىرە مۇنارى تىكلەپ ئابىدە تېشى ئورنىتىشنى ئۇلارنىڭ روھىنى بولسىمۇ ئەمىن تاپقۇزۇشنى ئۈمىد قىلىمىز!

بىز 43 يىلنى مانا مۇشۇنداق زور ئۈمىد بىلەن ئۆتكۈزدۇق.

43 يىل يىغلاش بىلەن ھەسرەت نادامەت بىلەن، قايغۇرۇش بىلەن ھەم زور ئۈمىد بىلەن ئۆتكۈزدۇق. ھەرقانچە قىلساقمۇ بىز ئامال قىلالمىدۇق ۋە داۋاملىق بەدەل تۆلەپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلدۇق، ئارمانسىز ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ روھى بىزنى بىر كۈنمۇ ئارام تاپقۇزمىدى. شۇلار ئۈچۈن بولسىمۇ بۇ دەۋانى ھازىر ھايات ياشاۋاتقان ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىق ئۆزىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي بۇرچى دەپ بىلىپ، ۋەتەن ئۈچۈن ئىسسىق جېنىنى پىدا قىلغانلارنىڭ روھىنى بولسىمۇ خاتىرجەم قىلايلى!

ھۆرمەت بىلەن: يۇنۇس ھاجىم قەشقىرى

2005-يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جۈمە

* * * * * * * * *

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# قوشۇمچە ماتېرىياللار:

«قاراجۇلدىكى جەڭ» دېگەن كىتابىم نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، بەزىبىر خىتايپەرەست مۇناپىقلار ماڭا تۆھمەت چاپلاپ،«يالغاننى ئويدۇرۇپ چىقاردى، مۇنداق چوڭ ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتۈشى ئادەمنىڭ ئەقلىگە ھېچ سىغمايدۇ، بۇ بىر ياسالما تارىخ»- دەپ خەلق ئارىسىدا شۈبھە تۇغدۇردى. مەن كىتابىتىكى تارىخي ۋەقەلەرنىڭ چىنلىقىنى تەكىتلەش يۈزىسىدىن خىتاي ھۆكۈمەت مەنبەلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى ھەققىدىكى بەزى ھۆججەتلىك ماتېرىياللارنى كىتابقا ئۆز پېتىچە قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

## شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەش تارىخى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى تەتقىقاتى ئىشخانىسى تۈزگەن.

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە«شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» نىڭ قەپەستىن چىقىشى ۋە يوقىتىلىشى

### (1) «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» نىڭ قەپەستىن چىقىشى

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيان، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئىزچىل تۈردە ئاتالمىش «شىنجاڭنى مۇستەقىل» قىلىش ۋە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش ئەكسىلئىنقىلابىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بىلەن خۇپىيانە شۇغۇللىنىپ كەلدى، ئۇلار كۆپ قېتىم پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىش تېرىپ، توپىلاڭ ۋە ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەلىرىنى پىلانلىغان ۋە سادىر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن پارتىيە ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئاممىسى تەرىپىدىن بىتچىت قىلىنىپ، شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولدى.

بۇ بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر يەنىلا مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، 60-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، پائال ھەرىكەتلىنىپ كەڭ ئالاقە باغلاپ، ئېنىق سىياسىي پروگراممىسى بولغان ئەكسىلئىنقىلابىي پارتىيە قۇرۇشنى مەخپىي





پىلانلىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدا دۆلەت ئىچىدىكى جاھانگىرلىككە، زومىگەرلىككە قارشى كۈرەشنىڭ كۈچلۈك ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، قارامىلىق قىلىشقا پېتىنالماي، يوشۇرۇن پۇرسەت كۈتۈپ يېتىپ، نىشانىنى كۆزىتىۋاتاتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى، ئۇلار تەشكىللىك، پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى تىزگىنلەپ، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئارقىلىق ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي پارتىيە قۇرۇپ، تېخىمۇ چوڭ دائىرىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى مەخپىي پىلانلىدى. ئۇلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى»، «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشى ئىتتىپاقى»، «شەرقىي تۈركىستان ياشلار ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئارمىيىسى»، «ياشلار ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئارمىيىسى»، «ئىنتىقام ئالغۇچىلار جەمئىيىتى» قاتارلىق ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنى قۇردى. «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» بۇلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ئەكسىلئىنقىلابىي بۆلگۈنچىلىك گۇرۇھى تەشكىلاتى.

1967-يىل 4-ئاينىڭ 10-كۈنى، ئۈرۈمچى بىلەن قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» (قىسقارتىلىپ شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى، دېيىلىدۇ) خۇپىيانە قۇرۇلدى. دەسلەپتە ئۇنىڭ نامى «ئۇيغۇرىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» دەپ ئاتالدى. كېيىن كۆز بوياپ، ئاممىنى ئالداش ئۈچۈن، بۇ نام شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ نامى بىلەن ئوخشاش قىلىپ ئۆزگەرتىلدى ھەمدە قۇرۇلغان ۋاقتىنى 1933-يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنى.(1944- يىلى 11- ئاينىڭ12-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغان كۈن) دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1968-يىلى 2-ئايدا «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى» تەشكىللەندى ھەمدە بىر نەچچە ئەزا ۋە كاندىدات ئەزادىن تەشكىل تاپقان «مەركىزىي ھەيئەت رىياسەتى» تەسىس قىلىندى.

«شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي» دا، ئىلى، ئاقسۇ، خوتەن، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق رايونلاردىكى تەرەپبازلىق كۈرىشى يامرىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تەشكىلاتىنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك ۋە ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنى پائال پىلانلىدى. «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» ئۆزىگە بىۋاستە قارايدىغان «تەڭرىتاغ قىساسچىلىرى»، «تەڭرىتاغ ئوغلانلىرى»، «ياشلار تەشكىلاتى» دىن ئىبارەت ئۈچ ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتنى باشقا، 1969-يىلى

www.uyghurkitap.com

1-ئايدىن 4-ئايغىچە، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى ئۇرۇمچى شۆبىسى، ئالتاي شۆبە بيۇروسى، ئىلى كومىتېتى، بۆرتالا شۆبە بيۇروسى، قەشقەر جەنۇبىي تەڭرىتاغ بيۇروسى قاتارلىق تارماق ئاپپاراتلارنى قۇردى. بۇ تارماق ئاپپاراتلار يەنە ئۆز تەۋەلىكىدە ۋىلايەتلىك كومىتېت، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) كومىتېت، رايونلۇق كومىتېت، ياچېيكا قاتارلىق 78 ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە ۋە ئاپتونوم رايوندىكى 22 رايون دەرىجىلىك ئورۇنغىچە كېڭەيدى.

## (2) «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» نىڭ پروگراممىسى ۋە ئۇنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى

«شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» پروگراممىسى، تەشكىلاتى، پىلانى، ھەرىكىتى بولغان ئەكسىلئىنقىلابىي بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە، ئېلىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىپ، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشنى تەرغىب قىلدى. ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتنى ھەدەپ راۋاجلاندۇرۇپ، ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ، دۆلەتنىڭ مال-مۈلكىنى تالان-تاراج قىلىپ، قورال-ياراق، ئوق-دورا توپلاپ، ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بازىسى قۇرۇپ، «مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشقا ئۇرۇندى.

«شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى» بىلەن «شۆبە بيۇرولىرى» ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، «ئۇيغۇرىستاننىڭ تەقدىرى»، «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى»، «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسى» قاتارلىق ئەكسىيەتچىل ھۆججەتلەرنى تەييارلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى خۇنۇكلەشتۈردى، «قوراللىق كۈرەش قىلىپ» شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرىمىز، دەپ ئاشكارا داۋراڭ سالدى.

بۇ ئەكسىيەتچىل ھۆججەتلەردە شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ، شىنجاڭ ئەزەلدىنلا بىر «مۇستەقىل دۆلەت» ئىدى، دەپ جۆيلۈپ،

«شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» بۇ نۇقتىنى خەلققە دائىم تەشۋىق قىلىپ تۇرىدۇ، دەپ



كاپشىدى. بۇ مىللىي بۆلگۈنچىلەر يەنە «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» نىڭ «پارتىيە گېربى»، «پارتىيە بايرىقى» ۋە «ئۇيغۇرىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى» نىڭ «دۆلەت بايرىقى» نۇسخىسىنى تەييارلىدى. ئۇلار ئاممىنى ئالداش ئۈچۈن، بەزىدە ماركسىزمنىڭ سۆز-ئىبارىلىرىنى تىلغا ئېلىپ قويۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك شۇملۇقى بىلەن شۇغۇللاندى.

«شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى قالايمىقان ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندى. 1968-يىلى 2-ئايدا، «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى مەركىزىي ھەيئەت رىياستى» مەيدانغا كېلىشى بىلەنلا، ھەر تەرەپكە زور تۈركۈمدە ئادەم ئەۋەتىپ، ھەر تەرەپتىن ئالاقە باغلاپ، تەشكىلاتنى راۋاجلاندۇرۇپ مۇرت توپلىدى، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جېنباداۋ ئارىلىغا ۋە شىنجاڭ تارباغاتاينىڭ تېرەكتى رايونىغا قوراللىق تاجاۋۇز قىلىش ۋەقەسىدىن پايدىلىنىپ، سۆز-چۆچەك پەيدا قىلىپ ۋە تارقىتىپ، «سوۋېت ئىتتىپاقى پات يېقىندا باستۇرۇپ كېلىدۇ» دەپ گەپ سېتىپ، كۈچىنىڭ بارىچە جىددىي كەيپىيات پەيدا قىلدى ھەمدە كىشىلەرگە بۆلۈنۈپ «مۇستەقىل» بولۇش پەيتى يېتىپ كېلەي دەپ قالدى، دەپ بېشارەت بەردى. ئۇلار يەنە «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى 23 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى» ۋەھا-كازا دەپ ماختىنىپ، بۇ ئارقىلىق ئاممىنى ئالداپ، تەشكىلاتنى كېڭەيتىپ تولۇقلىدى. ئۇلار ھەممىلا يەرگە سۇقۇنۇپ كىرىپ، ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل-ئاغىنە، ساۋاقداش، خىزمەتداشلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورىدىكى بارلىق ئەزالاردىن پايدىلىنىشقا ئادەتلىنىپ، ھەتتا زوراۋانلىق قىلىپ ۋە تەھدىت سېلىپ،«تەشكىلاتىمىزغا قاتناشمىغانلارنى ئۆلتۈرىمىز، ئۆي بىساتىنى ئېلىپ كېتىمىز» دەپ جار سالدى. تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بارلار ۋە رېئاللىققا نارازى بولۇپ يۈرگەنلەرنى پۇل بېرىپ ئازدۇرۇپ، ئاندىن ئۇلارغا زوراۋانلىق قىلىپ تەھدىت سېلىپ، ئۇلارنى تەشكىلاتقا قاتنىششقا مەجبۇرلىدى.

«شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» تەشكىلاتىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنىڭ ئاساسلىقلىرى «مەشئەل گېزىتى» ۋە باشقا ئەكسىيەتچىل ماقالە، تەشۋىقات ۋاراقلىرى، كىتابچە قاتارلىقلار. ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئەزالىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قارشى رادىئو تەشۋىقاتىنى ئاڭلاشقا ئۇيۇشتۇردى. «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» نىڭ بەزى ئاساسلىق ئەزالىرى كۆپلىگەن ئەكسىيەتچىل ماقالىلەرنى يېزىپ، تارىخنى كۆچەپ بۇرمىلاپ، پاكىت ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە، سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ۋە پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىش، شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيانقى نەتىجىلەرنى يوققا

www.uyghurkitap.com

چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئاشكارا تەرغىب قىلىپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئۈچۈن جامائەت پىكرى تەييارلىدى.

«شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» يەنە پائال ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ پىلانلىدى، ئەكسىلئىنقىلابىي بازا قۇرۇش قەستىدە بولدى. ئۇلار ھەرىكەت خىراجىتى توپلاش ئۈچۈن، بانكا، ئىسكىلات، ماگىزىن، ئاشلىق ئىسكىلاتى قاتارلىقلارنى تەپتارتماستىن بۇلىدى، پەقەت ئۈرۈمچى، ئىلى، قاراماي قاتارلىق جايلاردىلا 22 قېتىم بۇلاڭچىلىق قىلىپ، 100 نەچچە مىڭ يۇەندىن ئارتۇق نەق پۇل بۇلىدى. ئۇلار يەنە «ئەزالىق بەدىلى» يىغىش، ئىئانە توپلاش ۋە «زايوم» تارقىتىش چارىلىرىنى قوللىنىپ خىراجەت توپلىدى. «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» نىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى تەپتارتماستىن «زايوم» بېسىپ چىقىرىپ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىمىزنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش غەرىزىنى ئاشكارىلىدى.

«شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» يەنە جايلاردىكى ئەزالىرىنى قورال - ياراق، ئوق - دورا ۋە ماددىي - ئەشيا بۇلاشقا كۆپ قېتىم بۇيرۇپ، قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. «ئالتاي شۆبە بيۇروسى» توپىلاڭغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كۆپ قېتىم قورال - ياراق سورىدى ھەمدە كىيىم - كېچەك، يەم - خەشەك قاتارلىق نەرسىلەرنى تەييارلىدى، قېچىش يولىنى سىزىپ چىقتى. «بۆرتالا شۆبە بيۇروسى» كىچىك گازارما، ئاتلىق ئەسكەرلەر تارماق ئەترىتى ۋە ساقچىخانىنىڭ قورال - ياراقلىرىنى بۇلىغاندىن كېيىن، قارا تولۇق تېغىنىڭ ئېغىزىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قورال - ياراق بازىسى قۇرۇپ، ئەكسىلئىنقىلابىي پارتىزانلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش قەستىدە بولدى. «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى ئىلى كومىتېتى»، «ئۈرۈمچى شۆبىسى»، «ئالتاي شۆبە بيۇروسى» ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 12 قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن موڭغۇلىيەگە ئادەم ئەۋەتىپ، قورال - ياراق، تېلېگراف ئاپپاراتى سورىدى ھەمدە ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاسۇسلۇق، ئاخبارات ئورگىنى شىنجاڭغا توققۇز تۈركۈمدە خۇپىيانە ھالدا تۈركۈمدە 14ئادەم/ قېتىم تېلېگراف ئاپپاراتى، قورال - ياراق ۋە ھەرىكەت خىراجىتى كىرگۈزۈپ، «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» بىلەن ئالاقىلەشتى.

## (3) «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» نىڭ يوقىتىلىشى

«شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» نىڭ تۈتقان تەتۈر يولى خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغاچقا، ئاخىرى يېتىم قېلىپ، مۇقەررەر يوقىلىش تارىخىي تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

1969-يىلى 1-ئايدا، ئاپتونوم رايوننىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوغداش تارماقلىرىدىن تەشكىللەنگەن مەخسۇس دېلو تەكشۈرۈش بەنزىسى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق، «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» نىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى ئاساسى جەھەتتىن ئىگىلەپ ھەمدە تولۇق، ئىشەنچلىك پاكىتلارنى قولغا چۈشۈرۈپ، بۇنىڭ ئازادلىقتىن بۇيان شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئەڭ چوڭ تەشكىلاتى، پروگراممىسى، پىلانى، ھەرىكىتى بولغان ئەكسىلئىنقىلابىي بۆلگۈنچىلىك گۇرۇھى دېلوسى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسى دېلونى دەرھال پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىدى. جۇ ئېنلەي دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ دېلونى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە دەرھال تۆۋەندىكىدەك مۇھىم يوليورۇق بەردى: «دەلىل ـ ئىسپاتقا، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خىزمەتكە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئارقىلىق قوماندانلىق قىلىڭلار؛ سىياسەتنى ئىگىلەپ، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان، پاكىتى تولۇق بولغان كاتتىۋاشلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئارقا تېرەكلىرىگە قاتتىق تەنقىد قىلىپ، قايمۇققان، مەجبۇرىي ئەگەشكەنلەر ۋە راستچىللىق بىلەن ئىقرار قىلغانلارنى كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىڭلار؛ ئىشنى كېڭەيتىۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىڭلار، دۈشمەنلەرنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپ، باشقىلارنى قالايمىقان چىشلەپ تارتىپ، دىققەت نەزىرىنى باشقا ياققا يۆتكىۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىڭلار.»

«شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» ئەكسىلئىنقىلابىي بۆلگۈنچىلىك گۇرۇھى 1970 ـ يىلى 3-ئايدا تارمار قىلىندى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كەڭ كوماندىر-جەڭچىلىرى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ پائال ماسلىشىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» نى ئۈزۈل ـ كېسىل بىت ـ چىت قىلىش ۋە «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» ئۇنسۇرلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش يولىدا زور تۆھپە قوشۇپ، ئارمىيە بىلەن خەلق قول تۇتۇشۇپ توپىلاڭنى تىنچىتىشنىڭ زەربە مارشىنى ياڭراتتى.

1969 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» جەنۇبىي شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ كاتتىۋېشى ئاخۇنوپ باشچىلىقىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭچىلار گۇرۇھى بىر تۈركۈم توپىلاڭچىلارنى يىغىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مەكتەپ بىلەن قەشقەردىن يولغا چىقىپ، سوغۇن چازىدا ئۇچرىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىپ ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ بازىسى قۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئۇلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي سۇيىقەستى باشلىنىشى بىلەنلا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىمىز ئەھۋالنى ئىگىلەپ بولغانىدى، ئۇلار كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن مەخسۇس ئورگانلارنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا ئىدى.

8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى ئىگىلىگەن ئەھۋالغا ۋە خەلق ئاممىسى مەلۇم قىلغان ئەھۋالغا ئاساسەن، تېزدىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ پائال قوللىشى ئارقىسىدا، ئەكسىلئىنقىلابىي خورىكى ئىنتايىن ئۆسۈپ كەتكەن بۇ ئىككى تۈركۈم قوراللىق توپىلاڭچىلارنى قورشاپ يوقاتتى.

مەكىتتىن يولغا چىققان بىر تۈركۈم توپىلاڭچىلار بىر قېتىملىق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىز بىلەن خەلق ئەسكەرلىرىمىز يايغان تورغا چۈشتى، 40 تىن ئارتۇق توپىلاڭچى بىر ـ بىرلەپ قولغا ئېلىندى.

قەشقەردىن يولغا چىققان يەنە بىر تۈركۈم توپىلاڭچىلار مەخپىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كەتكەن يېرىنى بىلگىلى بولمىغانىدى، قوراللىق توپىلاڭچىلارنىڭ سۇيىقەستىنى ۋاقتىدا تارمار قىلىش ئۈچۈن، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرىمىز تېزدىن شۇ يەردىكى ھۆكۈمەتكە خەلق ئەسكەرلىرىنى ۋە خەلق ئاممىسىنى تەشكىللەپ، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە قاتتىق كۆز ـ قۇلاق بولۇپ، توپىلاڭچىلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئىگىلەشنى ئۇقتۇردى.

ئۇلار توپىلاڭچىلارنىڭ ئاتۇش ناھىيىسى كاتتايلاق يېزىسىنىڭ سۇغۇن چازا ئەتراپىغا جايلاشقان ئارپىلىق كەنتىدىكى بىر خالىي تاغ جىلغىسىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن ئاممىنى تەشكىللەپ، ئۇلارغا زەربە بېرىشكە تەييار تۇردى. 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كەچ سائەت 12:00 دە، خەلق ئەسكەرلىرى لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭىنىڭ دادىسى ئۆگزىدە تۇرۇپ تاغ قاپتىلىدىن كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئاۋازى كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ھەمدە نۇرغۇن كىشىنىڭ سايىسىنى خىرە ـ شىرە كۆردى. ۋەزىيەت ئىجرا قىلىۋاتقان خەلق ئەسكەرلىرى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، ئۇ يەردە نۇرغۇن خۇرۇم ۋە رېزىنكە ئاياغ ئىزىنى بايقىدى ھەمدە بۇ ئىزلارنىڭ بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىزى ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، بۇ كىشىلەرنىڭ كېچىسى يول يۈرۈپ، كەنتكە كىرىشكە پېتىنالمىغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ دەل ئاشۇ توپىلاڭچىلار بولۇش ئېھتىمالى ناھايىتى چوڭ، دەپ قارىدى. ۋەزىيەت ئىجرا قىلىۋاتقان خەلق ئەسكەرلىرى توپىلاڭچىلارغا قوغلاپ زەربە بېرىۋاتقان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرىمۇ كۈچ تەشكىللەپ توپىلاڭچىلارنى قوغلاپ ماڭدى.



خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يەرلىك ئاممىنىڭ ياردىمى، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن، شۇ يەردىكى بىردىنبىر سۇ مەنبەسىدە توپىلاڭچىلارنى بايقىدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن خەلق ئەسكەرلىرى ئۆز ئارا ماسلىشىپ، توپىلاڭچىلارنى تېز سۈرئەتتە قورشاپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىرىگە زەربە بېرىپ، توپىلاڭچىنى نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈردى، توپىلاڭچىلارنىڭ كۆپىنچىسىنى قولغا ئالدى، پەقەت ئالتە نەپەر توپىلاڭچى چېگرا تەرەپكە قېچىپ كەتتى.

چېگراغا جايلاشقان ئاتۇش ناھىيىسى قاراجۇل يېزىسىنىڭ مەسئۇلى توپىلاڭچىلارنىڭ مۇشۇ رايونغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەپ، ئازادلىق ئارمىيىگە ماسلىشىپ توپىلاڭچىلارنى ئىزدىدى. خەلق ئەسكەرلىرى توپىلاڭچىلارنى قوغلاپ تۇتىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بەس ـ بەستە ئۆزلىرىنى تىزىملاتتى، بۇ ھەرىكەتكە ئايال خەلق ئەسكەرلىرىمۇ قاتنىششىنى تەلەپ قىلدى.

خەلق ئەسكىرى توختى سىرتقا چىقىپ قايتىپ كەلگەندى، ئۇ باشقا خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ توپىلاڭچىلارنى تۇتقىلى كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، شۇ ھامان باشقىلارنىڭ بىر ئېتىنى سوراپ تېزدىن ئالدىن كەتكەن خەلق ئەسكەرلىرىگە يېتىشىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، توپىلاڭچىلارنى ئىزدەشكە قاتناشقان خەلق ئەسكەرلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئەڭ ئاخىرىدا 62 خەلق ئەسكىرىدىن تەشكىل تاپقان توپىلاڭچىلارغا قوغلاپ زەربە بېرىش، توپىلاڭچىلارنى ئىزدەش ـ تۇتۇش قوشۇنى شەكىللەندى. خەلق ئەسكەرلىرى غەزەپ ـ نەپرىتى تاشقان ھالدا توپىلاڭچىلارنى قوغلاپ تۇتقۇچى ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى بىلەن بىرلىكتە تاغ ـ ئېدىرلاردىن ئېشىپ، بىر كېچە ـ كۈندۈزدە 70 نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ، سۇ ۋە يېمەك ـ ئىچمەك كەمچىل بولغان جاپالىق مۇھىتتا، روھلۇق، جەڭگىۋارلىق بىلەن كۈرەش قىلىپ، قېچىپ سۇقۇنۇۋالغان توپىلاڭچىلارنى تېزلا قولغا چۈشۈردى.

توپىلاڭچىلارنى بىرلىكتە قورشاپ يوقىتىش جېڭىدە ئارمىيە بىلەن خەلق بېلىق بىلەن سۇدەك چوڭقۇر رىشتە ئورناتتى، خەلق ئاممىسى پەرزەنت ئەسكەرلەرنى قىزغىن سۆيىدىغان مەنزىرە ھەر ۋاقىت ھەممىلا يەردە كۆزگە چېلىقىپ تۇردى، بىر قېتىم ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى توپىلاڭچىلارنى ئىزدەپ تۇتۇش جەريانىدا بىر قاقاسلىققا كېلىپ قېلىپ، سۇ بولمىغاچقا قىينىلىپ قالغانىدى. يېقىن ئەتراپتىكى ئامما بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال سۇ ۋە يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى، بىر موماي چوڭ بىر قوغۇندىن بىرنى ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىگە ئاپىرىپ بەردى. نۇرغۇن ئامما ئۆيلىرىدىكى ئاتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىگە توپىلاڭچىلارغا قوغلاپ

www.uyghurkitap.com

زەربە بېرىڭلار، دەپ بەردى. بەزى ئامما ئۇلارغا يول باشلاپ بېرىپ، توپىلاڭچىلارنى تۇتۇش ھەرىكىتىگە تەڭ قاتناشتى. بىر قېتىملىق توپىلاڭچىلارنى ئىز قوغلاپ تۇتۇش ھەرىكىتىدە، ھاۋا ئىسسىق، سۇ كەمچىل بولغاچقا، بىر ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى ئۆزىنىڭ يېرىم سۇدان سۈيىنى ئۆزلىرىگە يول باشلاپ ماڭغان چارۋىچى بوۋايغا بەرگەندى، بوۋاي بۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، قوينىدىن قولياغلىقتا ئىككى قات قىلىپ ئورالغان چوڭ بىر نەشپۈتنى ئاۋايلاپ ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. بۇ ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى نەشپۈتنى ئېلىپ كۆڭلىدە بۇ بىر تال نەشپۈت بولۇپلا قالماي، بەلكى چېگرا رايوندىكى خەلقنىڭ پەرزەنت ئەسكەرلەرگە بولغان كۆڭلى، دەپ ئويلىدى. ئۇ نەشپۈتنى ئۆزى يالغۇز يېيىشكە قىيماي، ئۇنى ئوراپ قوينىغا سېلىۋېلىپ، توپىلاڭچىلارنى قوغلاپ تۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولۇپ لېنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نەشپۈتنى پارچىلاپ، پۈتۈن بەندىكى جەڭچىلەرگە بىر پارچىدىن بەردى، كىچىككىنە بىر پارچە نەشپۈت خەلق ئاممىسىنىڭ پەرزەنت ئەسكەرلەرگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى. بىر كۈنى 60 ياشتىن ئاشقان بىر بوۋاي ئالتە دانە يوغان خالتىنى يۈدۈپ، يولدا ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئالايتەن ساقلاپ تۇرغانىدى، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت» نى سۆزلەپ، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ئاممىنىڭ بىر تال يىپ ـ يىڭنىسىنىمۇ خالىغانچە ئالسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى، بوۋاي تەسىرلەنگىنىدىن كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا: «ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى قۇربان بېرىشتىن قورقماي خەلقنىڭ دۈشمىنىنى يوقاتتى، ئاممىنىڭ نەرسىلىرىگە زىيان سالمىدى، زىرائەتلىرىگىمۇ دەسسىمىدى، بۇ بىز دېھقانلارنىڭ پەرزەنت ئەسكەرلەرگە ئەكەلگەن ئاددىي سوۋغىتىمىز، سىلەرگە بولغان كۆڭلىمىز، بۇنى ئالمىساڭلار بولمايدۇ» دېدى. خەلق ئاممىسىنىڭ پەرزەنت ئەسكەرلەرنى قىزغىن سۆيۈشتەك ئەمەلىي ھەرىكىتى ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنى ناھايىتى ئىلھاملاندۇردى، ئۇلار «چېگرا خەلقى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت خىزمەت قىلىمىز!» دەپ ئىرادە بىلدۈرۈشتى.

«شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» ئەكسىلئىنقىلابىي بۆلگۈنچىلىك گۇرۇھىنى پاش قىلىش ۋە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمىتى ئارقىلىق، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر قېتىملىق سوتسىيالىزم ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىگە شۇنداقلا ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى ۋە مىللەت قارىشى تەربىيىسىگە ئىگە بولدى، ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ بۈگۈنى بولمايدىغانلىقىنى، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئازادلىققا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ھەممىدە ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنكىدەك بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغانلىقىنى ھەققىي تونۇپ



يەتتى. «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» نىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە بىرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە زىيان سالدى، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى، ئۇنىڭ ھالاك بولۇشى مۇقەررەر ئىدى.

ئىلاۋە: يۇقىرىقىلار خىتاي كوممۇنىست ئاخبارات ئىشخانىسىنىڭ يالغان - ياۋىداق، ھەق بىلەن ناھەقنى ئاستىن ئۈستۈن قىلىپ يازغانلىرى بولۇپ، شاكىلىنى ئىلىۋېتىپ مېغىزىدىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ.

ئالاقە ئۈچۈن:

ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى

Teflon: 0046 709 471 671

E-mail: sewdayi62@gmail.com

QQ: 1714789799

**قارا جۇلدىكى جەڭ**
مۇستەقىللىق يولىدا كۈرەش
(ئىككىنچى نەشرى)
ئاپتورى: ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى
مەسئۇل مۇھەررىرى: كۈرەش ئاتاخان
خەلقئارا قەلەمكەشلىرى ئۇيغۇر مەركىزى نەشر قىلدى
2013-يىلى ئاپرېل
شۋېتسىيە - ستوكھولم